

ئابلىمىت تۇردى

# ئاخىرقى كۈنلەر

(رومان)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى
ۋە رەسىملەرنى سىزغۇچى : ئىلشات تۇرسۇن

خەتنى يازغۇچى: ئەرشىدىن رىشىت

ISBN 7-5373-1369-5
9 787537 313698 >

ISBN 7–5373–1369–5
（民文）定价:19.00元



ئابلىمىت تۇردى

# ئاخىرقى كۈنلەر

(رومان)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据
最后的日子/阿布力米提·吐尔地著.一喀什：喀什维吾尔文出版社，2005.3
ISBN7—5373—1369—5

Ⅰ.最… Ⅱ.阿… Ⅲ.长篇小说 — 中国 — 当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I 247.5
中国版本图书馆 CIP 数据核字（2005)第 021778 号

责任编辑：乌拉木·艾拜都拉
责任校对：坎拜尔古尔·吾斯满

最后的日子
（长篇小说）
阿布里米提·吐尔地著

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
新疆九泉印刷发展有限公司印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 12.125 印张 1 插页
2005 年 5 月 第 1 版 2005 年 5 月第 1 次印刷

印数：1 — 4080 定价：19.00 元

这部长篇小说用生动而细微的情节描写一名商人艰难经历来表现社会稳定的重要性和人际关系各种面貌。

مەسئۇل مۇھەررىرى : غولام ئەبەيدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى : قەمبەرگۈل ئوسمان

# ئاخىرقى كۈنلەر

(رومان)

ئاپتورى : ئابلىمىت تۇردى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇر :844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ توققۇز بۇلاق مەتبەئەچىلىك تەرەققىيات شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 مم 1/32
باسما تاۋقى : 12.125 قىستۇرما ۋارىقى :1
2005 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 4080 — 1

---

ISBN7—5373—1369—5
باھاسى : 19.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب ........................................ 30
ئۈچىنچى باب ........................................ 75
تۆتىنچى باب ........................................ 103
بەشىنچى باب ........................................ 147
ئالتىنچى باب ........................................ 174
يەتتىنچى باب ........................................ 212
سەككىزىنچى باب ........................................ 257
توققۇزىنچى باب ........................................ 294
ئونىنچى باب ........................................ 329
ئون بىرىنچى باب ........................................ 366

بۇ ھېكايىلار بەلكىم بىراۋنىڭ يادىدا بولماسلىقى مۇمكىن. بۇنىڭدىن ئىككى يېرىم ئەسىر بۇرۇنقى ئىشلارنى ھازىرنىڭ كۆزىدە ھېچكىم «بولغان ئىش» دەپ ھۆكۈم قىلالمايدۇ، ھۆكۈم قىلغاندىمۇ يۈزدە يۈز ئىشەنمەيدۇ. ئىشەنمەسلىك ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما، نېمىگە ئىشەنمەسلىك ئاسىيلىقنىڭ كۆرسەتكۈچى بولالايدۇ؟... كىچىككىنە ئوكۇشسىزلىق مەڭگۈلۈك پۇشايماننىڭ دەستىكىگە ئايلاندى، خالاس.

— بۈگۈندىن ئۆتمۈشكە —

## بىرىنچى باب

يىراق توقايلىقلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن قارلىغاچ توپى قەدىمىي شەھەر قەلئەسىنىڭ ئۈستىدە ئارغامچا شەكلىگە كىرىپ ئۇچۇپ، ياز پەسلىنىڭ ھەقىقىي جامالىنى روشەن ئىپادە قىلغان ئىدى. ئىنسانلار بەخت - سائادەت تەشنالىقىدا ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، قارلىغاچلارغا قاراپ: «بۇ يىل ياز ياخشى كەلدى» دەپ، تەبىئەتنىڭ مەرھەمىتىدىن ئوماققىنە گىرەلەش غۇلاچلىرىنى كەڭ ئېچىپ ئەركىن تىن ئالدى. ئىنسانلارنىڭ سالنامىلىرى ئاشۇ سېھرىي تۇيغۇدا پەيدا بولغان ئىدى. تەبىئەت ھادىسىلىرىمۇ نۇرغۇنلىغان تەكرار ھەرىكەتنى ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ھايات مۇساپىسىنى گاھ ئوڭ، گاھ دۈم قىلىپ بېشارەت بېرىپ تۇردى..

غەرب ئاسمىنىدىكى ئاق قۇيرۇقلۇق توزغاق بۇلۇتلار مۇئەللەقنى بىر پۈتۈن گۈزەللىككە ئىگە قىلىپ، ئۇنى بۇژغۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەرياغا ئوخشىتىپ قويغان ئىدى. بۇلۇت ئاستىدا ياي شەكىل چىقارغان ھەر خىل رەڭدار قۇشلارمۇ ھېكمەتكە باي، قىسمىتى كاج، تەلىيى دۆم بولۇپ قالغان بۇ مۇقەددەس تۇپراقىنىڭ شېرىن پەسلىدىن ئۆز نېسىۋىسىنى چوقۇۋالغىلى كېلىشمەكتە. رىزىق - نېسىۋە ھايات دېمەكتۇر. ئۇ نۇرغۇن تەرەپلەرگە بېرىپ تاقالغاچقا، قوغداش - قوغدىنىش مەيدانىدىلا ھالال - پاكلىقى قىممەتنى ساقلاپ قالالايتتى.

قۇشلار ئەنە شۇنداق سەپەرلەرنى توختاتمىدى. قەدىمىي توغراقلىقلار، يوغان - يوغان قاپاق تېرەكلەر يېشىللىق تونىنى كىيىپ، ھاياتقا، تەبىئەتكە ھۆسن ئاتا قىلدى، مۇھەببەت ئاتا قىلدى. «قۇشلارنىڭ يىلتىزى ئاسمان، ئىنسانىنىڭ يىلتىزى ئانا ماكان» دېگەن بۈيۈك ئەقىدە ئەنە ئاشۇ قىن - قىنىغا پاتماي ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ ساغلام قاناتلىرىدىن كۆللى مەۋجۇتلۇققا تامشىپ، ھاياتلىق بىخ سۈرۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى...

كولدۇرمىسىنى ھارغىن ھالدا كولدۇرلىتىپ، يىراقتىن توپا - چاڭ توزىتىپ كېلىۋاتقان كارۋان توپى قاش قارايغانغا يېقىن شەھەرگە كىرىپ كەلدى. بۇ شەھەر — جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ كىندىكى بولغان چارەك كەم ئىككى يېرىم ئەسىر بۇرۇنقى كۇچا ئىدى. نەچچە مىڭ چاقىرىملىق سەپەرنى بېسىپ كەلگەن بۇ سودا كارۋىنى چىرايلىقىنا جابدۇنغان سارايغا چۈشتى. ئۇلار مال - ئۇلاغلىرىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ساراي مۇلازىملىرى تەكشەپ بەرگەن ئىلمان سۇ بىلەن يۈز - كۆز، پۇت - قوللىرىنى يۇيۇپ، ئاز - تولا ئۇسسۇلۇق ئىچىشىپ، سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان رەڭدار تىكمەتلەرنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاشتى.

35 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، تەمبەل كەلگەن، ئىتتىك

كۆزى تاشكۆمۈرنىڭ چوغىدەك يېنىپ تۇرىدىغان، بېشىغا چاچما گۆللۈك دوپپا كىيىۋالغان، توم بۇرۇتلۇق ئادەم سارايىنىڭ ئايرىم ھۇجرىسىدىكى زىلچا ئۈستىگە سېلىنغان تاۋار كۆرپىدە ئولتۇرۇپ، چىنە چەينەكتىكى قېنىق دەملەنگەن چاينى پىيالىگە قۇيۇپ بەھۇزۇر ئىچمەكتە ئىدى. سارايۋەن ئۇياقتىن ـ بۇياققا پايپاسلاپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىپ، پۇت ـ قولىنى ئون جۈپ قىلالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ مۇلازىملىرى كەڭ ھويلىدا چوڭ داشلارنى ئېسىپ، ئىككى پاقلاننى ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە بوغۇزلاپ، سويۇپ داشقا تاشلىدى.

— ھەي، ئەجەب لۈمۈلدەيسەنغۇ؟ ئىش دېگەننى گاچ ـ گاچ قىلىدىغان گەپ. تازا بىر لايغەزەلكەنغۇ بۇ.

— مانا قىلىۋاتىمەنغۇ، ئەجەببىر...— مۇلازىم گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

ساراي ئىگىسى گاھ ئۇياققا قول شىلتىسا، گاھ بۇياققا قاراپ ۋارقىرايتتى. ئىشلار تېز يۈرۈشمەكتە ئىدى.

— ياقۇۋاخۇن، ھەي ياقۇپ قارىي، بولدى ھۇجرىغا كىرىڭلار. مۇلازىملار ئۆزى قىلىدۇ. بۈگۈنلا ساراي ئاچقاندەك ئەجەب جوراپ كەتتىڭلىغۇ؟!

— قاسىم بايۋەچچە، بۇ چاكارلارنى يۆلەپ تۇرمىسىلا زوڭزىيىۋالىدۇ، بىلى بوش نەرسىلەر بۇ.

— ۋاھ ـ ۋاھ، گېپىڭلار چوڭغۇ، بىلىڭلار چىڭىپ كېتىۋاتىدۇ جۇمۇ سىلىنىڭ ياقۇپ قارىي.

— مازاق قىلمىسۇنا، ئادەمنى «قارىي ـ قارىي» دەپ. ياقۇۋاخۇن دېسىلىلا بولدى بايۋەچچەم. بەلنىڭ قاتتىقلىقى ئۆزلىرىدىن ئايلانسۇن.

— بۈگۈن كۆرسىتىدىغان پەيزىڭلار بار ئوخشىمامدۇ، ياقۇپ قارىي.

— قارىي دەۋرمىسىلە. «ئەلھەمدۇ»نى ئاران ھەجىلەيمەن. ئادەمنىڭ يۈزى ئۆيىتىدىكەن.

— كۇچالىقلارنى قارىي دېسە، ناۋات يېگەندەك خۇش بولىدىكەن دەپ ئاڭلىغان. سىلى ئەمدى تە بولۇۋاتىسىلەنغۇ.

— قويسىلا بايۋەچچەم چاقچاقلىرىنى، تېخى ئۆزلە بىلەن بىز ھايات بولغاندىكىن، پەيز دېگەننى قىلىشامىز،— سارايۋەن مۇلايىملىق بىلەن قاسىم بايۋەچچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۆگە چوكـ ـلانغاندەك لوككىدە چۆكتى. ئۇ ئاقپىشماق، خام سېمىز، ئىككى مەڭزىدىن قان تەپچىپ تۇرىدىغان، قاشلىرى سېرىق، كۆزى چېقىر، ئۇستىخانلىق ئادەم ئىدى. ئۇ ياش قۇرامى 45 لەرگە بېرىپ قالغان، ئوچۇق چىراي، ئايىغى يەڭگىل، ئىشنىڭ ئېپى ـ سېپىنى قاملاشتۇراتتى ھەمدە ئاغزىنىڭ يۇمشاقلىقى ئالاھىدە گەۋدىلىـ ـنىپ تۇراتتى.

— بايۋەچچە، بۇياققا چىقىشلىرى بەك ئۇزاققا تارتىلىپ كەتتى. خىزمەتلىرىنى قىلىش نۆۋەتلىرى يېغىلىپمۇ قالدى. شۇڭا، مۇنچىلىك جوراپ، چېكمىسىزدىن تەر چىقىرىشىمىز ئوشۇقچە ئەمەس. سىلىدەك ئەزىز مېھماننىڭ سارىيىمىزنى چوڭ بىلىپ، ئۇدۇللا مۇشۇ يەرگە چۈشۈشى بىز ئۈچۈن ئامەت دېسىلە.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭلا. قارلىغاچ ئۇۋىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇمىغان يەردە مەن ئۇنتارمەنمۇ. بۇ ساراي مەن ئۈچۈن كۇچاـ دىكى ئۆيۈمدەك تۇيۇلىدۇ.

— رەھمەت، ھەشقاللا.

قاسىم بايۋەچچە بىلەن ياقۇپ ئاخۇن سارايۋەن ھال ـ مۇڭ بولۇشتى. ئۇلار ھەر ئىككى يۇرتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چۈشەنـ ـدۈرۈشۈپ، بولغان ئىشلار، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى، دېھقانـ ـلارنىڭ كىرىم ـ چىقىملىرىغىچە سۆزلەشتى. قاسىم بايۋەچچە خوتەن قارىقاشلىق چوڭ سودىگەر ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى تىنىم

تاپمايدىغان، كۆرمىگەن يېرى يوق؛ نەگە بارسا، شۇ يەردە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر كاتتا باي سودىگەر ئىدى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ خۇش چاقچاق، ھەمسۆھبەت، ئىشنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى ئېلىپ، ھەممە ئىشنى ئۆز لايىقىدا قىلىپ، شۇنداق ئەپلەشتۈرۈپ كېتەلىشى ئاشۇ تىنىم تاپماس دادىنىڭ ياخشى تەربىيىسىدىن بولسا كېرەك.

قاسىم بايۋەچچە يالغۇز ئوغۇل ئىدى. ئۇ رەھمەتلىك ئانىسىنىڭ چىرايىنى كۆرمىگەن. ئانا قاسىم بايۋەچچىنى تۇغۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ دادىسى بالامنى ئۆگەيلەتمەيمەن دەپ قايتا نىكاھلىق بولمىغان. قاسىم بايۋەچچىنىڭ دادىسىنىڭ مەزلۇم تۇغقانلىرى بايۋەچچىنى ئاۋايلاپ، پەپىلەپ توپا قوندۇرماي چوڭ قىلغان. دادا بايۋەچچىنى ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان يېشىغا توشقاندىلا كەينىگە سېلىۋېلىپ، لاداخ يوللىرىدىن نەچچە ئون قېتىم ئۆتكەن. بايۋەچچە شۇڭا سودىغا ماھىر، كۆپنى كۆرۈپ پىشقان، سالاپەتلىك ئادەم بولدى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ دادىسى ئوغلىنىڭ چېچەن، ھوشيار، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئىزباسار بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاللادىن تولەمىنىڭ رازى بولۇپ، مەلۇم بىر پەيشەنبە كۈنى خۇپتەن نامىزىنى ئۆيدە ئوقۇپ، ئاخىرقى دۇئاسىدا: «ھەي، كۈللى ھاياتلىقنىڭ ئىگىسى پەرۋەردىگار، ماڭا مىڭغا تاۋاب قىلىپ، بىر ئوغۇل بەرگەنلىكىڭگە تولىمۇ ھەمدۇ سانا ئوقۇسامۇ ئازلىق قىلىدۇ. سېنىڭ بۇ تولىمەس شەپقىتىڭگە ھەشقاللا، ئەمدى كۆزۈم يۇمۇلسىمۇ ئىككىلى دۇنيا سېنىلا سېغىنىمەن. ساڭا ئاشىق مەندەك ئاجىز بەندەڭنىڭ بېشىنى سىيلىغانلىقىڭنى قەلبىمنىڭ نۇرى، كۆزى سەزدى ۋە كۆردى. سېنىڭ دىدارىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم» دەپ شۇ جايىدىلا پانىي ھاياتلىق بىلەن ۋىدالاشقان ئىدى. دادىسىنىڭ مېيىتىنى زاراتگاھلىققا ئۇزىتىپ كېتىۋاتقاندا، نۇرغۇن

ـلىغان كەپتەر توپى ئاسماندا ئۈچ بۇرجەك شەكىل چىقىرىپ پەس ئۇچۇپ، يەرلىككىچە ئۇچۇپ بارغان ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنلەر دۇنيانىڭ، ئالەمنىڭ بۇنداق ھادىسىلىرىگە قاراپ ھەيران - ھەس بولۇشقان ئىدى...

قاسىم بايۋەچچىمۇ داد ىسىدەك ئىنسابى بار، زاكات-ئۆشرىلەر-نى قالدۇرماي بېرىدىغان، سىرى قاتتىق، ئاغزىنىڭ ئۈچى ئىتتىك، ئىچىدىكىنى ئىنس - جىن بىلمەيدىغان، دىيانەتلىك كىشى ئىدى. شۇڭا، قايسى شەھەرگە بارسا كىشىلەر ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى قىلاتتى. ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئىززەتكە نائىل بولاتتى. قاسىم بايۋەچچە 35 كىشىلىك سودا كارۋان توپى بىلەن بىر ئايدا 2000 چاقىرىملىق يولنى بېسىپ، مانا دەل كۇچانىڭ ئۆرۈك پىشىشقىغا ئۈلگۈرۈپ كەلدى. يول بويى بۇ سودا كارۋان توپىنى يۇرت - يۇرتنىڭ يۈزلۈك بايلىرى قوي سويۇپ ئوبدان كۈتۈپ، ھاردۇقىنى چىقىرىپ يولغا سىلىشتى. شۇڭا، قاسىم بايۋەچچە يول ئازابىنى قىلچىمۇ ھېس قىلمىدى. ئۇ ھەر قېتىم كۇچاغا كەلسە، سارايۋەن ياقۇپ ئۆز قېرىندىشىدەك كۈتەتتى.

— بايۋەچچە، پەيتنى تاللاپ، ھەر يەرنىڭ گۈل شىرنىسىنى ھەسەل ھەرىسىدەك يىغىۋالىدىلا جۇمۇ. 2 — 3 يىلدىن بۇيان كۇچا دېھقانلىرىنىڭ ھال - كۈنى ياخشىلىنىپ قالدى، يەر ئوبدان ھوسۇل بەردى. دېھقانىنىڭ قولى پۇل كۆرۈپ، مەگزىگە قان تەپـكەن بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە غايىبتىن پەيدا بولدىلا. قوللىرىدا جاھان ئەينىكى بارمۇيا.

— ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، دەڭلا. ھەرقانداق ئىش نىيەت - ئىقبالغا باقىدۇ. تەقدىر - قىسمەت شۇنداق تۇرسا، بۇنىڭغا نېمە ئىلاج، ياقۇپ قارىي، كۆزۈڭلار قىزارمىسۇن. «قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونجۇڭغا» دەپتىكەن، بىزدىكى مال - دۇنيانىڭ ئېغىرى يوق.

— قارىسىلا، قارىسىلا. ئاددىي سارايۇەن قانداقمۇ كۆز قىزارتسۇن. مېنىڭ كىچە - كۈندۈز ئاللادىن تىلەيدىغىنىم شۈكى، پۇل بەرسەڭ، بېخىلغا بەرگۈچە، بايۇەچچىگە بەر. بېخىل پۇلنى مەڭگۈلۈك نەزەربەنت قىلىپ، گۇندىخانىغا قامىۋېتىدۇ؛ بايۇەچچىدە بولسا، ئۇسسىغان يەرگە بارىدۇ، ئەمەسمۇ. ئۆزلىرىنىڭ شەپقەتلىرىدە بۇ سارايىنى ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇۋالغاچقا، مانا بۇگۈنكى كۈنىمىز بولغان يەردە، مۇشۇ كۆزۈم قىزارسا، ئۆزۈملا ئويۇۋېتەرمىنا بۇنداق كۆزنى.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم قارىي، قېرىنداشلارمۇ ئارام ئېلىپ بولغاندۇ. قازاندىكى گۆشنىڭ پۇرىقى دىماغنى تاتىلىغىلى تۇردى. كورۇلداۋاتقان ماۋۇ قورساقلارنىڭ ئەندىشىسىنى يوق قىلىڭ ئەمدى.

ئەتراپنى گۇگۇم قاپلاپ شام ۋاقتى قىستاپ قالدى. ياقۇپ سارايۇەن قاسىم بايۇەچچىنىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈكىدىن خۇرسەن بولۇپ، لىككىدە ئورنىدىن تۇردى.

— بولىدۇ ئەمىسە، «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن، كۇركىرىغاننى توختىتىلى، پېشايۋانغا داستىخانمۇ سېلىنىپ بوپتۇ. يىگىتلەرنى ئويغىتاي ئەمىسە،— دېدى- دە، سېمىز گەۋدىسىنى يېنىك سىلكىپ، خاس ھۇجرىدىن پېشايۋانغا چىقتى.

— ساۋۇت قارىي، داستىخانغا مەزەلەر تولۇق چىقىپ بولدىمۇ؟

— مۇھەممەت قارىي، شورپىغا پىياز بىلەن پەمىدۇر تاشلىنىپ، تۇزى كەلدىمۇ؟

— تاجىنساخان، ئۇگرىنىڭ خېمىرىنى يېيىپ بولدىلىمۇ؟

سارايۇەن ياقۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن رازى بولغاندەك، مەمنۇنلۇق ھېس قىلدى.

كارۋانچى يىگىتلەر ئۇيقۇدىن ئويغاندى، قوللىرىنى پاكىز

يۇيۇپ، ئېغىزلىرىنى چايقاشتى. پېشايۋان ئاستىغا سېلىنغان داستىخاننى كۆرۈپ، تۇتۇلۇپ قالغان ئىشتىھاسى ئېچىلدى. كۆڭلىدە قاسىم بايۋەچچىگە ئىشلىگەنلىكىدىن رازى بولۇپ، بۇ خۇشچىراي خوجىسىغا ساداقەتمەنلىكى تېخىمۇ ئېشىپ، قان - قېرىنداشىدەك بىلىندى. قاسىم بايۋەچچە ھۇجرىدىن ھېچبىر هاردۇق يەتمىگەندەك پېشايۋانغا چىقتى. ئۇ كارۋانچى يىگىتلەرگە قاراپ، بېشىنى رازىمەنلىك بىلەن لىڭشىتىپ قويدى. داستىخاندىكى مەزەلەرگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، چىن كۆڭلىدىن خۇرسەن بولۇپ، خوجىدارى مەتئىبلىگە مەنىلىك قاراپ قويدى. ئۇ بايۋەچچىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ياقۇۋاخۇن، بەك جۇۋاپ كەتتىڭلىمۇ نىمە. بىر قاچىدىن هاردۇق ئېشى بولسا بولاتتىغۇ، بۇنچىۋالا كۈچەپ كېتىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

— يوقسۇ، خىللىرىدىكىنى قىلالمىساقمۇ كۆڭۈللىرىگە ئېلىشمىسىلا. هوي ئېيسا قارىي، شورپىنى تارتىلى.

سارايۋەن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي، قوللىرىنى ئۇياق - بۇياققا شىلتىپ پايپاسلايتتى.

— يىگىتلەر، ئازراق هاردۇق چىقىپتىمۇ؟— قاسىم بايۋەچچە كارۋانچى يىگىتلىرىدىن هاردۇق سورىدى.

— يول بويى پەقەتلا هارمىدۇق، ئاينا،— كارۋانچى يىگىتلەر تولۇق خوتەن شېۋىسىدە روهلۇق جاۋاب بېرىشتى.

— بۈگۈن ئاخىرقى مەنزىلىمىزگە يەتتۇق. ياقۇپ قارىيمۇ بىزنى ئۇبدان كۈتۈۋالدى. شۇڭا، بۈگۈندىن باشلاپ تا كەتكۈچە كۇچادىكى نامىزىمىز «قەسىر»[1] ناماز بولمايدۇ. نامازنى تولۇق

---

[1] قەسىر — سەپەر ئۈستىدە تۆت رەكئەتلىك ناماز پەقەت ئىككى رەكئەت ئۆتۈلىدۇ.

ئوقۇيمز. ئۆزىمىزنىڭ زېمىنىدا، ئۆزىمىزگە ئوپمۇئوخشاش كىشىلەر بىنا قىلغان شەھەردە «قەسىر» ناماز ئوقۇش هارام. هازىر شام ۋاقتىغا ئاز قالدى يىگىتلەر، ئاۋۋال قورساقنى ئوبدان غەملەيلى،— قاسىم بايۋەچچە ئىتتىك كۆزلىرىدىن نۇر ياغدۇرۇپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى دانە ـ دانە ئىدى. كارۋانچى يىگىتلەر بايۋەچچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، خۇددى تاتلىق ئانار يېگەندەك بولۇشتى.

— قېنى ئەمىسە، بايۋەچچەم، مەزەگە بېقىپ بەرسىلە،— دېدى سارايۋەن بايۋەچچىنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشىغىلا.

— خوش ئەمىسە، ھەممەيلەن تائامغا بىر دۇئا قىلىۋېتەيلى،— قاسىم بايۋەچچە قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

— ھەي ياراتقان ئىگەم ئاللا، بىزگە ئاتا قىلغان ھەممەتلىرىڭگە يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر، ئۆزۈڭگە سېغىنىپ ھاياتلىق يولىدا تەۋەككۈل سەپىرىگە ئاتلانغانلارغا ئاسانلىق ئاتا قىلغايسەن، ئامىن!— بايۋەچچىنىڭ يۈرەكنى تىترەتكۈدەك ھەمدۇ ساناسى يىگىتلەرنىڭ باغرىنى ئېرىتتى.

— ئامىن، ئامىن، ئامىن!

دۇئاغا كۆتۈرۈلگەن قوللار خۇددى باھار شامىلىدىكى چوكانتالدەك لېۋەن تىترەيتتى.

ئارقا ـ ئارقىدىن تارتىلغان تائاملار ئىشتىها بىلەن يېيىلدى. دېمىسىمۇ كۇچالىقلار ئاش ـ تاماقتا ئۇستا ئىدى، ئۆزگىچە، مەززىلىك تائاملىرى بىلەن يىراق ـ يېقىنغا داڭقى بار. دېگەن گېپىدىن يانمايدىغان خۇيى بولسىمۇ، ھۈنەرگە پىششىق ئۇستا ـ كاسىپلار بۇ شەھەردىن خېلى كۆپ چىقىدۇ. تارىختىن تا ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ «كۇچا تامىقى ئادەمنىڭ ئاچقان يېرىگە بېرىپ، ھاردۇقنى چىقىرىدۇ» دېيىشى بىكار ئەمەس. ئۇلار ئوبدان

غىزالىنىپ بولۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە، يۈرەكنى ئېزىدىغان ئاھاڭدا تووۋلانغان ئەزان ئاۋازى قۇلاققا كىردى. ئۇلار قان تەپچىپ تۇرغان مەڭزلىرىنى سىيلاپ، مەرتەم - مەرتەم شۈكۈر- سانا ئېيتىشىپ، داستىخاندىن قوپۇشتى.

سارايىنىڭ شىمال تەرىپىگە 40 كىشىلىك جايناماز سېلىنىپ بولغان ئىدى. قاسىم بايۋەچچە خوجىدار مەتئېلىنى ئىشارەت بىلەن ئىمامىلىققا بۇيرۇدى- دە، ئۆزى تەكبىر ئېيتتى. مەتئېلى «ئاللاھۇ- ئەكبەر» دەپ قۇلاق قېقىپ، شام نامىزىنى باشلاپ، سۈرە - ئايەتلەرنى شۇنداق لېۋەن ئوقۇدى، نامىز ئوقۇلۇپ بولغاندا قىرائەت قىلدى. قىرائەت ئاياغلىشىشى بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، يىغا ئارىلاش «ئامىن، ئامىن، ئامىن...» بىلەن كۆچانىڭ قارايغان ئاسمىنىغا سىڭىپ، مۆگدەپ قالغان ئالتۇن كىرپىك يۇلتۇزلارنىڭ شېخىنى ئىرغىتىپ، ئۇلارنى ئويغىتىۋەتتى. يۇلتۇزلار كۇچا ئاسمىنىدا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئارقا - ئارقىدىن زېمىنغا قاراشتى.

— ئاللا بەرسە قوش قوللاپ بېرىپتۇ دېگەن مۇشۇ- دە، بايۋەچچەم. مەتئېلى خوجىدارلىرىغا خۇدا بېرىپتۇ، سىلىگىمۇ خۇدا بېرىپتۇ. نېمە دېيىشنى زادىلا ئۇقالماي قالدىم،— سارايىۋەن ياقۇپ كۆز چاناقلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياش قوناقلىرىنى سۈرتكەچ، ئۆزى بىلگەن ئەڭ زور ئالقىش مەدھىيىسىنى ئېيتتى.

— كۇچادا قارىيلار كۆپقۇ،— دەپ كۈلدى قاسىم بايۋەچچە.

كۆپچىلىك خىر - خىر ئاۋاز چىقىرىپ كۈلۈشتى. سارايىۋەن ياقۇپمۇ كۈلۈپ تاشلىدى. بىردىنلا سارايدىكى بارلىق كىشىلەر قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. كۈلكە — بۇ خەلقنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بولسا كېرەك. كۈلگەندە ئورتاق كۈلىدۇ، قايغۇرغاندىمۇ يەنە ئورتاقلىشىدۇ. كارۋانچى يىگىتلەر قاسىم بايۋەچچىنىڭ قارىقاشتا ئۆزلىرىدىن نام - ئەمەل ئىسىم فامىلىسىنى

ئىنچىكىلىك بىلەن بىر- بىرلەپ سۈرۈشتۈرگەنلىكىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشۈپ، ئۇنىڭ «كوچادا قارىيلار كۆپقۇ» دېگەن گېپىگە كۈلۈشكەن ئىدى...

خوجىدار مەتئېلى خوتەندىن كوچاغا ئاتلىنىدىغان پەيتتە، قاسىم بايۋەچچىنىڭ «كوچا ساق 2000 چاقىرىملىق يول. كارۋانچىلار چوقۇم ئىشەنچلىك، جانلىق، كۈچلۈك، چىداملىق بولسۇن. نام - ئەمىلى بارلىرىدىن تاللاڭ، «ئاتىقى يوق مازاردىن ئاتىقى بار دۆڭ ياخشى». كارۋانچىلار ئارىسىغا ئاق نانچى كاززاپلار ئارىلىشىپ قالمىسۇن» دېگەن تاپىلىقى بىلەن مۇشۇ يىگىتلەرنى تاللىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قارىي ئىسىملىك بىرەيلەن بار بولۇپ، قاسىم بايۋەچچە ھەممەيلەننىڭ نام - ئەمىلىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا كەلگەندە:

— ئېتىڭ نېمە يىگىت؟— دەپ سورىدى.

— قارىي،— دەپ جاۋاب بەردى يىگىت.

قاسىم بايۋەچچە كۆڭلىدە نېمە ئۈچۈندۇر سۆيۈندى بولغاي:

— خوش، بەك ياخشى تاللاپسىز مەتئېلى، مانا سەپىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولۇشىدىن بېشارەت بۇ. مەن نەچچە ئون يىل سودا قىلىپ كارۋان تارتقانمەن. لېكىن، بۇ قېتىمقىدەك خاتىرجەملىك ھېس قىلمىغان. مانا يىگىتلەر تېتىك، روھلۇق. تېخى ئارىمىزدا ئىلمى بار قارىيلارمۇ باركەن،— دەپ خۇشاللىقىنى باسالماي، مەتئېلىگە قاراپ چىن كۆڭلىدىن قايىل ۋە رازى بولۇپ سۆزلەپ كەتتى.

قارىي ئىسىملىك يىگىت گەدىنىنى قاشلاپ، قىزىرىپ، تەرلەپ - تەپچىرەپ كەتتى. پۈتى قوقاسقا دەسسەپ سالغاندەك، بىر ئورۇندا جىم تۇرالمىدى. يىگىتتىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر قاسىم بايۋەچچىنىڭ چوغدەك كۆزىدىن ئۆزىنى يوشۇرالمىدى.

— قارىي، مىجەزىڭىز يوقمۇ - نېمە؟

— يوقسۇ، يوقسۇ... شۇ، بايۋەچچەم، مەن شۇ...
— بىرەر ھاجىتىڭىز بارمۇيا، تارتىنماي ئېيتىۋېرىڭ.
— ياق، ئۇنداق ئەمەس،— يىگىت قاتتىق ئوڭايسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. قاسىم بايۋەچچە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى.
— يىگىت، ھەرگىز تارتىنماڭ. بىزنىڭ سەپىرىمىزنىڭ مۇساپىسى ئۇزۇن، ئىنتايىن جاپالىق. سەپەر دېگەننىڭ چوڭ - كىچىكى بولمايدۇ، ئۇكام. ئىبلىم - بىرىمىگىز بولسا دەۋېرىڭ. كۆڭلىڭىزنى تىندۇرۇپ ماڭمىسىڭىز، بەك ئازابلىق بولىدۇ. بىزگىمۇ خېيىمخەتەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ دۇنيانى تىنچ دەپ ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ. ناۋادا بىرەر بالا - قازا يېتىپ قالسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قىيامەتكە سۆرىلىدىغان گەپ.
— ئۇنداق ئەمەس بايۋەچچە.
— ئەجەب رەڭگىڭىز بىرقىسىملا بولۇپ كېتىۋاتىدۇيا؟
— مەن ئاتا - ئانامدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، تاغا - ھاممىلىرىمنىڭ قولىدا چوڭ بولغان،— قارىي ئىسىملىك يىگىت سۆزلەۋېتىپ، كۆزىگە لىق ياش كەلدىيۇ، دەرھال تۇمشۇقىنى يۇقىرى قىلىپ توختىتىۋالدى،— تاغام، ھامماملار ئۆتكەن يىلى تويۇقسىزلا ئارقا - ئارقىدىن كۆز يۇمدى. مېنىڭ بۇ دۇنيالىقتا خۇدادىن جان قەرزىم قالدى. ئاشۇ ئۆلگەنلەرنىڭ ياتقان يېرىنى يوقلاش، چىرىغىنى ئۆچۈرمەي، مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىش بۇرچۇم بار. ئۇنىڭدىن بۆلەك بىركىمدىن ئىبلىم - بىرىمىم يوق...
يىگىت سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، قاسىم بايۋەچچە بىرنەرسىنى پەملىدى بولغاي، ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:
— بىرەر قىزچاق پېشىڭىزدىن تارتىۋاتامدۇيا؟
— ياق، ياق، ئۇنداق ئەمەس،— يىگىت يەرگە قارىۋالدى.
قاسىم بايۋەچچە ئىككىلىنىپ قالدى - دە، يەنە سورىدى:

— سىزنى باققانلارنىڭ تۇپراقبېشىغا ئاتاپ نەزىر بېرەمتىـ
ـڭىز ياكى ئاشۇلارنىڭ ياتقان جايىنى ئوڭلاپ قويامتىڭىز، ئۇكام؟
— مەن ئۇ ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ چالا قويماي قىلىپ بولغان.
باشقىلارغا بىر قىش ـ بىر ياز ئىشلەپ، ئاز يەپ ـ ئاز كىيىپ،
يىغقان پۇلۇمغا تېخى ئىككى ئاينىڭ ئالدىدىلا تۆت قەبرە
قوپاردىم،— يىگىت بەك ئوكايىسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ
ئورۇنسىز، يوقىلاڭ ئىش ئۈچۈن مۇنچىۋالا قىيىن ئەھۋالغا
چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ئازابلىق ھېس قىلدى،— ئۆيلىنىشنى
تېخى ئويلاشمىدىم. 2 — 3 يىل ئىشلەپ ئۆزۈمنى ئوڭلىۋېلىپ،
ئاندىن ئۆيلەنسەممۇ كېچىكمەيدۇ.
قاسىم بايۋەچچە بۇ يىگىتنىڭ بېلى خېلىلا چىڭ ئىكەنلىكىـ
ـنى، جېنى تۈزۈك، سەۋر ـ تاقىتىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى
بايقاپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدىيۇ، لېكىن ئۇنىڭ
جىددىيلىشىپ، چىرايى تاتىرىپ، قىزىرىشىدىن ھېچنېمىنى
ئۇقالماي گاڭگىراپ قالدى.
— يىگىت، سىزدىكى بۇنچىۋالا جىددىيلىكنىڭ سەۋەبى
نېمە؟
— مەن شۇ، يېتىملىكنىڭ يولىدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ
ئوقۇيالمىغان، «ئەلھەمدۇ»نىمۇ تۈزۈكرەك يادقا ئوقۇپ بېرەلمەيـ
ـمەن،— يىگىت بېشىدىن تارتىپ گەدىنىگىچە قاشلىدى. بۇنى
ئاڭلاپ، قاسىم بايۋەچچە «پاراققىدە» كۈلۈۋەتتى،كارۋانچى
يىگىتلەرمۇ ئەگىشىپ كۈلۈشتى.
— مۇنداق دەڭ، ئۇكام. ئېتىم قارىي دېمەكچىمۇسىز،
ئۇدۇللا ئېيتىۋەرسىڭىز بولماسمىدى. سىزدىكى نومۇس بىلىنىـ
ـنىڭىۋاقى سىزنى ھەقىقىي قارىيلىقتىن ئۆتكۈزدى جۇمۇ،— قاسىم
بايۋەچچە بەك چوڭقۇر ئويلىنىپ كەتكەن قالايمىقان خىيال
توردىن قۇتۇلۇپ چىققاندەك بولدى،— بىز بارماقچى بولغان

يەردە سىزدەك «قارىي»لار كۆپ. سىز ئەسلىي «كوچا قارىيسى» كەنسىز ـ دە. بىز سىزدەكلەرنى «كوچا قارىيسى» دەپ ئاتايمىز. ھېچقىسى يوق، شۇنىڭغىمۇ مۇنچىۋالا تارتىنىپ كەتكەن بارمۇ؟ ھەرگىز خىجىل بولماڭ يىگىت. مانا ماۋۇ خوجىدار،— دەپ يېنىدا تۇرغان ئوتتۇرا بوي، خەرىتە ساقال، ئوڭ پېشانىسىدە ئۆزىگە ياراشقان توپۇقى بار، قوي كۆزلۈك، بۇرنى ئىلمەكرەك مەتئېلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ،— سەپەردە سىزگە ئۇششاق سۈرىلەرنى ئۆگىتىپ قويسۇن، ئۇ نەچچە قېتىم خەتمىگەردىلىكتىن ئۆتكەن مۇرەتتەپ قارىي جۇمۇ،— دېدى.

قاسىم بايۋەچچىنىڭ ماختاشلىرىدىن مەتئېلى خۇشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، رەڭگىروپى قىزارغان ھالدا گەدىنىنى قاشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى دۇرۇس، ساپ دىل، ئاق كۆڭۈل كىشىلەردە بولىدىغان بىر خىل كەيپىيات ئىدى. ئۇ 40 نەچچە كۈنلۈك سەپەردە ھېلىقى قارىي ئىسىملىك يىگىتكە ئۇششاق ئايەتلەرنى ياد ئالدۇردى. يىگىتلەرنىڭ بايا «قارىي» دېگەن گەپكە كۈلۈشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدى. قارىي ئىسىملىك يىگىتمۇ ئەۋۋىلىدە بوينى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ، كېيىن ئۇلارغا قوشۇلۇپ، چىڭقىلىپ كۈلدى. قاسىم بايۋەچچە:

— شەيتان دېگەن ئىبلىستە، مانا ھازىر ئالغان تاھارەتمۇ سىڭىپ كەتتى. خۇپتەن ۋاقتىمۇ قىستاپ قاپتۇ. يىگىتلەر، ياقۇپ قارىينىڭ ئەتكەن تامىقىنى ئوبدان يېدىڭلار. ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، تازا بىر بوشىنىپ، تاھارەتنى يەڭگۈشلەيلى،— دەپ كۈلدى.

— نەدىكىنى، ئانچىكى ئىشقۇ بۇ. لايىقلىرىدا قىلالمىغان بولساقمۇ كۆڭۈللىرىگە ئېلىشمىغايلا،— دېدى ئۆزرىخاھلىققا جاۋاب قايتۇرۇپ سارايۋەن.

كارۋانچى يىگىتلەر ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ تاھارەت ئالغىلى

مېڭىشتى. قاسىم بايۋەچچە ئورنىدىن تۇرۇشىغا، ساراي دەرۋا - زىسىدىن ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىرەيلەن كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە ھاجىكا. قەدەملىرى مۇبارەك، ھارمىغايلا!

— نەدىكىنى، ھارامدىغان ياقۇۋاخۇن. بۈگۈن ئەزىز مېھمان ئىنىس - جىنىغا تۇيدۇرماي، شىپپىدىلا سىلىنىڭ سارايغا چۆكۈ- ۋاپتۇ ئەمەسمۇ. ئەتە كۆرۈشەي دېسەممۇ، يەنە كۆڭلۈم ئۇنىماي، قارشى ئالمىسمۇ، يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ ئۇسۇپلا كەلدىم مانا.

ساراينىڭ ھويلىسى ھېلىقى ئاقساقال مويسىپىتنىڭ كىرىشى بىلەنلا بىرپەس سۈكۈتكە چۆمدى. چىراغنىڭ نۇرى ئاسماندىكى تەنتەك يۇلتۇزلارنىڭ كۆزىنى يۇمۇۋېلىشىغا قىستاپ قويغان ئىدى. چىرايلىق نەقىشلەنگەن پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكلىرى شۇنداق چاقنايتتى. تاملار ئۇيغۇر گەجخاچىلىقىنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسى سۈپىتىدە مەيدىسىنى كېرىپ، كىشى قەلبىنى سېھىرلەيتتى.

— بىرنى بىي دەيدىغان بايۋەچچە بۈگۈن تازا ھارىدىغان بولدى- دە،— دەپ ساقاللىرىنى سىيلىدى مويسىپىت.

قاسىم بايۋەچچە بۇ ئاقساقالنى دەمال پەرق ئېتەلمىدى. ئۇنىڭ قىلغان چاقچىقىدىن، مەردانىلىكىدىن، سۆزىنىڭ ھەم قوپال، ھەم شېرىنلىكىدىن ئاخىر پەرق ئەتتى- دە، كەڭ قۇچىقىنى ئېچىپ، ئىتتىكلا مويسىپىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. ئاقساقالمۇ بايۋەچچىنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى.

— ئۇچەت - بۇچەت ئۆيلەرنى بايۋەچچە چۈشەرمىكىن دەپ سالسام، قىلغان ئىشىڭىزنى قارىڭا قاسىماخۇن.

— ھاجىكا، بۇ شەھەرگە زاۋال ۋاقتىدا كەپقالدۇق. شۇڭا، ئۆزلىرىنى زاۋالدا مالال قىلماي دېدىم.

— چالما ئاتماستىم.

— شۇم قاغا كەپقالدىمۇ دەپ ئويلاپ قالارمىكىن دېدىم...

ئۇلار پاراڭغا شۇڭغۇپ كەتتى. ئاقساقالنىڭ كۆزىدىن مۇلايىملىق يېغىپ، ئاقارغان ساقىلى ئۆزىگە خويمۇ ياراشقان ئىدى. ئۇستىخانلىرىنىڭ مەزمۇتلۇقىنى كۆرگەن كىشى ئۇنى «ياش چېغىدا قاپاق تېرەكنىڭ ئۆزى بولغىيمىدى» دېگۈسى كېلەتتى. ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ باسماقتەك چىڭ قىسىشىدىن قاسىم بايۋەچچە «ۋايجان» دېۋەتكىلى تاس قالدى، كۆزىدىنمۇ ياش چىقىپ كەتتى. ئۇ «10 قوتارنىڭ كۈچى بارمۇ نېمە بۇ ئاقساقالدا» دەپ ئويلىدى.

— ئۇكام قاسىماخۇن، قارىقاش دەرياسى ئەلەملىك ئاقامدۇ يا شادلىنىپمۇ؟

— هاجىكا، كۆسەن دەرياسى قانداق ئاققان بولسا، شۇنىداق ئاقىدۇ- دە. بۇ ئىككى دەريانىڭ تومۇرى بىر بولغاندىكىن.

— شۇنداق، شۇنداق ئۇكام. بۇ ئىككى دەريا ئاكا- ئۇكىغا، ئاچا- سىڭىلغا ئوخشىشىدۇ. ئۇلار ھەقىقىي بىر قورساق تۇغقانلار.

— شۇنداق هاجىكا. «كۆپنى كۆرگەن، جىق ئاڭلىغان ئادەم ئەۋلىيا بولىدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ...

ئۇرايىم هاجىم بىلەن قاسىم بايۋەچچىنىڭ سۆھبىتى تولىمۇ قىزغىن كېتىۋاتاتتى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى گويا كۇچانىڭ ئاسمىنىغا قېچىپ كېلىۋالغاندەك، شۇنداق كۆپ، ئايمۇ شەرم - هايانى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، چۈمبىلىنى ئېچىۋەتكەن ئىدى.

× × ×

بۇ يەردىن ئادەم تۆگۈل نەرسىلەرگە زوق - شوق بەرگۈدەك پاراڭلار ئۈزۈلمەي، خۇددى كۆسەن ۋە قارىقاش دەريالىرىدەك

ئېقىپ، تارىخ بەتلىرىنى ئىللىق قۇرلىرى بىلەن تولدۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

مەشھۇر ئىقباللىق خاقان ئافراسىياپنىڭ جاھاننى تىترەتكەن شانلىق ئىزلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ تومۇرلىرىدا كۆۋەجىگەن سۇجۇپ مۇزىكىلىرى، كوماراجىۋانىڭ نوم - سۇترالاردىن ئېيتقان ۋەزخانلىقلىرى مىڭلىغان - مىليونلىغان خەلقنىڭ كاللىسىدا زاھىر بولۇپ، جاھاندىكى مۇڭغا پاتقان، ھايات چاقى ئاستىدا مىجىلغان ئىنسانلارنىڭ قەلب ئىشىكىنى چېكىپ، بالا - قازاغا تولغان يۈرەك باغرىنى ھاياتقا ئىنتىلدۈرۈپ، ياشاشقا ئۈمىدلەندۈرگەن ئەمەسمىدى. كۈسەننىڭ مۇشۇنداق ئادەملىرىنى بىلگەنلەر بۇ يەرگە ھۆرمەت بىلەن قاراپ، ئىستىقامەت ئېتىكاپىنىڭ قىبلىنامىسى قىلىپ، بەخت - سائادەت ئاتا قىلىش ئۈچۈن باش ئۇرۇپ، پېشانىلىرىنى قاناتمىغانمىدى.

ئىنسانىيەت تارىخىدا ھاكىمىيەت، زېمىن، بايلىق تالىشىش ئۇرۇشلىرى كۆپلەپ يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن كۈسەنلىك كوماراجىۋا (344 — 413)نى تالاشقاندەك، «ئىختىساسلىقلارنى تالىشىش» ئۇرۇشلىرى كەمدىن - كەم كۆرۈلگەن. بىلىملىك ۋە پەزىلەتلىك ئاتا - ئانىسىدىن ياخشى تەلىم ئالغان كوماراجىۋا دادىسىنىڭ قازا قىلىش ئالدىدىكى ۋەسىيىتى بويىچە توققۇز يېشىدا ئانىسى بىلەن كەشمىرگە بېرىپ، بۇددا ئىلمى جەھەتتە ئۈچ يىل سىستېمىلىق ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ 12يېشىدا كەشمىر خانىنىڭ تەكلىپى بىلەن خان ئوردىسىدىكى كاتتا مۇنازىرىگە قاتنىشىپ، ئوردا راھىبلىرىنى يېڭىۋالغان. ھەرقايسى دۆلەتلەر دانىشمەن بالا كوماراجىۋانىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆز مەملىكەتلىرىدە زىيارەت ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەردە بولۇشقا تەكلىپ قىلغان. كوماراجىۋا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يۇقىرى مەنسەپ، كۆپلەپ ئىش ھەققى بېرىش بەدىلىگە ئۆزىنى تۇتۇپ قېلىش

تەلىپىنى چىرايلىق رەت قىلىپ، ئانا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئانىسى بىلەن كۇسەنگە قايتىش سەپىرىدە يەكەن، قەشقەردىن ئۆتكەن. كۇماراجىۋا قەشقەردە بىر يىلدەك تۇرۇپ، قەدىمكى ھىندىستاننىڭ دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىق، تىبابەت، ئىلمى نۇجۇم قاتارلىق ئىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ھەر تەرەپلىمە قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگەن.

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن كۇسەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۇسەن خانى ئاقارى پاك مەخسۇس كۇماراجىۋا ئۈچۈن شىر شەكىللىك ئالتۇن پۈتلۈق تەخت ياسىتىپ، ئۇنى رۇم كىمخاپلىرى بىلەن بېزەپ،كۇماراجىۋانى ئاشۇ تەختتە ئولتۇرۇپ، بۇددا نوم ـ سۇترالىرىدىن تەبلىغ قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. ئۆز خەلقى، مىللىتى ئۈچۈن ھايات قوشۇغۇرىقىنى ئۈزۈلدۈرمەي جاراڭلىتىپ كەلگەن ئالىم كۇماراجىۋا 20 ياشقا يەتكەندە، ناتىقلىق، بۇددا ئىلمى ۋە ھەرقايسى پەنلەردە يېتىلگەن كامالىتى بىلەن نامى «يىپەك يولى»نى بويلاپ دۇنياغا كەڭ تارقالغان.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئالدىنقى چىن[1] خانى فۇجيەن كۇسەنلىك ياش ئالىم كۇماراجىۋا توغرىسىدا نۇرغۇن رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغان. ئۇ ۋەزىر ـ سىپاھلارنى چاقىرتىپ، كېڭەش ئۆتكۈزگەن ۋە كۇماراجىۋانى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن ساق ـ سالامەت ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، ئاتلىق قوشۇنلارنىڭ شىرمەت سانغۇنى لۈي گۇاڭ[2]نى كۇسەن دىيارىغا ئەۋەتكەن. سانغۇن لۈي گۇاڭ خىللانغان 70 مىڭ ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ كۇسەن دىيارىغا يۈرۈش قىلغان. بۇ ھالدىن خەۋەر تاپقان كۇسەن

---

[1] ئالدىنقى چىن — مىلادىيە IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بارلىققا كېلىپ، قىسقا مۇددەت دەۋران سۈرگەن خانلىق.

[2] لۈي گۇاڭ (337 — 399) — 16 پادىشاھلىق دەۋرىدە غەربىي لياڭ خانلىقىنى قۇرغۇچى ئاسىي سەركەردە.

خانى ئاقارى پاك ئاقساقال ۋە ئاقسۆڭەكلەرنى قاتناشتۇرۇپ يىغىلىش ئۆتكۈزگەن. خانلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كۆسەن خانى:

— ئەقىللىق كېڭەش ئەزالىرى، زادى جيەن ئوغلۇم كوماراجىۋانى تاپشۇرۇپ بېرەمدۇق - قانداق؟— دەپ كېڭەش ئەھلىگە سوئال نەزىرىدە قارىغان. كېڭەش ئەھلىنىڭ جىم ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن خان ئورۇندۇقتىن قوپۇپ، ئۇيان - بۇيان مېڭىپ، ھەربىر ۋەزىر، سىپاھ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چىرايىنى كۆزەتكەن، ئاندىن خانلىق ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ، قولىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرگەن. خاننىڭ بارماقلىرىدىن چىققان قاس سۆكۈتنىڭ ۋايىغا يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، كېڭەش ئەھلىنىڭ يۈرەك بېغىشىغا بېرىپ تەگكەن،— خوش، قايسىڭلار بۇ خۇسۇستا پىكىر يۈرگۈزۈپ باقىسىلەر؟ كېڭەشتىكى گەپ ئەركىن بولىدۇغانلىقى، توغرا - خاتاسى سۈرۈشتە قىلىنمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئەقىللىق ۋەزىرلىرىم، بەگ - سىپاھلىرىم، نېمىنى ئويلىغان بولساڭلار ئۇدۇل دەۋېرىڭلار.

كېڭەش ئەھلى «سىلىدىن كەلسۇن، ئۆزلىرىدىن كەلسۇن» دېگەندەك، بىر - بىرىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، جىم ئولتۇرۇشقان. ئۇلار قانداق قىلىش توغرىسىدا بىر يەرگە كېلەلمىگەن.

— ھۆرمەتلىك بەگلىرىم، كوماراجىۋانى ئۆتكۈزۈپ بەرسەك قانداق دەيسىلەر؟ بىر ئادەم بىلەن مىليونلىغان ئادەمنىڭ جېنىنى تېگىشسەك، باشمۇ ئاغرىمايدۇ.

كېڭەش ئەھلى بىر- بىرىگە قاراپ، چىرايى سۈرۈلۈپ، خاننىڭ سۆزىگە ماقۇل بولۇپ باشلىرىنى لىڭشىتقان. توساتتىن لەشكىرىي ۋەزىر ۋارقىراپ سۆزلىگىنىچە ئورنىدىن ئۇتتۇرىغا چىققان.

— زادى بولمايدۇ، خان ئالىيلىرى. سىلى كۆسەن ئالىمىنىڭ تۈۋرۈكى، ۋەتەننىڭ يۈرىكى. دانالار قولىدىن كېتىپ قالسا، خانلىق زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ. كوماراجىۋا كۆسەن خانىدانىنىڭ

پۈشتى، يەنى سىگىللىرى جىۋانىڭ ئوغلى. جىيەنلىرىنىڭ ئاتىسى يەتتە ئىقلىمغا نامى يەتكەن كۇماراتان[1] سانغۇن. بۈيۈك خانىمىز-دىن قالغان ئەنئەنىنى ھەرگىز ئەستىن چىقارمايلى، ھەرگىز سۇلھى تەلەپ قىلمايلى!...

لەشكىرىي ۋەزىرىنىڭ لەشكەرگە خاس كۈچ-قۇدرىتى، غەزەپ-نەپرىتى ناھايىتى روشەن ئىدى. ئۇ ۋەتىنى ئۈچۈن، كۈسەن ئۈچۈن ھەممىنى سۆزلەپ تۈگەتكەن دېسە ئوشۇق بولماس. ئۇ ۋەتىنىنىڭ ھەقىقىي پەرزەنتىدە بولۇشقا تېگىشلىك ۋىجدان، ئار-نومۇسنى دادىللىق بىلەن بەجانىدىل ئاقلىغان. ئاقارى پاك خان زىممىسىدىكى بىر تاغنى يۈلۈپلا ئىرغىتىۋەتكەندەك يەڭگىلەپ، يۈرىكىنى مۇجۇۋاتقان بىرنەرسىمۇ ئاللىقاياققا غايىب بولغان. ئۇ مۇشۇنداق لەشكىرىي ۋەزىرىنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ، كۆزىگە ياش كەلسىمۇ چاندۇرمىغان. ئىنىسى ئاقارى چىننىڭ قاتتىق توسقىنىغا قارىماي، خان ئۆزىنى ئۇرۇشنىڭ باش سانغۇنلۇقىغا، لەشكىرىي ۋەزىرنى ياندىش باش سانغۇنلۇققا تەيىنلىنىشنى تەلەپ قىلغان ۋە زىممىسىگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن كېڭەش يېپىلىپ، لەشكىرىي ۋەزىر لەشكىرىي تەييارلىق قىلىشقا يۈرۈپ كەتكەن.

— كوماراجىۋانى بىرنۋەتسە بولمامدۇ، بىر ئادەم بىلەن بۇ يەردىكى بىلىملىكلەر يوقاپ كەتمەس. ئۇنىڭ ئۆزىدىن قېلىشمايدىغان شاگىرتلىرىمۇ نۇرغۇن، ئۇرۇشمىسا بوپتىكەن.

— خاننىڭ پۇقرا بىلەن نېمە ئىشى دەڭلا، كۆرگۈلۈكىمىز بار

---

[1] كۇماراتان — ھىندىستان پادىشاھلىقىنىڭ ھەربىي ۋەزىرى بولغان. ئۇ مەنسەپ-ئەمىلىنى تەرك ئېيلەپ، پامىر تاغلىرىدىن ئۆتكەندە، كۈسەن خانى ئاقارى پاك ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۇچاغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى «دۆلەت ئۇستازى» دەپ ئاتىغان. خان ئۆز سىڭلىسى جىۋانى 20 يېشىدا كۇماراتانغا ياتلىق قىلغان.

ئوخشايدۇ. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن. پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمىز...

كىشىلەر ئارىسىدا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىشىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن.

لۈي گۇاڭنىڭ قوشۇنى بىلەن كۈسەن قوشۇنى بىر ـ بىرىگە رو بىرو قارىشىپ، سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرۇشقان. كۇچا ئاتلىرىغا مىنىۋېلىشقان كۈسەن قوشۇنى سان جەھەتتىن لۈي گۇاڭنىڭ قوشۇنىدىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن جەسۇر ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە شۇنداق تاشلاندىكى، ئاتلارنىڭ كاسىسىغا تەگكەن قامچىدىن كېيىنكى يۈگۈرۈشىدىن شامالمۇ نومۇس قىلىپ كىرىۋالىدىغان تۆشۈك تاپالماي قالغان. قىر ـ چاپ بىرنەچچە كۈن داۋاملاشقان، ھەر ئىككى تەرەپتىن ساناقسىز ئادەم قۇربان بولغان. كۈسەن خانى ئاقارى پاك ئۆزى بىۋاستە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئاخىر كەينىدىن تەگكەن ئوقيا ئۇنىڭ جېنىنى ئالغان، يۈرەكلىك لەشكىرىي ۋەزىر قاتتىق يارىلانغان. ئاقارى پاكنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئىنىسى ئاقارى چىن كۈسەنگە خان بولۇپ، دەرھال كېڭەش ئۆتكۈزگەن. بۇ قېتىمقى كېڭەشكە كوماراجىۋا چاقىرتىلىپ، نۇرغۇن تالىپلىرى بىلەن قاتناشتۇرۇلغان.

— ئىككى ئاي جاپالىق جەڭ قىلدۇق، ئاقارى پاك خان ئاكام قۇربان بولدى ھەمدە نۇرغۇن ئەزىمەتلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. ئۇلاردىنمۇ نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولدى. بۈيۈك سانغۇن ئېغىر يارىلاندى. بىز قارشىلىق كۈچىمىزنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ كۆرسەتتۇق، — ئاقارى چىن كېڭەش ئەھلىگە ئۇرۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، كالپۇكىنى چىشلىگەنچە سۆزدىن توختىغان.

— ئۇلۇغ خان تاغا، چوڭ تاغام مىنى دەپ ئۇرۇشتا قازا قىلدى، — دەپ ئىنتايىن قەتئىيلىك ۋە جەسۇرلۇق ئۇرغۇپ تۇرىدىغان مۇلايىم قىياپەتتە سۆز باشلىغان كوماراجىۋا. ئۇنىڭ

يوغان كۆزلىرىدىن ياش ئېقىنلىرى قۇرۇمىغان،— ئەسلىي مەن ئىلىم دۇنياسىغا مەنسۇپ كىشى. موللىلار ئۇرۇشنى تەرغىب قىلمايدۇ، ئۇلۇغ تەڭرىمىز قان تۆكۈشنى ئەسلا راۋا كۆرمەيدۇ. ئۇلار مېنى تەلەپ قىلغانىكەن، بوپتۇ، مەن باراي. دۇنيانىڭ نەرىگە باراي، مەن يەنىلا كۇسەنلىك. مەن كۇسەنىنىڭ سۈيىنى ئىچتىم، تۇزىنى يېدىم. سىز مېنىڭ تاغام. يەتتە ئىقلىم بۇنى بىلىدۇ. بولدى، يەنە كېڭەش قىلماڭلار.

كوماراجىۋا كېڭەش ئەھلى بىلەن خوشلىشىپ، شاگىرتلىرىنى باشلاپ چىقىپ كەتكەن. كېڭەش ئەھلى كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، ئۇنىڭ جاسارىتىگە قايىل بولۇشقان...

ئىككى تەرەپ شۇنداق سۈلھى قىلغان. لۈي گۇاڭ قوشۇنى 20 مىڭ تۇياق ئات - قېچىرغا كۇسەن دىيارىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت، ھەر خىل باغ قۇشلىرى، ئاسار ئەتىقىلىرىنى ئارتىپ، ھەرخىل چالغۇ ۋە نۇرغۇن سازەندىلەرنى ئېلىپ ماڭغان. لۈي گۇاڭ ئۇرۇشتا ۋاپات بولغان كۇسەن خانى ئاقارى پاكنىڭ قىزىنى 39 ياشلىق كوماراجىۋاغا مەجبۇرىي نىكاھلاندۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن. كۇسەنىنىڭ دۆلەت گۆھىرى بولغان كوماراجىۋاغا ئاتاپ ياسالغان تەختىراۋان شۇنداق يوغان بولۇپ، ئۇنى 400 ئادەم نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرۈپ ماڭغان. كوماراجىۋا يول بويى ۋەزخانلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان، ئەقلىنى لال قىلىدىغان تالانتىنى ئاشكارىلىغان...

شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيەت نىزالىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئالدىنقى چىن خانى فۇجيەن كېيىنكى چىن خانى ياۋ چاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى ئاخىرلاشقان. پۈرسەتتىن پايدىلانغان لۈي گۇاڭ لياڭجۇ (ئۇۋۋى)نى پايتەخت قىلىپ، غەربىي لياڭ خانلىقىنى قۇرۇۋالغان، ئاندىن كوماراجىۋانىڭ شەرىپىگە چوڭ مۇراسىم

ئۆتكۈزۈپ، مەخسۇس ئىبادەتخانا ياسىتىپ بەرگەن. كوماراجىۋا
لياڭجۇ شەھرىدە 16 يىل تۇرۇپ، خەنزۇ تىل - يېزىقى ۋە
مەدەنىيىتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلغان.
ئۇنىڭ مۇبارەك نامىنى ئاڭلىغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەر-
قايسى پادىشاھلىقلار ئۇنى ئۆز خانلىقىغا ئېلىپ كېتىشكە تەقەززا
بولۇپ، ئۆزئارا ئۇرۇشقان.

غەربىي لياۋ خانلىقىنى ئاغدۇرغان كېيىنكى چىن پادىشاھ-
لىقىنىڭ نۆۋەتتىكى خانى ياۋ شىڭ 57 ياشلىق كوماراجىۋانى
چاڭئەن (شىئەن)گە ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى ھۆرمەتلەپ «دۆلەت
ئۇستازى» دەپ ئاتىغان. كوماراجىۋا ئوردىدىكى ۋەزىر، بەگ -
ئامباللارغا نوم - سۇترالاردىن تەبلىغ قىلىپ، ئۇلارنى ھاڭ - تاڭ
قالدۇرغان. خان شۇ يەردىلا قول بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇرىت بولغان.
خان ۋەزىر - سىپاھلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، 3000 ئادەم ئولتۇ-
رۇپ ۋەز ئاڭلىيالايدىغان چوڭ مەيدان ۋە مەيدانىنىڭ قاق ئوتتۇ-
رىسىغا 10 مېتىر ئېگىزلىكتە ئولتۇرۇش تەكچىسى ياساتتۇرغان.
ھەركۈنى كوماراجىۋا نەچچە مىڭ ئادەمگە نۇتۇق سۆزلىگەن، نوم-
سۇترالاردىن تەبلىغ قىلغان. كۈنچىقىش خەلقى كوماراجىۋانىڭ
نۇتقىنى ئاڭلاپ، قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىققاندەك بولغان.
كىشىلەر ئۇنىڭ ماڭغان قەدىمىدىن چىمدىم توپا ئېلىپ، تۇتىيا
بىلىپ كۆزلىرىگە سۇۋاشقان. كېيىنكى خان ياۋ شۇەن ۋەزىر -
سىپاھلارغا يۇرتمۇيۇرت كېزىپ، نەسەبى ياخشى ساھىبجامال
قىزلارنى تاللاپ ئەكېلىشنى بۇيرۇغان. خان ئوردىغا ئېلىپ
كېلىنگەن قىزلاردىن 10 نەپەرنى تاللاپ، كوماراجىۋاغا ياتلىق
قىلىپ تارتۇقلاپ بەرگەن.

كوماراجىۋا ئەلدىكى چوڭقۇر بىلىملىك راھىبلارنى چاڭئەنگە
يىغىپ، 12 يىل ئىچىدە 300 جىلدتىن ئارتۇق بۇددا نوم -
سۇترالىرىنى خەنزۇچىگە يۇقىرى سەۋىيەدە تەرجىمە قىلغان. بۇ

جەرياندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئىلمىي قابىلىيىتى ۋە كۈچلۈك شېئىرىي تالانتىنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە 800گە يېقىن قابىلىيەتلىك شاگىرتلارنى تەربىيەلەپ، مەشھۇر ئۇستازغا ئايلانغان. خەلق كوماراجىۋا ۋەز ئېيتقان يەرگە ئىبادەتخانا سېلىپ، ئۇنى ئەسلىشىپ كەلگەن. كۈسەن ئۇنىڭ نامى بىلەن مەڭگۈلۈك ئابىدىسىنى تىكلىگەن...

× × ×

— ھىندىستان، كابۇل، كەشمىردىكى سودىڭىز يۈرۈشۈپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ تۇردۇق ئۇكام،— قاسىم بايۋەچچىنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى ئاقساقال مويسىپىت.

قېرىسىمۇ جاسارىتى تۈگىمىگەن بۇ كىشى كۇچادىكى ئىقتىسادى كۈچلۈك، جەمئىيەتتىكى ئورنى چوڭ ئۇرايىمھاجىم بولۇپ، قاسىم بايۋەچچىنىڭ دادىسى بىلەنمۇ يېقىن ئۆتكەن. مۇشۇ يېشىغا كەلگۈچە ئۇنىڭ بارمىغان يېرى كەم، سودىغا ماھىر، ئەقىللىق، دىيانەتلىك سودىگەر بولۇپ، ئىچكىرىلەردىمۇ سودا دۇكانلىرى بار ئىدى. ئۇرايىمھاجىم دېسە، كۇچا تەۋەسىدە توققۇز ياشتىن 90 ياشقىچە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. بۇ ئادەم ئېگىز بوي، بەستلىك، يۈزىدىكى چېكىت ـ چېكىت چېچەك ئىزى ئۆزىگە يارىشاتتى.

— ھاجىكا، ئىچكىرىدىكى توقاللىرىڭىز قېيىداپ ئاجرىشىپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلايمەن. بۇ راستمۇ؟— قاسىم بايۋەچچە شۇنداق دەپلا كۈلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ تۇرغان سارايۋەن ياقۇپمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— پاھ ئۇكام قاسىمخۇن، بۇ يەردىن توقاللىق بولغۇڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— مەن ئۇنداق دېمىدىمغۇ ھاجىكا، شەھەرلىرىدە ئېلىپ قېلىش نىيەتلىرى بولسا، ياخشى كۆڭۈللىرىنى قوبۇل قىلماسلىقنا نە ھەددىم.

— ماۋۇ «گاداي»نىڭ ياندىن ئاتقان مۇشتىنى قارىمامدى-غان. كۇچا دېگەن يامان يەر، ساغرىڭىز تۆگەپ، خوتەنگە ھاسا-تاياقتا چۈشۈپ كېتىپ قالماڭ يەنە.

— ساغرامغۇ مەيلى، ئەمما بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى يېتىمچىنى كۆرسە، تازا مىجەزى كېلىشمەيدۇ- دە.

— يوقسۇ ئۇكام، سىزمۇ قىلنى قىرىق يېرىپ ئولتۇرمىغان-دىكىن، ئۇنداق بولمايدۇ. خوتەنلىكلەر پىششىقلىقتا بىنەزەر، بېخىللىقتا مىسلىسىز، كەمەكلىكتە شەيتاننىمۇ ھاۋا تاپان قىلىپ قويىسىلەر. شۇنداق ئەمەسمۇ...

بۇ ئىككىيلەن بىر- بىرىنىڭ يېغىرلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن تاتىلاپ، چاقچاقلىرىنى ئۇزۇلدۇرمەي قىلىشتى. دوستانە پاراڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق نەشتەر، شېرىن سۆخەن دىلكەشلەر ئۈچۈن شېرىن شارابتەك ھوزۇر بېغىشلايتتى.

— ھاجىكا، سىلى زادى كۇچالىقمۇ- ئەمەسمۇ؟ گەپلىرى قاتتىق يەرگە قاڭ ئۇرغاندەك جومۇ سىلىنىڭ. كۇچانىڭ ئادەم-لىرى سىپايە، خۇشخۇي، سۆزى گۈزەل كېلىدىغان. ئۆزلىرى بۇنىڭ تەتۈرىكەنلا.

— مۇشۇ يۇمشاق ئاغزىڭىز بىلەن ھىندى[1]لارنىمۇ شىلىپ، بىر تېرە- بىر سۆگەك قىلىۋېتىدىكەنسىز جومۇ ئۇكام.

— ئۇلاردىن يىغقاننى بۇ يەرگە تۆككىلى كەلدىم ئەمەسمۇ ھاجىكا. بۇ شەھەرنىڭ «كۇچار — پۇلى بار ئۇچار، پۇلى يوق

[1] ھىندى — بۇ يەردە ھىندىستان ۋە كەشمىردىكلەر بىلەن ئېلىپ بارغان سودا مۇئامىلىسى كۆزدە تۇتۇلغان.

ئىشتىنىغا چىچار» دېگەن نامى بىكارغا چىقمىغان.
— «گادا ي»نىڭ ئۇچۇشى تايىنلىق جۇمۇ. خوتەننىڭ ئەرلىرى ياغاق دەرىخى ئاستىدا ئۇخلاپ، بەلدىن كەتكەن دېيىشىدۇ.
— كۇچانىڭمۇ تايىنلىق. بۇ يەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھەممەت - جۈرئىتى ئەرلەرنىڭكىدىن ئۈستۈنلۈكىنى كىم بىلمەيدۇ، ھاجىكا.
ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ، بىر ياندا ئولتۇرۇشقان كارۋانچى يىگىتلەر ئۆزىنى باسالماي، قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ، سەپەر ھارغىنلىقى ئاللىبۇرۇن غايىب بولدى. قاسىم بايۋەچچە بىلەن ئۇرايىم ھاجىمنىڭ ئالدىغا سارايۋەن ياقۇپ قۇيغان چاي نەچچە قېتىم سوۋۇپ، قايتا - قايتا ئالماشتۇرۇلۇپ تۇردى.
— بىر پىيالە چېيىمنى ئىچسىلە ھاجىكا. بۇ سارايغا قاسىم بايۋەچچە كەلگەندە، مۇبارەك قەدەملىرىنىڭ ئايىغى باسىدۇ. مۇشۇنداق چاغدىلا ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلىش پۇرسىتى پېقىرغا مەنسۇپ بولىدۇ، خىزمەتلىرىدە بولۇۋالاي. ئەتىگەن بىرمۇنچە قارلىغاچ سارايىنىڭ ئۆگزىسىگە قونۇۋاپتىكەن، قايسى ئەزىز مېمان كېلىدىغاندۇ دەپ كۆزۈم تۆت بولۇپ كۈتكەن ئىدىم. خۇداغا شۈكرى، بايۋەچچە بىلەن ھاجىكام بۇ مىسكىن سارىيىمىزغا قەدەم باستى. ئوخشىتىپ بىرنەرسە قىلسۇن. كۆڭۈللىرىدىكىنى دېسىلە ھاجىكا،— دېدى سارايۋەن ياقۇپ خۇشاللىقىنى سىغدۇرالماي.
— مۇشۇ چاينىڭ ئۆزىلا مىڭ تۆگىگە تاۋاپ، ياقۇۋاخۇن. مەن ھازىر مەشرەپتىن قايتقان ئىدىم،— دەپ، ئۇرايىم ھاجىم چاي قۇيۇلغان پىيالىنى قولىغا ئېلىپ پۈۋلىدى- دە، بىر - ئىككى يۇتۇم ئوتلاپ قويدى.
ئۇرايىم ھاجىمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، سارايۋەن ياقۇپ ئوشۇق تەكەللۇپ قىلمىدى. خۇپتەن ۋاقتى قىستاپ قالغان ئىدى، ئەزان ئاۋازى بىلەن پاراڭ توختىدى. يىگىتلەر ئۆز ئورنىدا زوڭزىيىپ

ئولتۇرۇپ سۆكۈتتە تۇرۇشتى. ئۇرايىم ھاجىم بىلەن قاسىم بايۋەچچە ئەزانغا ئەگىشىپ تەكبىر ئېيتىپ ئولتۇردى. ئەزان ئاخىرلىششى بىلەن تەڭلا «ئامىن» دەپ دۇئا قىلىپ، ئورنىدىن تۇردى. باياتىنقى چاقچاقلاردىن ھاردۇقى چىقىپ يېنىكلەپ قالغان بۇ ئىككىيلەن سارايىنىڭ سەرراپخانىسىغا تەييارلاپ قويۇلغان ئۇرۇقلارنى كۆتۈرۈپ تاھارەتكە تۇتۇش قىلدى.

جامائەت نامازغا تۇرغاندا، ئۇرايىم ھاجىمنى ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ئىمام قىلىپ ناماز ئوقۇشتى. ناماز ئاخىرىدا مەتئېلى خوجىدار شۇنداق قىرائەت قىلدىكى، جانسىز نەرسىلەرمۇ بۇ قىرائەتنىڭ سېھرىدە ئېقىن سۇغا ئايلىناتتى. قىرائەت ئاياغلاشقاندا، ئۇرايىم ھاجىمنىڭ ئاپپاق ساقاللىرى ھۆل بولدى. ئۇ بارماقلىرى ئۇزۇن جۈپ قولى بىلەن دۇئا قىلىپ، ساقىلىدىكى ياش قوناقلىرىنى يانچۇقىدىكى لۆڭگىسى بىلەن ئېرتىپ، ئېغىر ئۇھ تارتتى.

— قاسىماخۇن، بۇ قارىيلىرىنىڭ ئېتى نېمە؟

— مەتئېلى، مېنىڭ خوجىدارىم بولىدۇ، ھاجىكا.

— خۇدايىم بېرىپتۇ، ئاۋازىغا يامان كۆز تەگمىگەي خۇدايىم،— ئۇرايىم ھاجىم يانچۇقىدىن ئون سوملۇق تىللادىن بىرنى ئېلىپ، مەتئېلىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويىدى- دە،— ئەتە ئۇستۇاشلىرىنى ئوكلىۋالا،— دېدى.

مەتئېلى رەت قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆزىگە قاراپ قالدى.

— ئىلمىنىڭ ھۆرمىتى، تارتىنمىسلا مەتئېلى،— دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى قاسىم بايۋەچچە.

— بىزنىڭ قارىيلىرىمىز بىلەن ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ھەرقانداق ئەلدىكى مۇسۇلمانلاردىن قېلىشقۇچىلىكى يوق جۇمۇ. مەن ئەرەب - پارسلارنىڭ قارىي - ئۆلىمالىرىنىمۇ كۆرگەنمەن،— دەپ، مەتئېلى خوجىدارنىڭ مەگزىنى سىلاپ قويدى ئۇرايىم ھاجىم.

شۇنىڭ بىلەن مەتئېلى خوجىدارنىڭ خىجىلچىلىقى ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— خۇش ئەمسە بايۋەچچە، بۈگۈن ئۇبدان ھاردۇقىڭىزنى ئېلىڭ. ئەتە بىزنىڭ ئۆرۈكلۈك باغدا مەشرەپ ئۆتكۈزمەكچى. مەن ھەممىڭلارنى ئاشۇ مەشرەپكە تەكلىپ قىلدىم. بۈگۈن ئۇبدان ئارام ئېلىپ، ياڭاقلىقتا تالغان بەلنى تۈزلىۋېلىڭ جۇمۇ، ئەتە بىلگىنىز چىم بولۇپ كەتمىسۇن يەنە،— دەپ قاسىم بايۋەچچىگە چاقچاق قىلغىنىچە ئورنىدىن لەسسىدە تۇردى ئۇرايىم ھاجىم.

— خاتىرجەم بولسىلا ھاجىكا، بەللىرىمىز تاراقشىپ كەتتى، ھاجىتىمىزدىن چىققۇچىلىكىمىز بار. كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلىپ قويمايمىز، شۇنداقمۇ يىگىتلەر،— دېدى قاسىم بايۋەچچە كۈلۈپ.

كارۋانچى يىگىتلەر كۈلۈشتى، ئۇرايىم ھاجىممۇ كۈلدى. ھەممەيلەن ئۇرايىم ھاجىمنى ئۇزىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشتى. سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئۇرايىم ھاجىم كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— ماقۇل، خۇش قېلىشسىلا. بايۋەچچە سىزگە ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار،— دېۋىدى، باشقىلار خوشلىشىپ قېلىشتى. قاسىم بايۋەچچە ئۇرايىم ھاجىم بىلەن سىرتقا چىقتى. جاھان سۈتتەك ئايدىڭ، چىرايدىكى ئالامەتلەرنى روشەن پەرق ئەتكىلى بولاتتى،

— بۇ قېتىمقى مال مەشۇت ـ يىپەك بىلەن سۇ تېشىمۇ[1]؟— دەپ سورىدى ئۇرايىم ھاجىم تۆۋەن ئاۋازدا.

— شۇنداق، ھەممىسى ئاشۇنداق مال.

— ئۇنداق بولسا، مالنىڭ ھەممىسىنى مەن ئېلىپ قالاي. بازار نەرخىنى بىرنەچچە كۈن ئۇقۇشۇڭ، ھازىر بولۇۋاتقان بازاردىكى نەرقتىن 10 يارماق ئۈستۈن ئالاي. دەل ۋاقتىدا

---

[1] سۇ تېشى — قاشتېشى دېمەكچى.

كەپسىز، يامان «گاداي»دە، سىز قاسىماخۇن،— ئۇرايىم ھاجىم قاسىم بايۋەچچىنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

— ئۇنىداق دېمىسىلە ھاجىكا. بىر تۇنجى مۇئامىلە قىلىۋاتقانىدەك گەپ قىلىدىلىغۇ سىلى. بولدى، بازار باھاسىدا ئېلىپ قالسىلا،— دېدى قاسىم بايۋەچچە. ئۇرايىم ھاجىم ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتكەندە، قولىنىڭ ئاغرىقى مېڭىسىگە چىققان بايۋەچچە «ئۇھ» دېدى، كۆزىدىنمۇ ياش چىقىپ كەتتى.

— ئۇنىداق بولسا، شۇنداق پۇتۇشتۇق ئەمىسە. ئۆگۈنلۈككە ئېچكىرىگە مال ماڭغۇزماقچى ئىدىم، شۇنىڭغا قوشۇپ ماڭدۇراي.

— بولىدۇ، شۇنداق بولسۇن.

— كوچادا بىر مەزگىل تۇرامسىز، يا تىكنۇېتەمسىز؟— دەپ سورىدى ئۇرايىم ھاجىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— كەينىمدىن يەنە بىر تۈركۈم مال چىقماقچى. خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇنى سۇ قىلىپ بولۇپ، ئاندىن قايتارمەن ھاجىكا.

— ئۇنداقتا، بۇ قېتىم خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالىدىكەنسىز-دە.

— شۇنداق.

— بۇ دۆرەم راستلا توقاللىق بولىدىكەنسىز-دە، «گاداي»،— دېدى ئۇرايىم ھاجىم ساقىلىنى سىيلاپ تۇرۇپ.

— بۇ، سىلىنىڭ ھىممەتلىرىگە باغلىق ھاجىكا،— دەپ كۈلۈمسىرىدى قاسىم بايۋەچچە.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئاسمانغا بەش كۈنلۈك ئاي چىققان ئىدى.

# ئىككىنچى باب

ئەزان ئاۋازى. خورازلارنىڭ «سەندىن مەن قالامتىم» دەپ بەس-بەس بىلەن چىللاشلىرى ھاياتلىق دەرۋازىسىنىڭ ھالقىسىنى جاراڭلىتىپ قاقتى. سارايۋەن ياقۇپ توخۇ چىللاشتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، ساراي خىزمەتچىلىرىنى ئەتىگەنلىك ناشتا ئۈچۈن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى.

قاسىم بايۋەچچە ئاخشام ئۇرايىم ھاجىمنى ئۇزىتىپ بولۇپ، بارلىق كارۋانچى يىگىتلەرنى سارايدىكى ھاممامدا[①] يۇيۇنۇشقا بۇيرۇدى. ئۆزىمۇ تازا يۇيۇنۇپ، ھاردۇقى چىقىپ يەڭگىللەپ قالدى. بۈگۈن سەھەر كۆڭۈل ئارامىدا ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۇۋرىقنى ئېلىپ سەرراپخانىغا كىرىپ كەتتى. سارايدىكى ھاممامدا يۇيۇنۇپ ئۆگە - ئۆگىلىرى يۇمشاپ، سەپەر ھاردۇقى ئاخشاملا چىقىپ بولغان كارۋانچى يىگىتلەر ئارقا- ئارقىدىن ئورنىدىن تۇردى، ئۇلار شۇنچىلىك تېتىك ئىدى. كىممۇ ئۇلارنى 2000 چاقىرىم يول باستى دېسۇن؟

نامازدىن كېيىن قاسىم بايۋەچچە ساقال - بۇرۇتىنى پاكىز ياستىپ، يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ، ئاندىن كارۋانچى يىگىتلەر-

---

① ھاممام — مۇنچا.

گە ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ چىقتى. يىگىتلەرنىڭ ئۈستۈبېشىدىن
كۇچا سوپۇنىنىڭ خۇش ھىدى تېخىچە دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.
— ئەمدى مەشرەپكە بارساق چانمىغۇدەك بوپتۇق، مەتتېپ-
لى، — دەپ كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قويدى قاسىم بايۋەچچە.
— پادىشاھ بولسىمۇ قىلىشقۇچىلىكلىرى يوق جۇمۇ بايۋەچ-
چە، — مەتتېپلى قاسىم بايۋەچچىنىڭ تۇرقىغا قاراپ مەسلىكى
كەلدى.
— كۇچانىڭ جۇۋانلىرىنى يامان دېگەنتىلە، ئۆزلىرىگە ئاگاھ
بولسىلا بايۋەچچە، — دېدى كارۋانچى يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدا
مەتتېپلى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىرەيلەن سۆز قىستۇرۇپ. بۇ گەپنى
ئاڭلىغان ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشتى.
— كۇچا پەرىسى ئەپسۇن ئوقۇپ ئاسمانغا ئېلىپ قاچماق-
چى بولسا، تاپىنىمغا ئېسىلىۋالارمىكىن دەپ، سىلەرنى ئېلىۋال-
دىم، — دېدى قاسىم بايۋەچچە كۈلۈپ.
سارايۋەن ياقۇپمۇ پۇزۇر ياسانغان ئىدى.

× × ×

كۇچانىڭ ئۆرۈك پىششىقى پەسلى بۆلەكچىلا قىزىپ
كېتەتتى. دېھقانلار يۇرت - يۇرتتىن، يېزا - يېزىدىن ئات - ئۇلاغ-
لارنى ھارۋىغا قېتىپ، ئائىلە بويىچە شەھەرگە كىرىپ، سودا -
سېتىقلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، باققاللارنىڭ ئۆرۈكلىرىنى
تويغۇچە يەپ، ئاشپۇزۇللاردا ئاش مانتا بىلەن راسا غىزالىنىپ،
كەچتە ئۆيىگە قايتىشاتتى. قەشقەرنىڭ ئايماق - ناھىيىلىرىدىمۇ
مۇشۇنداق ئادەت تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى.
دېھقان سەككىز كۈندە تاپقان - تۈگكىنىگە بالىۋاقىسى بىلەن
بازار كۈنلىرى شەھەرگە كىرىپ يەپ - ئىچىپ، قالغان يەتتە

كۆندە سوغۇق سۇ بىلەن قاتتىق زاغرا نانىنى غاجىلاشقا كۆنۈپ كەتكەن. بۇنداق ئىناق ـ ئىتتىپاق غىزالىنىش باشقا خەلقلەردە كەمدىن ـ كەم بولسا كېرەك...

ئۇرايىم ھاجىمنىڭ نەچچە ئون مولۇق بېغىنىڭ تولىسى ئۆرۈكلۈك ئىدى. مەي باغلاپ پىشقان ئۆرۈكلەرنىڭ ھىدى ئادەمنىڭ دىمىغىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئىشتىھاسىنى ئاچاتتى. ئۆرۈكلۈكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا نەپىس توقۇلغان، تۆكلىرى تەكشى قايچىلانغان خوتەننىڭ ئوتقاشتەك گىلەملىرى سېلىنغان. مۇلازىملار پۇت ـ قولى يەرگە تەگمەي يۈگۈرۈشۈپ داستىخان راسلايتتى. 10غا يېقىن پاقلان سويۇلۇپ، كانارىلارغا ئېسىقلىق تۇراتتى. توخۇ، ئۆردەك، غازلاردىن 50 — 60چىسى سويۇلۇپ، پاكىز ئادالىنىپ، تەڭنىلەرگە قاچىلاپ قويۇلغان ئىدى.

ھايات گاھىدا ئۆزىنىڭ رەڭۋاز ياكى ھەققانىيەت تۈيغۇسىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى كىمگە ئېيتىشنى ھەم كىمدىن ئۆزىگە ئالقىش ياكى قارغىش كېلىشىنى مەڭگۈ كۈتۈپ تۇرمايدۇ. ئادەملەر بىركۈن شادلىق پەيزىنى تېپىش ۋە ھۇزۇر ئېلىش ئۈچۈن، بىر ئۆمۈر جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ رەھىمسىز قۇربانلىقى بولۇپ كېتىدۇ. ئاشۇ قۇربانلىق بولۇپ كەتكەن نامسىز بايقۇشلارنى رەھىمسىزلەرچە تاشلىۋېتىشنى تەڭرى ۋە تەبىئەت ھۆكمىدىن دەپ شېرىن ئالجىش ھەقىقىي ئويلانغۇچىنى ۋەھشىي قىينايدۇ. ئويۇن ـ كۈلكىمۇ گېزى كەلسە، شەپقەتسىز ئازابلارنى دەماللىققا بىسىپ تۇرىدۇ. شۇ ئويۇننى ئويىنغۇچى ۋە پىلانلىغۇچى ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان ئەتراپىدىكى ماغدۇرىدىن كەتكەن، بىر تارتىم ئاشقا ماجالى، قۇربى يەتمىگەنلەرنى كۆرىدۇ. ئەمما، مۇشۇنىڭ بىلەن ئۇنى مەڭگۈ تويدۇرغىلى بولامتى دەپ قۇلىقىنى يوپۇرۇۋالىدۇ، كۆزىنى قىسىۋالىدۇ، بىر كۈن قۇياش چىقمىغانغا قىيامەت بولامتى دەيدۇ. ئەمما، يىغىسى ۋە دەردىلا بار قوۋم كۈلگەنلەرنى

كۆرسە خۇدۈكسىنىپ نومۇس قىلىدۇ، ھەتتا رەڭگى تاتىرىپ، يۈرىكى سىقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بۇ خەلق قانچىلىك ئازاب - ئوقۇبەت تارتسۇن، خورلۇقتىن قان قۇسسۇن، ئۆزىنىڭ ئاشۇ بىر كۈنلۈك شادلىقىنى، ھۆرلۈكىنى، ئەركىنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماي، بايرام، مەشرەپ - سەيلىلىرىدىكى يىغىلىشلاردا ھەر خىل ئۇسۇلدا ئايان قىلىپ كەلگەن ئىدى...

تاڭ زوقمەنلىك بىلەن ياستۇقتىن بېشىنى ئېلىپ، كۇچانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى شېرىن لېۋى بىلەن ئوماقىنە سۆيۈپ قويغان ئىدى. كۈسەن دەرياسى ئۆز قىنىغا پاتماي ئەركىلەپ - ئويناقشىپ ئاقاتتى. ھاياتلىق كىشىلەر قەلبىدىن تەبىئەتكە ئورتاق جۆر بولۇپ تۇرغانلىقىنى جاكار ئەيلەيتتى. قۇشلار ئۆرۈكلۈك باغنىڭ قورغان تاملىرىغا، ئۆرۈك شاخلىرىغا قونۇپ، چۈچۈك چۇرۇلدىشاتتى. كۇچانىڭ داڭلىق سازەندىلىرى دۇتار، تەمبۇر، قالۇن، راۋاب، داپلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ئەڭ ئاۋۋال باغقا قەدەم باستى. ئۇرايىم ھاجىنىڭ مەشرىپىنى ھەممە كىشى ئاڭلىغان ئىدى. كىچىك باللار، قېرى مومايلار تەكلىپ قىلىنمىسىمۇ تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن بۇ باغنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقان ئىدى. رەسىدە بولغان قىزلار، چوكانلار چىرايلىق ياسىنىپ - تارىنىپ باغ ئەتراپىدا پىرقىرىشىپ يۈرەتتى. كۇچانىڭ داڭدار ئاشپەزلىرى بۈگۈنكى مەشرەپ تائاملىرىنى راسلاشقا كىرىشىپ كەتكەن؛ پاقلان كاۋىپى، جاڭگال كاۋىپى، ياپما كاۋاپ، زىخ كاۋاپلارنىڭ تەييارلىقى قىلىنىپ بولغان ئىدى. تاماق ئېتىشۋاتقان ئۇستىلارنىڭ ماھارىتى ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى. ئاشپەز ئۇستام شادى پولۇغا توخۇ، ئۆردەك، غاز، ئۇلارنى بىسىپ، قازاندا قاينىتىپ، تۇزىنى تېتىپ بولۇپ، تەر ئاققان پېشانىسىنى ئاپئاق لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ قويدى. ئېگىز بويلۇق مانتىپەز ئۇستام يەرنى كولاپ ئاسقان قازانغا 5 — 6 پاي قاسقاننى قويۇپ، ھەدەپ ئوتنى

ئىتتىكلىتەتتى. شاگىرتلىرىغا خېمىرنى چىلىك يۇغۇرۇشنى تاپىلاپ، گۆش توغراۋاتقان يىگىتكە «ئۇششاقراق توغرا» دەپ، قولىنى يۇيۇپ، ئۆتكىنىنىڭ قونجىغا سېلىپ قويغان چۆچىلىق غىلاپ ئىچىدىكى پىچاقنى ئېلىپ، بىلەيگە سۇ پۈركۈپ، تازا بىلىدى. شۇنداق ئەپلىك چېپىلغان تەگىنىگە ئادالانغان راۋۇرۇس باش ئالغان ئاق پىيازنى ئېلىپ شارت - شۇرت شىلغىلى تۇردى. ئۇ ئوڭ قولىدىكى پىچاقنى سول قولىدىكى پىيازغا قارىماي شاگىرتلىرىغا ئۇنى - بۇنى دەپ شىلىسا، قاراپ تۇرغان كىشى «چوقۇم قولىنى كېسىۋالىدۇ» دەپ كۆزىنى يۇمۇۋېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇ هايت - هۇيت دېگۈچە بىرمۇنچە پىيازنى شىلىپ بولۇپ، پىچاقنىڭ سېپىنى باش بارمىقى بىلەن بېگىز بارمىقىدا تۇتۇپ، تەگىنىدىكى شىلىنىپ بولغان پىيازلارنى سوققىلى تۇردى...

چۈشكە ئىككى چارەك قالغاندا، مېهمانلارنىڭ ئالدى كەلدى. زامانغا لايىق كىيىنگەن، قاۋۇل، مەگزىدىن قان تەپچىرەپ، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، ئاقسۆڭەك باي، بايۋەچچىلەر، مۇشتى قاتتىق نوچىلار، يانبېشى بار چېلىشچىلارمۇ سورۇنغا كېلىۋاتاتتى. ئۇرايىم هاجىم ئۇلارنى: «خۇش كەپلا، چوڭ بىلىپ كەلگەنلىرىگە ھەشقاللا، ھېرىپ قالمىغايلا، كەلگەن قەدەملىرىگە رەھمەت، كۆڭۈل ساناپ كېلىشكەنلىرىگە رەھمەت» دەپ كۈتۈۋالاتتى.

× × ×

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم هاجىكا.

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام.

ئۇرايىم هاجىم قاسىم بايۋەچچە بىلەن تولىمۇ قىزغىن كۆرۈشتى. بايۋەچچىنى كۆرگەن كوچانىڭ داڭلىق سودىگەرلىرى گۇررىدە ئولىشىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قىزغىن سالاملاشتى، تېخى

بەزىلىرى قۇچاقلىشىپمۇ كۆرۈشتى. ئۇلار بىرھازا ئامان - ئېسەنلىك سورىشىپ، داستىخان ھازىرلانغان تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى.

— ھەي باللار، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىڭلار!

ئۇرايىم ھاجىم مۇلازىملارنى ئالدىراتتى. ئۇ يېنىدا كېتىپ بارغان قاسىم بايۋەچچىنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىۋېدى، ھەر ئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

مېھمانلار بىر - بىرلەپ قوللىرىنى يۇيۇپ، داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ئۇرايىم ھاجىم قاسىم بايۋەچچىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە داستىخانغا مەزىلەر تارتىلىپ، نازۇنېمەتلەر تۆكمە بولدى. پىياز، كۈنجۈت سۈركەپ ئېتىلگەن چوڭ ئاق نانلار ئۇشتۇلدى. زەپەر سېلىپ دەملەنگەن چايلار جانان پىيالىلەردە تارتىلدى.

— خوش ئەمىسە، ھەممىلىرىنىڭ ئالتۇن تەنلىرىنى خۇدا ئەمىن قىلسۇن، داستىخانغا ئامىن، — دەپ ھاجىم ئۆزىلا باش بولۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

ھەممەيلەن ھاجىمغا ئەگىشىپ: «ياراتقان ئىگىسى ئاللا ھاجىكامنىڭ ئېگىلمەس - سۇنماس قەددىنى، مۇبارەك تېنىنى ساق قىلسۇن، ئۆمرىنى ئۇزاق، رىزقىنى زىيادە قىلسۇن» دەپ دۇئا قىلىشتى.

— ھەممىلىرىگە رەھمەت. سىلەردەك ھەمسۆھبەتلىرىمنىڭ بولغانلىقىدىن مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر. قېرىنداشلىرىم، مانا ماۋۇ يېڭى مېھمان، — دەپ قاسىم بايۋەچچىگە قارىدى. قاسىم بايۋەچچە سورۇن ئەھلىگە مۇلايىملىق بىلەن قاراپ، بىرقۇر كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى، — بۇ يىگىت خوتەنلىك، بىرنى بىي دەيدىغان چوڭ سودىگەر «گاداي» قاسىم بولىدۇ. بىزنىڭ ئەلدە قاسىم بايۋەچچە دېسە، تونۇمايدىغانلار بولمىسا كېرەك، — دەپ كۈلۈمسىرىگىنىچە تونۇشتۇردى.

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىلە ھاجىكا، ئادەمنى ئىزاغا قويمىسىلا، — تونۇيدۇ دېسە، مانا ئۆزلىرىنى تونۇيدۇ. بىز دېگەن بىر سويما تۇرساق،— دەپ تەكەللۇپ قىلدى قاسىم بايۋەچچە.

— خوش ئەمىسە، مەزەگە باقلى،— دېدى ئوتتۇرا بوي، گەۋدىلىك، كۆزلىرى چوڭ - چوڭ، ئەمما يۈزىنىڭ تۈكى سىرىق-راق، پور سېمىز كەلگەن داستىخان بېشى.

ئۇرايىم ھاجىم مەشرەپكە كەلگەنلەرنى بىر - بىرلەپ كۆزىتىپ، كۆڭلى تىندى. چاقىرغان مېھمانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تولۇق كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا قاسىم بايۋەچچە ئۆزىنىڭ يىگىتلىرى بىلەن بەگزادىلەرگە خاس قىياپەتتە روھلۇق، تېتىك ئولتۇراتتى. ئۇرايىم ھاجىم سورۇن ئەھلىگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن:

— ھۆرمەتلىك يىگىتبېشى،— دەپ ئورنىدىن تۇردى.

ئۆڭكى ئاق سېرىق كەلگەن، بۆرە كۆز، بۇغدىيىكى كۆرۈ-نەرلىك كۆيۈپ تۇرغان، ئۇزۇن تۇرا، خۇشخۇي، 30 — 35 ياشلار ئارىسىدىكى سېرىق بۇرۇت يىگىت:

— خوش ھاجىكا، قانداق ئىلتىماسلىرى بار؟— دەپ ئۇرايىم ھاجىمغا قارىدى.

— بۈگۈن مۇشۇ مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى چاغلىماي، بۇ بۇرادەرلىرىمنى مەشرەپكە تەكلىپ قىلىپ قويدۇم. ئۇلارنىڭ بىز بىلەن ئەنجۇمەن بولۇشىغا رۇخسەت قىلسىڭىز.

يىگىتبېشى شالاڭ، تۇم، سېرىق بۇرۇتىنى ئەركەكلەرگە خاس قىياپەتتە سىيلاپ قويۇپ:

— قېنى، 30 ئوغۇل نىمە دەيدىكىن،— دەپ مەشرەپ ئەھلىگە قارىدى.

مىرۋاز[1] شاپپىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، شۇنداق بىر قىلىق چىقى-

---

[1] مىرۋاز — مىرشاپ.

رىپ، سورۇن ئەھلىنى كۆلدۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋېتىپ:
— خوش، 30 ئوغۇل قانداق پىكىرىڭلار بار؟ ھاجىكامنىڭ ھاجىتىگە بېرىشاملا،— دەپ چىرايىنى پۈرلەشتۈرۈپ، بەللىرىنى ئوڭ - سول ناينىاقشىتىپ قويىدى. مىرۋازنىڭ بۇ قىلىقى قاسىم بايۋەچچىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ ھەربىر يۇرتنىڭ ئۆزىگە خاس مەشرەپ قائىدىسى بارلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇ سورۇنغا كېلىشتىن بۇرۇن سارايۋەن ياقۇپتىن ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سوراۋالغان ھەمدە كارۋانچى يىگىتلەرگىمۇ قايتا - قايتا جېكىلەپ، مەشرەپنىڭ قائىدە-يوسۇنىغا دىققەت قىلىش ۋە رىئايە قىلىشنى ئۆگەتكەن ئىدى.
— يىگىتۋېشى قارار قىلسۇن، مىرۋاز بۇنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ،— دەپ جاۋاب بېرىشتى مەشرەپ ئەھلى بىردەك.
— ھۆرمەتلىك يىگىتۋېشى، مەشرەپ ئەھلى 30 ئوغۇل ئۆزلىرىنىڭ قارار چىقىرىشىنى تەۋسىيە قىلدى،— دەپ مىرۋاز «غىت-غىت» ئاۋاز چىقىرىپ قويىدى. مىرۋازنىڭ قىلىق - ھەرىكەتلىرى ئادەمنىڭ كۆلكىسىنى قىستىسىمۇ، لېكىن مەشرەپ ئەھلى لەشكىرىي تۈزۈمدە تۇرغاندەك، تاۋۇش چىقارماي ئولتۇرۇشاتتى. بۆرە كۆز يىگىتۋېشى دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ، سۆز باشلىدى:
— ھاجىكام ھۆرمەتكە سازاۋەر، يۇرت بېشى بولغان، جاھان سورىغان ئادەم تۇرۇقلۇق، مەشرەپ ئەھلىنى ئىززەتلىدى. ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ مۆتىۋەرنىڭ مەشرەپ ئەھلى ۋە 30 ئوغۇلنى چوڭ بىلىپ كۆڭۈل ئېيتىشى مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. شۇڭا، ھاجىكامنىڭ تەلىپى ۋاجىپ بولغاي. مەشرەپكە سىرتتىن قاتناشقانلار ئەدەپ - ئەخلاقنى ئەلا بىلگەي.
— رەھمەت يىگىتۋېشى، 30 ئوغۇل،— دېدى ئۇرايىم ھاجىم،— مېنىڭ ئولتۇرۇشۇمغا رۇخسەتمۇ؟
— رۇخسەت، ھاجىكا،— دەپ جاۋاب بەردى يىگىتۋېشى.

ئۇرايىم ھاجىم ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى.

مەشرەپ شۇنداق قائىدىلىك، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، تەرتىپلىك كەيپىيات ئىچىدە باشلاندى. يىگىتۋېشىنىڭ مەشرەپ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئازماي ئىستىرۋې قىلىشى، مىرۋازنىڭ ھەر خىل قىلىق چىقىرىپ، 30 ئوغۇلنى قايمۇقتۇرۇشى قاسىم بايۋەچچىنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىدى. ئۇ، بۇ دىيارنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە دېگۈدەك مەشرەپكە قاتناشقان، ئەمما كۇچادىكى مەشرەپنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزى تۇيمىغان ھالدا چىن كۆڭلىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئەدەپ - ئەخلاق، ئىنتىزامچان بولۇش پۈتكۈل ئەلدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپتە ئورتاق، ئەمما مەشرەپتە ئوينىلىدىغان ئويۇن - تاماشا، جازا - مۇكاپات ئوخشاشمايتتى. قاسىم بايۋەچچە يىگىتلەرگە قاراپ قويدى. ئۇ شۇنداق ئىنتىزامچان ئولتۇرغان يىگىتلەردىن خۇرسەن بولدى. بىر - بىرىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئورتاقلىشىپ كېتىش مۇشۇ مىللەتتىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى قاسىم بايۋەچچە غۇۋا قىياس قىلدى. ئۇ قاندىكى ئورتاقلىق، بىرلىك مەڭگۈ يىمىرىلمەس گەۋدە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

ئۇيغۇر مىللىتىدە، يەنى بۇ دىياردا مەشرەپنىڭ شەكىللىنىشى 2000 يىلدىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ، خەلقنىڭ ئەركىن روھ ئالىمى ۋە جۇشقۇن تۇغما كەيپىيات مەسىلىسى بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بارغانسېرى تاكامۇللىشىپ كېلىۋاتقان بۇ كاتتا مەرىكە ئەنئەنىنى ئۇلۇغلاش، ئۆزىنى سۆيۈش، ئەدەپ - ئەخلاقلىق ۋە ئىنتىزامچان بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش، ئادەم بولۇشنىڭ يول - ئەھكاملىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىدى.

ئۇرايىم ھاجىم قاسىم بايۋەچچىنىڭ قىزغىن كەيپىياتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەركەكلەرگە خاس قامەت - قىياپىتىدىن

سۆيۈندى. مەشرەپ ئەدەپ - قائىدە ئىچىدە داۋاملىشىۋاتاتتى.
مەشرەپ قائىدىسىنى بۇزغانلارغا ھەر خىل جازالار بېرىلىۋاتاتتى،
يەنى كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، تامبىلى بىلەن داق يەرگە ياتقۇ-
زۇپ، مۇز چىلانغان سوغۇق سۇنى پۈركۈپ رەسمىگە تارتاتتى؛ سۇ
چېلەكچىگە يارماق تاشلاپ، بېشىنى چۆمدۈرۈپ چىشلەپ ئالدۇ-
راتتى؛ «قوش نىكاھ»لىق قىلاتتى، چىلان يېگۈزەتتى. بۇ جازالار
شۇنچىلىك قىزىقارلىق، ئىنچىكە كۆزەتكۈچىنىڭ كۆزىگە خۇددى
لەشكىرىي جازادەك تۇيۇلاتتى. قاسىم بايۋەچچە ئۇرايىم ھاجىمغا
قارىدى، ئۇنىڭ بۈركۈت كۆزلىرى مەشرەپ پىلتىسىگە ئوت يېقىۋات-
قاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. «بىزنىڭ يۇرتتا جاھىللىق، ئىتائەتچان-
لىق كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى قۇلۇپلاپ، كۆڭۈل ئازادىلىكىنى
چەتكە قېقىپ، كىشىلەرنىڭ چىرايىدا سولغۇنلۇق، ھارغىنلىق
ئوخچۇپ تۇرىدۇ. كۇچانىڭ بۇ خەقلىرى يۈرۈش - تۇرۇشتا
ئەركىن. ئاياللىرىمۇ رومال ئىچىدە كۈنگە قارىمايدىكەن، ئادەملى-
رى تۈز كېلىدىكەن، جاھىللىق ۋە قوپاللىق ئاساسىي جەھەتتىن
مەۋجۇت ئەمەسكەن...» قاسىم بايۋەچچە قانچە ئويلىسا، كۆڭلى
ۋە كەيپىياتى شۇنچە ئۆسكەندەك بولدى. ئۇ ئاشۇنداق ئويلاپ،
ئاخىر مەشرەپ قويىنىغا قايتىپ كەلدى.

قاسىم بايۋەچچىنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان سارايۋەن
ياقۇپ ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئەركىن - ئازادىلىككە قاراپ ئاجا-
يىپ خۇرسەن بولدى. خۇشاللىقنى چىن مەنىدىن ئىپادىلەش
كىشىگە تەس كېلىدۇ. ئەزەلدىن قېنىدا خۇشامەتچىلىك، قۇلچى-
لىق يوق خەلقنىڭ خۇشاللىقى ئەنە شۇنداق تىلسىز، سۆپەتلى-
گۈسىز بولىدۇ. ئۇلار ھەرقانچە قىلسىمۇ، ئادەملىك نۇقتىئىنە -
زىرىدە مۇستەھكەم، چىڭ تۇرىدۇ. دەللاللارغا خاس خاراكتېر
ھەرگىزمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلمەيدۇ. ئاشۇنداق تۇترۇقسىز ھەم
بىمەنە سۈيۈقچىلىقتىن ئۆزىنى چەكلەپ تۇرىدۇ، ئۆزىنى چەكلەپ

ياشايدۇ...

مەشرەپنىڭ بىرىنچىسى ئاخىرلاشتى. يىگىتۋېشى 30 ئوغۇلـغا ئەركىن ـ ئازادە ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى. يىگىتۋېشىنىڭ ئىجازىتى بىلەن ھەممەيلەن پۇت ـ قوللىرىنى سۇنۇشۇپ، ئۆز ئىختىيارىي ئولتۇرۇشتى، بەزىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئەدەپكە مېڭىشتى. قاسىم بايۋەچچە يىگىتلىرىگە قارىدى. ئۇلارنىڭ بەزىـلىرى پۇتى قولىشىپ قالغانلىقتىن ئورنىدىن تەستە تۇرۇشاتتى. مەتئېلى كىچىكىدىن تارتىپلا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇپ كۆنگەچكە، ھېچقانداق قىينالمىدى، قالغانلار رەسمىي قىينالدى، ئۇلار بەلكى مۇنداق مەرىكىگە تۇنجى قېتىم داخىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. «قارىي» ئىسىملىك يىگىت چاندۇرـمىغىنى بىلەن ئىچىدە ۋايجانلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ شاپ بۇرۇتى لىك ـ لىك قىلىپ مىدىرلاپ، بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدۇرۇپ قوياتتى. قاسىم بايۋەچچە كۈلۈپ قويدى، ئۇرايىم ھاجىم بۇ يىگىتنىكى ئالامەتلەرنى سېزىپ قالدى.

— قاسىماخۇن،— بوش ئاۋازدا سۆز باشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن چىقىشقىلى تۇردى،— يىگىتلىرىڭىز بولالماي قالدىغۇ؟

— ھاۋاسى يەكلىگەندۇ.

— ياق، ئىشتانىبىغى ئەزلى بوشتە.

— ھېلى كۆرىلا ھاجىكا، كىمنىڭ ئىشتانىبىغى يېشىلىپ كېتىدۇ، تېخى.

— ئەنە قارىگە يىگىتلىرىڭىزگە، تۇرالمايلا قالدى.

— ئۇلارنىڭ مۇنداق سورۇنغا تۇنجى قاتنىشىشى.

ئۇرايىم ھاجىم كۈلۈپ قويدى. ئۇ مۇلازىمغا ئىشارەت قىلىۋېدى، سازەندە ـ ناخشىچىلار قالۇن، ساتار، راۋاب، دۇتار، داپ، ساپايە، تاشلارنى كۆتۈرۈپ، داستىخان ئالدىغا كېلىپ ئولتۇـرۇشتى. قالۇننىڭ باشلامچىلىقىدا مۇقام باشلاندى. ئالاھازەل

ئىككى سائەت چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئىنتىزام ھۆكۈمرانلىقىدا قالغان مەشرەپ ئەھلى يۈرەك تارىنى چېكىپ تاكى يىلىكلەرگىچە لەرزە ت بېغىشلايدىغان كۈچا ئاھاڭلىرىنىڭ سېھرىدىن جۇشقۇن كەيپىياتقا چۆمدى. شەخسىي پاراڭلار توختىدى. ئەۋجىگە كۆتۈ-رۈلگەن سازلارنىڭ تەڭكىشى بىلەن، جاننى لەرزىگە سالىدىغان مۇقام نەزمىلىرىنى ئوقۇۋاتقان يىگىت كۈچىمەيلا توۋلايتتى:

ھەمە ئاشىقلارىڭ بىرلە تۇرارمەن بىر تەرەف تاڭلا،
خۇدا قازى بولۇب سورىسا، بۇ مەشرەب دادىخا يىغلار.
...

مۇقامنىڭ مۇقەددىمىسى ئوقۇلۇپ بولۇشى بىلەن تەڭلا، سازلار مەرغۇلغا يۆتكىلىپ، يۈرەكنى چاك-چاك قىلىۋەتتى. ئۇرا-يىم ھاجىمنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز سىرغىپ چىققان ياش قوناقلىرى كالتە ساقىلىغا ئېسىلىپ قالدى. مۇقام ئاھاڭلىرىدىن تەسىرلەنگەن قاسىم بايۋەچچىنىڭ بۇرنى يۇمشاپ كەتتى.

سورۇن ئەھلى جىمجىتلىققا چۆكتى. پەلەكتىكى قۇياش تولغىنىپ كەتتى، قۇشلارمۇ جىمىپ قالدى. بۇ خەلقنىڭ تەبىئەت-نى تەسىرلەندۈرۈش سېھرى مۇقامغا مۇجەسسەملەنگەن ئىدى. قاسىم بايۋەچچە گۈزەل ئاھاڭلار شەربىتىدىن مەست بولغان، كارۋانچى يىگىتلەر ئۆمرىدە مۇنداق گۈزەل ئاھاڭلارنى تۇنجى ئاڭلاۋاتاتتى. مەتئېلى ئۆزىنى ئاران بېسىپ ئولتۇراتتى، «ھە خوش» دېسىلا، ئۇ چوقۇم سورۇنغا چۈشۈپ ئۆزىنى يوقىتىپ قوياتتى. مۇقامچى، سازەندىلەر ئارىسىدىكى بىر ئايال بىر قولىدا داپ، يەنە بىر قولىدا دۇتارنى چېلىپ، كىشىنى ھەيرانۇھەس قىلات-تى. قاسىم بايۋەچچە بۇ ئايالنىڭ ئىسىم شەرىپىنى سورىغۇسى كەلدىيۇ، كەيپىياتنى بۇزۇشنى خالىمىدى. خوتەن ئەتلىسىدىن كۆڭلەك كىيگەن چىرايلىق تۆت نەپەر قىز ئۇسسۇلغا چۈشتى.

قاسىم بايۋەچچە بۇ قىزلارنىڭ گۈزەللىكىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويايلا دېدى. ئۇرايىم ھاجىم ئۇنى ئاستا نوقۇپ قويدى. قاسىم بايۋەچچە ئېرەن قىلماي، ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ ئالغان قەدەملىرىگە روھىنى چىرمىۋەتكەن ئىدى.

— قاسىماخۇن، چايغا سالغان نۆكچە ناۋاتتەك ئېرىپلا كەتتىڭىزغۇ،— دېدى ئۇرايىم ھاجىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

— دەملىگەن چايلىرى بەك قىزىقكەن ئەمەسمۇ ھاجىكا،— دېدى قاسىم بايۋەچچە ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپ.

ئۇرايىم ھاجىم پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى. قاسىم بايۋەچچە كۆزىنى قىزلاردىن باشقا ياققا بۇراشقا زادى رايى يوق ئىدى. قىزلار بىرپەس ئويناپ، گۈزەل ئاققۇلاردەك بەدەنلىرىنى چايقاپ، بولاقتەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، قاشلىرىنى سۈزۈك تاشلاپ، مەيداندىن موكا قەدەم بىلەن چىقىپ كەتتى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ ئۇلارنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالغۇسى كەلدىيۇ، ئەمما نومۇس - ھايا يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

— قاسىماخۇن، بوينىڭىز ئۈزۈلۈپ كەتمىسۇن يەنە،— دەپ نوقۇپ قويدى ئۇرايىم ھاجىم.

— مەيلىتى،— دەپ سالدى قاسىم بايۋەچچە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا.

راست دېگەندەك، ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ ھۆسن - جامالى باشنىڭ تەندىن ئۈزۈلۈپ كېتىشىگە ئەرزىگۈدەك ئىدى. مۇقامچى يىگىت:

> نىدا قىلدىكى ئى مەشرەب، سېنى مەن جەننىتى قىلدىم،
> بۇ يولدا ئەيلەگىل تەسلىم، ماڭا دەۋزەخنى تەنھا بەر.

دەپ نەزم ئوقۇشنى تاماملىغاندا، مەتئىبلى سەزمەي «ئۇھ» دەپ

سالدى. كارۋانچى يىگىتلەر لەۋلىرىنى چىشلەپ قانتىتۇەتكىلى تاس قالدى. قاسىم بايۋەچچە ئاستا - ئاستا ئىسىگە كېلىپ «مەيلىتى» دېگەن سۆزنى ئىسىگە ئېلىپ، بوينىدىن تاپىنىغىچە قىزىرىپ كەتتى. يىگىتۋىشى سۆز باشلىغۇچە سورۇن بىرھازا جىمجىتلىق ئىچىگە غەرق بولدى.

— بىرىنچى مەشرەپ ئاياغلاشتى،— يىگىتۋىشىنىڭ ئۇقتۇ-رۇشى بىلەن سازەندىلەر قوللىرىنى ئىللىق تەبەسسۇمدا كۆكسىگە قويۇپ، باشلىرىنى ئېگىپ ئالىي ئېھتىرام بىلەن چىقىپ كېتىشتى. قاسىم بايۋەچچە مۇشۇ ئۆمرىدە بۆگۈنكىدەك لەززەت - ھۇزۇر ئالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى- دە، يېنىدىكى ئۇرايىم ھاجىمغا قارىدى.

— مۇشۇنداق ياشىغاچقا، قېرىلىق يەتمەيدۇ جۇمۇ سىلىگە ھاجىكا،— دەپ كۈلۈمسىرىدى. ھاجىم مەڭزىنى قوش ئالىقانلاپ قويۇپ:

— ئۇكام، سىزمۇ ھۇزۇر ئىزدەپ كەلگەندەك قىلىسىز. يۇرتىمىز كەڭرى، قىزلىرىمىز خۇشناۋا. نىيەت قىلغان بولسىڭىز، ئۆي - زېمىندىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئۆزۈم بىر قوللۇق تويىڭىزنى قىلىپ قويىمەن جۇمۇ،— دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. نېمە ئۈچۈنكىن، قاسىم بايۋەچچىنىڭ خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان ئۇرايىم ھاجىم كۈلكىسىنى بېسىپ،— ھەرگىز تارتىنماڭ، قانداق گەپ بولسا، ھاجىكىڭىزغا ھايت دەپ قويسىڭىزلا بولىدى. دېمىسىمۇ، ئۇزاقراق تۇرۇپ قالىدىغاندەك قىلىسىز. سارايدا تەكىيە قۇچاقلاپ ياتقاندىن، توقاللىققا بىرنى ئېلىپ ھۇزۇرىنى كۆرمەمسىز.

— بوشراق ھاجىكا، نېمىنداق...— گېپىنىڭ ئايىغىنى تاپالماي قالدى قاسىم بايۋەچچە يېنىدىكىلەرنى كۆز ئىشارىتى قىلىپ. ئۇ جىددىيلىشىپ قالغان ئىدى.

— قانداق، مەن دېمىدىمۇ، ئىشتانىڭىزنى بوش دەپ.
— بولدى، سىلىگە تەسلىم بولدۇم. زۇۋانلىرىنى باسسىلا ھاجىكا. سىلىنىڭمۇ ئېتىقادلىرى تايىنلىقكەن جۇمۇ. ئاغزىلىرىدا «خۇدا بىلەن رۇسۇل»، ئەمەلدە «داپ بىلەن ئۇسسۇل» كەن.
— ئېتىقاد بىلەن ئۇسسۇل، ھۇزۇر - ھالاۋەت ئىككىسى ئايرىم گەپ قاسىماخۇن. خۇدا بىزگە نۇرغۇنلىغان ھۇزۇر-ھالاۋەتنى تاشلاپ بەرگەن يەردە، بىز ئۆزىمىزنى ئەپقاچساق، تېگىشلىك نېسىۋىمىزدىن ۋاز كەچسەك، بۇ ئۆزىمىزنى ئۇلۇغلىمىغانلىق بولمامدۇ. ئۆزىنى ئۇلۇغلىمىغانلىق ئېتىقادنى يوق قىلىدۇ، ھەتتا ئىنسانىنىڭ روھىنى قۇللۇققا سۆرەيدۇ. قۇل بولغان كىشىدە ئېتىقاد خۇددى بوراندا قالغان پاخالدەك تۇتۇرۇقسىز، مەۋقەسىز بولىدۇ. ئۆزىنى پەرۋىش قىلىشنى بىلمىگەنلەر زەي يەرگە ئوخشايدۇ. زەي يەردىن نېمە چىقىدۇ، سېسىق سۇ.
— بولدى قىلسىلا، ئېغىزلىرىغا بالا تەگدىمۇ - نېمە، ھاجىكا.
— پېيىڭىزمۇ تارتىشىپ قالغاندۇ. قوپۇڭ، ئاۋۇ ياققا بىرىپ بىردەم ئايلىنىپ كىلەيلى.
ئۇرايىم ھاجىم قاسىم بايۋەچچىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، باغنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى خالىي جايغا باشلاپ كەتتى.

× × ×

مەشرەپنىڭ بىرىنچى قىسمى ئاخىرلاشقاندا، ئىككى چارەك ۋاقىت ئارام ئېلىش تەرتىپى بار ئىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا مەشرەپ ئەھلى ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلاتتى. ئىككىنچى مەشرەپ باشلانغۇچە مۇلازىملار قايتا داستىخان راسلاپ، مەزە ۋە تاماقلارنى ھازىرلىۋالاتتى. سازچىلار بىلەن ناخشىچى، ئۇسسۇلچىلارمۇ ئىككىنچى قېتىملىق ئويۇن ئۈچۈن تەييارلىق قىلاتتى. ھەممە ئۆز

ئىشنىڭ كويىدا ھەرىكەت قىلىشىۋاتاتتى.

مەشرەپكە كەلگەنلەر ئۈچتىن - تۆتتىن بولۇشۇپ، ئۆزى خالىغان پاراڭلارنى سىلىقشىلى تۇردى. قىزلار ۋە جۇۋانلار نېمىلەرنىدۇ دېيىشىپ، كۈلۈشۈپ كېتىشىۋاتاتتى.

— ھاجىكامنىڭ ئوك يېنىدا ئولتۇرغىنى قاملاشقان تۇرقىدىن جاسارەت ۋە كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قامەتلىك ئەركەك ئىكەن، جۇمۇ،— دېدى رەيھانەم ئىسىملىك بىر قىز ھاجىنىسا سەتەڭ دېگەن كۈچا دىيارىدا داڭق چىققان قىزغا.

— ياۋايىلىقى چىقىپ تۇرمامدۇ، ئاداش. ئادەم كۆرمىگەنىدەك، كۆزلىرى چۆچەكتەك بولۇپ كەتتى.

— ئېزىلىپ ئولتۇرسا،كۆزىمىزگە چېلىقامتى.

— ئەرخەق دېگەن تەشەببۇسكار ئورۇندا بولۇشى كېرەك.

— خوتەنلىككەن، بەك چوڭ بايمىش.

— باي دېگەن ھارامزادە، گېپىدە تۇرمايدىغان خەق. ئىشىنى پۈتكۈزۈپ بولدىمۇ، ئەتىسى تونۇماسلىققا سېلىپ، تەكەببۇرلۇقىنى كۆز - كۆز قىلىپ، «تۆگە كۆردۈڭمۇ - يوق» دېگەندەك يۈرىدۇ،— دەپ كۆزىنى چىقمچىقلىتىپ چىرايىدا تەبىئىي بىرخىل ھەرىكەت چىقىراتتى ھاجىنىسا سەتەڭ.

— خوتەنلىكنى بەك ھىيلىگەر كېلىدۇ، تىلى قايماقتەك يۇمشاق بولغىنى بىلەن شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالىدۇ، دەپ ئاڭلىغان.

— ئەر خەق دېگەننىڭ ھەممىسى ئوخشاش جۇمۇ، بىر ئورەكنىڭ لىپىدە.

— سىنىڭ ئىچىڭ چۈشۈپ قالدىمۇ - نېمە، ئۇ گادايغا؟

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرمىگىنە. ماڭمۇ مۇقىم بىرەرسى تېپىلار. كەلدى - كەتتىلەرنىڭ ئايىغىدا سۆرۈلۈپ يۈرەمدىمەن،— ھاجىنىسا سەتەڭ تاپىنىغا چۈشكەن چېچىنى

قولىغا ئېلىپ سىيلاپ، يەنە ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى.

— قاملاشقان ئەركەن.

— سۆلتىگە چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولامتى.

— مەيلىتى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالساڭ، بىر ئۆمۈر باياشاتچىلىقتا ئۆتىسەن.

قامچا بوي، گۈزەللىكتە ھەرقانداق سەتەڭلەردىن قېلىشمايدىغان، كىرپىكى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، كۈلسە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئوغرى چىشى ئۆزىگە خوپ ياراشقان رەيھانەم دوستى بىلەن سۆھبەتلىشىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆز مەيلىنى ئوپئوچۇق ئاشكارىلىدى. ھاجىنىسا سەتەڭ رەيھانەمنى غىدىقلاپ، ئىككىسى تەڭلا ۋىلىق - ۋىلىق كۈلۈشۈپ كەتتى. رەيھانەم يېزىلىق بولۇپ، ئاتا - ئانىسى تۈگەپ كېتىپ، يېزىدا تىككەندەك يالغۇز قېلىپ، تېخى يېقىندا يۇمغاقسۇتنىڭ ئۇرۇقچىلىك تۇغقاندارچىلىقى بار بۇ تۇغقىنى ھاجىنىسا سەتەڭدىن پاناھلىق تىلەپ شەھەرگە كىرگەن ئىدى.

كۇچا قىزلىرى ئايىغى چىققاندىلا، كوي-نەغمىلەرگە تەگكەش بولالايتتى، ساما - سەنەملەرگە دەسسىيەلەيتتى. كۇچادىن سەتەڭ قىزلار ھەقىقەتەن كۆپ چىقىدۇ. جۇشقۇن، چىچەن كېلىدۇ، ھەر ۋاقىت قېنى قىزىق بولىدۇ. رەيھانەم بىلەن ھاجىنىسا تۇز - كېپەكلەردەك سەكرىشىپ كۈلۈشەتتى...

ئۇرايىم ھاجىم بىلەن قاسىم بايۋچچە باغنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ئۆز پاراڭلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. باغنىڭ جەنۇب تەرىپىدە يەنە بىر توپ كىشىلەر بىر - بىرىدىن ھېيىققانىدەك چۆچۈپ، كۆزلىرى ئالا-چەكمەن بولغان ھالدا پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى.

— ماۋۇ ئۆلمەيدىغان ئاچ كۆز قېرى قاسىم بايۋچچىنىڭ مىلىنى ئېلىپ بوپتۇ ئەمەسمۇ. ھەي، ئىچكىرىدە خوتەن ماللىرى بەك بازار تېپىپتۇدەك.

— قويە ئاداش، ئاخشام سارايغا بارايلى دېسەم، ئەتە دەپ تۇرۇۋالدىڭ ئەمەسمۇ، ئۇ ناىناقلارنىڭ چاتىرىقىغا كىرىۋېلىپ.
— مۇشۇ قېرى ئۆلمىگۈچە سودىمىز زادى راۋاج تاپمايدۇ.
— بوشراق، ئاغىنىلەر، خەق ئاڭلاپ قالمىسۇن. «كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ئالدى ـ ئارقاڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق» دېگەن گەپ بار.
— بۇ قېرى قاچانغۇچە مۇشۇنداق ھۆركىرەپ يۈرەركىن، كۆرىمىزغۇ تېخى.
— ھەممىنى قىلغان سەن، ئاخشام بارايلى دېسەم...
— ماڭا تولا تاپا ـ تەنە قىلىۋەرمىگىنە. ياقۇپ دېگەن سارايـ ـۋەن چۈپرەندىنى ئۇ قېرى سېتىۋالغان گەپ. بارساقمۇ بەرىبىر ئـــدى. قارىماسـەن، بۇگـۈنكى سـورۇنغا ئاشـۇ چۈپـرەندىمۇ قاتنىشىپتۇ.
— خەپ توختاپتۇر ياقۇپ، سارىيىڭنى كۈمپەيكۇم قىلدۇۋـ رۇۋەتمىسەم.
— ئۇرايىم دېگەن بۇ چوقۇر قېرى سودا ۋە ئىناۋەتتە بىزگە يول بەرمىدى. ئاڭلىسام، نەدىن دېدى، راست، ئاتۇشتىن چىقىپ كۇچاغا ئورۇنلىشىپ قاپتىكەن.
— ئاتۇشـلۇق دېگـەن زادىـلا يامـان كېلىـدۇ. ئالدىڭغا كىرىۋالدىمۇ، ئۇلارنى ھەرگىز بويۇن ئەگدۈرەلمەيسەن.
— قارا، بۇ قېرىنىڭ چېچەنلىكىگە. يېشى چوڭايغانسېرى ھوشيار، ئەقىللىق بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى. بىز تاش سانىغۇچە، ئۇ قۇم ساناپتۇ ئەمەسمۇ.
— ئاتۇشنىڭ ھەممە يېرى تاش تۇرسا، قۇم سانىماي تاش ساناامتى بۇ خەق.
— توختاپـتۇر، ئاينىـڭ ئـون بەشـى يـورۇق، ئـون بەشـى قاراڭغۇ.

— بۇ قىزنى بىر جايلىسام، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوقتى.
— ھەي، ئۇنىڭ بىرمۇ قىزى يوقتە. ئەگەر قىزى بولغان بولسا، چوقۇم ئۆزۈم رۇسلايتتىم. قارىمامدىغان، ئۇنىڭ باللىرىنىڭ ھەممىسى ئوغۇل، ھەي...
— بۇ چوقۇر تولكىنىڭ باللىرى بىر - بىرىدىن چېچەن، سودىغا ماھىر، بىرەرسىمۇ ئويناپ - ئىچىشتە يوق.
— بۇ قىزىغا تەڭ كەلمەك ھەقىقەتەن تەسكەن.
— ئۆلگۈچە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش تۇتارمىزمۇ؟
— ئۇ ئۆلسە، گۆرىگە چىچىپ قويمايدىغان بولسام، خەپ توختاپتۇر...
باغ ئىچىگە ئېسىلغان گازۋاي چىراغلارنىڭ نۇرى كۆكتىكى يۇلتۇزلارنىڭ كۈچىنى سۇندۇرۇۋەتكەن ئىدى. مەشرەپ تۈن تەگدە ئاياغلاشتى. قاسىم بايۋەچچە ئۇرايىم ھاجىم بىلەن خوشلىشىپ، يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرگىنىچە سارايغا قايتتى.

× × ×

بەش كۈندىن كېيىن، قاسىم بايۋەچچە بىلەن مەتئېلى خوجىدار كۇچادىن سېتىۋالغان ئىچكىرىنىڭ يىپەك تاۋار - دۇردۇنلىرىنى ئۇلاغلارغا ئارتىپ، كارۋانچى يىگىتلەرگە ھېلىقى قارىي ئىسملىك يىگىتنى باش قىلىپ، خوتەنگە يولغا سالدى. بۇ ئىككىيلەن كۇچادا ئىككىنچى تۈركۈم مالنى كۈتۈپ قالدى. قاسىم بايۋەچچە كۈندە دېگۈدەك ئۇرايىم ھاجىمنىڭ مېھماندارچىلىقىدا بولدى. ئۇنىڭ ئىچىگە بىر مىدىر - مىدىر كىرىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ قورسىقىدىكىنى ئۇرايىم ھاجىم ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغان بولسىمۇ، پەللىگە چىققۇچە چاقچاق - پاراڭ بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىپ باراتتى. قاسىم بايۋەچچە ئاخىر ئۇرايىم ھاجىمغا

سۆز ئاچتى.

— ھاجىكا، ئۆزلىرى تۆمەن دەرياسىغا مىڭ قېتىم ئاپىرىپ، سۇغارماي كېلىدىغاندىن ئىكەنلا، جۇمۇ.

— ھە گاداي، تاۋۇز - قوغۇن پىشمىغان بىلەن ئۆرۈك يەپ ئىچىم ئۆتۈپ كەتتى دەپ ۋايساۋاتاتتىڭ. يەنە نىمە يېسەڭ ئۇسسۇزلۇقىڭ قاندۇ؟— ئۇرايىم ھاجىم خۇپسەن بولۇۋالدى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مەتئېلى باھانە كۆرسىتىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— بۇ شەھەرگە كەلگىلى بىر ئاي بولاي دېدى...— قاسىم بايۋەچچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇرايىم ھاجىم ئۇنىڭ قورسىقىدىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، چىشىغا تېگىپ، گەپنى ئەپقېچىپ تۇردى.

— كۇچانىڭ ھاۋاسى سىزگە ياقتى جۇمۇ، ئاقىرىپ - سەمرىپ قالدىڭىز. خوتەنگە بارسىڭىز، خوتۇن - بالاچاقىڭىز تونۇيالماي قالغۇدەك.

— تېرىكتۈرمىسىلە ئاقساقال.

— مىجەزىڭىز بۇزۇلۇۋاتامدۇ قاسىماخۇن. كۇچانىڭ تېۋىپلىرى خوتەننىڭكىدەك مەشھۇر بولمىسىمۇ، ھەرھالدا كېسىلىڭىزگە شىپا تاپالايدۇ. قېنى دەڭا، قەيىرىڭىز ئاغرىيدۇ؟

— يۈرىكىم.

— ئۇنداقتا يامان بوپتۇ. مەن دەرھال تېۋىپ چاقىراي.

— بولدى قىلسىلا ھاجىكا، يۈرىكىمنى ئۆزلىرى داۋالىيالايدىلا.

— مېنىڭ تېبابەتتىن تازا خەۋرىم يوق. جان بىلەن ئويناشماڭ، يۈرەك دېگەنگە چاقچاق قىلسا بولمايدۇ،— ئۇرايىم ھاجىم قاسىم بايۋەچچىنىڭ چىشىغا تېگىپ ھالىنى قويمىدى. قاسىم بايۋەچچە ئاناردەك قىزىرىپ، ۋاككىدە يېرىلغۇدەك بولغان ئىدى.

— گەپنى يەنە ئەپقاچتىلا ھاجىكا، راستلا يۈرىكىم يېرىلىپ

كېتىدۇ.
— بولىدۇ، داۋالاپ قوياي.
— رەھمەت سىلىگە. ساۋابىنىڭ چوڭىنى ئالىدىغان بولدىلا.
— يېزىدا ئەردىن چىققان بىر تۇغماس جۇۋان بار. ئەتىلا ئەلچى ئەۋەتىلى ئەمىسە.
— ئۇنداق داۋالىسىلا ئۆلۈپ قالىمەن، ھاجىكا.
ئۇرايىم ھاجىم قاقاقلاپ كۈلۈپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. قاسىم بايۋەچچىمۇ تەڭ كۈلدى.

× × ×

قاسىم بايۋەچچە سەيناسى خېلى كەڭرى، پېشايۋانلىق، تۆت ئېغىزلىق ئۆي سېتىۋالدى. ئۇرايىم ھاجىم ئۇ ئۆينى يېرىم كۈن ئىچىدىلا پاكىز تازىلىتىپ، سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولدى.
قاسىم بايۋەچچە قىز كۆرگىلى ئۇرايىم ھاجىمنىڭ ئۆيىگە باردى، ھاجىنىسا سەتەڭ رەيھانەمنى باشلاپ كەلگەن ئىدى. رەيھانەمنى كۆرۈپ قاسىم بايۋەچچە ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى، بۇ قىزنى توقاللىققا ئالىدىغانلىقىدىن يۈرىكى ئېچىشتى. «ھەي ئىسىت. نېمىشقىمۇ خوتەندە تۇغۇلۇپ قالمىغانسەن» دېۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئەزبىرايى خۇدا، قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆزى گەردىشىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتكىلى تاس قالغان ئىدى. ئۇ تىترەپ، ئاغزىدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ چىقىرالمىدى. «پەرىزاتنى يولۋاس يېمەپتۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭغا مۇشۇ پېتى قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆل دېسە، ئۇ چوقۇم رازى بولاتتى. ھەقىقىي گۈزەللىك، بولۇپمۇ ئەركەكلەر ئىزدەيدىغان گۈزەللىك ئەسلىي مەنىسىدىن ئېيتقاندا، تەبىئەتتە ئەمەس، گۈل - گىياھلاردا، يېشىللىققا چۆمكەلگەن رەڭگارەڭ قىياقلار ئېچىلىپ كەتكەن يايلاق دالىسىدا، بۈك -

باراقسان ئورمانلاردىمۇ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى يارىشىملىق كىيىمدىن ئىبارەت، خالاس.

ئاسماندىكى قۇياش كۈچلۈك تەپتىنى پەقەت ئۇرايىم ھاجىمنىڭ ھويلىسىغا، بۇ قورۇنىڭ ئاسمىنىغا چىچىۋاتقاندەك، قاسىم بايۋەچچە چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزى رەيھانەمنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ، قەلب دۇنياسىدا ئاي بىلەن قۇياش دوقۇرۇشۇپ قالغاندەك، غايەت بىر كۈن مەۋجۇتلۇقىنى يۇمشىتىپ يېلىم قىلىۋەتكەن ئىدى. رەيھانەمنىڭ يېنىدا تۇرغان ھاجىنسا سەتەڭ كۆپ ئىش كۆرگەن، پىشقان چوكان بولغاچقا، جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، دىمىغىنى قېقىپ، قاشلىرىنى سۈزۈپ تۇرۇپ:

— رەيھانەم، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ جوراڭغا سالام قىل،— دەپ سۆز باشلىدى.

ھاجىنسانىڭ توككىدا قىلغان سۆزى قاسىم بايۋەچچىنى شېرىن چۈشتىن ئويغىتىۋەتكەندەك ئىسەنگىرەتتى. رەيھانەممۇ بېشىنى يەرگە سىلىۋالغان ئىدى.

— ئەسسالام...— رەيھانەم ئاران شۇنچىلىكلا دېيەلىدى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ قۇلىقىغا سىمابتەك كىرگەن تاۋۇش يۈرىكىگە لەززەت ئاتا قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خۇش كېلىپسىلەر،— دەپ جاۋاب قايتۇردى قاسىم بايۋەچچە. ئۇ ئۈزىنىڭ ئاياللارنى سۆيەتلەش ئىبارىلىرىنى بىلمىگەنلىكىدىن كۆڭلىدە ئازابلاندى. ھاجىنسا سەتەڭ ئۇ ئىككىسىنى پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا سېلىنغان گىلەم ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ:

— ئۆزۈڭلار ئوبدان بىر پاراڭلىشىڭلار،— دەپ رەيھانەمنى يېنىك چىمدىپ قويۇپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ، كاسىسىنى پىلتىڭلىتىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

قاسىم بايۋەچچە «ئۆزۈڭلار ئوبدان پاراڭلىشىڭلار» دېگەن

گەپنى ئاڭلاپ، گەۋدىسىنى خۇددى يوغان بىر قورام تاش بېسىۋالغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. چاقىنغان روھ باياۋان قوينىدا نېمىلەرنى ئاپىرىدە قىلىشقا قەسەم قىلغان بىلەن ئۇ گۆزەللىك بىلەن قاپلانغان، تاغ سۇلىرى ئېقىپ، قۇشلار سايراپ تۇرغان چىمەنلىككە ئېرىشىش بوسۇغىسىدا ئۆز كاللىسىنىڭ تۇرۇپلا قۇرۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

قاسىم بايۋەچچە ئۇرايىم ھاجىمنىڭ مەشرەپ سەيلىسىدە كۆرگەن بۇ قىزنى مانا بۈگۈن قايتا كۆرۈپ، خۇددى كىكىردىكىگە سۆڭەك تۇرۇپ قالغاندەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتى. تۇرۇپلا يەر تەۋرىگەندەك بولۇپ كەتتى، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كۆڭلى ئېلىشتى، كۆڭۈل ئالىمى ئەنە شۇنداق بولىدىكەن، ئۇنىڭ تۇرۇپلا پايانى يوق قاقشال بولۇپ كەتكەن قۇرۇقلۇققا ئوخشاپ قېلىشى كۆڭۈل ئىگىسىنى ساراسىمىگە سالسا؛ قىرغاقلارغا دولقۇنلىرى ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ئاساۋ ئاتتەك دەرياغا ئايلىنىپ، ئاق بۇژغۇنلىرىنى مارجان قىلىپ قىرغاقلارغا چېچىپ قىيان كۆتۈرىدىكەن. كۆڭۈل دەقىق ئىچىدە دوزاخ ۋە جەننەت بوسۇغىسىدا ئۇچۇرما بولغان كەپتەر باچكىسىدەك ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ سىرلىق ئۆزگىرىشلىرى غايەت زىددىيەتلەرگە تولغان بولىدۇ. قاسىم بايۋەچچە ئالەم كېزىشكە قۇربى يېتىدىغان ئەركەك ئىدى. مانا بۈگۈن رەبھانەمىنىڭ ئالدىدا كۆڭۈل، ھېسسىيات، مۇھەببەتنىڭ تىكەنلىك زىلچىسىغا يالاڭ ئاياغ دەسسەپ سالغاندەك، پۈتكۈل ئەزايى ۋايجانلايتتى. ئۇلار ئالاھازەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت جىمجىت ئولتۇرۇشتى.

— خوتەندە نەچچە خوتۇنلىرى بار؟

رەبھانەمنىڭ سوئالى قاسىم بايۋەچچىنىڭ كاچىتىغا بىر تەستەك سالغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ قىزىرىپ - تاتىرىپ:

— بى خوتۇنۇم بار،— دەپ جاۋاب بەردى.

رەھانەم ئوڭ قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىپ كۈلۈپ كەتتى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ جاۋابى ئۇنىڭغا بەك چۈچۈك ئاڭلانغان ئىدى.

— ھەر شەھەرگە بارغاندا بىردىن خوتۇن ئالامدىلا بايۋەچچە؟

— ھەي، ياقەي، — قاسىم بايۋەچچە ئېسىگە كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قورۇپ قالغان مېڭىسىگە رەيھانەمنىڭ سۆزى شەبنەم تامچىسىدەك تېمىپ يۇمشىتىپ، خاتىرىسىنى غۇۋا ئەسلەتتى. كوچا ئاسمىنى ئىززەت - ئىكرامىدا سەلكىن تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىپ زوقمەنلىك ھاۋا پەيدا قىلغاندەك، قاسىم بايۋەچچە سەل ئارام ئالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىپ، باھار ئايلىرىنىڭ يېشىل مايسىلىرىدا ئەركىن سويلىدى، كۆكرەك تېمىغا «بوك - بوك» قىلىپ ئۇسۇپ دومباق چېلىۋاتقان يۈرىكى يورغا ئاتلاردەك ئۆز رىتىمىغا چۈشتى.

— تاشلاپ قاچمايدىغانلا؟

— ئۇنداق بولامدىغان، ئاتايىن سىزنىڭ نامىڭىزغا ئاتاپ ئايۋان - سارايلىق قورۇ سېتىۋالدىم.

— مېنىڭ ھازىر ئۆزلىرىدىن بۆلەك ھېچقانداق ئورۇق-تۇغقىنىم يوق.

— مەڭگۈ يېتىملىك ھېس قىلدۇرمايمەن، — قاسىم بايۋەچچە بۇ گەپلەرنىڭ ئۆز ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئۇ مۇشۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئايال زادىگە ۋەدە بېرىۋاتاتتى.

— ئۇزاق ئۆتمەي ئايىنىپ قالارلىمىكىن. مەن سىلىگە توقاللىققا ئۆتمەكچى. ھاجىكام ئوچۇق شۇنداق دېدى، مەن ماقۇل بولدۇم. مېنىڭ سىلىدىن كۈتىدىغىنىم تاشلىۋەتمىسىلىلا بولدى.

— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ.

— ئۆزلىرى كاتتا باي ھەم بايۋەچچىكەنلا. مەن بىر يېتىم، غېرىب قىز. ئازار قىلمىغايلا.

— خۇدا ئۇرسۇن!

— ئاغزىلىرىنى ئۆششۈتمىسىلە، تەقدىر-پىشانىدىكىنى كۆرەرمىز.

— مەن سىزنى نائۈمىدتە قويمايمەن. خۇدا بۇيرۇسا بىر ئۆمۈر خاتىرجەم، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكىزگە مەن كېپىل.

— رەھمەت. ئىلاھىم ئېيتقانلىرىدەك بولغاي.

رەبھانەمنىڭ ئارىسالدى پەيتلىرى ئاللىقاياقلارغىدۇ قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ غىپپىدە تىكىۋەتكەن ئىدى. ئۇلار ئىناق-ئىجىل ئۆتكەن جورىلاردەك ئەركىن-ئازادە پاراڭلىشىۋاتاتتى. رەبھانەم ھەقىقەتەن گۈزەل قىز ئىدى. كۈچادىكى ھەرقانداق سەتەڭ بۇ قىزنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ يۈرىكى قىزىرىپ پىشقان چىرايلىق ئالمىنىڭ پۇرىقىنى پۇراۋاتقاندەك چاۋاك چېلىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قىزنىڭ ئوچۇق جايلىرىنى كۆزىتىپ ئولتۇردى. سىمابتەك سۈزۈك تېرىسى ئىچىدىكى تومۇرلىرىدا قاننىڭ سۈزۈك تاغ سۈيىدەك شىرىلداپ ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئېقىپ چۈشكەن ئېلىپتەك بۇرنىنىڭ چىرايلىق تىنىشى ئۇنىڭ ھاياسىنى ئىتتىكلىتىپ، ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. بادام قاپىقى ئاستىدىكى ئوتلۇق كۆزلىرى تەمتىرىتىپ ھازىرچە شۈكۈر قىلىشقا قىستىدى. قىزمۇ قاسىم بايۋەچچىنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. كېلىشكەن، قامەتلىك بەستىدىن خۇددى توڭلاپ قالغان بەدىنىنى ئاپتاپقا سالغاندەك بولدى. بۈركۈتنىڭكىدەك ئىتتىك كۆزىدىن تاراۋاتقان ئوتكۈر نۇر بەدەنلىرىدىن تۆشۈك ئېچىپ، يۈرىكىنى ئېرىتىپ، ھايا تومۇرلىرىنى پاسىلدىتىپ ئۈزۈۋېتىپ باراتتى. قان تەپچىرەپ تۇرغان يۇمىلاق يۈزىگە، ئەركەككە خاس چىرايلىق قىرقىلغان بۇرۇتىغىمۇ ئوماق سۆيۈپ قويغۇسى كەلدى.

ئەمما، هايادىن ئىبارەت بىر كۆچ ئۇنى چىڭ قاماللاپ تۇردى.
— ئەتىلا ئىنكاھ ئوقۇتايلى.
— نېمىنداق ئالدىرايلا.
— ئەتىمۇ مەن ئۈچۈن بەك ئۇزاق، رەيھانەم.
— مەيلى ئەمىسە.
— بۈگۈننى ئۆتكۈزۈش مەن ئۈچۈن مۇشەققەت ھەم جاپا بولىدىغان بولدى.
— ئەر خەق دېگەن نەپسىگە قۇلۇپ سالالمايدۇ.
— ئەتىگىچە مەن ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.
— شۇم ئېغىزلىق قىلمىسىلا، سىلى ئۇزاق ياشايدىلا.
— ئېيتقىنىڭىزدەك بولغاي ئىلاھىم.
— مەن سىلىگە چىرايلىق بىر بالا تۇغۇپ بېرىمەن، تېخى.
— بارىكاللا...

× × ×

ئۇرايىم ھاجىم چوڭ توي قىلىپ، دوستلۇقنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇۋېدى، قاسىم بايۋەچچە ئۇنىمىدى.
— قاسىماخۇن، بارلىق چىقىمنى ئۆزۈم تارتىمەن.
— رەھمەت ھاجىكا، چوڭ توي قىلمايلى، نىكاھ ئوقۇتۇپ قويسىلا بولدى.
— خوتەنلىك دېگەن جاھىل، بېخىل كېلىدۇ دېسە تازا چىنپۈتمىگەن ئىدىم. قاسىم بايۋەچچە دېگەندىن قاسىم بېخىل، پىخسىق دېگەن تۈزۈككەن سىزنى.
— مەن ئاقچىنىڭ كۆزىگە قارىغىنىم يوق ھاجىكا.
— ئۇنداقتا، نېمىدىن قىسىلىسىز. كۈچالىق قارشىلىق كۆرسىتەمدىكىن دەۋاتامسىزيا.

— يوقسۇ. بىرى خۇدا، يەنە بىرى ئۆزلىرىدەك ئاقساقال
تۇرغان يەردە كىممۇ قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالىسۇن.
— ئۇنداقتا، نېمىدىن قورۇنىسىز.
— مېنىڭ ئويلايدىغىنىم كېيىنكى ئىشلار، يەنى سودا
يوللىرىمىغا توسقۇنلۇق بولۇپ قالامدىكىن دەيمەن. مەن بۇيەردە
توقال ئالسام، خوتەنگە ھەر خىل پەتىۋادا بېرىپ، چوڭ ئىشلارغا
دەخلى يەتمىسۇن دەيمەن.
— 2000 چاقىرىم يىراقلىقتىكى خوتەنگە كىم توشۇپ بارار؟
— ئېقىن سۇ ئۇخلىسا ئۇخلايدۇ، دۈشمەن ئۇخلىمايدۇ
ھاجىكا. ئۆزلىرى ھەممىنى بىلىدىغان پېشىۋا تۇرۇقلۇق مۇشۇن-
-داق سۆزلىسىلە بولامدۇ؟ ھەممە ئادەمنىڭ كۆشەندىسى خۇددى
سايىدەك، ئۆزى نەگە بارسا، شۇ يەردە ماراپ تۇرىدۇ.
— ئۇ ماراپ تۇرىدۇ- بۇ ماراپ تۇرىدۇ دەپ، يۈرەك پوك-
پوك ياشىغاندىن ياشىمىغان ياخشى ئۇكا.
— شۇنداق، ئېيتقانلىرى بەرھەق، ھاجىكا. ئەمما، دىققەت
قىلمىساق، يۈرەك تېخىمۇ پوكۇلداپ ياشاشقا دۇچار بولىدىغان
گەپ. سىلى «دۈشمىنىم يوق» دېيەلەمدىلا؟ مۇشۇ ۋاقىتنىڭ
ئۆزىدە قۇيرۇقلىرىغا قوم دۆۋىلەپ كېچىسى ئۇخلاتمايدىغانلاردىن
نەچچىسى باردۇ؟ سارايۋەن ياقۇپنىڭ بىر كېچىدىلا نامەلۇم
كىشىلەر تەرىپىدىن تىلىنىڭ كېسىپ تاشلىنىشى زادى نېمە
سەۋەبتىن؟ بۇنى ئويلاپ باقتىلىمۇ؟ كىشىلەر بىلەن دۈشمەنلەش-
-مەيدىغان، ئەجرىدىن كەلگىنىگە شۈكۈر- قانائەت قىلىپ
ياشايدىغان ئۇ بىر ياۋاش، خۇدانىڭ مۆمىنىنىڭ كىم بىلەن
ئاداۋىتى بولار؟ ئۆزلىرىگە دىققەت قىلىپ، دۈشمەندىن ھەزەر
ئەيلىمىسىلە بولمايدۇ. قالغىنىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، ئىككىمىز-
نىڭ سەۋەبىدىن بىچارە ياقۇپ تىلىدىن ئايرىلدى.
— بۇ دېگىنىڭىز ئورۇنلۇق،— ئۇرايىم ھاجىم بۇ شەھەر-

دىكى ھايات مۇساپىسىدىن پەخىرلىنىپ كەلگەن ئىدى. بۈگۈن تويى مۇناسىۋىتى بىلەن 50 يىللىق ھاياتىدىن ئاددىي ھەم مېغىزلىق خۇلاسىنى قاسىم بايۋەچچىدىن ئاڭلىدى.

— تويغا كېتەرلىك بارلىق چىقىمنى ھېسابلاپ چىقتىم. كاتتا مەرىكىنىڭ كېتىدىغان چىقىمىغا ئۇرۇپ، بارلىق ئاقچىنى سارايۋەن ياقۇپىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشكە بېرەي دەيمەن ھاجىكا.

— بەللى - بەللى، ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئىشنى ئويلاپسىز. بولدى، نىكاھ ئوقۇتۇپلا قويىلى.

— ھەببەللى، مانا ئەمدى بولدى. ئادەم يولدا ماڭغان بىلەن يامان گەپ ئاسماندا بوراندەك ئۇچۇپ يۈگۈرەيدۇ.

— خوتەندىكى خوتۇن يامانكەن - دە، قاسىماخۇن.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، گەپ يامان.

— رەيھانەمدىن گۈزەل ئەمەستۇ.

— ئۇنىڭمۇ ئۆز تەمى بار.

— يامانلىقىنى ماۋۇ گادايىنىڭ.

— ئاڭلىسام، ئۆمۈرلىرىدە بىر قېتىملا ئۆيلىنىپلا، سىلى مەندىن پىخسىقكەنلا ھاجىكا. توقال ئالسام پۇل كېتىدۇ، دەپ بى بىلەن ئۆتۈپ كەپتىلىغۇ.

— ھەم خوتۇن، ھەم توقال بولسەن دەپ ئالغان ئىدىم بالىنىڭ ئانىسىنى،— دەپ كۈلۈپ قويدى ئۇرايىم ھاجىم.

— ئۇنداق ئەمەسمىكىن دەيمەن.

— يوق گەپنى ئۇندۇرۇپ چىقما، خۇپسەن گاداي.

— يوق گەپتىن قورقۇدىغان بوپ قاپتىلىغۇ، ھېلى چوڭ گەپ قىلىشۋاتىدىلا؟ ھەممە ئادەم چوڭ ئاغىچىدىن ھېيىقىدىغان گەپ.

— ياخشى. كۈچلۈك ئەر دېگەن خوتۇندىن قورقۇدۇ.

— پەتىۋالىرى جىققۇ سىلىنىڭ.

— سەن گادايغا يەتمەيدۇ، بولدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. چوڭ مەسچىتنىڭ ئىمامىنى تولۇقلىتاي. نىكاھنى شۇ كىشى ئوقۇسۇن.

— جۇۋاپ كەتمىسىلە، ھەممە ئىشنى مەخپىي قىلمىز دېگەندىكىن، نىكاھمۇ مەخپىي ئوقۇلغان ياخشى.

— نىكاھنى كىم ئوقۇيدۇ؟

— مەتئېلى يادىلىرىدىن چىقىپ كېتىپتۇ- دە.

— چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان گادايسەن- دە، — دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تولغىنىپ كەتتى ئۇرايىم ھاجىم.

قاسىم بايۋەچچە بىلەن رەيھانەمنىڭ ئاددىيغىنا نىكاھى ئۆيدە ئوقۇلدى. ئۇرايىم ھاجىم ئۆز قولى بىلەن بىر قوچقارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ قازانغا تاشلىدى. رەيھانەمگە ھاجىنسا سەتەڭ قولداش بولدى. قاسىم بايۋەچچىگە ساقاللىرى ئاقارغان ئۇرايىم ھاجىم يىگىت قولداش بولدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇرايىم ھاجىم بىلەن قاسىم بايۋەچچە قىزىق پاراڭلارنى قىلىشىپ، ھاجىنسا سەتەڭ بىلەن رەيھانەمنى كۈلدۈرۈپ، ئۈچەيلىرىنى ئۈزۈۋەتكىلى تاسلا قالدى. مەخپىي ئۆتكۈزۈلگەن بۇ توي لايىقىدا قىزىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇرايىم ھاجىم بىلەن قاسىم بايۋەچچە بىر تومەن ئادەمگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

كەچ كىرىشكە قاسىم بايۋەچچە ھاجىنسا سەتەڭگە تۆشەك ھەققى ئۈچۈن 10 تەڭگە بەردى. ھاجىنسا سەتەڭ ئالىقىنىدىكى تەڭگىنى مىجىقلاپ، قىنىغا پاتماي خۇشال بولدى. ئۇرايىم ھاجىم مەتئېلىگە نىكاھ ئوقۇغان ھەققى ئۈچۈن، ئۇنىمىسا ئۇنىماي بەش سوملۇق بىر تىللا بەردى. ئۇرايىم ھاجىم بىلەن ھاجىنسا سەتەڭ خۇپتەن ئارىلاش ئۇزىتىپ قويۇلدى. ئۇ ئىككىيلەن قاسىم بايۋەچچە بىلەن رەيھانەمگە بەخت تىلەپ دۇئا قىلىشتى، مەتئېلى سارايغا يۈرۈپ كەتتى. قوش قاناتلىق دەرۋازا

يېپىلىپ، ئىچىدىن قۇلۇپلاندى. قاسىم بايۋەچچە بىلەن رەيھانەم سۈس نۇر چېچىپ تۇرغان ئاي نۇرى ئاستىدىكى چاققانغىنە قورۇ ئىچىدە كۆڭۈل ۋە ھايا سىرلىرىنى يېشىشكە تەقەززا بولۇپ، بىردەملىك سۈكۈتكە چۆمۈشتى.

ئاي - يۇلتۇز بىر - بىرىدىن روشەن، جاھان ھەقىقىي لەززەتنىڭ شاھىتى بولۇشقا تەشنا. قاسىم بايۋەچچە بىلەن رەيھانەمنىڭ مۇھەببەت - سۆيگۈ چىرىغى مۇشۇ كۈنى يورىدى. ئۇلار شۇنداق چىرايلىق قىلىق چىقىرىپ، كۆكتىكى يۇلتۇزلارنى ھەيران قالدۇردى. يۇلتۇزلار تۈگۈلۈككە ساڭگىلاپ، چىپ - چىپ تەرلەپ كېتىشتى. تەقەززا كۆڭۈللەر بىر - بىرىنى شېرىن چوقۇشۇپ، يۇلتۇز خاتىرىلىرىگە تىلسىم قۇرلارنى يازدى. ئاي ھېرىس قىلىپ چەكچىيىپ كەتتى. زېمىن پەلەككە شۇنداق تاتلىق كۆرۈندىكى، ئاسمان جىسىملىرى ئۇنىڭغا قاراپ مەيخورلۇق قىلىپ مۇشائىرە قىلىشتى...

× × ×

قاسىم بايۋەچچە سەھەر ئورنىدىن تۇردى. رەيھانەم ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆز نۇرى چىراغ يورۇقىدا ئۇچرىشىپ، ھەۋەسنىڭ تېخى سۇنمىغانلىقىنى نامايان قىلدى. ئۇلار ئۆزئارا تىنىچ - ئامانلىق سورىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

رەيھانەم تاھارەت سۈيى تەييارلاپ قويغان ئىدى، قاسىم بايۋەچچىنىڭ يۈرىكى بۆلەكچىلا سۆيۈنۈپ كەتتى. رەيھانەم قاسىم بايۋەچچىنىڭ تەكەببۇرسىز سۆلىتىگە قايتىدىن مەھلىيا بولدى. كۆڭلىدە مەڭگۈ، بىر ئۆمۈر چىقىشىپ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا يۈزدە يۈز ئىشەنچ تۇيغۇسى قوزغالدى. ئاللادىن ئامانلىق، تىنچلىق، خاتىرجەملىك تىلىدى. ئاڭغۇچە سۈزۈك ئەزان ئاۋازى

قـوْلاققا كــردى. رەبهانــەم رومــالنى بېشــغا ئــارتىپ جايناماز غــا يۆكۆندى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ هويلىدا تاھارەت ئالغان ھەرىكەتـلىرى تاۋۇش چىقىرىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى. رەبهانەمـنىڭ ئەس ـ يادى شادلىق، خۇشاللىق، بەخت ئىچىدە قايمۇـقۇپ، تازا بىر يەرگە كەلمەي قىينىلىپ كەتتى،كۆزىنى يۇمۇپ بىرپەس تۇرۇۋالدى، قـۇلاق تـۆۋى تىنچىدى. قاسىم بايۋەچچە پېشايۋاندىلا ئىككى رەكەت بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ بولدى بولغاي، پەرزگە تەكبىر ئېيتتى. تەكبىر ئاۋازى ئۆي ئىچىدە ناماز ئوقۇۋاتقان رەبهانەمنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ نامازدىن ئېزىپ كەتتى. ئۇ قايتىدىن ئوقۇشقا تەرەددۇت قىلىپ، خېلى مۇشەققەتتە نامازنى تاماملىدى. ئۇ ئۇزاق دۇئا قىلدى، ئاللادىن ئىنساپ ـ تەۋپىق تىلەپ ئۈنسىز يىغلىدى...

قاسىم بايۋەچچە بىلەن رەبهانەم ئەتىگەنلىك ناشتىنى قىلىپ بولۇۋېدى، دەرۋازا چېكىلدى. رەبهانەم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. قاسىم بايۋەچچە رەبهانەمنىڭ قامچا بويىغا قاراپ، ئۇنى باغرىغا مەھكەم بېسىۋالغۇسى كەلدى. رەبهانەم ئىشىكنى ئېچىپ، ئەدەپ بىلەن دەرۋازىنىڭ ئوڭ قانىتى تەرەپتە بېشىنى ئېگىپ مېهماننى كۈتۈۋالدى.

— ئەسسالام قىزىم، چارچىمىغانلا،— دەپ ئوڭ پۇتىنى بوسۇغىدىن ئېلىپ كىردى ئۇرايىم هاجىم،— ئەسسالامۇئەلەيكۇم قاسىماخۇن.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، هاجىكا. مۇبارەك قەدەملىرىگە ھەشقاللا،— دەپ ئەدەپ ـ ئىكرام بىلەن پېشايۋان سۇپىسىدىن ئىتتىك چۈشتى قاسىم بايۋەچچە. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ كۆرۈشتى.

— شاكال بولۇپ قاپسىزغۇ قاسىماخۇن.

— قوللىرى ئاغرىپ كەتتىمۇ هاجىكا...

ئۇ ئىككىسى ئەنە شۇنداق خۇش چاقچاق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئىشىك چېكىلگەنلىكىنى ئاڭلىمىدى. رەبھانەم دەرۋازىنى ئاچقان ئىدى، ھاجىنسا سەتەڭ يوغان داستىخاننى كۆتۈرۈپ سالام بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇرايىم ھاجىم ھاجىنسا سەتەڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— مەنمۇ دەل ۋاقتىدا كەپتىمەن، ئىسسىقلىق يېمىگىلى 40 نەچچە يىل بوپتىكەن،— دەپ قاسىم بايۋەچچىگە قارىدى.

ھاجىنسا سەتەڭ شەرەندازلىقنى تاشلاپ، مۇلايىملىق بىلەن بۇ ئىككىيلەنگە سالام قىلدى. ئۇلارمۇ ھاجىنسا سەتەڭنىڭ سالىمىنى ئىززەتلىدى. رەبھانەم مېھمانلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ، ھاجىنسا سەتەڭنىڭ ئەكەلگەن داستىخىنىنى قولىدىن ئالدى. ھاجىنسا سەتەڭ ئۇرايىم ھاجىمغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇردى، ھايال ئۆتمەي رەبھانەم چاي دەملەپ كەلدى، ھورى ئۆرلەپ تۇرغان چاينى جانان پىيالىلەرگە قۇيۇپ، مىس پەتنۇسقا تىزىپ مېھمانلارغا سۇندى. ئۇرايىم ھاجىم بۇ قىزنىڭ چاققان ـ چېۋەرلىكىگە قاراپ، ئاپئاق ساقىلىنى سىيلاپ «قانداق، بىزنىڭ كوچانىڭ قىزلىرى يارامدىكەن؟» دېگەن مەنىدە قاسىم بايۋەچچىگە قاراپ قويدى. بايۋەچچە «قالتىسكەن» دېگەن كۆز ئىشارىتى بىلەن چۇشەنچە قايتۇردى.

دەرۋازا يەنە چېكىلدى. رەبھانەم چەينەكنى قويۇپ، دەرۋازا تەرەپكە ماڭماقچى بولۇۋىدى، ھاجىنسا سەتەڭ شاققىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سەن ئىشىڭنى قىلىۋەر، مەن ئاچاي،— دەپ دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى.

مەتئېلى سالام بىلەن ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇرايىم ھاجىم، قاسىم بايۋەچچە ۋە رەبھانەملەر مەتئېلىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. شۇ ئارىلىقتا ھاجىنسا سەتەڭ ئوتتۇرا بوي كەلگەن مەتئېلىنىڭ

تۇتاش قاشلىرى ئاستىدىكى قوي كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، شۇنداق سۆيگۈ نەزىرى بىلەن قارشى ئېلىۋېدى، مەتئېلى كۆرمەسكە سېلىپ، نەزەر سېلىپ قويماي، ئۇدۇل رەيھانەمگە بېشىنى ئېگىپ قويۇپ، ھاجىم بىلەن بايۋەچچىگە سالام قىلىپ، تىنچلىق - ئامانلىق سوراپ داستىخانغا ئولتۇردى.

مەتئېلىنىڭ كىرىشىگە، ئۇرايىم ھاجىم بىلەن قاسىم بايۋەچچىنىڭ يالىڭاچ چاقچاقلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى. ھاجىنىسا سەتەڭ لېۋىنى چىشلەپ، ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، ئىككى كاسىسىنى پىلتىڭلىتىپ، يەرگە مىخ قاققاندەك دەسسەپ، مەتئېلىگە روبىرو ئولتۇردى. رەيھانەم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، مەتئېلىگە پەتنۇس بىلەن چاي تۇتتى. ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەدەپ-يوسۇندىكى ئاددىيغىنە ھەرىكىتىمۇ ئادەمنى قايىل قىلاتتى. بۇ قىزنىڭ شېرىن سۇخەنلىكىدىن مەتئېلى تەسىرلەندى. ئۇ دەقىقە ئىچىدە ھاجىنىسا سەتەڭ بىلەن رەيھانەمنى سېلىشتۇرۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى بىلدى. تۈنۈگۈن ھاجىنىسا سەتەڭ مەتئېلىگە قاش ئېتىپ، كۆز تاشلاپ ھالىنى قويمىغان ئىدى. مىجەزى چۇس مەتئېلىنىڭ جۇدۇنى مىڭ گەز ئۆرلىگەن بولسىمۇ، زورىغا ئۆزىنى بېسىپ، كەچ بولغاندا ئاران قۇتۇلغانتى. مانا بۈگۈن ئەتىگەندىلا، تۇنجى بولۇپ بۇ خوتۇن بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىدىن يۈرىكىنى جىن چىمدىۋالغاندەك بولدى.

— داستىخاننى قىزىقىدا ئاچ ئاداش.

رەيھانەم داستىخاننى ئېچىپ، تېخى قىزىقلىق تەپتى كەتمىگەن چوڭ بىر لېگەن گۆش گىردىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قاسىم بايۋەچچە ساھىبخان بولۇش سۈپىتى بىلەن:

— ھە ھاجىكا، مەتئېلى، باقىلى، — دەپ قولى بىلەن گۆش گىردىنى كۆرسەتتى. پېتىر خېمىرگە ياغ ئارىلاشتۇرۇپ، شور

ئوچاقتا ياقتان گۆش گىردە چىلانىدەك پارقىراپ كەتكەن ئىدى. ئۇرايىم ھاجىم «بىسسىمىللا» دەپ گۆش گىردىگە بېقىپ بەردى. مەتئېلىمۇ تازا زوقى يوق ھالدا بىر گۆش گىردىنى ئالدى. ئۇرايىم ھاجىم گۆش گىردىنى ئاغزىغا سېلىپ چايناپ يۇتۇۋېتىپ:

— تەمى، تۈزى كارامەت كەپتۇ، ھەقىقەتەن ئوخشاپتۇ. ھاجىنسا، مەن سىزنى ياسىنىپ يۈرۈشكە توشقانمىكىن دېسەم، تۆشۈككىمۇ توشقانكەنسىز جۇمۇ،— دەپ ماختاپ كەتتى.

— مازاق قىلماڭ ھاجىكا، تازا قاملاشتۇرالمىدىم،— دەپ ھاجىنسا سەتەڭنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ، يۈرىكى ئويناپ كەتتى.

— رەسمىي ئوخشاپتۇ. مۇنداق گۆش گىردىنى مىڭ ئايالنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرىلا مۇشۇنداق قاملاشتۇرالايدۇ،— قاسىم بايۋەچچىمۇ ماختاپ كەتتى.

مەتئېلى ئۇرايىم ھاجىم بىلەن قاسىم بايۋەچچىگە قايىل بولسىمۇ، «شۆھرەتپەرەسلەر» دەپ كۆڭلىدە رەنجىدى. ھاجىنسا سەتەڭ باشقىلارغا چاندۇرماي، ئۇنىڭ كۆزىگە لەپ - لەپ قاراپ قوياتتى. مەتئېلى چاينى ئىچىپ، قولىدىكى گۆش گىردىنى يېيىشكە تازا رايى يوق ئىدى.

— ھە، مەتئېلى يېمەيسىزغۇ؟— ئۇرايىم ھاجىم مەتئېلىنى يېيىشكە قىستاپ قويدى.

مەتئېلى ئەتراپقا قاراپ، يەنە ھاجىنسا سەتەڭنىڭ كۆزى بىلەن كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى. ھاجىنسا سەتەڭ چاندۇرماي قېشىنى سۈزۈپ قويدى. ئۇ دەرھال كۆزىنى ئەپقېچىپ، گۆش گىردىنى ئوشتۇپ ئاغزىغا سالدى. گۆش گىردىنىڭ تەمى ئۇنىڭ ئىشتىھاسىغا بېرىپ رەسمىي تېتىدى، بۇ خوتۇننىڭ «راستىلا تۆشۈكى بار»لىقىنى ھېس قىلدى. «مۇشۇنداق خوتۇنلار ئەرلەرنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن، مەجبۇرىي تۆشۈك ئۆگىنىدىغان ئوخشايدۇ. ھۇ نومۇسنى پايتىما قىلىۋەتكەن شەرمەندە». ئەمما، ئۇنىڭ

نەپرىتىدىن يەنىلا گۆش گىردىنىڭ تەمى ئۇستۇن كېلىۋاتاتتى. ئۇرايىم ھاجىم ھاجىنسا سەتەڭدىكى ئالامەتلەردىن بىرنەرسىنى پەملەپ، مەتئېلىگە قارىۋېدى، ئۇ بەك قىزىرىپ كەتتى.

ئۇرايىم ھاجىم «ياخشى تاماق ئېشىپ قالغۇچە، يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن» دەپ باشقىلارنى زورلاپ، گۆش گىردىنىڭ بىرنىمۇ قالدۇرماي يېۋېتىشتى. داستىخانغا دۇئا قىلىنىپ، پاراڭغا چۈشكەندە، مەتئېلىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ پاراڭغا ئارىلاشتى. ئۇلار بىر قاتار سودا ئىشلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ كەتتى. ھاجىنسا سەتەڭ رەيھانەمنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كەتتى. مەتئېلىنىڭ كەيپى ئۇچقان، قاسىم بايۋەچچە ماقۇل دېسىلا، خوتەنگە مېڭىپ كېتىشكە رازى ئىدى. ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇرۇشتىن باشقا چارە يوقلۇقنى ئوبدان بىلگەچكە، ھەرقانداق ئىشقا سوكۇت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بۇ ئادەم ھەقىقەتەن تەقۋادارلاردىن ئىدى، موللا - ئۆلىمالارنىڭ ئىچىدىمۇ مۇنداق تەقۋادارلار كەم ئۇچرايتتى. ئۇنىڭ تەقۋادارلىقى يارىغانلىقتىن، قاسىم بايۋەچچە بۇ ئادەم قىلغان ئىشتىن زىنھار گۇمان قىلمايتتى. بايۋەچچىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇشۇ ئادەم قولدىن چىقىراتتى.

— بايۋەچچەم، مېنىڭچە ئىككىنچى قېتىملىق ماللار بۈگۈن كەچ كەپقالارمىكىن، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى مەتئېلى.

— بەك ياخشى، مال ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان بولدى. ئۆگۈنلۈككە چارشەنبە ئىچكىرىگە كارۋان تارتىدىغان كۈن. تۈنۈگۈن كەلگەن بولسا، سەيشەنبە ماڭغان بولسا، قۇتلۇق بولاتتى[①]. ھېلىمۇ ھېچقىسى يوق، — دەپ خۇرسەن بولدى ئۇرايىم ھاجىم.

قاسىم بايۋەچچە جىمىپ كەتتى. بۇ يەرگە كەلگەنگە ھايت -

---

① بىزدە «سەيشەنبە كۈنى سودا، سەپەر قىلسا ئۇتۇقلۇق بولىدۇ» دېگەن گەپ بار.

ھۇيت دېگۇچە، 60 — 70 كۇن بولغان ئىدى. تارازىلاپ ئامەت، بەخت، بايلىقنى ئېتىكىگە تۆكۈپ بەرسىمۇ، ياقا يۇرتتا ھەرقانچە بەخت - سائادەت قۇچىقىدا، ھەتتا جەننەتتى رىزۋانلارنىڭ باغرىدا ئېغىناقلىساڭمۇ، ئۆز يۇرتنىڭ پۇرىقى تارتىپ تۇرىدۇ، خالاس. قاسىم بايۋەچچە ئېغىر ئۇھ تارتتى.

— بالىۋاقىلىرىنى كۆرگىلىرى كەلدىمۇ نېمە قاسىماخۇن؟— دېدى ئۇرايىم ھاجىم ئۇنىڭدىكى لەپپىدە چۇشكۇنلۇكنى كۆرۈپ.

— سېغىنىپ قالدىكەن،— دەپ ئېغىر ئاچتى قاسىم بايۋەچچە.

مەتئېلىنىڭ بۇرنى قىچىشىپ، كۆزىگە ئاچچىق ياش قاپسىلىپ كېلىۋالدى، ئۇن - تىن چىقىرالماي يەرگە قاراپ تۇردى.

— بالىنىڭ مېھرى تاتلىق بولىدۇ،— ئۇرايىم ھاجىم ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بەزلىدى،— «ياقا يۇرتتا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول» دەپتىكەن. كونىلارنىڭ ھەربىر سۆزى ئويلىنىشىپ دەپ قويغان گەپ ئەمەس. ئۇلار بىرنېمىنى بىلىپ، كۆرۈپ دېگەن جۇمۇ،— دەپ، گېپىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ قويدى...

ھاجىنسا سەتەڭ بىلەن رەبھانەممۇ قىزغىن پاراڭلىشىپ كەتتى.

— بەخت - پېشانەڭدە باركەن، رەبھانەك.

— خۇدا دېگىنىڭدەك بولغاي.

— كۆزۈڭ چاقناپ كېتىپتۇ. مەن تۇنجى قېتىم ئەرخەق بىلەن بىرگە بولغاندا، ئەتىسى چۇشكىچە ئورنۇمدىن تۇرالمىغان. سەن پىت چېقىۋالغاندەكمۇ بولماپسەن.

— يوقىلاڭ گەپ قىلمىغىنا.

— ئۇ خوتەنلىك گاداي تاڭ ئاتقۇچە چېقىلماي سىيلاپ چىقتىمۇيا؟

— نەدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇ خوراز چىللىغۇچە جىم ياتمىدى.

ھاجىنسا سەتەڭ لەۋلىرىنى چىشلىدى.

— ئەركەك دېگەن، ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق بولسا پەيزى بولىدۇ. مۇرادىڭنى تېپىپسەن، رەيھان.

ئۇ ئىككىيلەننىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشكەن ئاۋازى هويلىدا ئولتۇرغان ئۈچەيلەننىڭ قۇلىقىغا ئۈزۈلمەي كىرەتتى. مەتئېلى بەك سەسكىنىپ كەتتى.

— رەيھان، سەن هەرنېمە قىلىپ غېپىڭدە بىرنى تۇغۇۋال.

— تۇغۇۋالىمەن دەپ تۇغۇۋالىدىغان ئىش نەدە بار؟

— مېنىڭ دەۋاتقىنىم، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ هېسسىياتىڭنى ئورتاق قىلساڭ، سۆيۈپ قويسىمۇ قورساقتا قالىدۇ. ئۇ هەدەپ كۈچىسە، سەن تاياقتەك قېتىۋالساڭ، 10 يىلدىمۇ قورساقتا قالمايدۇ. بۇنى ئوبدان ئۆگىنىۋال،— هاجىنىسا سەتەڭ كۆپىنى كۆرگەن، جىق قازاندا قاينىغان بولغاچقا، هەرقانداق ئىشنىڭ ئېپى - جېپىنى بىلەتتى،— بىرنى تۇغدۇڭمۇ جاهان سېنىڭ. سېنى تاشلاپ كېتىشكە هەرگىز قىيمايدۇ، هەرگىز كالۋالىق قىلما. هەر خىل قىلىقلار بىلەن بۇ بەگزادىنىڭ هېسسىياتىنى قوزغاپ تۇر. ناهايىتى 10—15 كۈن قىينىلىسەن شۇ. قورسىقىڭدا قالدۇرۇۋالساڭ، مەڭگۈ باياشاتچىلىقتا ئۆتىسەن.

— ئۇ بولالماي قالسىچۇ؟

— سەهرالىقنىڭ هامىنى سەهرالىقتە سېنىڭ. كۈچلۈك تاماق بىلەن باقىسەن. تەڭگە دېگەن ساماندەك تۇرسا، يىلىك بولىدىغان تاماقلارنى ئېتىسەن، هەرگىز سوغۇقنى ئاشۇرۇپ قويىدىغان تاماقلارنى ئەتمە. شادى پولۇ، هورنان، قازان نېنى، نېرىن چۆپ ئەت، ئەتىگەندە سېرىق ناۋاتتا چاي دەمله.

— ۋاي - ۋۇي، جىق بىرنېمىلەرنى دەپ كەتتىڭ، قايسىبىرى كاللامدا قالىدۇ؟

— هۆل، قۇرۇق ئاشكۆكى دېگەنلەرنى يولاتما، ئۇ جۇۋاينىمەك بەك سوغۇق. هاگرىغان ئېشەك ئۇنى پۇراپ قالسا، قاق 10

كۆن ئۇخلايدۇ.

— ماقۇل، ماقۇل، ئەمدى بولدى قىل، ئۇلار ئاڭلاپ قالمىسۇن.

— ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قۇتۇلدۇرمىساڭ، بۇ شەھەردە خارلىنىپ قالىسەن. بەخت ـ تەلييىڭ باركەن، رەبھان. ئاتا ـ ئاناڭنىڭ سېنى بەخت ـ تەلەيلىك تۇغقانلىقىغا نەزىر قىل.

— سەن كېلىپ تۇر.

— مەن كۆندە كېلىمەن، خاتىرجەم بول. ئاۋۇ موللا سۆپەت خوجىدارنىڭ بەك زەردىسى باردەك قىلىدۇ. بىر قىلتاققا دەسسەتـ ـمىگۈچە بولدى قىلمايمەن.

— ئۇنداق قىلمىساڭمىكىن، ئۇ بايۋەچچىنىڭ ئەڭ ئىشەنچـ ـلىك ئادىمىكەن. بىر ئىش بولۇپ قالسا، چاتاق چىقمىسۇن.

— تەۋەككۈل قىلىپ ئۇرۇنۇپ باقاي. ئىندەككە كەپ قالسا، سەن گۆش يېسەڭ، مەن سۆڭىكىنى غاجىلىساممۇ ئەجەب ئەمەس.

— ئىشىقىلىپ پەخەس بول، ئويلىنىپ ئىش قىلغىنىڭ تۈزۈك.

— قېنى بىر ئۇرۇنۇپ باقمايمۇ.

— ئابايانىن سەل چاندۇرۇپ قويدۇڭ، ھاجىمكام بىلەن بايۋەچچە تۇيۇپ قالغىلى تاس قالدى.

— ئۇ موللامغا قىلغان ئىشارەتلىرىمنى ئۇلارنى كۆرسۇن دېدىم.

— يا رەببىم، بالاچىمۇسەن؟

— قورقما، ئەرخەق دېگەننى مەندەك چۈشىنىدىغىنى يوق.

— بولدى، بولدى، سۆزلىمە.

— ۋايەي، ساڭا نېمە بولدى؟

— بولدى سۆزلىمە.

— ساڭا سۆزلىدىم، تالادا سۆزلەمتىم؟

— تامنىڭ قۇلىقى بار جۇمۇ.

— تۆت تامنىڭ ئىچىدە نى - نى ھاياسىز ئىشلار بولىدۇ. ئادەم قەستلەش، ئوت قويۇش، نومۇسىغا تېگىش دېگەنلەرنىڭ پىلانى تۆت تامنىڭ ئىچىدە تۈزۈلىدۇ. ئۆزى دەپ قويمىسا كىم بىلىدۇ. بىچارە سارايۋەن ياقۇپنىڭ تىلىنى كېسىۋەتتى، قايسى تامنىڭ قۇلىقى، كۆزى كۆردى؟ قويە، ئۇنداق ئاقمايدىغان گەپنى.

— شۇنداقتىمۇ ئاغزىڭ بەك ئىتتىككەن، دىققەت قىل. «پۇت يۈگۈرۈكى ئاشقا، ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا» دەپتىكەن ھاجىنىسا،— ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ئەۋجىگە چىققان ئىدى...

پېشايۋان ئاستىدىكى ئۈچەيلەن بىرھازا جىمىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— قاسىماخۇن،— ئۇرايىم ھاجىم يۇمشاق گەپ قىلىپ، ئارىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان سۈكۈتنى تارقىتىۋەتمەكچى بولدى،— ماللار ئاۋۋالقىسى بىلەن ئوخشاشمۇ؟

— ھىندى، كەشمىرنىڭ ماللىرى كۆپرەكمىكىن.

— ئۇنداقتا، ھەممىنى ئۆزۈم ئالاي.

— سىلىدىن بۆلەك يەنە كىم ئالالايتتى ھاجىم، سىلى جاھانگىرنىڭ ئۆزى تۇرسىلا.

— ئۇرۇش - يېغىلىق تىنجىپ قالدى، شۇڭا مالغا خېرىدار بولۇۋاتىمىز. جاھان تىنىچ بولمىسا، ئالتۇنغىمۇ كۈيە چۈشىدۇ جۇمۇ، ئۇكام قاسىماخۇن.

— نەدىكىنى، ئۇرۇش بولسا، باشقا ئەللەردە سودا قىزىپ، مال قىس بولىدىكەن.

— تېخى كىچىكتە سىز. بىزنىڭ بۇ يەردە يېغىلىق بولسا، زىياننى سودىگەر تارتىدۇ. بۇلىنىدىغان، ئۆلتۈرۈلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى سودىگەر - بايلار بولىدۇ.

— يۈرەكلىرى پوك - پوككەندە ھاجىكا. بەھرىسىز، تويمايدىغانلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، مەن ئۆمرۈمدە نۇرغۇن يىغىلىقلارنى بىشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ھەممىدىن ئامان - ئېسەن قالدىم.

— ئۆزلىرى ھەر ئىككى تەرەپكە تۇيدۇرماي بىرىدىغانلاردىن ئەمەسمۇ.

— يوقىلاڭ گەپ قىلما گاداي،— ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

ھاجىنسا سەتەڭ بىلەن رەبھانەم ئۆي ئىچىدىن چىقتى. ھاجىنسا سەتەڭ ئۆمرىدە توپلىغان بارلىق تەجرىبىلىرىنى ئىشقا سېلىشقا ئۇرۇنۇپ، دىماغلىرىنى قىقىسىپ، قاشلىرىنى سوزۇپ تۇرۇپ:

— چۈشمۇ بولاي دەپ قالدى، كۆكۈللىرى نېمە تارتىدىكىن ئۆچىلىرىنىڭ،— دەپ سۆز باشلىدى.

ئۇرايىم ھاجىم ھاجىنسا سەتەڭنىڭ مەتىپلىگە كۆز قىسىپ، قاش ئېتىپ يوروۋاتقانلىقىنى ئاللىبۇرۇن بايقىغان، قاسىم بايۋەچچىمۇ ئازراق قىياس قىلغان ئىدى.

— بىزنىڭ قورسىقىمىز تېخى ئاچمىدى، ئەتىگەنكى ئىسسىقلىقنى قاسماخۇن بىلەن ئىككىمىز يېگەندەكلا يېدۇق. چۈشمۇ بولۇپ قاپتۇ. خوش، مەتىپلى قارىي نېمە يەيدىكىن؟— دەپ ئۇرايىم ھاجىم كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ھاجىنسا سەتەڭگە كۆز قىسىپ قويدى. كۆڭلىدىكىنى ئۇرايىم ھاجىمنىڭ چۈشەنگەنلىكىنى بىلگەن ھاجىنسا سەتەڭ خۇشلۇقىنى ئاران باستى. ئۇ «غەلىبە قىلدىم» دەپ ئويلىدى.

— خوش قارىم، كۆڭۈللىرى نېمە تارتىدۇ؟

ھاجىنسا سەتەڭنىڭ كۆزىنى مىختەك قاداپ تۇرۇۋېلىشىدىن مەتىپلى بەك ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى، بىر تاتىرىپ - بىر قىزىرىپ ئاغزى گەپكىمۇ كەلمىدى.

— ھەرگىز تارتىنمىسىلا قارىم، دەۋرىسىلە، ئۆزلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقنى دېسىلە. خوتەندىكى ئاغىچىلىرىدەك ئوخشىتىپ ئېتىپ بېرىمەن.

مەتئىبلى ئىتمۇ قىلماي ئولتۇرۇۋەردى.

— ئەتىگەنمۇ تۈزۈكرەك بىرنەرسە يېمىدىلە، دېسىلە، — دەپ مەتئىبلىگە قارىدى قاسىم بايۋەچچە.

— ھاجىكام بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلى نېمىنى تارتسا، ماڭا شۇ، — دەپ جاۋاب بەردى مەتئىبلى توڭ تەلەپپۇزدا.

— بۇ ئىككىيلەننىڭ كۆڭلى تارتقاننى سىلىنىڭ كۆڭۈللىرى تارتمايدىغاندەك تۇرىدۇ، قارىم. ئۇلار سىلىگە بويسۇنغاندىكىن، سىلى دېسىلە، — دەپ كۈلدى ھاجىنسا سەتەڭ.

ئۇرايىم ھاجىمنىڭ كۈلكىسى قىستاپ يەرگە قارىۋالدى. مەتئىبلى خۇددى گال پىچاقتا بوغۇزلىنىۋاتقان قوچقاردەك قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى، بارلىق خۇيى تۇمشۇقىغىلا كەپلىشىۋالغان ئىدى. «بۇ بەتبەخت ئەجەب كۆزۈمگە كىرىۋالدىيا، بۇ يەرنىڭ خوتۇنلىرى ئادەمگە چاپلىشىۋالسا، ۋاي - داد دېمىگۈچە قويۇپ بەرمەيدىكەن. تووۋا، ئەجەب چىشىمغا تېگىۋاتىدۇ. ئاپلا، ئادەمنى يامان يەردە قىستاپ زادى نېمە قىلماقچىدۇ؟ ئۆمرۈمدە مۇنداق بىھايا خوتۇننى كۆرمەپتىكەنمەن».

— گەپ قىلسىلىچۇ قارىم، سىلىگىلا قاراپ قالدۇق جۇمۇ، — ھاجىنسا سەتەڭ ئەزۋەيلىگىلى تۇردى. ئۇنىڭ ھەربىر گېپى مەتئىبلىنىڭ يۈرىكىگە يوتقان يىڭنىسىدەك سانجىلاتتى، — بۇقىدەك تۇرىلا، غەيرەتلىرى يوقكەن قارىم، — دەپ پىخىلداپ كۈلدى.

ئۇرايىم ھاجىم بىلەن قاسىم بايۋەچچىمۇ كۈلدى. رەبھانەم مەتئىبلىنىڭ قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھاجىنسا سەتەڭنى «بولدى قىل» دېگەندەك نوقۇپ قويدى. لېكىن، ئۇ پىسەنت قىلماي گەپنى ئايىماي قىلغىلى تۇردى.

— مال دېگەن ئىگىسىنى دورايدىغان بايۋەچچە، بۇ قارىيلىرى ھەرگىز سىلى تەرەپكە تارتماپتۇ.

مەتئىبلىنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. ئۇ سۇ قاچىلىغان

تۇلۇمدەك ئىششىپ كەتكەن ئىدى.

— تاپتىن چىقىپ كەتمىسلە خېنىم، خالىغانلىرىنى ئەتسىلە.

قاسىم بايۋەچچە مەتئىپلىنىڭ مۇنداق ئاچچىقى بارلىقىنى ھەمدە خۇينىنىڭ مىڭ گەز ئۆرلىگەنلىكىنى تۇنجى كۆردى ۋە ھېس قىلدى. ھاجىنىسا سەتەڭ مەتئىپلىنىڭ تەلەپپۇزىدىن رەسمىي چۆچۈپ، كەينىگە بىر قەدەم سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. رەيھانەم ئۇنىڭ كەينىدىن تېرەپ تۇرۇۋالدى. ئۇرايىم ھاجىم ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، ھاجىنىسا سەتەڭگە بېشىنى لىڭشىتتى. بۇ، «بولدى، خالىغاننى ئېتىڭلار» دېگەندىن بېشارەت ئىدى. ھاجىنىسا سەتەڭنىڭ ئېقى ئاق - قىزىلى قىزىل رەڭگى سارغىيىپ، بىرنېمە بولۇپ كەتكەن ئىدى. مۇشۇ ئارىلىقتا ئۇ ئۈنچىقماي، رەيھانەم بىلەن تاماققا تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن غىپپىدىلا تىكىۋەتتى. قاسىم بايۋەچچە مەتئىپلىنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەچكە، ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. ئۇرايىم ھاجىم ئارىدىكى ھۆركىرەۋاتقان جۇدۇن بۇلۇتلىرىنى سۈرۈش ئۈچۈن:

— مەزلۇم خەق دېگەننىڭ كۆڭلى ئەگرى بولىدۇ قارىم، ئۇنى ئەگرى پېتى قويۇش كېرەك. ئۇنى تۈزلىمەك بولسىڭىز سۇنۇپ كېتىدۇ. كىم چالىغان دۇمباق بۇ. قولىڭىزدا كالتەك بولمىسا، كۆزىڭىزنى يۇمۇۋېلىپ، شاپىلاق بىلەن چېلىپ قويسىڭىز بولمىدىمۇ،— دەپ كۈلدى. مەتئىپلى جۇدۇندا ئۇرايىم ھاجىمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى راستلا ئاڭقىرالماي قالدى،— خوتۇن خەق دېگەن نېپىز قەغەزگە ئوخشايدۇ. ئۇنى سۇ يوق يەردە ساقلاش كېرەك. سۇ تامدىمۇ چاتاق. ئۆزلىرىنىڭ سۈيى تېمىپ كەتكەن گەپ، مەتئىپلى قارىم.

— يوقسۇ، يوقسۇ، مەن ئۆمرۈمدە بىرگە قانائەت قىلغان ئادەممەن.

— ئۇنداقتا، قىزىرىپ - تاتىرىپ يۈرگۈچە، ئۇدۇلىغا دېسىلە

بولماسمۇ، قارىم. بەك قورقۇنچ سىلىۋەتتىلە جۇمۇ بىزگە.
— كەچۈرسىلە ھاجىكا.
— ياق، ئۇنداق دېمىسىلە قارىم. سىلى دېگەن پەخىرلىك ئوغلانكەنلا. مۇشۇ ئاي - مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزلىرىدەك ئەركەكنى تېپىش تەس جۇمۇ.
— بەك ئاشۇرۇۋەتتىلە.
ئۇرايىم ھاجىم ئۇنى - بۇنى دەپ سۇنىڭ ئىقىشىغا، تۈكنىڭ يېتىشىغا قاراپ كۆڭۈلسىز مۇھەتنى ئوڭلىۋالدى. ئۇرايىم ھاجىمنىڭ ئالماستەك ئۆتكۈر ئەقلىگە قاسىم بايۋەچچىنىڭ ھوشەرە تووۋلىغۇسى كەلدى. بۇ ئادەمگە ھەقىقىي قايىل بولۇپ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈندى. ئۇنىڭ ھەرقانداق كىشىگە، ھەتتا ئىبلىسكىمۇ قۇيرۇقىنى تۇتقۇزۇپ قويمايدىغانلىقىغا ئىشەندى. كوچىلىقلارنىڭ بۇ ئادەمنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەسلىكىدىكى سەۋەبكىمۇ جاۋاب تاپقاندەك بولدى. 50 يىلدىن بۇيان ئۇ ھەر- قانداق ئىش قىلسا ئوڭغا تارتقانلىقىدىن گۇمان قىلمىدى، ئۆزى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردى. ئۆزىنىڭ ھەرقانداق ئىشتا، بۇ زاتتىن تولىمۇ يىراقتا ئىكەنلىكىدىن نومۇس قىلىپ، يۈزى چىمىلداپ كەتتى. ئادەم ئەقىل بىلەن ئىش تۇتسا، مەڭگۈ توزۇمايدۇ، ھەتتا ئەبەدىيلىك ئابىدە تىكلەيدۇ. ئەقىللىقلەر، ئەدەپ - ئەخلاقلىق- لارنىڭ ئۆزىنى ئۆزىدەكلەر بىلەن سېلىشتۇرۇشى ئەقىل ۋە ئەخلاق مىۋىسىنىڭ تولىمۇ قىممەتلىكلىكىنى، شېرىنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، خالاس. مەۋلانا روھ ئەنە شۇ چاغدا روياپقا چىقىدۇ.
— دوزاخقا كىرىپ قالغانلارغىمۇ دوزاخنىڭ سۈپىتىنى ئۆز يولىدا قىلىپ، ئۇلارنى شۇ يەرگە كۆندۈرەلەيدىكەنلا ھاجىكا، — دەپ چاقچاق قىلدى قاسىم بايۋەچچە.
— كوچا دوزاخمۇ، گاداي.
— كوچانى دېمىدىم.

— بولـدى قىلـە، نىمـىنــداق چـۆچۈپ كېتىســەن، رەيھانــەم ئاڭلىمىدى بۇنى.
— قارىسىلا، بىردەمدىلا دۈم بولالايلا جۇمۇ سىلى.
— دوزاخ دېگەن خوتەن، ھەممە يېرى قۇم بىلـەن ئورالغان. قىيامەتتىن قېچىپ، جەننەتكە ئېرىشىشۈبلىپلا گېپىڭ چوڭغۇ.
— كۆكەمىلىك قىلغىلى تۇردىلىغۇ ئەمدى.
— ئاسان ئېرىشكەن نەرسـىنىڭ تـاتلىقى، مەززىسـى بولمايدىـكەن دېسە، قانداقتۇ دەپتىمەن.
— يائاللا، سىلىگە گەپ توغرا كەلمەيدۇ، ھاجىم.
— مەتئېلىمـۇ كەلگـەن ئامـەتنى قولـدىن بېرىـۋېتىپ بارىــدا،— ئۇرايىم ھاجىم گەپنى شاپپىـدە مەگـدەپ ئولتـۇرغان مەتئېلىگە بۇراپ قويدى.
مـەتئېلى چۆچۈپ كـەتتى، ھەممەيلـەن قاقـاقلاپ كۈلۈشـتى. ھاجىنىسـا سـەتەڭ تېخـى ئېسىگـە كەلمىگـەن ئىـدى. ئـۇ تـاۋۇش چىقارمـاي ئـۆز ئىشـى بىلـەن مەشـغۇل بولـۇپ، تۇيۇقسـىز جاراھەتلەنگەن كـۆڭلىنى ئـۆزى بەزلـەپ تـۇرغىنى بىلـەن ئۆمرىدە مۇنچىلىك ئىزادا قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىـپ، ئۆزۈلگـەن مارجانـدەك تېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى.
— ھاجىنىســا، تـۈزىنى كۆرۈۋېتــە،— دەپ رەيھانــەم ئـۇنىڭ جىمجىت كۆڭلىگە كىچىك بىر تاشنى ئاۋايلاپ ئاتتى.
— ئۆزۈڭ كۆر.
ھاجىنىسا سەتەڭنىڭ كىچىك بالىدەك دومسىيىپ تۇرۇشىـدىن رەيھانەم كۈلۈپ كەتتى. ھاجىنىسا سەتەڭ تېرىكتى.
— نېمىنداق كۈلىسەن ئادەمنى زەردە قىلىپ.
— دىققـەت قىـل، ئـاۋايلاپ ئىـش تـۇت دېسـەم، ئۇنىمىـدىڭ،— رەيھانەم يەنە كۈلۈپ كەتتى
— ئاغزىڭنى يۇمە، يارامغا تۇز سەپمەي،— رەيھانـەم ئـاۋازىنى

قويۇۋېتىپ كۆلۈۋەتتى،— زوۋانى تۇتۇلىدىغان تومپايىنىڭ چوگچىلىقىنى، ئۆلەرسەن خۇدايىم.

— بىكاردىن قارغىما.

— ساڭا نېمە تو كەتتى، مەن «لەززەت - پەززەت» دېگەننى ئۇقمايدىغان ئاۋۇ هاراملىقنى تىللىسام.

رەيهانەم ئۆزىنى باسالماي كۈلەتتى.

— مانىڭغا بولۇپ بەردى، ئەمدى. سەنمۇ تولا كۈلمە، تولا كۈلكىنىڭ ئايىتى كۆپ بولىدۇ، جۇمۇ.

— يائاللا هاجىنسا.

— راست.

— خۇدايىم ساقلا.

— خۇدايىم بەردى. سەن تۇتۇشنى بىلمىسەڭ، ئۆزۈڭنىڭ شورى.

— ئاچچىقىڭنى مەندىن ئالامسەن ئەمدى.

— هۇ بېشىنى يېگۈر توڭ قاپاق، مالاي دېۋانە. ئابدالنىڭ خۇرجۇنىدەك تۇرقىنى، چاشقان تېشىشۇەتكەن ئەسكى تاغارنىڭ ئۆزى.

رەيهانەم ئۆچەيلىرى ئالمىشىپ قالغۇدەك كۈلدى. هاجىنسا سەتەڭمۇ تولا تىللاپ، ئاخىر كۈلۈپ كەتتى...



# ئۈچىنچى باب

پۈتكۈل ئەتراپ سۈت ئۈيقۇدا. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار شالاڭ. كېچىسى ھاۋا سوغۇق بولغىلى تۇردى. ئاي گاھ قارا بۇلۇتلار ئىچىگە غەرق بولسا، گاھ بۇلۇتلار ئىچىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ، يەنە يوقايتتى. ئۇ خۇددى دېڭىز بويىدا قالغان قېرى قېيىقچىنىڭ كېمىسىگە ئوخشايتتى.

ھەممىنىڭ ئۆزگىچە تەمى، پۇرىقى بولىدىكەن. راستىنى دېگەندە، خوتەنلىكلەرنىڭ سۆيۈنىدىغىنى ئۆز شېۋىسىدە سۆزلىشىش بولسا كېرەك. مەتئېلى كارۋانچى يىگىتلەر بىلەن تازا خوتەن تەلەپپۇزىدا سۆزلىشىپ قانمايتتى. بىچارە سارايۋەن ياقۇپ ئىما - ئىشارەت بىلەن ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ھايات، تەقدىر ئۇنىڭغا كاجلىق قىلىپ، پۈت - قولىدىن مۇلايىم تىلىنى ئۆچمەنلىك ئوچىقىدا بەربات قىلدى. ھايات رېئاللىق بىلەن چۈشىنىك ئارلىقىدا مەۋجۇت ئىدى، ئۇنىڭغا ھەر ئىككىسى تەھدىت سېلىپ، تەقدىر ئالىمنى شۇنداق سىرلىق كۆرسەتتى. تەقدىر دالاسىدا ھايات ساناقسىز قۇربانلارنى بېرىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ گىگانت روھىنى تاۋلاپ، تارىخ بېتىگە گۈللۈك ۋە گۈلسىز كەشتىلەرنى ئويايتتى.

تەقدىر تەرىپىدىن پېشانىگە پۈتۈلگەن قىسمەتتىن كىممۇ قېچىپ قۇتۇلالىغان بولغىيتتى. تەگرىنىڭ سىرلىق ھۆكۈملىرى

ھەربىر كىشىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە كارۋان تۆگىسىنىڭ بويىنىدىكى مىس قوڭغۇراقتەك ئەبەدىي جاراڭلاپ، بىر دەقىقە تىنىقنى شۇنچە تاتلىق، شۇنچە شېرىن قىلىپ، تۇرمۇش باياۋانىدىكى جانلىقلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەڭگۈ مۇقەددەسلىكىنى ساقلايتتى. تەقدىر ھۆكمى مەيلى ئادىل ياكى نائادىل بولسۇن، ئۇ غۇۋا كۆرۈنمەسلىكىدىن مەڭگۈ پەخىرلىك بولۇپ سېغىنىش، ئۆتۈنۈش، نەزىر بېرىش، قاقشاش، يىغلاش دېگەنلەرگە پىسەنت قىلماي، رېئاللىقتىن روھىيەتكىچە سەلتەنەت سۈرۈپ كەلدى. «تۆرەلگەنگە توي» دېگەن قىسمەت ئادەملەرنىڭ يېنىك، ئاددىي چاقچاقلىرىغا ئايلىنىپ قالدى.

بۈگۈن قاسىم بايۋەچچىگە تازا ھاردۇق يەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ، رەھبانەم «پۇت - قولنى يۇيۇڭ» دېسىمۇ ئېرەن قىلماي، ئايىغىنى سېلىپ، كىيىملىرى بىلەنلا ياستۇققا يانتۇ يۆلىنىپ، ئۇيقۇغا غەرق بولدى. ئۇ ئۇيان ئۆرۈلۈپ - بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا بولالماي قالدى. مىنگەن ئېتىم دەيتتى، ئەمما مىنىۋالغىنى ئاتمۇ، قېچىرمۇ، تۆگىمۇ، ئېشەكمۇ پەرق ئېتەلمەيتتى. ئۇنى بىر مەخلۇق كۈنپېتىش تەرەپكە ئۇچقاندەك ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. كۈنچىقىشتىن غايەت زور سېرىق توپان يەر بىلەن پەلەك ئوتتۇرىسىدا ھەيۋە كۆرسىتىپ كەينىدىن قوغلايتتى. ئۇ «ئاپلا توپان ئىچىدە قالىدىغان بولدۇم» دەپ، ئاستىدىكى مەخلۇقنى پۇتى بىلەن ھەدەپ بىقىنلايتتى.

قاسىم بايۋەچچە چەكسىز دالىلاردىن، باياۋانلاردىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. «مەن بىلەن كەلگەن كارۋانچى يىگىتلەر ھەم مەتئېلى نەدە قالغاندۇ» دەپ، كەينىگە بۇرۇلدى. سېرىق تۇمان يوقىلىپ، نەگىدۇر غايىب بولغان ئىدى. ئۇ ئاستىدىكى ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختىماقچى بولۇۋېدى، ئالاھازەل 50 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قۇم قاياقتىندۇر گۈمۈرۈلۈپ ئېتىلىپ چىققان

پېتى قۇيۇن ياساپ، ئۆزى تەرەپكە پىرقىراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ يەنە قاچتى «قۇيۇن ئىچىدە قالسام ساراڭ بولۇپ قالىمەن» دەپ، قارا تەرگە چۈمۈپ كەتتى. ئۇ قاچقانسېرى «ساراڭ بولۇپ قالمىسام بولاتتى» دەيتتى، يەنە ھەدەپ «مىنىۋالغىنىم ئاتمىدۇ، ئېشەكمىدۇ» دەيتتى. قۇيۇن يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ جان- پېنى چىقاي دەپ قالغاندا، قۇيۇن شىپپىدە غايىب بولدى.

قاسىم بايۋەچچە «مىنىۋالغىنىم زادى نېمە بولغىيتتى» دەپ، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان مەخلۇقنىڭ بوينىنى سىيلاپ باقماقچى بولۇۋېدى، قولىغا ھېچ نەرسە ئۇرۇنمىدى. ئۇ «قويغا مىنىۋالمىغاندىمەن» دەپ خىيال قىلدى، ئەمما قولىدا ئاتنىڭ تېرىگىنى تۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسى ۋاراقشىپ قاينىغاندەك بىلىندى. «توۋا، كاللامنىڭ مۇنداق ۋاراقشىيدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن» دەپ ياقىسىنى تۇتماقچى بولۇۋېدى، مەيدىسىنىڭ تۈكىنى تۇتتى. ئۇنىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. «مەن ئاتقا يالىڭاچ مىنىۋالغان ئوخشىمامدىمەن» دەپ، يۈرىكى توختاپ قالدى. «يۈرەك توختىسىمۇ ئادەم ئۆلمەيدىكەنغۇ» دەپ خىيال قىلدى. قاياقتىندۇر قۇلاقنى يارغۇدەك بىر ئاۋاز كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئوقتەك ۋىڭىلدە كىرىپ، بېشىدىن چىقىپ كەتتى. «ھۇ ھايۋان، چوشقىغا يالىڭاچ مىنىۋالغىنىنى» دېگەن گەپ ئۇنىڭ يادىدا قالدى. ئۇ «چوشقىغا يالىڭاچ مىنىۋاپتىمەن، بۇ ئەجەب. ئېگىز چوشقا ئىكەن. نېمىشقا يالىڭاچ مىنىۋالغاندىمەن، بۇ قانداق بولغىنى؟ مېنى باشقىلار كۆرمىگەنمىدۇ؟!» دەپ ئويلىدى.

قاسىم بايۋەچچىنىڭ نومۇسى كېلىپ، ئۆزىنى چوشقىنىڭ ئۈستىدىن تاشلىۋالغۇسى كەلدى. ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان چوشقىنىڭ ئۈستىدىن يەرگە قارىۋېدى، قورقىنىدىن كۆزى چانىقىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. يەردە نۇرغۇنـ

لىغان ئۆلۈكلەر ياتاتتى. ئۇ ئۆلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى تونۇغاندەك قىلدىيۇ، ئىسمىنى يادىغا ئالالماي قىينىلىپ كەتتى، «بۇ نېمانچە كۆپ ئۆلۈك» دەيتتى ئىچىدە. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى. تىزگىنىنى تارتقانسېرى، ئاستىدىكى مەخلۇق كۆچەپ يۆگۈرەيتتى. ئۆلۈكلەرنىڭ ئۆچەيلىرى ئۆزۈلۈپ، ھەتتا بويۇنلىرىغا يۆگىشىپ قالغان ئىدى، قورساقلىرى پوك - پوك ئاۋاز چىقىرىپ ئىتىلاتتى. بىر توقاي غالجىر ئىتلار ئۆلۈكلەرنى سۆرەپ تالىشاتتى. ئۆلۈكلەر چىرقىراپ يىغلايتتى، ۋايجانلايتتى. ئۇ «ئۆلۈكمۇ يىغلايدىكەن» دەپ ئويلىۋىدى، ناھايىتى تونۇش بىر ئۆلۈك ئۇ مىنىۋالغان مەخلۇقنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىۋالدى. ئۇنىڭ جان - پېنى تۇمشۇقىدىن چىقاي دېۋىدى، قولىنى بوشىتىۋەتتى.

بارلىق ئۆلۈكلەر لەسسىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، يۆرەك، جىگەر، ئۆچەيلىرىنى ھاۋاغا تاشلاپ تاماشاغا چۈشۈپ كەتتى. «ئەمدى بۇ نېمە ئىش» دەپ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋېدى، ئاقمىدى. «تۇۋا، خۇدا بۇ نېمە كارامەتلىرىڭ» دەپ يىغلاپ كەتتى. «ھەممىسى تونۇش چىراي، ئەمما بىرىنىمۇ ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن» دەپ قايغۇردى. «يالىڭاچ ئاتقا مىنىۋالغىنىم نېمىسى» دەپ، ئۆلۈكلەردىن نومۇس قىلدى. ئۆلۈكلەر ئىچ - باغىرلىرىنى تاشلاپ تاغدەك دۆۋىلىۋەتتى، ئۇ يەرگە ئولاشقان غانجۇ ئىتلار بىلەن شۇنداق تالىشىپ كەتتىكى، ئادەمنىڭ زادى ئەقلى يەتمەيتتى. ئاخىر ئىتلارنىڭ قۇلاق، كومشا، پۇتلىرى يارىلىنىپ ۋاڭشىپ كەتتى، ئۆلۈكلەر ئىتلارنى ئىت بولغىنىغا تويدۇرۇۋەتتى. ئۇلار ۋاڭشىپ - چىرقىرىشىپ، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى. «ئۆلۈك دېگەن ئەجەب تالىشىدىكەن» دەيتتى ئۇ. ئىتلار «مىڭ تۇۋا، ئۆلۈككىمۇ تېگەمدىغان» دەپ، ئادەمدەك سۆزلەپ، ناماقۇل بولۇپ يالۋۇرغىلى تۇردى. ئۆلۈكلەر ئۇلاردىن ھۆججەت ئېلىپ، ھەيدىۋەتتى. ئۇ «ئۆلۈكمۇ رەھىم -

شەپقەتنى بىلىدىكەن، يەنە كېلىپ ھەممىسى تونۇش ئادەملەر-
كەن. بۇلار قاچان ئۆلگەن بولغىيتتى» دەپ ئويلىدى.
ئىرماش - چىرماش تەتۈر خىياللار قاسىم بايۋەچچىنى قاتتىق
ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ئۇ ئۆزىنى يەرشارىدىكى ئەڭ ئاخىر-
قى ئادەمدەك سېزىپ، بىچارىلىك ھېس قىلدى. «ھەممە ئادەم
ئۆلۈپ كەتمىگەندۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا، ئۇلار نېمە
سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتتىكىنە؟» ئۇنىڭ كاللىسى گاراڭ بولۇپ
كېتىۋاتاتتى. ئۇ شۇلارنى قانچىلىك ئويلىغانلىقىنى ئەسلا
بىلمەيتتى. ئۇك مۇشتتۇمى بىلەن كاللىسىنى ۋاق - ۋاق ئۇرۇپ
كەتتى. ئۇنىڭ ھالىنى كۆرگەن ئۆلۈكلەرنىڭ خۇيى تۇتتى بولغاي:
«توختا ھەي، ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقان چىدىماس! چوشقىغا يالىغاچ
مىنىۋېلىپ كۆرەگلەۋاتامسەن، پاسىق شەھۋەتپەرەس. بۇ لەقۋا
بايۋەچچە چوشقىغا مىنىۋالغاچقا ساق قاپتۇ- دە، نومۇس قىلماي
چوشقىغا يۆگەن سېلىۋالغانلىقىنى قارىمامدىغان. سەن بىزنىڭ
كۆزىمىزنى بوياپ چوشقىنى ئات كۆرسەتمەكچىمۇ؟ ئۇنداق ئاسان
ئىش يوق. بىز ئۆلگەندىكىن، نېمىنىڭ ئات، نېمىنىڭ چوشقا
ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلمەيدۇ دېمەكچىمۇسەن؟»
بۇ ئاۋاز ھەقىقەتەن تونۇش ئىدى، تونۇش بولغاندىمۇ
ناھايىتى تونۇش ئىدى. «ۋاي خۇدايىم، بۇ مەتئېلىغۇ!؟ ئۇ
نېمىشقا ئۆلۈپ كەتكەندۇ» دەپ ئويلاپ، قاسىم بايۋەچچىنىڭ
يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كەتتى. ئۇ نېمىدىندۇر چۆچۈمەكچى
بولۇۋېدى، ئۆلۈكلەر ھەرگىز پۇرسەت بەرمىدى. مەتئېلى ئۆلۈكلەر-
نىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا مەيدىسىنى كېرىپ: «سەن بىزنى ئۆي -
ماكانىمىزدىن، خوتۇن - باللىرىمىزدىن ئايرىپ، ئەمدى مۇرادىڭغا
يەتتىڭمۇ؟!» دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇ مىنىۋالغان مەخلۇق تىزگىنى-
نىڭ كۈچەپ تارتىلىشىغا بوي بەرمەي، جىم تۇرماي پىرقىرايت-
تى. ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدا خوتۇن خەقلەرمۇ كۆپ ئىدى. بارلىق

ئۆلۈكلەر: «قېنى سەن تەگرى؟ بىزنىڭ تىرىكلەر ئۈستىدىن قىلىنىدىغان شىكايىتىمىز بار» دەپ مۇراجىئەت قىلىشىدى، نەچچە قات پەردە ئىچىگە ئورالغان مەلۇم رەگدە بىر نۇر شۇنداق سۇرلۇك ھەيۋە بىلەن جاھاننى تەۋرىتىپ، 10 گەز ئېگىزلىكتە غايىبتىن پەيدا بولدى، ئۆلۈكلەر لاغ - لاغ تىترىدى.

قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆزلىرى ھېچنېمىنى كۆرمىدى، ئاستىدىكى مەخلۇق چىرقىراپ يۈكۈندى. ئۆلۈكلەر تاۋۇش چىقىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مىدىر - سىدىر قىلالمىدى، قانچىلىك تۇرغانلىقىنى كىممۇ ئېيتىپ بېرەلىسۇن؟ قات - قات پەردە ئىچىگە ئورالغان نۇر يەنە غايىب بولدى، ئۆلۈكلەر تۇيۇقسىز جانلاندى. «تىرىكلەرنىڭ ھەممىسى گۇناھقا پاتتى. قارا، ئاۋۇ ئامالسىزلىقتىن ئۆزىنى ئۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كاچىتىغا ئۇرغاندىكىن، قوۋم - قېرىنداشلىرىنىمۇ ئۇرىدۇ، رەھىمسىزلىكى چىقىپ تۇرمامدۇ بۇ ئەبلەخنىڭ. ئۆلۈكنى ئەلا بىلمىگەن توخۇ يۈرەكلەر مەڭگۈ ئۆزىنى ئۇرىدۇ، ئۇنىڭ قارشىلىق كۈچى بولمايدۇ، قارشىلىق كۈچى بولمىدىمۇ، مەۋجۇتلۇقى ئەسلا بولمايدۇ. ئۆزىنى باققان تۇپراققا، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغان سۇغا بىر ئۆمۈر ئاسىيلىق قىلىپ ئۆتىدۇ. ئۆزىنى سۆيمىگەن مۇنداق ئالا كۆڭۈل ئادىمىي ھايۋانلار قورققانلىقتىن چوشقا تۈگۈل قويغىمۇ، ئۆچكىگىمۇ يۈگەن سېلىپ مىنىدۇ. كېيىدىغان كىيىمىنىمۇ ئۇنتۇپ، ھايا - ئەخلاقسىز بولۇپ كېتىدۇ» دېيىشتى.

قاسىم بايۋەچچىنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. ئۇنىڭغا ئەڭ ئېزا بولۇۋاتقىنى مىنىۋالغان ئېتىنىڭ ئۆلۈكلەرنىڭ كۆزىگە چوشقا كۆرۈنگەنلىكى، يۈرىكىنىڭ ئاغرىۋاتقىنى، ئۆلۈكلەرنىڭ ئالدىدا ئىزاغا قالغانلىقى. ئۇ «رەبھانەم نېمىشقا كىيىم كىيىۋېلىڭ دېمىگەندۇ» دەپ ئاغرىندى. «بۇ ئۆلۈمگە يارىمىغان لەقۋانى دارغا ئاسىلى،— دەپ ۋارقىرىدى ئۆلۈكلەر. ئۇلارنىڭ

ھەممىسى تونۇش، ئەڭ كۆپ سۆزلەۋاتقىنى ئۆزىنىڭ خوجىدارى مەتئېلى ئىدى،— شۇنداق، ئۇنى قاچۇرۇپ قويمايلى، تۇتۇڭلار!»

قاسىم بايۋەچچە كۆڭلىدە «ئەمدى ئىش چاتاق بولدى» دەپ، ئېتىنى بېقىنلىدى، ئات قانات چىقىرىپ ئۇچتى. ئۇ بۇلۇتلاردىن ئېگىزدە ئۇچتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ۋەتىنى شۇنچىلىك گۈزەل كۆرۈندى، قەلبىدىن سۆيۈندى. كەينىدىن كېلىۋاتقان بىر تاۋۇش ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىردى. ئارقىسىغا بېشىنى بۇراپ قارىۋىدى، ئۇرايىم ھاجىم بىر كالىغا مىنىپ كېلىۋاتاتتى. «ھوي بايۋەچچە بۇنچە ئالدىراپ نەگە؟— دەپ توۋلىدى. ئۇ ئۇرايىم ھاجىمنىڭ ئاۋازىدىن شۈبھىلىنىپ قالدى. تۇرقى شۇ بولسىمۇ ئاۋازى ئوخشىمايتتى،— ئەجەب چوشقىغا قىپيالىڭاچ مىنىۋاپسىزغۇ؟— ئۇ بەك ئىزا تارتتى. ئۇرايىم ھاجىم ئۇنىڭغا يېقىنلاپ قالغان ئىدى،— ماۋۇ كىيىمنى كىيىۋېلىڭ،— ئۇرايىم ھاجىم قولىدىكى بىر بوغچىنى كۆرسەتتى».

قاسىم بايۋەچچە ئۇرايىم ھاجىمغا گەپ قىلاي دېسە، ئۇنى چىقمىدى. ئۇرايىم ھاجىمنىڭ كالىنى يۇگەنلەپ مىنىۋالغانلىقىدىن كۈلكىسى قىستىغان بولسىمۇ كۈلەلمىدى. «مەن ئاتقا مىنسەم، ئۇرايىم ھاجىمنىڭ چوشقىغا مىنىۋاپتىلا دېگىنى نېمىسى؟ چوشقا دېگەنىنىڭمۇ مۇشۇنداق قويۇق يايلىسى بولامدۇ؟» دەپ كوتۇلدىدى. ئۇ شۇنداق تەرلىگەن ئىدىكى بېشىدىن چېلەكلەپ سۇ قۇيۇلۇپ تۇراتتى. «توختاڭ بايۋەچچە، ماۋۇ ئېگىنىڭىزنى كىيىۋېلىڭ» دەپ ۋارقىرايتتى ئۇرايىم ھاجىم. ئۇ «نېمە ئىش بۇ» دەپ كاللىسى زادىلا ئىشلىمەي قالدى، يەرگە توككىدە سەكرەپ، زوڭزىيىپ قالدى. كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان تۆت كوچا دوقمۇشىدا ئۆزىنى كۆردى. قىپيالىڭاچ بەدىنىنى نېمە بىلەن توسۇشنى بىلەلمەي، بىرھازا يۈزىنى چاڭگاللىۋېلىپ تۇردى.

ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق، ئۆز غېمىدە دوقمۇشتىن ئۆتۈپ كېتىشىپ باراتتى، ئۇلار ناھايىتى تونۇش بىلىندى. قاسىم بايۋەچچە نومۇستىن يېرىلىپ كېتەي دېسىمۇ، ماجالى قالمىغان ئىدى. بېشىغا قارا دۇخاۋىلىق كەمچەت تۇماق كىيگەن كۇچا تەرتىپىنى ساقلىغۇچىلارنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق، يۈزىنى ئېچىۋالغان ئاياللارنى قامچىلاپ: «يۈزۈڭنى ياپ، ھاياسىز» دېيىشەتتى. ئۇ «تازا قامچا يەيدىغان بولدۇم،— دەپ كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالدى، كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى،— مانا، قامچا تېگىدىغان بولدى، ۋايجان، مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار، ۋاي ئىسىت!» دەپ ۋارقىردى. لېكىن، ۋارقىراشلىرى ئورۇنسىز چىقتى، ئۇنىڭغا ھېچنېمە تەگمىدى.

قاسىم بايۋەچچە ئادەملەر ئارىسىدا تېنەپ-تەمتىرەپ يۈردى. ئادەم يوق بىر يەرنى تېپىپ پاناھلانغۇسى كەلدى، ھەممە يەرگە دوقۇرۇندى. بۇ شەھەر، بۇ كوچىلار ئۇنىڭغا خېلىلا تونۇش ئىدى، قايما خالتا كوچىلارغا كىرسىمۇ لىقلا ئادەم. ئارغامچىدەك تولغىنىپ سوزۇلغان سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. دورغا-چىرىكلەر ھەممە ئادەمنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ سېپىل دەرۋازىسىدىن ئۆتكۈزەتتى، ئۇ «ئەمدى تازا ساۋىدايدىغان بولدى» دەپ مېڭىشتىن توختىدى. ئادەملەرنىڭ چىراي-تۇرقى، ئاغزى-بۇرنىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇ كەينىگە قارىۋېدى، بىر توقاي جۇۋانلار كۈلۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھاجىنىسا سەتەڭ قاش-كىرپىكلىرىنى ئېتىپ، تولغاپ، پاراڭ سېلىپ، باشقىلارنى كۈلدۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بەك ئۇيالدى، «مۇنداق ھالەتتە كۆرۈنگەندىن ئۆلگەن ياخشى ئەمەسمۇ» دەپ غودۇرىدى. ئۇ ماڭسىمۇ بولمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. «يالىڭاچ ئۆلۈپ قالسام، ئىنسابى بار ئادەملەر ئۇچرىسا، ئالتە مېتىر داكىنى ئۈستۈمگە يېپىپ كۆمۈپ قوياتتى، ۋاي ئىسىت» دەپ تەۋەككۈل

قىلىپ، دورغا - چىرىكلەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. دورغا - چىرىكلار ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇ ئىشلارغا ئۇنىڭ زادىمۇ ئەقلى يەتمەيتتى.

قاسىم بايۋەچچە شۇنداق ئۇسسىغان ئىدى، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ نەپسى تاقىلداپ كەتكەنلىكتىن، تازا ئىچكۈسى كېلىپ، دوم يېتىپ سۇنى يۇۋۇلەپ، ئىشتىها بىلەن ئىچمەكچى بولۇۋېدى، سۇنىڭ رەڭگى قىپقىزىل كۆرۈندى- دە، چۆچۈپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى قولىنىڭ دۈمبىسىدە ئۇۋۇلاپ، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە تازا بىر قارىدى. دەريادا ئېقىۋاتقىنى سۇ ئەمەس، راستلا قان ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ، بوغىنىقىپ كەتتى. بىر خىل سېسىق پۇراق بۇرنىدىن كىرىپ، كىندىكىگە بېرىپ توختىدى. ئۇ دەريا لېۋىدە يىلانىدەك ئۇياقتىن - بۇياققا تولغىناتتى، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان قانلار ئەقىل توچكىسىغا قاپلىشىۋالغان ئىدى. قاسىم بايۋەچچە قاتتىق قىينىلىپ ۋايجانلايتتى، ھېلىلا جېنى تۇمشۇقىدىن غىققىدا چىقىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ ئازراق ئەسلىگە كەلگەندە، ئۆلۈپ كەتمىگەنلىكىدىن ئازابلاندى، دەرياغا قارىمايمەن دېسىمۇ يەنە قاراپ قالدى. دەريادا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقىنى قان ئىدى. ئۇنىڭ كۆرگىنى يەنىلا قان بولدى، مېڭىسىنىڭ قۇرۇپ قالغانلىقىغا ئىشىنىپ قالدى. دەريادا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان قاندىن كۆزىنى زادىلا ئۈزەلمىدى.

«ئەمدى قېنىمىزنى ئىچمەكچىمۇ؟ سەندەكلەر قۇربان بولغانلارنىڭ قېنىنى ئىچىش بەدىلىگە تىرىك قېلىشتىڭ. سېنىڭ ئۇسسۇز-لۇقۇڭنى پەقەت قانلىرىمىز قاندۇرىدۇ،— بۇ ئاۋازنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇ پەرق ئېتەلمەي، تېپىك يېگەندەك پىرقىراپ كەتتى،— قېنىمىزنى ئىچ، مەلئۇن، مۇناپىق!»

بۇ سۆز قاسىم بايۋەچچىگە قاتتىق ھار كەلدى. «نەدىن كېلىۋاتقان ئاۋاز بۇ» دەپ ئۆندەرەپ كەتتى، قۇلىقىنى ئېتىۋال-دى. «ۋاي داد، بۇ نېمە كۆرگۈلۈك؟» دەپ تۇۋلىدى، ئاۋازى تېشىغا تەپمىدى. ئۇ ئۇياق - بۇياققا ئالاق - جالاق بولۇپ قارىدى. «بۇ مۇمكىن ئەمەس، ياق - ياق» دېگۈسى، ۋارقىرىغۇسى كەلدى،لېكىن قۇربى - ماجالى يەتمەي قالدى. ئۇ يەنە دەرياغا قارىدى. دەريادا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان قانلار راستلا ۋاچىر - ۋۇچۇر سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى زادىلا ئاڭقىرالماي قالدى. ئۇنىڭ باياتىندىن بېرى ئۇسساپ، كالپۇكلىرى چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەن تەشنالىقلىرى غايىب بولغان ئىدى، كۆڭلى قارا ئۇغۇلىشىپ، ئارقىسىغا تىكلا چۈشتى، ھېچ يېرى ئاغرىمىدى. ئۇنىڭ سېزىمىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى. قاسىم بايۋەچچە يىقىلغان جايدا قانچىلىك ياتقانلىقىنى ھەرگىز ئەسلىيەلمىدى، ئاخىر جېنىنىڭ تېخى بارلىقىنى سېزىپ مىدىرلىدى.

دەريا تاشقىن ياساپ گۈركىرەپ ئاقاتتى. قىرغاقلارغا ئۇرۇل-غان قانلار قوينىنىڭ جىگىرىدەك بولۇپ، قىرغاقلاردا ئۇيۇپ قېلىۋاتاتتى. قاسىم بايۋەچچە «يەنە يېتىۋەرسەم، قان نۆكچىلى-رىنىڭ ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالىمەن» دېدى- دە، ئورنىدىن لەسسى-دە تۇردى. دەريا بويىدىن ھەمىدەپ - ھۆمىدەپ قېچىپ، دەرياغا يېقىن كوچىغا چىقىۋالدى. كوچىدىكى ئادەملەر پاتىپاراقچىلىقتا قالغان ئىدى. بىر توپ ئادەم گۇر ئۇياققا - گۇر بۇياققا يۈگۈرۈپ، ئېچىنىشلىق ناللەرنى پەلەككە يەتكۈزۈپ چىرقىراپ، ۋارقىراپ قاقشايتتى. «ۋاي ئىست، سېپىلنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋېتىپتۇ. بىگۇناھ ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇق» دېگەن ئاۋازلار خېلىلا ئاۋۇپ، ساراسىمىنى ئەۋجىگە چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسى سەگەكلىشىپ قېلىۋاتاتتى. «نېمىدىن مۇنچىلىك قورقۇپ قېچى-شىدىغاندۇ، قانداق چاپقۇنغا گىرىپتار بولۇشتىكىن» دېگەننى

خىيال قىلدى. ئادەملەر خۇددى ئۇچۇق تەگكەندەك تۇرۇپلا دالـ ـىيىپ، كۆز چاناقلىرىدىن قان ئېتىلىپ جان بەرگىلى تۇرۇشتى. ئۇ هـاڭۋېقىپ، كاللىسىدا قورقۇش، ئەنسىرەش ئۇيۇپ قالـدى. ئۇ چەت - بۇ چەتتە ئۆلۈكلەر دۆۋىلىنىپ كەتتى. قاسىم بايۋەچچە تەرلىگەندەك بولۇپ، يۈز - كۆزىنى قولى بىلەن سۈرتۈۋېدى، ئېغىز- بۇرنىدىن مونەك - مونەك قان تۆكۈلۈپ، چاڭگىلىغا چۈشتى. «مەن ئۆلىدىغان بولدۇم، هەي ئۆلۈكۈمنى ئىتلار يەپ كېتىدىـ ـغان بولدى» دەپ، ئەنسىرىدى. يولدا ئۆلۈكلەرنىڭ مونەك- مونەك قانلىرى ئەگىز ياساپ دەرياغا قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ «چاڭگىلىمدىكى بۇ قانلارنى تاشلىۋېتەي، ئۇمۇ دەرياغا ئېقىپ چۈشسۇن، تىرىكلىك دەۋايىم تۈگەر» دەپ ئويلىدى.

شۇ ئەسنادا سېرىق تۈكلۈك، چېقىر كۆز، ياتلا فورما كىيىۋالـ ـغانلار ئۆلۈكلەرنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ ئوت قويغىلى تۇردى. بۇنى كۆرۈپ قاسىم بايۋەچچە «هېچبولمىغاندا مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ يوسۇنىنى قىلىپ يۇيۇپ - تاراپ يەرلىككە قويۇش كېرەك ئىدىغۇ» دەپ ئويلاپ، ئازابتىن تولغىنىپ كەتتى، غەزەپلەندى. سېرىق تۈكلۈك، چېقىر كۆزلەرنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشتى بولغاي، بىرنېـ ـمىلەرنى دەپ ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ، ئۇنى مۇهاسىرە چەمبەـ ـرىكىگە ئالـدى. «كۆيـدۈرۈۋېتىش كېرەك. قېچىپ كەتمىسۇن، دەرهال ئىجرا قىلىڭلار» دېگەن تونۇش بىر ئاۋاز قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى، «بۇ كىمنىڭ ئاۋازىدۇ؟». شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ چۆرىسىگە تاغدەك ئوتـۇن دۆۋىلىنىپ بولـدى، بەدىنى قىزىپ ئېچىشىشقا باشلىدى. ئۇ ۋايجانلىغىلى تۇردى، جان شۇنچىلىك تاتلىق بىلىنىپ كەتتى، ئۆزىنى قەپەس ئىچىگە سولىنىپ قالغان قاپلاندەك، گاه ئۇ ياققا ئۇرسا - گاه بۇ ياققا ئۇرۇپ يۇلقۇناتتى. ئۇ «كۆيۈپ كېتىدىغان بولدۇم» دەپ ۋارقىرىۋېدى، ئاۋازى زېمىننى تىترىتىۋەتتى. ئاسماندىكى قارا بۇلۇتلار شارىلداپ يامغۇر تۆكۈ-

ۋەتتى. پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان زور ئوت لاپپىدە ئۆچۈپ قالدى. ئۇ ھۆڭگىرەك ئىيتىپ يىغلاپ كەتتى...

— بايۋەچچە، بايۋەچچە، ئويغىنىڭ.

قاسىم بايۋەچچە ياتقان يېرىدىن ئۆندەرەپ قوپۇپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەزايى چىلىق - چىلىق قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەن، تەر تەپتىدىن پېشانىسىدىن ھور كۆتۈرۈلگەن ئىدى.

— نېمە بولدىڭىز، قارا باسقان ئوخشىمامدۇ؟

قاسىم بايۋەچچە باياتىننىڭياقى كۆرگەنلىرىنىڭ چۈش ئىكەنلىكىگە چىنپۈتمەي، يېنىدا ئولتۇرغان رەبھانەمگە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ قالدى، بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ ئېسىگە كەلدى.

— مېنى قارا بېسىپتۇ.

قاسىم بايۋەچچە ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار كۆزگە غۇۋا چېلىقاتتى. ئۇ رەبھانەمگە سۇ تەگشتىپ، تاھارەت ئېلىپ، ئۇخلاپ قارا باسقان ئورۇنغا جايناماز سېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن ئۇخلايدىغان ئادىتىنى ئۇنتۇپ، سەھەردىلا تالاغا چىقىپ، نىشانسىز مېڭىپ يۈردى. رەبھانەم «ناشتا قىلىپ مېڭىڭ» دېمەكچى بولدىيۇ، ئېغىز ئاچالمىدى.

قاسىم باياۋەچچە كۆن چۈش بولغۇچە، كوچا شەھرىنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىدە سۈرلۈك ۋەھىمە تېخىچە ھۆكۈمرانلىقىنى بوشاتمىدى، يولدا تۈز كېتىۋېتىپ، چۆچۈپ ئۇيان - بۇيانغا قاراپ قوياتتى، بىرھازا توختىۋېلىپ، «ئۇھ» دەپ يەنە ماڭاتتى. ئۇ كېچىچە كۆرگەن چۈشنى ئەسلىمەي دېسىمۇ، ئامال تاپالمايتتى، يۈرىكىگە قوقاس سەپكەندەك ۋىژ - ۋىژ ئېچىشاتتى؛ گەجگىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسى گىژىلدىغاندەك ئاۋاز چىقىرىپ، بويۇنلىرىنى ئۇيان - بۇيان

تولغاپ قويدى. قاسىم بايۋەچچە مۇشۇ ياشقىچە قىلغان ئىشلىرىنى قەلب دۇنياسىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ، يەنە نىمە ئۈچۈن مۇنداق ئويلاپ قالغانلىقىنى زادىلا ئاڭقىرالمىدى. «يولدىن ئۆتكەنلەرگە سالام قىلدىممۇ - قىلمىدىممۇ،— دەپ ئويلىدى ئۇ،— زادى نىمە بولدۇم» دەپ ۋارقىرىغۇسى كەلدى. ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ، ئۆز تىنىقى ئۆزىگە يات تۇيۇلدى، بېشىنى يەرگە سېلىپ، گۈس - گۈس دەسسەپ ماڭدى، بەدىنىنى سىيلىغۇسى كەلدى. ئۇ «شۈكۈر» دېۋىدى، چىرايىدىن قىپقىزىل بىر ئوت سۈزۈك بوشلۇققا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

قاسىم بايۋەچچە ھەرقانچە قىلسىمۇ، ئاخشام كۆرگەن چۈشىدىن بىرقەدەممۇ نېرى بولالماي، كۈسەن دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمىدى. شار - شار ئاۋاز چىقىرىپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا كىرگەندە، ئۇ قاتتىق ئەندىكىپ، كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. ئۆركەشلەپ، تولغىنىپ، ئەركىلەپ ئېقىۋاتقان كۈسەن دەرياسىغا قاراپ كۆزىنى يۇمۇپ، «خۇدا، خۇدا... قىلغان گۇناھىم بولسا مەغپىرەت قىلىۋەت، ئاھ خۇدا!» دەپ توختىماي زىكىر قىلدى. ئۇنىڭ ئاھۇزارى تازا ئۆرلەي دېگەندە ئۆزىنى بېسىۋالدى، كۆزىنى ئاچقۇسى يوق ئىدىيۇ، تۇيۇقسىز كۆزىنى ئاچتى، دەريانىڭ ئېقىنىغا ئىنچىكىلىك بىلەن زەن سالدى. جانغا ئارام بەخش ئەتكۈچى سۈپسۈزۈك سۇ قىرغاقلارغا ياقۇت مارجانلىرىنى چاچرىتىپ ئالدىراش ئېقىۋاتاتتى. ئۇ «ئاخشام كۆرگەنلىرىم مەڭگۈ چۈش بولسۇن، ئىلاھىم» دەپ ياقىسىنى تۇتتى. دەريا گىرۋىكىگە بېرىپ، ئوچۇملاپ سۇ ئېلىپ ئۇسسۇزلۇقىنى راسا قاندۇردى. مۇزدەك دەريا سۈيى ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغان تومۇرلىرىنى ئويغىتىپ، ئاجايىپ لەززەت - ھۇزۇر بېغىشلىدى، ئۇسسۇزلۇقى قانغاندىن كېيىن، يۈزىنى مۇزدەك سۇدا تازا يۇدى، «غار - غار» قىلىپ

ئاغزىنى چايقاپ، يانچۇقىغا قول سېلىۋېدى، لۆڭگە يوق چىقتى. ئەنجان بەلۋېغىنى يېشىپ، يۈز - كۆزلىرىنى ئېرتىپ، ئەتراپقا لاچىنىدەك قاراپ، دەريا بويىدىن مېڭىپ كەتتى...

قاسىم بايۋەچچە ئۆيىگە كىرگەندە پېشىن بولغان ئىدى. رەبھانەم چۈشلۈك غىزانى تەييارلاپ، ئۇرايىم ھاجىم بىلەن مەتئېلى ئىككىسى ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— قاسىماخۇن، نەگە باردىڭىز؟ ئەجەب ئەنسىرەتتىڭىز جۇمۇ ئادەمنى،— ئۇرايىم ھاجىم قاسىم بايۋەچچىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، مەتئېلى بىلەن رەبھانەمگە قاراپ باش لىڭشىتىپ قويۇپ گېپىنى توختاتتى.

— ھاجىكا، مەتئېلى كەلدىڭلارمۇ؟— قاسىم بايۋەچچە ئۇ ئىككىسىگە خۇشياقمىغاندەك گەپ قىلىپ، ئۇدۇل ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى. رەبھانەمنىڭ زەپىران بولۇپ كەتكەن چىرايىغا ئارراق قان يۈگۈردى. قاسىم بايۋەچچە ھاجەتخانىدىن چىققۇچە، ئۇرايىم ھاجىم بىلەن مەتئېلىنىڭ ئولتۇرماي تىك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئولتۇرماپسىلەرغۇ، ئولتۇرۇڭلار،— دەپ، رەبھانەمنىڭ قولىدىن لۆڭگىنى ئېلىپ قولىنى سۈرتتى.

— ئۆزىڭىزمۇ كېلىڭ، تەڭ ئولتۇرايلى،— دېدى ئۇرايىم ھاجىم. ئۇلار پېشايۋانغا راسلانغان داستىخانغا ئولتۇرۇشتى،— نېمە بولدىڭىز، كەيپىڭىز تازا ياخشى ئەمەسقۇ قاسىماخۇن؟

— ئۇنداق ئەمەس ھاجىكا، مانا بىر ئوبدان تۇرمامدىم؟

— كۆڭلىڭىزدىكىنى يوشۇرماڭ ئۇكام، قانداق دەردىڭىز بولسا ئېيتىمامسىز، ئاڭلاپ باقايلى.

— يوشۇرىدىغان نېمە بار دەيلا ھاجىكا، بۈگۈن مىجەزىم بۇزۇلۇپ قاپتۇ شۇ. كوچاغا كەلگەندىن بېرى يالغۇز ئايلىنىپ باقماپتىمەن، بۈگۈن ھارغۇچە مېڭىپ باقتىم.

— رەيھانەم بىزگە «قارا باستىمۇ، ۋارقىراپ بىر ئۇخلىمىدى» دېدى.
— خوتۇن خەق دېگەن ئەنسىز كېلىدۇ. يىگىننى قاراپ تۇرۇپ خا كۆرستىدۇ ئەمەسمۇ ھاجىكا. شۇنىڭغىمۇ چىنپۇتتىلىمۇ؟
— ئۇكام، بىزنى يات كۆرۈۋاتامسىزيا؟
— سىلىنى يات كۆرەمدىمەن؟
— يات كۆرمىسىڭىز ئېيتامسىز،— ئۇرايىم ھاجىم يامان يەردىن تۇتقان ئىدى.
قاسىم بايۋەچچە ئېيتىپ بەرمىسە قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئازراق جىم بولۇپ ئېغىر ئۇھسىنىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئېسىنى ئالدى، ئاندىن ئۇرايىم ھاجىم بىلەن مەتئېلى ئىككىسىگە قاراپ:
— ئاخشام يامان چۈش كۆرۈپ قالدىم، قاتتىق قارا بېسىپتۇ،— دەپ ئۇنى ئېچىگە چۈشۈپ كەتتى،— تاماقنى يەپ بولۇپ ئاندىن سۆزلەپ بېرەي.
— يامان چۈش بولسا ئۈچ كۈنگىچە ئىنس - جىنغا تىنمىسىلا بايۋەچچە،— دەپ قىستۇرۇپ قويدى مەتئېلى.
ئۇلار رەيھانەم ئەتكەن پولۇنى يېيىشكە تۇتۇندى.

× × ×

ئۈچ كۈندىن كېيىن قاسىم بايۋەچچە كۆرگەن چۈشىنى ئۇرايىم ھاجىم بىلەن مەتئېلىگە زى - زەۋىرىگىچە سۆزلەپ بەردى. چۈش سۆزلەپ بولۇنغۇچە ئۇرايىم ھاجىم، مەتئېلى ۋە سۆزلەۋاتقان قاسىم بايۋەچچىمۇ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتتى. چۈشنى ئاڭلاپ بولۇپ، ھەممىسى تەڭلا جىمىپ قېلىشتى. نېمىدەپ تەبىر بېرىشنى بىلەلمەي، كاللىسى ئۇماچ بولۇپ كەتتى.

— قاسىماخۇن، قارا بېسىپتۇ ئۇكام، ئاخىر قۇتۇلۇپ چىقىپسىز، ھېچقانداق خەتەردىن بېشارەت يوقكەن، شۇنداققۇ مەتئېلى قارىي؟— دېدى ئۆرايىم ھاجىم جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— شۇنداق ھاجىكا، قارا بېسىپتۇ. ئىنساننى قارا بېسىپ تۇرىدىغان ئىش تولا. بۇنىڭغا ھودۇقۇپ كەتسىلە بولمايدۇ، بايۋەچچە،— مەتئېلى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا ئۇرۇندى. شۇنداقتىمۇ قاسىم بايۋەچچىنىڭ كەيپىياتى بىئارام ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساۋاتقانلىقىنى بىلىپ، تېخىمۇ ئالاقزادىچىلىككە چۆمدى.

— تاغنى يۇدۇۋالغۇدەك قۇدرىتىڭىز تۇرغۇپ تۇرسا، ئانچىكى بىر چۈشنى كۆرۈپ پۈكلىنىپ كەتكىنىڭىز نېمىسى؟ ئۇبدان بىر سەدىقە بېرەيلى، تۇل - خوتۇن - يېتىم ئوغۇللارنى راسا بىر تويدۇرايلى. قاسىماخۇن ھېچنېمە بولمايسىز، خاتىرجەم بولۇڭ.

— توغرا دېدىلە ھاجىكا، سەدىقە بېرەيلى، خانىقا ئېشى ئېتىپ، يېتىم - يېسىرلارنى راسا بىر تويدۇرايلى. مەتئېلى بۇ ئىشنى ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرسىلا.

— بولىدۇ، بايۋەچچەم.

— سىز جىم ئولتۇرۇڭ بايۋەچچە، مەن ئورۇنلاشتۇرىمەن.

— ياق، بولمايدۇ. بۇ ئىشنى ئۆز قولۇم بىلەن قىلىمەن،نەزىر-سەدىقە دېگەننى مەن ھايات تۇرسام، ئۆزلىرى ۋاكالىتەن بېجىرىپ قويسىلا خۇدا قوبۇل كۆرمەيدۇ، ھاجىكا.

— بولىدۇ، ئۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، مەن نېمە دەيتتىم، مەتئېلى بىلەن يۈگۈر- يېتىم ئىشلارغا يۈگۈرۈشۈپ بېرەي، بۇنىغۇ توسمايدىغانسىز؟

— يوقسۇ، ئۇنداق بولامدىغان.

ئۇلار شۇنداق پۈتۈشۈپ ئولتۇرۇۋېدى، دەرۋازا چېكىلدى. رەبھانەم دەرۋازىنى ئاچتى. ھاجىنسا سەتەڭ دەرۋازىدىن بېشىنى

تىقىپ ئۈچەيلەننى كۆرۈپ، رەيھانەمنىڭ ئۆيگە تەكلىپ قىلىشى-غىمۇ پەرۋا قىلماي، «بۆلەك كۈندە كېلەي» دەپ، كەينىگە ياندى. ئۇلار مەتئېلىگە قاراپ، قاقاقلاپ كۈلۈشتى، مەتئېلىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— ھاجىنىسا سەتەڭنىڭمۇ قورقۇدىغان ئادىمى باركەن، توۋا، — دەپ ئۇرايىم ھاجىم كۆزىدىن قويۇلغان ياشلار ئاپئاق ساقاللىرىغا قوناقتەك - قوناقتەك ئېقىپ چۈشكۈچە كۈلدى. رەيھانەم كۆڭلىنىڭ يېگى بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ پىخىلداپ كۈلدى. بايىقى كۆڭۈلسىزلىك بۇ كۈلكىنىڭ بىردەملىك قويۇنى ئىچىدە غايىب بولدى.

قاسىم بايۋەچچە بىرنەچچە كۈنگىچە يېتىم - يېسىرلارغا تەڭگە سەدىقە قىلدى. كوچىدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىغا نەچچە داشنى ئېسىپ، تۇل خوتۇن، ئىگە - چاقىسىز يېتىملەرگە ياما قاينىتىپ، ئۇلارنىڭ قاچا - كورىلىرىغا ئۆز قولى بىلەن ئۇسۇپ، يوقسۇللارنى بىر ھەپتە باقتى، بۇ ئىش كوچا دىيارىغا پۇر كەتتى. ھېچكىم بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلمىدى. قاسىم بايۋەچچە قاچا - كورىلارغا ياما ئۇسۇپ، بېلىكى تالمىدى. ئۇرايىم ھاجىم بىلەن مەتئېلىمۇ تولا يۈگۈرۈپ ھارمىدى.

قاسىم بايۋەچچە سەدىقە - نەزىر بېرىشنى تاماملاپ، بىر-نەچچە كۈن تالا - تۈزگىمۇ چىقماي، ئۆيىدە قارىي قۇرئانلارنى تۇۋۇلتىپ قۇرئان - تىلاۋەت قىلدۇردى، دەمدە قىلدۇرۇپ ئىچتى. رەيھانەم، ئۇرايىم ھاجىم، مەتئېلىلەرمۇ ھاردىم - تالدىم دېمەي، ئۇنىڭ غەمدىن خالىي بولۇشىغا ھەمدەم بولدى. ئىشلار شۇنداق داۋام قىلىپ ئاخىر ئاياغلاشتى. ئەمما، قاسىم بايۋەچچە چۈشىدىن قورقۇپ ياشاشقا ئۆگىنىپ قالدى، بۇ بويۇنتۇرۇقتىن قانچە قىلسىمۇ خالىي بولالمىدى. بۇنى ئۇرايىم ھاجىم سېزىپ تۇردى. ئۇ ئادەم كوچىدىكى مۇنەججىملەرنى سۈرۈشتۈرۈپ قېزىۋەت-

ـتى، ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا سۆزلىتىپ باقتى. ئۇ بۇنى دېسە، بۇ ئۇنى دەپ ئۇرايىم ھاجىمنىمۇ ساراڭ قىلىپ قويغىلى تاس قالدى...

كۈن چىقىپ ھايال ئۆتمىگەن پەيت. ئۇرايىم ھاجىم قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، چوڭ خانىقا مەسچىتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز بىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا پەيدا بولدى. ئۇرايىم ھاجىم زەن سېلىپ قارىۋىدى، ئۇ ئادەمنىڭ تەقى-تۇرقىدىن تەركىدۇنيالىقى چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە ئىشىڭ بار، دەرۋىش؟— دەپ ئاۋۋال سۆز ئاچتى ئۇرايىم ھاجىم يولنى توسۇپ تۇرغان تەركىدۇنياچى كىشىگە.

ئۆشنىسىدە ياماق چۈشمىگەن يېرى قالمىغان خۇرجۇن، بىر قولىدا ئەگرى ـ بۈگرى ھاسا تاياق، يەنە بىر قولىدا ساپال تاۋاق تۇتۇپ تۇرغان دەرۋىشنىڭ كۆزلىرى ئادەمنى سۈر باسقۇدەك دەرىجىدە ئېلىشاڭغۇ ئىدى. بۇرنى خېلىلا يوغان، قاشلىرى ئۆسكىلەڭ، ئۇستىخانلىرى ياش ۋاقتىدا ئۇچ يېرىم غۇلاچتىن كەم بولمىسا كېرەك، قەددى سەل ئېگىلىكلىك تۇراتتى.

— ئىشىم بار، ئامىتىڭگە قارىمىدىم، ئاپىتىڭگە يولۇقتۇم،— دەرۋىشنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ئۇرايىم ھاجىم ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ يانچۇقىدىن 3 — 4 تەڭگە ئېلىپ، ئۇنى رازى قىلىپ يولغا راۋان بولماقچى بولۇۋېدى، دەرۋىش،— كۈن جايىدا خاتىرجەم ئۇخلىمايدىغان بولدى،— دېدى.

ئۇنىڭ چۈشەنگىلى بولمايدىغان گەپلىرىگە ئۇرايىم ھاجىم نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

— دەرۋىش، ئېيتقىنا نەدىن كەلدىڭ؟— ئۇرايىم ھاجىم بۇ دەرۋىشنى تۇنجى كۆرۈشى ئىدى.

— تۇپراقتىن، ھاۋادىن، سۇدىن، ئوتتىن كەلدىم.

— ئۇنداقتا، مەندە نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟

— ئاۋۋال قورسىقىمنى تويدۇر.

— ماۋۇ پۇلنى ئال.

— يانچۇقۇم يوق، قورسىقىمنى تويدۇرساڭلا بولدى.

— كۆڭلۈم جايىدا ئەمەس، مۇشۇ پۇلغا خالىغان تاماقنى سېتىۋېلىپ يېسەڭ بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟

— قورسىقىم تويسىلا بولدى.

ئۇرايىم ھاجىمنىڭ خۇيى تۇتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— ئۇنداق قىلما، بۆلەك بىر كۈنى قورسىقىڭنى ئوبدان تاماق بىلەن تويدۇرۇپ قوياي، بۈگۈن ئاۋارە قىلما، — دېدى.

— ۋاقتىم يوق، بۈگۈنلا تويدۇرساڭ شۇ كۇپايە، — دەرۋىش پەرۋايى پەلەك، كەسكىن سۆزلەيتتى.

ئۇرايىم ھاجىم دەرۋىشنى رەنجىتىشنى خالىمىدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئاڭلىغان «بىرىنچىسى ئاجىزلارنىڭ، ئىككىنچىسى ئىگە ـ چاقىسىز باللارنىڭ، ئۈچىنچىسى ياشانغان بوۋايلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمە. ئۇلار ئالدىڭغا ھاجەتمەن بولۇپ كەلسە، ھەرگىزمۇ قۇرۇق قول قايتۇرما. بەزى ۋاقىتلاردا خىزىر ئاشۇلارنىڭ سىياقىغا كىرىپ ئادەملەرنى سىنايدۇ. ئۇلارنى رەنجىتىپ قويساڭ بىر ئۆمۈر پۇشايماندا قالىسەن» دېگەن گەپ يادىدىن كەچتى.

— ھەي باي، ساڭا مەن ھاجەتمەن ئەمەس، سەن ماڭا ھاجەتمەن، يەنە نېمىگە ئىككىلىنىسەن؟

دەرۋىشنىڭ گېپى ئۇرايىم ھاجىمنىڭ ئەقلىنى مۇزلىتىپ قويدى. ئۇ دەرۋىشنى خالىي يەردە مېھمان قىلىشنى كۆڭلىدىن لەپپىدە ئۆتكۈزدى.

— مېنى دوستۇڭنىڭ ئۆيىگە ئاپار، شۇ يەردە ياخشى غىزا بار.

ئۇرايىم ھاجىم تېخىمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلدى.

— بولىدۇ ئەمىسە، مەرھەمەت.

دەرۋىشنىڭ ئۈستىدە كۇلا ـ جەندە، پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ

بولۇپ، تاپانلىرى يېرىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى يەردىن ئۈزۈلۈپ يەرگە تەگكەندە، يەردىن زىڭ-زىڭ ئاۋاز چىقاتتى. ئۇنىڭ پۇتىدىن قولىنىڭ پەرقلىق ئۇزۇنلۇقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قورۇق بېسىپ كەتكەن پېشانىسى نېمە ئۈچۈندۇر ۋىل-ۋىل نۇر چىقىرىپ تۇراتتى. ئۇرايىم ھاجىم دەرۋىشنى ئۇدۇل قاسىم بايۋەچچىنىڭ تۇرالغۇسىغا باشلاپ ماڭدى، يول بويى بۇ دەرۋىش توغرىسىدا ئويلىدى. «خىزىرمىدۇ بۇ؟ ئادەم نېمىنى ئويلىسا، ئۇ قانداق بىلىدۇ؟ توۋا، مۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر چۈشمەيدۇ، ئەمما مۆجىزە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، دېگەنلەر بىكار ئېيتىلماپتىكەن. قاسىم بايۋەچچىنىڭ چۈشى يامان تەرەپكە سۈرۈلىدىغان بولسا، راستىنى دېيۋېتەرمۇ؟ ئاپلا، بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى-دە، سۆزلىمەكچى بولۇۋېدى، دەرۋىش:

— گۇمان ئىمانىنى يوقىتىدۇ. سىلىنىڭ بەللىرى ئېگىلمەي كەلگەن تۇرۇپ، ھودۇقۇپ نېمە كەپتۇ ھاجىم. ھەممە ئىش ئۆزىدە، يۈزىدە، ئېسىل پەزىلەت ئىنسانىنىڭ كۆزىدە. بۇ دۇنيادا كۆرمەكچى بولغانىنى كۆرگۈلۈك، تارتقۇلۇق، ئاخىرەتكە ھەر كىشى بار دەسمايە بىلەن بارغۇلۇق. ھەركىم تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالماس، زەربىدىن قورققان ئەر سانالماس،— دەپ ئۇرايىم ھاجىمىنىڭ كۆزىگە تىكىلىۋېدى، ئۇنىڭ كۆزىدىكى چۇقانىي نۇردىن ئۇرايىم ھاجىم تەمتىرەپ ئېغىز يېرىشقا پېتىنالمىدى. «توۋا، مېنىڭ ئىسمىمنى قانداق بىلگەندۇ، دېمەكچى بولغىنىمنىچۇ؟ سۆزىنىڭ ئۇرۇقى نېمىدېگەن كۈچلۈك» دېگەنلەر ئۇنىڭ كاللىسىدىن شاپىپىدا ئۆتۈپ، يەنە ئويلىنىشتىن قورقۇپ قالدى.

بۇ ئىككىيلەن قاسىم بايۋەچچىنىڭ ئۆيىگە كەلدى، دەرۋازىدىن سالام بىلەن كىرىپ داستىخانغا ئورۇنلاشتى. رەيھانەم قاسىم بايۋەچچىنىڭ ئەتىگەنلىك ناشتىسى ئۈچۈن ھەر خىل

تائاملارنى ئېتىپ داستىخانغا تىزىپ قويغان ئىدى. بىچارە مەزلۇم خالىغانلىرىنى يېسىلە دېگەندەك ھەر ۋاخلىقىغا 10 نەچچە خىل تائام ھازىرلايتتى. قاسىم بايۋەچچە ئۇرايىم ھاجىم بىلەن دەرۋىشنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇرايىم ھاجىمنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قارىۋىدى، ئۇ مۇرىسىنى قىسىپ قويدى. دەرۋىش تەكەللۇپسىز ھالدا داستىخاندىكى بارلىق غىزانى ھاپىلا - شاپىلا پاك - پاكىز سوقۇۋېتىپ، سوغۇق سۇ بۇيرۇتۇپ، قانغۇدەك بىر ئىچتى. ئۇرايىم ھاجىم بىلەن قاسىم بايۋەچچە دەرۋىشنىڭ غىزا يېگىنىگە قاراپ ئۈنچىقماي ئولتۇرۇشتى، ئۇنىڭدىكى ئىشتىھادىن ھەيران قالدى. دەرۋىش سوغۇق سۇنى ئىچىپ بولۇپ، يېگى بىلەن ئاغزىنى ئېرتىپ «ھە، خوش» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئۇنىڭ دۇئاسى تاماق يېيىشىدەكلا تېز بولدى، قولىنى كۆتۈرۈپ، يۈزىنى سىيلاپ قويدى، خالاس. ئۇرايىم ھاجىملارمۇ دۇئاغا ئاران ئۈلگۈردى. ئۇرايىم ھاجىم گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي تۇرۇۋىدى، دەرۋىش ئۇرايىم ھاجىمنى غەمدىن خالاس قىلدى.

— ئادەم تۇپ مەنىسىدىن ئازغۇچى دېگەن سۆز، خالاس. شۇڭا ئۇ، رىئاللىقا شۈكۈر - قانائەت قىلمايدۇ. ئادەمنىڭ تېنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە مۇجەسسەملەنگەندەك تۇرغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن - نۇرغۇن كىچىك پارچىلانغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر پارچىلانغان قىسمى مەۋجۇتلۇقتىكى ھەربىر ئىشقا مەنسۇپ. ئۇ ئۆزىنى نوقۇل مەن مۇشۇ كەسىپنىڭ، مۇشۇ ئىشنىڭ تەرەپدارى دېۋالماسلىقى كېرەك. پارچىلانغان ئاشۇ كىچىك بۆلەكلەر بىر كۈن - بىر كۈندىن ئۆز مەۋقەسى تەرەپكە خىزمەت قىلىدۇ. كاللا بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلىگەندىلا، ئاندىن مەسىلىلەرگە ئورتاق قاراشتا قارىغىلى بولىدۇ. ئادەم 100 ياشقا كىرگۈچە تۈمەن خىل شەكىلگە كىرىدۇ. بۇنى ئۇ بايقىيالىغان بولسا، ھەرگىز «مەن دېگەن مەن بولىمەن» دېيەلمەيدىغان بولاتتى. ئۇنى

بايقىيالمىغانلىقى چوڭ گۇناھلاردىن خالىي قىلىدۇ، ئۆزگىرىش ناھايىتى تېز بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ تېزلىكتە. تېزلىكنى كىم كونترول قىلىپ باققان؟ بۇ مەڭگۇ ئاقمايدىغان، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارزۇ. ئۆلۈۋالغۇسى، خان بولغۇسى، باي بولغۇسى كەلگەندە، ئاشۇ تېزلىكنى كىم قوغلاشمايدۇ. مانا بۇنىڭدىكى مەسىلە، دەل تېزلىكتە...

دەرۋىشنىڭ چۈشىنىش تەس گەپلىرى قاسىم بايۋەچچىگە سىرلىق ساندۇقنىڭ ئىچىگە بەند قىلىۋەتمەكچى بولغاندەك تۇيۇلسا، ئۇرايىم ھاجىمنىڭ ئەقىل تومۇرلىرىدىكى تۈگۈنەكلەرنى يېشىپ، تەگسىز خىياللارغا چۆمدۈرەتتى.

— بىر كۈن ياشاش ئۆزىدىن 10 ھەسسە، ھەتتا 100 ھەسسە ئۈستۈن بەدەلگە توختايدۇ. شۇڭا، بىر كۈن ھەر خىل قىياسەن خىياللارغا مۇپتىلا قىلىدۇ. بايۋەچچە ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ، باش ئەگمەڭ. بىركۈن ئۈچۈن 10 كۈن، 100كۈن چۈقان سېلىڭ. ئاندىن ئۇنى، يەنى كۆرگەن چۈشىڭىزنى يېشەلەيسىز. قارا باسقان بولسا، ئۆلگەن بولاتتىڭىز. بىز چۈشتىن قورقۇپ كەتسەك، قارا باستى دەيمىز، ئۇنداق ئەمەس. چۈشتىكى مۈشكۈللەردىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىڭىز كەلمەكچى بولغان ئاپەتتىن قۇتۇلغانلىقىڭىز. ئەمما، ھەر ئىشقا تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ. سىز كۆرگەن چۈشنى ھەممە ئادەم كۆرەلمەيدۇ. ئاق كۆڭۈل، پاك، سەممىي ئادەملەرنىڭ چۈشىگە كەلمىشنىڭ بېشارەتلىرى كىرىدۇ. چۈش ئۈچۈن قانچىلىك ئازابلانغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ رىئاللىقتىكى چىنلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە دىشۋارچىلىق، ئاۋارىچىلىك تارتىسىز. ئەمما، ھەممىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيسىز...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاسىم بايۋەچچە بىلەن رەھبانەم ئاغزىنى ئېچىپلا قېلىشتى. بۇ دەرۋىشنىڭ قابىلىيىتى ۋە سىرلىق ھۆكۈملىرىگە بولۇپمۇ ئۇرايىم ھاجىمنىڭ ئەقلى لال بولدى. دەرۋىش

سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق يەكۈن چىقاردى:

— چوقۇم چوڭ ئىش تەۋرەتكەن ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىسى ئېچىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. بەش ئەسىردە بىر قېتىم ئاشۇنداق زاتلارنىڭ قەبرىسى ئېچىلىپ كېتىدۇ. شۇنداق بولغاندا، جاھاندا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ، يېغىلىق بولىدۇ، ئاغرىق - سىلاق تارقايدۇ، ھەتتا جاھاننى سۇ بېسىپ كېتىدۇ. دەريادا سۇنىڭ ئورنىغا ئادەمنىڭ قېنى ئاقىدۇ. ئۇلارنىڭ قەبرىسى شۇڭا مەڭگۈ سىرلىق بولىدۇ، مەخپىي تۇتۇلىدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، ئاتىللا، ھەزرەت ئەلى، چىڭگىزخانلارنىڭ قەبرىسىنى كىم بىلىدۇ؟ ياراتقۇچىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىسىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا بولۇشىنى ھېچكىم خالىمايدۇ. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسى بار يەرنى بىلىمىز، ئەمما ئۇنىڭ كۆمۈلگەن ئەسلىي يەرلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللا ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنىڭ مېيىتىنى يۆتكىۋېتىدۇ. چوقۇم شۇنداق چوڭ ئىش يۈز بېرىدۇ. ئاتقا مىنەمدۇق، چوشقىغمۇ شۇ ۋاقىت، شۇ ئىش بەلگىلەيدۇ. ئادەم ئۆزى بىلمىگەن خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ قويغان بىلەن، ئۇنى بايقىغاندا توۋا قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى بىلسىلا، شۇ كۇپايە. يوقىلاڭ خىيالدا بولماڭ بايۋەچچە. كۆرگۈلۈكنى كۆرۈش ئۈچۈن، روھىي تەييارلىق قىلىپ قويسىڭىز شۇ كۇپايە.

دەرۋىشنىڭ مۇشۇ گەپلىرىدىن قاسىم بايۋەچچە غەمدىن خالىي بولغان بولسىمۇ، «چوقۇم چوڭ ئىش يۈز بېرىدۇ» دېگەننى ئويلاپ، تىت - تىت بولۇپ قالدى. دەرۋىش سۆزىنى تۈگىتىپ ئورنىدىن قوپتى. ئۆيدىكىلەر ئېسىگە كېلىپ، ھاپىلا - شاپىلا ئورنىدىن قوپۇشۇپ، دەرۋىشنى ئۇزىتىش ئۈچۈن دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىققاندا، دەرۋىشنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ، ياقىلىرىنى تۇتۇپ قېلىشتى. ئۇرايىم ھاجىم:

— «دۇنيا سىرلىق بولىدۇ، ئادەملەر ئۇنىڭدىن سىرلىق» دېگەن گەپ راست. مۇشۇنداق غايىب دامولللاملار دۇنيادىن ئالىبۇرۇن يەكۈن چىقىرىپ، پەرۋايى پەلەك ياشايدۇ،— دېدى. ئۇرايىم هاجىم بىرنەچچە كۈن هېلىقى دەرۋىشنى خۇپپىيانە ئىزدەپ يۈردى. ئۆزىنىڭ كېلەچىكى توغرۇلۇق سوراپ باقمىغانلىقىدىن ئازابلاندى. دەرۋىش «سۇدا بېلىقنىڭ ئىزى يوق» دېگەندەك، كۈچا تۇپرىقىدىن ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغان ئىدى.

× × ×

رەيهانەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ، قۇسقۇسى كېلىدىغان، قۇرۇق هۆ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى تولىمۇ مەخپىي تۇتتى. هاجىنسا سەتەڭمۇ مەتئېلىدىن كۆڭلى پەشۋا يەپ، ئۇنىڭ يېنىغا يولىماس بولۇپ قالدى.

قاسىم بايۋەچچە مەتئېلىگە جىددىي تەييارلىق قىلىپ ئالدىغاننى ئېلىپ خوتەنگە بېرىپ - كېلىشنى ئېيتتى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەتئېلى قاتتىق خۇش بولدى، نەچچە كۈندە قىلىدىغان ئىشنى بىر كۈندە قىلىپ، نەچچە ئون كۈنلۈك ئىشنى بىرنەچچە كۈندىلا پۈتكۈزدى. قاسىم بايۋەچچە ئۇرايىم هاجىمنىڭ ئۆيىدە خوتەنگە قايتىدىغانلىق توغرىسىدا گەپ ئاچتى. ئۇرايىم هاجىم رەيهانەمنى بىللە ئېلىپ كېتىش توغرىسىدا مەسلىهەت بېرىۋېدى، قاسىم بايۋەچچە ئىككىلىنىپ قالدى.

— مەن ئۇزاق ئۆتمەي چىقىمەن، هاجىكا.

— رەيهانەمنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلىڭىز چىدىسا مەيلى.

— يول ئۇزاق، مۇشەققەتلىك، ئالمادىس بىرەر پېشكەللىك يۈز بەرمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ، هاجىكا.

— بىزگۇ قاراپ تۇرىمىز، شۇنداقتىمۇ مەزلۇمغا ئېغىر كېلەمدىكىن دەيمەن.

— ئۆزلىرىنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

— بۇنىڭغىمۇ ئاۋارىچىلىك كېتەمدۇ، ئوبدان چوشەندۇرۇپ قويسام بولدى. سىز يەنە چىققاندىكىن قاسىماخۇن...

تۈن كېچە. رەيھانەمنىڭ كۆڭلى ئېغىپلا تۇراتتى. قاسىم بايۋەچچە چىراغ تۈۋىدە خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. رەيھانەمنىڭ كۆڭلى قاراڭغۇلىشىپ، ھېلىلا ئۆچۈپ قالىدىغان جىنچىراغنىڭ پىلتىسىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆمرىدە بۈگۈنكى كېچىدەك بىئارام بولمىغان ئىدى، پات ـ پات ئىشىككە، دېرىزىگە قارايتتى، سىرتتىن بىرسى ئېتىلىپ كىرىپ بوغۇزلىۋېتىدىغاندەك ئۆندەرەپ قوياتتى. قاسىم بايۋەچچىگە قاراپ، ئۇنىڭ تېنىگە، قولىغا، پۇتىغا ئايلىنىپ كەتكۈسى كەلدى. ئۇ يىراقتىن ماراپ تۇرغان جۇدالىق زارىنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئېلىنىپ بولغانلىقىنى كۆڭلى تۇيغاندەك، بەدىنى تىترەپ، يۈرىكى قىسىلدى، نەپسى ئۈزۈلۈپ قالغاندەك، ۋارقىرىسا ئاۋازى چىقمايدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى، ئۇخلىماي تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلدى.

قاسىم بايۋەچچە رەيھانەمگە قاراي دەپ ئۇرۇنۇپ باقسىمۇ، يۈرىكى پىژىلداپ ئېچىشاتتى. ئۇ بۈگۈن كەچ مۇھەببەتنىڭ شېرىن تەمىنى تېتىغاندەك، جۇدالىقنىڭ زارىنى ئاڭلىغاندەك، باغرى لەختە ـ لەختە بولغان ئىدى. مۇھەببەت ئادەم قەلبىنىڭ ئەڭ يورۇق نۇرى ـ دە. بايۋەچچىنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن بىر ئوت كۆيۈۋەجەپ، ۋۇجۇدىنى تۆمۈرچىنىڭ ئوچىقىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. نېمىدەپ چۈشەندۈرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ مۇشەققەت تۇيۇلدى. رەيھانەممۇ شۇم خەۋەر كۈتۈۋاتقاندەك ئالاقزادە ئولتۇراتتى، قۇلىقىغا شۇم قاغىنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازى كىردى، يۈرىكى ۋاققىدە يېرىلىپ كەتكەندەك، چۆچۈپ ئورنىدىن چاچراپ

تۇردى. ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلمەيتتى، قاغىنىڭ ئاۋازى تاكى قۇلىقىنى ئېتىۋالغۇچە، قۇلىقىدىن كىرىپ مېڭىسىنى قوچۇۋەتكەن ئىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ، قۇلىقىنى ئېتىۋالدى.

قاسىم بايۋەچچە بىلەن رەيھانەم گويا پۇلسىرات كۆۋرۈكىدە ياقىلىشىپ، زەردىگۆش بولدى. قىيامەت پەشتىقىدا رەيھانەمنىڭ تىرنىقى قاسىم بايۋەچچىنىڭ كېكىردىكىگە سانجىلىپ، ئۇنى سوراققا تارتاتتى. روھلار دەۋاسى ئەنە شۇنداق رەھىمسىز بولۇپ ھەقىقەت، پاكلىق مۇنارىنى ئەڭ ئالىي ئىستەك - ئارزۇ قىلىپ، بۇ مۇنارنىڭ گۆھەردىن، ياقۇتتىن، ئالماستىن قوپۇرۇلىدىغانلىقىنى ھەقىقىي نامايان قىلدى. قاسىم بايۋەچچە ئاشۇلارنى خىيال قىلىپ، مېڭىسىنىڭ قىل تومۇرلىرى پاراسلاپ ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ياتقان يېرىدە چۆچۈپ - چۆچۈپ تولغىناتتى، «بۇ بىچارىگە قىلىپ قويدۇم» دەپ ئويلىدى. رەيھانەم «بۈگۈن ھەقىقەتەن ئۇزاق كېچە بولۇپ قالسىكەن، مۇشۇ كېچىدە بايۋەچچە بىلەن بىرگە بولۇپ مەڭگۈ ئۇ دۇنياغا كەتسەم» دەپ، كەپتەر باچكىسىدەك بۇقۇلداپ كەتتى، ئەتىلا بايۋەچچە شۇڭقارغا ئايلىنىپ يىراق يەرلەرگە ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. قاسىم بايۋەچچە «مەن جۈرئەتلىك بولاي، بۇ مەزلۇمنىڭ سەۋر قاچىسىغا 2 — 3 تامچە بولسىمۇ سەۋر سۈيى قۇياي، كۆڭلىنى ياساي. چىچاڭشىپلا كېتىپ قالسام، مېنى ئەر دېگىلى بولامدۇ، ئادەملىكتىن چىقامدۇ؟» دەپ ئويلاپ غەيرەتكە كەلدى. رەيھانەم ياتقان تەرەپكە سۈرۈلدى.

— يېقىن كېلىڭ.

ئېرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، رەيھانەم تەمتىرەپ قالدىيۇ، يەنە چاندۇرماي، ئۇنىڭ قېشىغا سۈرۈلۈپ باردى.

— سىزگە بىر ئىشنى دېمەكچى، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىشىڭىزنى

ئۆتۈنىمەن.

بىچارە رەيھانەمنىڭ رەڭگىرويى سامانىنىڭ تۇسىگە كىرگەن، يۈرىكى ئېغىپ تۇراتتى. ھەممە يېرىدىن قارا تەر پورۇقشىپ، پۈتكۈل ئەزايىنى بىر ئالدى، قۇلىقى چىرقىرايتتى، بېشى قاياتتى. «گاس بولۇپ قالاي خۇدا، مەندەك ئاجىزەڭنىڭ ئاقۋىتى مۇشۇنداق بولامتى» دەپ، بايۋەچچىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ يىغلىغۇسى كەلدى. ئاللا تەبىئىي بىنا قىلغان پەزىلەت، ئاياللارغا خاس ھايا ئۇنى يەنە كونترول قىلدى.

— ئېيتسىلا، ئاجىزەلىرىنىڭ قۇلىقى سىلىدە، بايۋەچچەم.

قاسىم بايۋەچچە تەمبۇرنىڭ زىل تارىدەك چىققان يېقىملىق بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، خوتەنگە قايتىشتىن لاسسىدە بولدى، بىرھازا جىمىپ كەتتى. پۈتكۈل تەييارلىقلار پۈتۈپ بولغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، يۈرىكى قوقاستا پۇچىلانسىمۇ ئاخىر سۆز ئاچتى.

— يۈرتۇمدىن ئايرىلغانغا 4 — 5 ئاي بولۇپ قاپتۇ. ئۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماڭا قاراشلىق، شۇ سەۋەبتىن ئۇ تەرەپكە بىر بېرىپ - كېلىش لازىم بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. سىزنى ئويلىسام ھېچ يەرگە بارغۇم يوق، شۇنداقتىمۇ ئاتا - بوۋام ياققان چىراغ مېنىڭ قولۇمدا ئۆچۈپ قالمىسۇن، ئۇلارنىڭ روھى قورۇنمىسۇن دېدىم. ھايال ئۆتمەي قايتىپ كېلىمەن، ئاڭغۇچە يالغۇزچىلىق تارتىپ قالىدىغان بولدىڭىز، سىزگە ئازاب سالىدىغان بولدۇم، رەيھانىخان، — دېدى قاسىم بايۋەچچە. ناھايىتى ئالدىرىماي، توختاشلىق قىلىپ.

— ئاجىزەلىرى نېمە دەيتتىم، خۇدا پېشانەمگە پۈككەننى كۆرىمەن. سىلى مۇشۇ ئۆيگە كەلگەندىكىن، تۇتۇۋالاي دەپمۇ تۇتۇۋالالمايمەن، — رەيھانەمنىڭ مۇلايىم ئاۋازى قاسىم بايۋەچچىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى، ئۇنىڭ ئىچى سىيرىلدى.

— رەھمەت خېنىم، مەن سىزنى ھەرگىز نائۈمىدتە قويماي

ـمەن. جېـنىم تېنىمـدە بولىدىكـەن، خـۇدايىم بۇيرۇسـا، هايـال ئۆتمەي چىقىمەن.

— خۇدادىن تىلەيمەن، چوقـۇم كۆتىمـەن،— بىچارە رەيهانـەم بۇقۇلداپ كەتتى.

قاسىم بايۋەچچە ئۇنى باغرىغا مەهكـەم باسـتى، يەنـە گـەپ قىلىشـقا قـۇربى يەتمـىدى، پـۈتكۈل ئـەزايى سـىمابتەك ئېرىـدى. ئـۇنىڭ ۋۇجـۇدى ئەلـەم، مۇهەببـەت جۇدۇنىـدا قومۇشـتەك شاراقـ ـشىپ سۇندى. مۇشۇنداق هالەت ئۇزاق داۋاملاشتى.

— ئـەزىزىم، پـۈتكۈل ئىشـلارنى ئورۇنلاشـتۇرۇپ قويـدۇم، تۇرمۇشـىن خاتىرجەم بولۇڭ. ئوبـدان يـەپ ـ ئىچىـڭ، ئۆزىڭىزنى ياخشى كۆتۈڭ. خاتىرجەم بولۇڭ، چوقۇم كېلىمەن رەيهانىخان...

— بولدى سـۆزلىمەڭ، ئۆتۈنۈپ قـالاي، مۇشـۇ كېچىنـى ماڭـا بېرىـڭ. مۇشـۇ كېچىنـى ئۆزۈمگـە تىلـتۇمار قىلىـۋالاي، پـۈتكۈل ئـەزايىڭىزنى پـۇرىۋالاي، كۆزلىرىمگـە تـۇتىيا قىلىـپ سـۈرتىۋالاي جېنىم...



# تۆتىنچى باب

ئات- قېچىرلارنىڭ تۇياق ئاۋازى كوُچادىن خېلىلا يىراقلاپ
كەتكەن ئىدى. قاسىم بايۋەچچە ئات ئۈستىدە تەگسىز
خىيالغا پاتقان بولۇپ، موُشۇ بىرنەچچە كۈندە چوپچوگـ
ـلا بوُ ئەركەكنىڭ روهى چۈشۈپ شۈمشىيىپلا قالدى. مەتئىبلىنىڭ
گەپ قىلغوُسى كەلسىمۇ، ئوُنىڭ مىجەزى بوُزوُقلوُقىدىن ئەنسىرەپ
ئىغىز ئاچالمايتتى. كارۋانچى يىگىتلەرنى زىرىكتۈرمەي پاراڭ
سېلىپ بېرىدىغان بايۋەچچە بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلماي، ئاتقا
ئارتىپ قويغان خوُرجوُندەك كېتىپ باراتتى. كارۋانچى يىگىتلەرمۇ
جىمىدە مېڭىشاتتى. زىرىككەندە توۋلايدىغان ناخشىلارمۇ يوقـ
ـلىپ، ئات - ئۇلاغنىڭ تۇياق تاۋۇشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

قاسىم بايۋەچچىلەر يول ئۈستىدىكى لەڭگەر[1]لەردە يېتىپ-
قوپۇپ كېلىۋاتاتتى. كوُچاغا كەلگۈچە ئالدىغا چىقىپ قوي، كالا
سويۇپ، نەچچە كېچە بەزمە - مەشرەپ قىلىپ بەرگەن ئاغىنىلىرى
توقسوُ، ئاقسوُ، كەلپىنلەردە كۆپ ئىدى. قايتاشىدا، ئۇلارنىمۇ
كۆڭلى تارتماي، زادىلا توختىماي ماڭدى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ
كۆز ئالدىغا رەبھانەمنىڭ ئوُزاتقان چاغدىكى زەپىران چىرايى بىلەن
شىڭتىيىپ قالغان كۆزلىرى، ئاشوُ كۆزلىرىدىن توختىماي تۆكۈلۈپ

---

[1] لەڭگەر ـــ ئۆتەڭ.

تۇرۇۋاتقان ئىسسىق يېشى، بىر كېچىدىلا پۈكلىنىپ كەتكەن گۈزەل قامىتى كېلىشۋېلىپ، يۈرىكىنى خۇددى كات غاجىغان چاشقاندەك كىتىرلىتىپ ئارام بەرمەيۋاتاتتى. توقسۇدىكى لەڭگەردە ئۇنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمەي، رەبھانەمنىڭ قېشىغا كەتكۈسى كېلىپ ئاتقا مىنگەندە، مەتئېلى يالۋۇرۇپ تۇتۇۋالدى. ئۇ:

— تالاق قىلىشۋەتكەن بولسىلا، كۆڭۈللىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى، بايۋەچچە،— دەپ سىلىشۋېدى، قاسىم بايۋەچچە ئۇنى قاتتىق دۆشكەللەپ:

— سېنى ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بوپتۇ قىلىشۋېتەي. ئاغزىڭدىن ئۇنداق رەسۋا گەپ چىققاننى ئىككىنچى ئاڭلىغۇم يوق،— دەپ سەنلەپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى چۆرۈۋېتىپ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.

دۇنيادا ئۈن - تىنسىز يول يۈرۈشتىنمۇ ئازابلىق، مۇشەقـقەتلىك ئىش بولمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ سەپىرى خۇددى ئۆلۈمگە مېڭىپ كېتىۋاتقان تۇتقۇن ئەسىرلەردەك دەككە - دۈككىدە داۋام قىلدى. يالغۇز ئادەمگە كۈلكە - سادا، خۇش ناۋا مۇمكىن بولمىغان بىلەن، ھەر خىل - ھەر ياڭزا ئاھاڭغا تىۋۋلاپ، مېڭىپ يەنە ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى گوللايدىغان گەپ. ئەمما، 30 — 40 ئادەمنىڭ پاراڭلاشماي، 2000 چاقىرىملىق يولنى بېسىشى بەسى مۈشكۈل ئىدى. «قاسىم بايۋەچچە ئۇخلاپ قالغاندا پاراڭ سالارمىز» دېگەن بىلەن سەپەرنىڭ مۇشەققىتى ئۇلارنىڭ ھەپىلىسىنى قويماي، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئېغىر ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كېتىۋاـتاتتى. كەلپىندىن ئۆتۈپ تاكى مارالبېشىغا كەلگۈچە سەپەر ئاشۇ تەرىزدە داۋام قىلدى. مارالبېشى تۇمشۇققا 10 — 15 چاقىرىم قالغاندا، چوك بىر توسۇق ئۇچرىدى. توسۇق ساقلاۋاتقانلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «نەگە ماڭدىڭلار، نېمە ئادەم سىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلارنىڭ خوتەندىن كۇچاغا مال يۆتكەپ چىققان

سودىگەرلەر ئىكەنلىكىنى، كۆچادىن يۇرتىغا قايتىپ كېتىۋاتقان-
لىقىنى بىلگەندىن كېيىن:
— بىر مەزگىل شۇ يەردە ئىش - ئوقەت قىلىپ تۇرساڭ-
لارچۇ. ھەي، بۇ تەرەپتە قىيامەت قايىم بولۇۋاتىدۇ،— دېدى.
قاسىم بايۋەچچە بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغان-
غاندەك بولدى. نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورۇشتۇرمەكچى
بولۇۋىدى، ئۇلار:
— كەچ بولۇپ كەتسە، قوناققا جاي تاپالمايسىلەر. ھازىر بۇ
تەرەپتە ھەممە كىشى سىرتتىن كەلگەنلەرنى يۇرتتىن قوغلاۋاتىدۇ.
جىق گەپ قىلماي، بىر يەرگە بېرىپ ئورۇنلىشىۋېلىڭلار. كۆچا
تەرەپتىن كەلگەندىكىن، قوناق تېپىلىپ قالار،— دەپ ئالدىرى-
تىپ قويدى.
قاسىم بايۋەچچە نېمە ئىش بولغانلىقىنى قونغان يەردىن
سورۇشتۇرەمەن دەپ، قايتا كوچىلاپ سورۇشتۇرمىدى. كارۋانچى
يىگىتلەرنىڭ كۆڭلى ئەنسىزچىلىككە پېتىپ، بىر - بىرىگە «نېمە
ئىش بولغاندۇ؟» دەپ قارىشىپ قالدى. ئۇلار توسۇقتىن ئالدىراپ -
تەمتىرەپ ئۆتۈپ تۇمشۇققا كەلدى. تۇمشۇق — كەلپىن ئاچال
بىلەن ئالتىن ئاتۇش، قەشقەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتەك ئىدى.
كەچتە كەپقالغانلار بۇ ئۆتەكدە قونۇشقا مەجبۇر بولاتتى.
جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، بۇ يەرگە توسۇق،
چازىلار قۇرۇلغان ئىدى. بۇ جاينىڭ نامى ۋە ئورنىنىڭ مۇھىملىقى
كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئەلمىساقتىن بۇگۈنگىچە تىلغا ئېلىنىپ، ھەر-
قانداق كىشىنىڭ ئېسىدىن ئاسانلىقچە كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيتتى.
قاسىم بايۋەچچىلەر تۇمشۇقتا ئاددىيغىنە بىر دەڭگە ئورۇنلاشتى.
مارالبېشىغا كىرىپ، بىر كۈننى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈش خىيالى
بولسىمۇ، نامەلۇم ئەنسىزچىلىك ئۇلارنى مۇشۇ دەڭدە قونۇپ
قېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇلار ئات - ئۇلاغ، مال - مۈلۈكلەرنى

جايلاشتۇردى. دەڭىنىڭ ئىگىسى 60 — 70 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ھاشىم ئىسىملىك بىر كۆزى ئەلەس، ئۆچكە ساقال، ئالدىراپ سۆزلەيدىغان، نەدىن گەپ ئاچسا ئىغىز غىرىچلايدىغان ئادەم ئىدى. توڭكاي ھەم سىرىق، بىرتاللا ئۇستى چىشى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئىلىشتۇرۇپ، يەكچەشمە كۆزى سۇرلۇك تاشلىنىپ تۇراتتى. قاسىم بايۋەچچە ئۇنى كۆرۈپلا گەپ سوراشتىن رايى يانغان بولسىمۇ، غەم - ئەندىشە غالىب كەلدى.

— ئاتا، بۇ يەرگە غۇربەتچىلىك قونۇپ كېتىپتىغۇ، ھەممە ئادەم پاتىپاراقچىلىقتا قاپتۇ،— دەپ، ئىشىنىڭ تېگىنى كوچىلىدى.

قىرىلىقىغا يەتمەي گىدىيىۋالغان ھاشىم دەڭ توڭرا بىسىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن ئۆچكە ساقىلىنى سىيلاپ قويۇپ، قاسىم بايۋەچچىگە يېقىنلىشىپ سۆز باشلىدى.

— ۋاي ئۇكام قارىسىلا، دۇنياغا كېلىپ كۆرمىگەننى كۆرىدىكەنمىز. مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە، نەچچە ھۆكۈمەتنى قېرىتىپ، مانا مەن ساق تۇرىمەن. مەن دەپبەرسەم - مەن دەپبەرسەم، خوۋلۇقتىن يېغىلىقنى جىق كۆردۈم. يېغىلىق دېگەندە، ئىككى تەرەپنىڭ بىرى باش ئەگسىلا بارغۇ، يەڭگۈچى يېڭىلگۈچىنىڭ ماكانىنى بىرنەچچە كۈن ئاتاۋغا يۇرۇپ، سورۇيدىغاننى سورۇپ، بۇلايدىغاننى بۇلاپ - تالاپ، تارتقان چىقىمىنى تۆلىتىپ، ئۆلگەن بىر ئادىمى ئۈچۈن پۇقرادىن بولامدۇ - ھايۋاندىن بولامدۇ، 10 نەچچىنى ئۆلتۈرۈپ پۇخادىن چىقىپ، يېڭى تەرتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، «بىز دېگەن ئادىل ھۆكۈمەت بولىمىز، سىلەرنى ئۇنداق سورايمىز، مۇنداق كۈن كۆرسىتىمىز، باي قىلىۋېتىمىز» دەپ، قەنت - شېكەر يالىتىلغان تاياق - توقماقلىرى بىلەن بىز خەقنى بىر تېرە - بىر ئۇستىخان قىلىۋېتەتتى. بىز كۈندىن - كۈنگە خار كۈنلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن بولساقمۇ بارغۇ، يېقىنقى كۈنلەردىكىدەك دىشۋارچىلىق تارتمىغان ئىدۇق.

هاشىم دەڭ ئۇزاقتىن ئۇزاققا سوزۇپ تارتىپ، سەت كېكرىپ، چۆشەنگىلى بولمايدىغان بىرنېمىلەرنى بىلجىرلىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ پۆتكۆل بەدىنىدىن تارقىلىۋاتقان ئاچچىق پۇراقتىن قاسىم بايۋەچچىنىڭ دىمىغى ئېچىشىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ، كۆزلىرىمۇ ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ قولى بىلەن كۆزىنى ئېرتىپ، ئىچ باغرى ئۆرۆلۆپ كېتەي دېگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ: «خوش، هە» دەپ بېشىنى ئېگىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن چىداپ تۇردى. هاشىم دەڭ تىلى ئاستىدىكى ناسۋالنىڭ سۆيىنى بايۋەچچىنىڭ ئالدىغا چىرتتىلا قىلىپ تۆكۆردى- دە، داڭقان پۇتى گەپلەرنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

— مەن دەيپەرسەم - مەن دەيپەرسەم، خۇدامۇ بىزدىن زېرىككەن ئوخشايدۇ، جۇمۇ ئۇكام. كۆرگەن كۆنلىرىمىز ئازدەك، ئاللا بىزنى ئاپەت ئارقىلىق تۇيدۇرماي يوق قىلىۋېتەمدۇ - نېمە؟ بىرسى «ئەرۋاهلارنىڭ روهى قورۇنۇپ ئۇرۇۋاتىدۇ دېسە، يەنە بىرسى «يەر ئۇرۇۋاتىدۇ» دەيدۇ. زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەر بۇ. دېمىسىمۇچۇ، مۇشۇ كۆنلەردە قىيامەت قايىم بولۇۋاتسا، ئاستىدا مانتا يەيدىغان بولۇپ كەتتۇق.

قاسىم بايۋەچچە راستىلا جىلە بولدى. «نېمانداق ئەزمىسىنى ئېزىدىغاندۇ، ماۋۇ تېزەك پۇرايدىغان يەكچەشمە» دېدى ئىچىدە.

— مەن دەيپەرسەم - مەن دەيپەرسەم ئۇكام، بىز بارغۇ شور پېشانە، كاج تەقدىرلىك خەلق ئوخشايمىز. نېمە كۆرگۆلۆك بۇ. مەن بېشىمدىن نەچچە هۆكۆمەتنى ئۆتكۆزگەن ئادەممەن، هەممىدىن خوۋلۇق كۆرۆپ باقمىدۇق ئۇكام،— دەپ يەنە ئاغزىدىكى ناسۋالنىڭ سۆيىنى چىرتتىدە تۆكۆردى.

قاسىم بايۋەچچە «ماۋۇ ئادەم ئىچىمنى ئەجەب تىتىلداتتى. مۇنداق سوزۇپ - تارتىپ گەپ قىلىدىغان لەۋانى ئۆمرۆمدە كۆرۆپ باقماپتىكەنمەن» دېۋەتكۆسى، پېشىنى قېقىپلا چىقىپ

كەتكۈسى كەلدى.
— مۇنداق ئىشنىڭ دورىسى، شىپاسى يوقكەن. مەن دەپبەرسەم - مەن دەپبەرسەم بارغۇ ئۇكام، خۇدا بىزنى پېشانەڭ شور بولغاندىكىن، ھەممە تارتقۇلۇقنى تارتىپ باق دېدىمۇ - نېمە؟ ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمسىز،— دەپلا ھاشىم دەڭ قىرقىراپ يۆتىلىپ كەتتى. ئۇ يۆتەلگەندە شۇنداق بەتبەشىرە بولۇپ كەتتىكى، ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن ھاڭگا ئېشەكمۇ قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، كەينىگە دۈگجىيىتتى.
قېرىشقاندەك، ماۋۇ يۆتەل نەدىن ماراپ تۇردىكى، قاسىم بايۋەچچىنىڭ جېنىغا يىڭنىدەك سانجىلدى. ئۇ ئالاھازەل يېرىم چارەك قېقىلىپ يۆتەلدى، ئەلەس كۆزىدىكى كۆكۈش بەز خالتى-سى ئېتىلىپ چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ ئاخىر يۆتەلدىن توختاپ، تىلى ئاستىغا بېسىۋالغان ناسۋالنى تۈكۈرۈۋەتتى.
— 50 يىللىق خۇي دەڭگا ئۇكام. مەن دەپبەرسەم - مەن دەپبەرسەم، كەيپىتىن باشقا نېمىمىز بار دەيسىز ئۇكام بىزگە. ياخشىمۇ مۇشۇنداق نەرسىلەرگە ئۆگىنىپ قاپتىكەنمىز، بولمىسا بارغۇ ئەلەمدىن قان قۇسۇپ بالدۇرلا تۈگىشىپ كېتەتتۇق. بۇمۇ ئەمدى چەتنەپ كېتىۋاتىدۇ، ياش يوغىنىغانسېرى مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ. مەن دەپبەرسەم - مەن دەپبەرسەم ئۇكام، بىز بارغۇ ياخشىلىقتىن يامانلىقنى جىق كۆرگەن خەق. قارىمام-دىغان بۇ ئىشقا...
قاسىم بايۋەچچە ئەمدى دەيدىغان بولدى دەپ ئويلاپ تېتىكلەشتى.
— ئاتۇش بىلەن قەشقەردە ئادەم تۈگۈل، ھايۋانلارمۇ قورقۇپ تالاغا چىقالماي قاپتۇ. دەرۋازىسى ئېچىلمىغان ئۆيلەر كۆپمىش، ھەتتا ئۆيىنىڭ شامال كىرىدىغان يەرلىرىنىمۇ قويماي ئېتىۋېتىپ، ئۆيدىن تالاغا چىقماي دۈملىنىپ يېتىپتۇ دېيىشىۋاتىدۇ. گەپ

دېگەن ھەر خىل بولىدىكەن ئۇكام، مەن دەپبەرسەم...
قاسىم بايۋەچچە «ئاخىر دەيدىغان بولدى، نېمىلىكى بولسا، ‹مەن دەپبەرسەم›دىن بىرى قىسقاردى» دەپ ئويلىدى.
— ئاتۇش بىلەن قەشقەردە سەھەردە قىچقىرىدىغان خورازلارمۇ كاتىكىدىن قوندىقىغا چىقىشقا پېتىنالماي، پوكىنىنى داق يەرگە چاپلاپ ياتقان يەردە، ئادەمدىن ھايۋانغىچە قورقۇپ كەتكەن گەپ. قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى بىز شور پېشانىلەرنىڭ يۇرتىدىن باشلانغانلىقىغا زادىلا كاللام يەتمەي قالدى. مەن دەپبەرسەم - مەن دەپبەرسەم ئۇكام، ئىشلىرىڭىزدىن ئۆرگىلىپ كېتەي - چۆرگىلىپ كېتەي. «ھالۋىنى ھېكىم يېسە، تاياقنى يېتىم يەيدۇ» دېگەن دەل ئۆزىدە. بۇ كەلگۈلۈك بىزگىلا كېلەمدۇ...
— زادى نېمە ئىش بوپتۇ تاغا، گەپنى ئەگىتمەي، نەق ئۆزىنى دېمەملا، — قاسىم بايۋەچچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، سوغۇق تەلەپپۇزدا ھاشىم دەڭنىڭ گېپىنى بۆلدى.
— ھېلىمۇ شۇ، مەن دەپبەرسەم - مەن دەپبەرسەم ئۇكام، ئالدىرىماي تۇرامسىز. ھەممە گەپ دېگەننىڭچۇ باش - ئاخىرى بولىدۇ، دەۋاتىمەنغۇ مانا، — ھاشىم دەڭمۇ سەل چېچىلدى.
— بولىدۇ، بولىدۇ، خوش، ئەمىسە نېمە ئىش بوپتۇ؟
قاسىم بايۋەچچە يەنە سىپايىلىك قىلدى. ھاشىم دەڭ يانچۇقىدىن ناسۋال خالتىسىنى ئېلىپ، ئالىقىنىغا ناسۋال تۆكتى - دە، تىلىنى تۆپىگە قارىتىپ تۇرۇپ، تىلىنىڭ تېگىگە پوككىدە ئاتتى. ئاغزىنى ئاززاق ئۆمەللەپ بولۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى.
— ئۇلۇغچات[1] يايلىقىدىن ۋابا تارقىلىپ، ئۇلۇغچاتتىكى قىرغىز - قىپچاقلارنىڭ بىرىمۇ قالماي قىرىلىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىپلاس كېسەللىك بوراندىن تېز ئۇچىمىش. ئاڭلىسام، ئاتۇش

---

[1] ئۇلۇغچات — قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ناھىيە.

بىلەن قەشقەرگىمۇ تارقىلىپ يول - يولدا تاغدەك - تاغدەك ئۆلۈكلەر سىبىسىپ، چىرىپ كېتىپتۇ. گەپ دېگەن ھەر خىل ئۇكام. مەن دەپبەرسەم - مەن دەپبەرسەم ئەسلىي بۇ «ۋابا» دېگەن ئورۇسلاردىن كىرىپتۇ دېگەن گەپلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ يەردە ئۇنداق كېسەللىك بولغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمىز. نەچچە ھۆكۈمەتنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈپتىمەن. مانا قېرىغاندا، بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغاندا، «ۋابا» دېگەن نەرسىنى تۇنجى ئاڭلىدۇق. «ئورۇسلاردىن كىرىپتۇ» دېگەن گەپنىڭ تېگى بار جۇمۇ. ئۆلۈغچات دېگەن ئورۇسلارنىڭ چېگرىسى ئەمەسمۇ، بىرنېمە دەپ بولمايدۇ. شۇنچىلىغان دەھشەت ئۇر - چاپتىن ھايات قالغان بىز خەق «ۋابا»دا تۆگەپ كېتەرمىزمۇ؟

بۇ كېسەللىك بەك دەھشەتكەن، ئادەم دېگەن قۇرۇپ تاياقتەك بولۇپ، بىر كۈننىڭ ئۆزىدىلا جان تاپشۇرىدىكەن ئەمەسمۇ. نۇرغۇن - نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇق گەپ بار. مەنغۇ قېرىغان ئادەم. بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇيقۇم كەلمەيدىغان، تولا سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدىم. نەچچە ئاي بولدى، بۇ يولدا كارۋان ئاساسىي جەھەتتىن تۆگەپ كەتتى. بىزنىڭ ساراي بۆگۈن ئۆزلىرىنى كۈتتى. قاق سەنەم بولۇپ قالدۇق دەيمەن. «ۋابا» كەلگۈچە ئال مانا دەپ، جاندىن تويۇپ، تەييار بولىدىغان ئوخشايمىز ئۇكام. تەلەپپۇزۇڭلاردىن قارىسام، خوتەنلىك ئوخشايسىلەر، خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت. ئاللادىن ئەمر بولىدىكەن، ئوتنىڭ ئىچىدە پاختىنى ساقلىغان خۇدايىم ئۆزى بىرنېمە دېمىسە، ئەتە ئۆچۈن بىرنېمە دېيىش قىيىنغا توختاپ قالدى. ئۇرۇش - يېغىلىق بولسا، بىر يەرلەرگە قېچىپ بېرىپ جاننى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى. مۇنداق ئىشتا، ئىگىسىگە جاننى تاپشۇرماقتىن بۆلەك ئامال - چارە يوقكەن ئەمەسمۇ.

قاسىم بايۋەچچە ئەمدى ھەممە ئەھۋالنى چۈشەندى. ھاشىم دەڭ ئاغزىدىكى ناسۋالنى چىرىتلا قىلىپ تۈكۈرۈپ، ئېغىر ئۇھسىندى- دە، سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى.

— نېمە بولسا ئالالنىڭ ئۆزىگە تاپشۇردۇق ئۇكام، ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. جىق سۆزلەپ كەتتىم. كۆڭۈللىرىگە ئالماي، ئۇخلاپ ئارام ئېلىشسىلا. ئادەم قېرىغانسېرى مۇشۇنداق كۆپ سۆزلەيدىكەن. مەن دەپبەرسەم - مەن دەپبەرسەم ئۇكام، مۇشۇ يېشىمدا سۆزلەيدىغان گەپلەر جىق بولدى جۇمۇ، ئەمدى سۆزلەيدىغان ئىشلار بىراقلا تۈگەيدىغان ئوخشايدۇ. قاقشىساقمۇ - كاپشىساقمۇ بولغۇلۇق بولدى. بەندىگە نېمە چارە دېمەكتىن بۆلەك ئامال يوق،— دەپ ھاشىم دەڭ خىر - خىر ھاسىراپ، قاسىم بايۋەچچىنىڭ يانىقىدىن چىقىپ كەتتى.

قاسىم بايۋەچچە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. كۇچادا كۆرگەن چۈشى يادىغا كېلىپ، پېشانىسىدىن تەر قۇيۇلدى. ئاۋۋال ھاشىم دەڭدىن سەسكەنگەن بولسىمۇ، كېيىنكى گەپلىرىنى ئويلىنىپ، ئۇنىڭ راستلا جىق ئىش كۆرگەن ئادەملىكىگە ئىچى چۈشۈپمۇ قالدى. ئۇ ئادەمنىڭ كەينىدىن قاراپ، ئېغىر مەيۈسلىنىپ روھى چۈشۈپ، ئۇيقۇسىمۇ ئاللىبۇرۇن قېچىپ كەتكەن ئىدى. «بۇ ئادەمنى تاڭ ئاتقۇچە پاراڭغا سالسامۇ بوپتىكەن، ئاپلا» دېگەننى ئويلىدى. ئۇ كىيىملىرىنىمۇ سالماي يانتۇ بولۇپ، تەگسىز خىيال قورغىنىغا تۇتقۇن بولۇپ، قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمىدى...

قاسىم بايۋەچچە چاشكا ۋاقتىدا ئويغاندى. كارۋانچى يىگىتلەرنىڭ غەم - ئەندىشە ئىچىدە روزا تۇتۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ قالدى. ئۇ كۇچادىن چىققاندىن بېرى يىگىتلىرىگە تۇنجى ئېغىز ئاچتى:

— بۈگۈندىن تارتىپ سەپەر تېزلىتىلىدۇ. پەيزاۋاتتا قونماي، كېچىسىمۇ يول يۈرىمىز. قەشقەردىن ئۆتكەندە ئاندىن ئارام

ئالمىز، غەيرەت قىلايلى يىگىتلەر، ئات ـ ئۇلاغلارغا يەمنى ئوبدان بېرىپ يولنى جىقراق ماڭايلى. غەم ـ ئەندىشىدىن ئىتتىك ئۆتۈپ، ئۆز ماكانىمىزغا بارغاندا، بالىۋاقىمىز بىلەن جەم بولۇپ كۆرگۈلۈكنى تەڭ كۆرەرمىز.

كارۋانچى يىگىتلەر قورسىقىنى غەملەپلا يولغا چىقتى. هاشىم دەڭ ئۇلارغا ئامانلىق تىلەپ ئۇزىتىپ قويدى. قاسىم بايۋەچچە يانچۇقىدىن بىر سىقىم تەڭگىنى ئېلىپ سانىمايلا بېرىۋەتتى. ئۇنىڭ مەردلىكىدىن داڭ قېتىپ قالغان هاشىم دەڭ قولىدىكى تەڭگىلەرنى يۈزىگە سۈرتۈپ ئۇلارغا قارىۋىدى، ئۇلاغلارنىڭ تۇيىقىدىن چىققان چاڭ ـ توزان ئارىسىدا قاسىم بايۋەچچىلەر غۇۋا كۆرۈندى. «خۇدا سىلەرنى ئامان ـ ئېسەن قىلغاي، جاهان سىلەرگە ئىللىق چىراي ئاچقاي» دەپ، تىترەپ تۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

× × ×

— قەشقەردە ئاپەت تارقىلىپتۇ.
— ئاپەت ئەمەس، يامان كېسەلمىش.
— داۋاسى يوق كېسەللىك دەيدۇ.
— يېغىلىق تۈگەپ قۇلىقىمىز تىنجىپ قېلىۋېدى، ئەمدى بۇ شۇم كېسەللىك نەدە مارىلاپ تۇرغان بولغىيتتى؟ كۈنىمىز ئەمدى بىر ياخشىلانسا، بۇ بىرنېمە تەتۈر قوپۇپ چىقىپتىغۇ. زادى يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قانايدۇ.
— قەشقەرلىكتىن بىرسىمۇ قالماپتۇ.
— ئۇنداق ئەمەستۇ؟
— ماۋۇ ئاداش نەدە ئۇخلاپ قالدىكىنە.
— زەي يەردە ئۇخلاپ قالغاندۇ.

— ئۇنداق ئەمەستۇ دېگەننىڭ نېمە يامىنى؟
— بولىدى، كاچ تالاشماڭلار. ئادەمنىڭ كۆڭلى ئارامىدا تۇرمىغاندا، نېمىنى تالىشىۋاتىسىلەر؟
— ئۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ئادەم بىر چۈشكۈرسە، 100، ياق 500 ئادەمگە يۇقارمىش.
— ئۇنداق بولسا، جاھاندا ئادەم قالامدۇۋا قارىي.
— ھېلىمۇ قەشقەردە ئادەم قالماپتىمىش.
— بۇ كېسەللىك يۇققان ئادەم بارغۇ، تاياقتەك قورۇپ ئۆلىدىكەن.
— ياق، ياق. بەدىنى تېشىلىپ ھەممە يېرى يىرىڭداپ، بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە ئاغزىدىن قان ئېتىلىپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چاچراپ ئۆلەرمىش.
— ۋايەي، نېمانداق دەھشەت.
بۇ پاراڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغان بىر مەزلۇم ھوشىدىن كېتىپ، ئوڭدىسىغا چۈشتى.
— ۋاي، ماۋۇ يەردە بىرى ئۆلىدى. كاساپەت كېسەللىك بۇ يەرگىمۇ كەپتۇ.
نېمە ئىش بولغانلىقىنى، كىمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى پەرق ئەتمەي، «ئاللا ـ كاللا» دەپ، ھەممىسى گۇر ئۇيانغا ـ گۇر بۇ يانغا يۈگۈرۈپ، ئالەمنى مالەم قىلىپ، كوچا ئاسمىنى قىيا ـ چىياغا تولۇپ كەتتى. چوڭدىن كىچىككە، توڭدىن پىششىققىچە ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق ئىدى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ئايال ھوشىغا كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئاللا ـ توۋا كۆتۈرۈپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ قېچىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنىمۇ سورۇشتە قىلمايلا، قارىسىغا ئاللا ـ توۋا كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى...

كۇچا پاتىپاراقچىلىقتا چۆمگەن، رەيھانەمنىڭ تېخى يېشى قۇرۇمىغان ئىدى. ئۇ سىرتتا ئېقىپ يۈرگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ، دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. سىرتقا چىقىپ، ئىشنىڭ ئەمەلىي ھالىنى سۈرۈشتۈرۈپ، يۈرىكىنى ئىبلىس ئوغرىلاپ كەتكەندەك، ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالدى. ئېرىنىڭ نېمە كۈنلەرگە قالغانلىقى توغرۇلۇق ئويلاشقا پېتىنالماي تۇنجۇقۇپ قالدى. ئۇ بىر دەسسەپ - ئىككى دەسسەپ، ئۇرايىم ھاجىمنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھاجىم بىرنەچچە ئادەم بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— ھاجىم، خۇدانىڭ نېمە كارامىتىدۇ بۇ؟

— دۇنيا سىرلىق، كەچمىشمۇ شۇنداق سىرلىق.

— داۋاسى يوق دەيدۇ، راستىمىدۇ.

— دۇنيادا داۋاسى يوق ئىش بولمايدۇ.

— قەشقەرلىكلەر بۇ كېسەللىكنىڭ شۇم چاڭگىلىدا قاپتۇ.

— يىراقتىكى گەپنىڭ بىرى مىڭ بولىدۇ.

— ئۇنداق ئەمەستۇ.

— ئىلاھىم، ئۇنداق بولماس.

— خۇدا بەندىلىرىنى يا ئۇنداق - يا مۇنداق سىنايدۇ. شۇ ئارقىلىق ئەقىل ئاتا قىلىدۇ. بۇنىڭغىمۇ داۋا چىقىدۇ.

— ئىسمى نېمىكىن ئۇ كېسەللىكنىڭ؟

— «ۋابا» دەپ ئاڭلىدىم.

— «ۋابا» دېگەن نېمە ئۇ؟

— «ۋابا» دېگەن ئەجەل دېگەنلىك.

— قورقاتمىسىلا ھاجىم ئادەمنى.

— قېرىغانسېرى جان تاتلىق بولىدىكەن - دە.

— كىمگە تاتلىق ئەمەس بۇ جان، ھاجىم ئۆزلىرىگىمۇ تاتلىقتۇ.

— ئەجەل كەلسە، ئامال يوق. تاتلىق بولامدۇ - ئاچچىق بولامدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر تىيىن.

— ئەجەل دېگەن ھەممە ئادەمگە بىراقلا كەلمەس. ئادەم قالمىسا، كىم ياشايدۇ بۇ يەردە ھاجىم.

— خاتىرجەم بولۇشسىلا، ياشايدىغان ئادەم يەنە چىقىدۇ.

— ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە، تېگىدە مانتا يەيدىغان ھاجىم جۇمۇ سىلى.

— كۆرمىگەن - ئاڭلىمىغان نەرسىدىن قورقۇپ، گۆرگە كىرىۋېلىپ ياتامدۇق. كۆزىمىز بىلەن كۆرمەيلىمۇ، شۇ چاغدا مانتا يېمەسمىز.

— بىر قىسىم ئادەملەر بۆگۆر، كورلا، قاراشەھەرگە، ھەتتا مۇزاتنىڭ داۋىنىدىن ئۆتۈپ، ئىلى تەرەپلەرگە قېچىۋاتقۇدەك.

— كۇچاغا كەلگەن نەرسە، ئۇ تەرەپلەرگە بارالمامدىكەن؟

— ئۇغۇ شۇنداق ھاجىم. ئاۋام دېگەن نادان. كىم بىرنېمە دېسە، شۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. دېمىسىمۇ بىز كۇچالىقلارنىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتتى دېسىلە. ھەر 10 يىلدا يېغىلىق بولۇپ، كۆڭلىمىز تىنجىپ قالغىلى 5 — 6 يىل بولغان ئىدى.

ئۇرايىم ھاجىم بېشىنى بۇراپ، رەيھانەمنى كۆرۈپ قالدى-دە، گەپلىشىۋاتقانلار بىلەن خوشلاشتى. رەيھانەم ئۇدۇللا ھاجىمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ رەڭگى سارغىيىپ كەتكەن، قورسىقى دومبايغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى.

— ئۆيگە كىرىڭ، قىزىم.

رەيھانەم قورقۇپ كەتكەنلىكتىن لاغ - لاغ تىترەپ، ئېغىز ئېچىشقىمۇ ماجالى يەتمەيۋاتاتتى.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ قىزىم؟— ئۇرايىم ھاجىم ئۇنىڭ زەپىران چىرايىغا قاراپ ئەنسىرىدى.

رەبھانەمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، يۇم - يۇم يىغلاپ، ئۇرايىم ھاجىمغا ئىسىلىۋالدى.

— ئۇنداق قىلماڭ قىزىم، نىمە بولدىڭىز؟ كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ. زادى نىمە ئىش بولغانلىقىنى ماڭا دەڭا،— رەبھانەم بۇقۇلداپ يىغلاپ ئۆندەرەپ كەتتى،— يوقىلاڭ خىياللاردا بولماڭ، خەق دەپ يۈرگەن ئەپقاچتى، كالتە قۇيرۇق گەپلەرگە ئىشىنىپ يۈرۈپسىز- دە.

— قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، ھاجىكا.

— ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن قالسا مەن بار، نىمىدىن قورقۇش.

— بايۋەچچىدىن ئەنسىرەپ قالدىم.

— ماۋۇ ئەقىلسىز قىزنىڭ گىپىنى. ئۇ گاداي دوزاختىنمۇ ساق چىقىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ،— ئۇرايىم ھاجىم رەبھانەمنىڭ كۆڭلىنى ئۇستىلىق بىلەن ياساشقا تىرىشتى،— ھەي كېلىنلەر، ئۆيگە مېھمان كەلدى!

ئۇرايىم ھاجىمنىڭ كېلىنلىرى ئۆيدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، رەبھانەمنى قولتۇقلاپ، پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا سېلىنغان زىلچا ئۈستىدىكى كۆرپىدە ئولتۇرغۇزدى.

— قىزىم، ئېغىر بوي تۇرۇپ، ئەنسىزچىلىكتە ئۆتسىڭىز، قورساقتىكى بالىغا زىيىنى بولىدۇ. ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ، ھەتتا ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تەقدىردىمۇ كۆڭلىڭىزنى ئازادە تۇتۇپ، ئۆزىڭىزنى ئاسرىمىسىڭىز بولمايدۇ. بايۋەچچە كەلگۈچە، بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىڭ دېسەم، زادى ئۇنىمىدىڭىز. مۇشۇنداق يىغلاپ - قاقشاپ يۈرسىڭىز، مەن سىزدىن ئەنسىرەپ قالدىكەنمەن. ھېلىقى ھاجىنسا ئۇياندىن - بۇيانغا غىتىلداپ يۈرگۈچە ھەمراھ بولسا بولمامدۇ؟ مەن ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ، تازا بىر ئەدىپىنى بېرىپ قويمىسام بولماپتۇ.

— بىرنەچچە كۈن بولدى، ئۇ كەلمىدى. ئەنسىرەپ قالدىم، هاجىكا.

— قۇلاق موللىسى بولۇپ كەتكەن خوتۇن- دە، ئۇ. هازىر ئۇنىڭغا بولۇپ بەردى. تالا - تۈزدە يوقىلاڭ سۆزلەپ يۈرگەندۇ تايىنلىق،— دەپ ئۇرايىم هاجىم رەيهانەمنى يىغىدىن توختاتتى. رەيهانەمنىڭ كۆزى يىغىدىن ئىششىپ قىزىرىپ كەتكەن ئىدى،— قاراپ تۇرماي داستىخان قىلمامسىلەر؟ هاڭۋېقىپ تۇرىسىلەر- غۇ!— ئۇرايىم هاجىم كېلىنلىرىنى داستىخان سېلىشقا بۇيرۇ- ۋىدى، رەيهانەم ئۇنىمىدى.

— كۆڭلۈم بىرنەرسە تارتمايدۇ هاجىكا.

— ياق بولمايدۇ، شۇنداق بولسىمۇ داستىخان سالمىسا بولامدۇ؟— دەپ هاجىم كېلىنلەرگە ئىشارەت قىلدى،— ئۆيدە يالغۇز تۇرسىڭىز بولمايدۇ قىزىم.

— يالغۇزچىلىققا كۆنۈپ قالدىم هاجىكا. مەن يالغۇزچىلىق- تىن قورقمايمەن، ئۆمرۈمنىڭ تولىسى يالغۇزچىلىقتا ئۆتكەن. كىم بىلىدۇ، بىر ئۆمۈر يالغۇزچىلىقتا ئۆتەمدىمەن تېخى.

— ئۇنداق شۇم ئېغىزلىق قىلماڭ قىزىم،— ئۇرايىم هاجىم- نىڭ يۈرىكىنى بىرنەرسە قىسىۋالغاندەك بولۇپ كەتتى، ئالەمدىن ئۆتكەن ئايالى ئېسىگە كەپقالدىمۇ جىم بولۇپ قالدى. ئۇ رەيهانەمنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەردىن يالغۇزچىلىقنىڭ يارقىن سىيماسىنى هېس قىلدى.

× × ×

قاسىم بايۋەچچە يول بويى بىر شۇملۇقنى پۈراپ ماڭدى. يولدا ناگان - ناگاندا ئادەم ئۇچراپ قالمىسا، بۈگۈن زېمىن بايا- ۋانغا ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇلار خۇددى يەر شارىدىكى

ئەڭ ئاخىرقى ئادەملەردەك كۆرۈنەتتى. كارۋان پەيزاۋاتقا دەل بازاركۈنى كەلگەن بولۇپ، پەيزاۋاتنىڭ چارشەنبە بازىرى ئادەتتە ئاجايىپ قىزىپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇلار يول بويىچە بىرمۇ ئادەمنى ئۇچراتمىدى، بۇ شۇملۇقتىن بېشارەت بېرەتتى. بىرمۇ ئائىلىنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق ئەمەس، ھەتتا كوچىلاردا لالما ئىتلاردىن باشقا ھېچنېمە كۆزگە چېلىقمايتتى.

بۇرنىغا ۋەھىمىنىڭ پۇرىقى گۈپپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان قاسىم بايۋەچچە مەتئېلىگە بىرەر يەرنى تېپىپ، قورساقنى غەملۇۋېلىشنى تاپىلىدى. مەتئېلى 2 — 3 ئادەمنى باشلاپ ئاتلىرىنى قامچىلاپ، ئۇزۇقلۇق تاپقىلى كەتتى. قاسىم بايۋەچچە بەلۋېغىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن پېشانىسىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تەرنى ئېرتتى. بارماقلىرىنى ساناپ كۆچادىن چىققانغا 40 — 50 كۈن بولغاندىمۇ دەپ، گاڭگىراپ قالدى، يۈرىكى شۇررىدە ئېقىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇ «بىچارە رەيھانەم نېمە كويلاردا ۋايىم يەپ يۈرىدىغاندۇ؟ ھەي ئۇنىڭغا بەك ئۇۋال قىلىپ قويدۇممۇ قانداق، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم كېرەككەن ئەسلىي. بىز ھەممە ئىشنى قىلىپ بولۇپ پۇشايمان قىلىپ، يۈرىكىمىزنى ئۆزىمىز ئۇپرىتىپ، خۇنىمىزنى ئۆزىمىز خورىتىپ يۈرىدىغان خەق ئىكەنمىزغۇ! ئاھ خۇدا، ئۇ بىچارە مەزلۇمنىڭ تېنىنى ساق - سالامەت قىلغايسەن. ئۆلمەي قالسام چوقۇم يېنىڭغا قونمەن، تۇمۇچۇقۇم. چوقۇم مېنى كۈت» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، بەدىنى ئۇيۇشۇپ قالغاندەك بولۇپ كەتتى، يۇتقۇنچىقىنى ئۆمەللەپ قىينالدى، كۆزلىرىدىكى نۇر غۇۋۋا تاشلىنىپ تۇردى. قاسىم بايۋەچچە مىنىۋالغان ئاتنىڭمۇ قورسىقى تارتىشىپ، كەينىدىن «پورت - پورت» يەل قويۇپ بىرىپ، بەتبۇي پۇراق چىقىرىپ ئىگراپ كېتىۋاتاتتى. ئاچ قورساق ئات ھاۋاغا قوشۇلۇپ ئۇچۇپ كەتكۈدەكلا بولۇپ قالغان ئىدى.

مەتئىپلى ئۆيمۇئۆي دوقۇرۇپ يۈرۈپ، بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە تاراقشىپ كەتكەن ئون نەچچە ھەممەك ۋە زاغرا نان تېپىپ كەلدى. يىگىتلەر سوغۇق سۇ بىلەن قورساقلىرىنى ئاز- تولا ئەستەرلىدى. ئۇلاغلارغا ئۆزلىرى تەييارلىغان يەملەردىن بەردى، ئاتلارنىڭ پۇتلىرىغا ماغدۇر تەپتى. قاسىم بايۋەچچە مەتئىپلىگە «ئات- ئۇلاغلارنى سوۋۇتۇپ بولۇپ يولغا چىقىلى» دەپ تاپىلىدى.

— بۈگۈن ئەلياتقۇ بولسىمۇ، ئالتىن ئاتۇشقا يېتىۋاللى، شۇ يەردە ئىشلارنى بىرقۇر تىنىڭ تىڭلاپ بېقىپ ئاندىن يولغا چىقىمىز. يىگىتلەر سىلەرمۇ ئازراق ئارام ئېلىۋېلىڭلار، ئات- ئۇلاغلار سوۋۇتۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سەپەرنى داۋام قىلىمىز،— دەپ قاسىم بايۋەچچە ئورۇنلاشتۇردى.

سارا سىمە چەمبىرىكىدە ئەس- ھوشىنى يوقىتاي دەپ قالغان بۇ بىچارىلەر بەك جانسىز ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغىلا چوڭ بىر پالاكەت پۇت- قولىنى ساڭگىلىتىپلا چىقىدىغاندەك، بەدەنلىرىگە يامىشىپ جېنىنى ئالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. قانات- قۇيرۇقلىرى بولسا، زېمىندىن پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كەتكۇسى كېلەتتى. ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالغان دۇنيادا ھېچقانداق چارىسىز، تەدبىرسىز قالغان-دەك يۈرەكلىرى تارتىشىپ، كۆزلىرى ئىچىگە قىيامەت دەھشىتى مىختەك سانجىلىپ، ھايات- مامات ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكتە گاڭگىراپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. مەۋجۇدىيەت ھەرە كۆنىكىدەك گىڭشىلداپتتى. ئاسماندا چىرىلدىغان سارىنىڭ بىخۇش ئاۋازى زېمىننىڭ مۇڭزارىغا زار قوشۇپ، كۆككە قىيامەت دەھشىتىدىن مۇئەللەق مۇنار تىكلەپ، تىنالماي قالغان جانلارنى ھەر خىل تەقدىرگە مۇپتىلا قىلىدىغاندەك مەسخىرە قىلاتتى. ئۇ گاھ تۈز ئۇچسا، گاھ قاڭقىپ، يەر باغرى نەرە تارتقاندەك ئىچ- ئىچىدىن شادلىنىپ چىرىلدايتتى.

قاسىم بايۋەچچە شۇم سارىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئۇزاق زەن سالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە زېمىن ئىنسان تەقدىرىدىن ئاچچىق تولغىنىۋاتقاندەك كۆرۈندى. سەسكىنىشلىك پۇراقلار كۆك بىلەن زېمىنغا تەڭ بولۇپ، ئاللىقاياقلاردىن سەلدەك يېپىلىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، چۇراپ - چۇراپ بەدىنى سىلكىنىپ كەتتى، پېشانىسىدىن تەر قاينايتتى. ھايات بىلەن ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدا بوينى گويا قىلغا باغلىنىپ قالغاندەك، ئۆزىنى جانسىز سەزدى. كۆزىنى يۇمسىلا، ئەڭ يېقىن، ئەڭ ئامراق نەرسىلىرى قان - يىرىڭ ئىچىدە پەرياد چېكىۋاتقان ھالەتتە خىيالىغا كېلىۋالاتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا يىراقتىن بىر ئاۋاز ئۆزۈلۈپ - ئۆزۈلۈپ كىردى. ئۇ شۇنداق تىنجىپ زەن سالدى، ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان تىنىقلىرىنىمۇ پەسەيتىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتتى. ھېلىقى ئاۋاز يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ دېمى سىقىلىپ، زىققە بولۇپ قالغاندەك ھالسىرىدى، كۆزى پارقىراپ كاللىسىدىن كەتكەندەك، ئالاق - جالاق ھالدا ئەتراپىغا قارىدى. ھەر دەقىقىدە ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان مىجەزىنى بىلىپ تۇرۇش ۋەھىمىنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك ئىپادىسى ئىدى. كۆرۈشكە تېخى مۇيەسسەر بولمىغان ھالاكەت دولقۇنى چۇقان كۆتۈرۈپ، ئاشۇ جانلارنى توختىماي، تىن ئالدۇرماي قىينىدى.

قاسىم بايۋەچچە ئۇزاق ئويلىدى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنچىلىك ئۇزاق ئويلىمىغان ئىدى، ئويلاۋېرىپ تىن ئالالماي قالدى، نەپسى قىسىلىپ، يۈرىكى ئېچىشتى، تېگى يوق ھاڭغا شۇڭغۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن سېسىق پۇراق چىقىپ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى، چىڭقىلىپ يۆتەلدى، كۆز قارىچۇقىدىن پاراسلاپ ئوت چىقىپ كېتىدىغاندەك بىلىندى. ئاشۇنداق ئېغىر ئالۋۇن ئۇنىڭ شىللىسىگە مىنىۋالغان ئىدى. قۇلىقىغا بىر ئاۋاز يەنە كىردى، ئۇ زەن سالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئاۋاز تەرەپكە تەلپۈندى، نېمە ئاۋازلىقىنى پەرق ئېتەلمەيتتى. ئەمما، بىر ئاۋاز

ئۇنىڭ قۇلىقىغا راستتىنلا كىرىۋاتاتتى، قۇلاقلىرىنى كولىدى، كۆزىنى ئۇۋۇلاپمۇ ئاۋازنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى زادىلا پەرق ئېتەلمىدى.

— بايۋەچچە، خېلى ئارام ئالدۇق، ئەمدى ماڭساق بولارمىكىن.

مەتئېلى قاسىم بايۋەچچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قاسىم بايۋەچچە ئۇخلىماي چۈش كۆرگەندەك ھېس قىلدى، دېمىسىمۇ شۇنداق ئىدى. ۋەھىمىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە زېمىن يۈزىدە ئەركىن - ئازادە يۈرەلمەيتتى، خىيال سۈرەلمەيتتى.

— بولىدۇ، يولغا چىقىلى،— دېدى قاسىم بايۋەچچە مەتئېلىگە يېڭى تونۇشقان ئادەمگە قارىغاندەك كەيپىياتتا.

مەتئېلىنىڭ يۈرىكى ئۇنىڭ قارىشىدىن جىغ قىلىپ تىترىدى. كۆرۈنمەس ھالاكەت ھەممە يېقىنلىرىنى قايتىدىن يېڭى تۇيغۇ، يېڭى ئىستەك بىلەن بايقاشقا، ھەتتا ئۇ كىم - مەن كىم بولمەن دېگەن يەرگىچە ئاپىرىپ تاشلىغان ئىدى. ئەگەر ئادەمدىكى تۇيغۇ- ھېسسىيات، ئارزۇ - ئارمان ھايۋانلاردا بولۇپ قالسا، مۇشۇنداق جۇدۇن، مۇشۇنداق تەقدىر - قىسمەتلىرى ئۈستىدە قانچىلىك ئەنسىرىگەن بولاتتى- ھە. ئادەم زاتى زېمىندا ئاڭ بىلەن ياشىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ قىسمەتلەرنىڭ ئەقىللىق جىنايەتچىسى سۈپىتىدە باش ئېگىپ، «ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى» دەپ ئولتۇرۇپ، ھاياتىدىن زېمىنغا قالدۇرغان ۋىداسىنى كۆرىدىكەن. ئاڭ ئۆز ئوقىدا ئۇنى دەھشەت قىينايدىكەن، ھەتتا يەردىكى ئوت - خەس، گىياھچىلىك ئورۇنغىمۇ ئېرىشەلمەيدىكەن. ئۇ بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن، بىر ئۆمۈر تىن ئالالماي ئۇرۇنىدىكەن.

قاسىم بايۋەچچىلەر توختىماي يول يۈردى. ئات - ئۇلاغلارمۇ ئۇلارنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى بىلگەندەك، كۆچەپ ماسلىشىپ بەردى. يولدا ئاندا - ساندا ئۇچرىغانلار ئۆلۈمدىن ئۆزىنى دالدىغا

ئېلىپ قاچقاندەك بىسەرەمجان، رەڭگىرويى زەي زىندانىدىن قېچىپ چىققان مەھبۇستەك كۆرۈنەتتى. قاسىم بايۋەچچە يولدا ئۇچرىغانلاردىن بىرنىمىلەرنى سورىغۇسى كەلسىمۇ، ئەنسىزلىككە يەنە ئەنسىزلىك قوشۇۋېلىشنى خالىمىدى، خۇددى مۇھىم بۇيرۇقنى ئېلىپ ماڭغان خان دەستەكچىلىرىدەك توختىماي يول يۈرۈپ، نامازشام بىلەن ئالتىن ئاتۇشقا يېتىپ كەلدى.

ئالتىن ئاتۇش ئەنسىزلىكتە ھۆركىرەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئالتىن ئاتۇشنىڭ مەركىزى مەشھەدكە كىرگەندە، ئادەملەرنى ئۇچرىتىش تولىمۇ تەسكە چۈشتى. ئات - ئۇلاغ تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈگەن ئادەملەر دەرۋازىسىنى قىيپاش ئېچىپ، ئەنسىزچىلىك بىلەن باشلىرىنى چىقىرىپ قويۇشاتتى. قاسىم بايۋەچچە ئالتىن ئاتۇشتا كۆڭلى سەل ئارام تېپىپ، مىجەزى كۆتۈرۈلۈپ قالدى، «ھەزرەت سۇلتان» مازىرىغا ئاز قالغاندا، ئاتتىن چۈشۈپ دۇرۇت ئوقۇپ[1] ئۆزىگە ھۇردى. مەتنىلى ۋە كارۋانچى يىگىتلەرمۇ قاسىم بايۋەچچىگە ئەگىشىپ ئات - ئۇلاغلاردىن چۈشۈشتى. قاسىم بايۋەچچە ئۇلۇغ بوۋىسىدىن مەدەت ۋە شىپالىق تىلىدى، يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ، كۆز چاناقلىرىدىن ئىسسىق ياش مەڭزىگە سىيپاپ يامرىدى. سۆكۈتكە چۆمۈپ تۇرۇپ ئۇلۇغ بوۋىسىنى سېغىندى. ئاسايىشلىق، خاتىرجەملىك تىلەپ يۈرەكلىرىدىن ئاۋازسىز ھەمدۇ سانالارنى ئوقۇدى. قاسىم بايۋەچچە ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ كۆككە تاقاشقان كۆك گۈمبىزىنى كۆرگەندە، كۆڭلى نىجاتلىق كۆرگەندەك ۋاللىدە يورۇپ كەتتى.

[1] دۇرۇت ئوقۇش — «ھەزرەت سۇلتان» مازىرىغا سېغىنىپ، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ روھىدىن مەدەت تىلەش ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئادەت ۋە ئەنئەنىگە ئايلانغان. بېشىغا كۈن چۈشكەنلەر بۇ يەرنى زىيارەت قىلىپ، يىغلاپ، ناماز ئوقۇپ، غەمدىن خالاس بولۇشنى ئىستەيتتى.

پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى قاپسىۋالغان غەم ـ ئەندىشە قۇيرۇقىنى قىسىپ شۈمشىيىۋالغاندەك بىلىنىدى. يۈرىكى سەگىپ كۆز قاراقلىرىنى تۇسۇۋالغان قات ـ قات ئەندىشىلىك پەردىلەر «تارت ـ تارت» يىرتىلىپ، كۆرۈش قۇۋۋىتى، ئەقلى سۈزۈكلىشىپ، قۇرۇپ قالاي دەپ قالغان كاللىسى بىرنەرسىنى پەرق ئېتەلىگۈدەك بولدى.

ئۇلۇغ جاي ئادەمگە جاسارەت بېغىشلايدۇ، تىنىپ قالغان ئاڭلىرىنى ئويغىتىپ يىراققا، كەلگۈسىگە ئىشەنچ ـ ئىستەك بىلەن نەزەر تاشلاتتۇرىدۇ، ھەتتا ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان جانلارغىمۇ ھاياتلىق نۇرى ئاتا قىلىدۇ. قاسىم بايۋەچچە «ھەزرەت سۇلتان» مازىرى بىلەن سۈكۈت ئىچىدە قۇچاقلاشتى. ئۇلار ئۈنچىقماي ئات ـ ئۇلاغلىرىنى يېتىلەپ پىيادە خېلى مېڭىپ، سۇلتانىم مەسچىتىدىكى ھۇجرىلارغا چۈشتى. مازارنىڭ ياردەمچى شەيخى ئۇلارنى ئىللىق چىراي بىلەن قارشى ئالدى. قاسىم بايۋەچـ ـچە ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغاندەك خۇشال ئىدى. شەيخ ئۇلارنى ھۇجرىلارغا ئورۇنلاشتۇردى، بۇ مازارنىڭ ھۇجرىسى سىرتتىن كەلگەنلەرگە ھەر ۋاقىت ئوچۇق تۇراتتى. بۇ ھۇجرىلار ئۇلۇغ بوۋىسىدىن مەدەت تىلەپ كەلگەن يەتتە ئىقلىمدىكى ئىزچى، ئەمما دەردكە تولغان ئوغلانلارنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇلارغا روھ، مەدەت، جاسارەت، ئۇلۇغ ئىستەك ئاتا قىلىپ، ئۆزىنىڭ خىسلەتلىك، ئۇلۇغلۇق ئوبرازىنى چۆلدىكى مەشئەلدەك يورۇتۇپ كەلگىنىگە 1000 يىلغا يېقىن بولغان ئىدى. بۇ ئۇلۇغ بوۋىنىڭ پۈشتى ھەرقاندىق بالا ـ قازا، ئاپەتلەرگە دۇچار بولغاندا، مۇشۇ مۇقەددەس جايدىن روھىي مەشئەلنى ياندۇرۇپ، ھاياتقا مۇھەببەت بىلەن قاراشقا ئۈندەيدۇ. تەقدىرىگە چاڭ سالغانلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇشقا ئەقىل، جاسارەت ئاتا قىلىدۇ. ھېسابسىز كۈچ ـ جاسارەت بېغىشلايدۇ، ئەركىن ياشاشقا كېچەيۇكۈندۈز دەۋەت قىلىدۇ. قۇللۇقنىڭ زەنجىر ـ كىشەنلىرىنى

چىقىشقا ئۈندەيدۇ، ھاياتلىقنى بوغقۇچى دۈشمەنلەرنى يىلتىز-
دىن قۇرۇتۇشقا ئىسيان ئاتا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ جاي
خەلقىنىڭ مۇقەددەس تاۋابگاھى ھېسابلىنىپ، يەتتە ئىقلىمغا
مەشھۇر ئىدى.

قاسىم بايۋەچچە «ھەزرەت سۇلتان» مازىرىدىكى چوڭ
كۆلدىن ئوچۇملاپ - ئوچۇملاپ سۇ ئىچتى. ئۇ خۇددى ئابىھايات
كەۋسىرىنى ئىچكەندەك، يۈرەكلىرى ياشناپ ئىلىلدى. كۆل
بويىدىكى قارا سۆگەتلەر چاچلىرىنى ئۆستۈرۈۋالغان جاھانكەشتى-
لەرگە ئوخشايتتى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان گۈمبىزى ئىچىدىكى
كۆك كەپتەرلەرنىڭ بۇقۇلدىغان ئاۋازى مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ
ئۈرۈنۈشىدەك سادا بېرىپ، بۇ جايغا ئۆزگىچە سېھىر ئاتا قىلغان
ئىدى. مەشھەد — ئالتىن ئاتۇشنىڭ ئەڭ ئاۋات، ئەڭ گۈزەل يېرى
بولۇپ، ئالتىن ئاتۇش گويا ئالتۇن ئۈزۈك بولسا، مەشھەد ئۇنىڭ
ياقۇت كۆزى ئىدى. بۇ يۇرت ئىسمى - جىسمىغا لايىق گۈزەل،
مەشھۇرلۇقتا تەڭدىشى يوق. بۇ يۇرتتىن نى - نى باھادىر ئوغلانلار
چىققان. تارىختىن بۇيان ئېيتىلىپ، تىللاردا داستان بولۇپ
كېلىۋاتقان:

ئاتۇش دېگەن ئوبدان يۇرت،
ھەسسۇلتان مازارى بار.
يېتىمچىنى قوللايدۇ،
دۈشەنبە بازارى بار.
...

دېگەندەك ناخشىلار بىكاردىن چىققان ئەمەس. ئالتىن ئاتۇش
ئاشۇ قوشاقتا ئېيتىلغاندەك، ئەزەلدىن يېتىمچى، يوقسۇل، ئىگە -
چاقىسىزلارنى قوللاپ، پاناھلىق بېرىپ كەلگەن. ئاتۇش خەلقى
چىداملىق، بىر تۇغ ئاستىغا ئۇيۇشالايدىغان، جاسارەتلىك،

ئەقىللىق، چىچەن خەلق، باتۇر خەلق.

ئاتۇش ئادىمى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ جانلىق پاكىتى، تىرىك ئىزناسى. ئۇلار ھەرقانداق ئىشنى غۇرۇر، ۋىجدان بىلەن قىلىدۇ، خالاس. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن، ئەقىل - پاراسىتىدىن شاھلارنىڭ سىيماسى خۇددى قۇياشتەك روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قاسىم بايۋەچچە كۆپكۆك كۆل سۈيىنى ئىچىپ، ئۈستىدە كېپىنەكلەر ئۇچۇپ تۇرغان ئۇلۇغ قەبرىنىڭ كۆككە تاقاشقان گۈمبىزىگە قاراپ ئۇلۇغ تىنىدى. ئاپئاق ساقال، ئاپئاق يەكتىكىنىڭ ئۈستىدىن مەيدىسىنىڭ تۈكلىرى چىقىپ تۇرغان، يۈزى يۇملاق، قاشلىرى توم، بەستلىك كەلگەن قەبرى شەيخ قاسىم بايۋەچچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىر كۆرۈپلا ئىچى چۆشۈپ قالغانىدەك بولۇپ، گەپ سورىدى:

— ئوغلۇم، قاياقتىن كەلدىڭلار؟

— كۇچادىن.

— ھە، كۇچادىن دەڭ، سودىگەر ئوخشىمامسىز؟

— ھەئە، بىز خوتەندىن كۇچاغا چىققان، ئاتا. يېنىش سەپىرىمىزدە بۇ يەرنى تاۋاب قىلىپ ئۆتمەكچى بولۇپ كىردۇق.

— ئوبدان بوپتۇ. ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ ئوغلۇم، ئۇلۇغلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ھەي، تازا بىئەپ ۋاقىتتا كەلدىڭلار، شۇنداق بولسىمۇ ھېچ گەپ يوق.

— ئاتا، چوڭ چاتاق يوقتۇ؟— قاسىم بايۋەچچە شىبىرنىڭ ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك، ئاقساقال شەيخنىڭ كۆزىگە قارىدى. قەبرى شەيخ تۇم بارماقلىرى بىلەن مەيدىسىگە چۈشكەن پاكىز ساقىلىنى سىيلاپ قويۇپ، ئېغىر بىر تىنىدى.

— خۇدايىم ساقلا، چوڭ چاتاقمۇ بولماس بالام. نەچچە ئاي بولدى دەككە - دۈككىدە قالدۇق، تۈزۈكرەك تىن ئالمىدۇق.

— زادى قانچىلىك ئاتا؟

— بىلەلمىدۇق ئوغلۇم، شورپىنىڭ سۈيىدەك پارقىراپلا قالدۇق، تولا ئادەملەر قېچىپ كەتتى، يەرلەر تېرىقسىز قالىدىغان بولدى. يۇرت چۆلدەرەپ كەتسە، ئادەم بېشىغا شۇملۇق قونىدۇ، بالام. بىر يەرلىرىمىز ئاغرىسىمۇ چاندۇرماي يۈرۈۋاتىمىز. ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگەندىن ئىچىدە كۆيگەن ئەۋزەلكەن. دەككە - دۈككىدە يۈرۈپ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمىزنى بىلەلمەيلا قالدۇق. مانا بىرنەچچە ئاينىڭياقى بۇ يەرگە سىلەر كەلدىڭلار. مۇنداق چاغدا بۇيەر قىزىپ كېتەتتى، تاۋابچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

— كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى بايقالدىمۇ؟

— بايقالمىدى. ئەمما، ھەممە ئادەم كېسەلدەك تىنالماي، بەللىرى ئېگىلىپ كەتتى. كىشىلەر يۈرىكى پوك - پوك يۈرۈشۈۋاتىدۇ.

— كېسەللىككە قارىتا چارە - تەدبىر قوللاندىڭلارمۇ؟

— قانداق چارە دەيسەن ئوغلۇم، ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرماقتىن باشقا ئامال يوق. نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇردۇق، شۇ.

— كېسەللىك مەنبەسى نېمىكەن ئاتا؟

— ھەر خىل گەپ بار، ھەممىسى ئاتساڭ موما تۈۋىگە چۈشمەيدىغانلا گەپ، كۆزىمىز پارقىراپلا قالدى. مۇنداق بولغاندىن، ئۆلۈپ تۈگىگەنمۇ ياخشىكەن. مۇنداق ئىشنىڭ دىشۋارچىلىقى بەك تولا ئىكەن، — ئاقساقال شەيخ ئاسمانغا قاراپ قاسىم بايۋەچچىگە، — ئەنسىرىمە بالام، ھاردىڭلار، دۇنيادا بارغۇ سەپەرنىڭ ھاردۇقى يامان، بۈگۈن ئوبدان ئارام ئېلىڭلار. ھاردىڭلار - ئاچتىڭلار، بۈگۈننى ئەزىز بىلىپ ھاردۇقۇڭلارنى چىقىرىڭلار، پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرىمىز. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن. ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ، خوش ئەمسە، ئامان بولۇڭ ئوغلۇم، — دەپ دوكۇسلاپ مېڭىپ كەتتى.

قاسىم بايۋەچچە ئاقساقال شەيخنىڭ كەينىدىن قاراپ

قالدى. شەيخنىڭ قەدەم ئېلىشى جەسۇر ئىدى، مۇشۇ ياشتىكى ئادەملەردە مۇنداق ھالەت كەم ئۇچرايتتى. قاسىم بايۋەچچە تاھارەت ئېلىپ، ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇدى...

× × ×

ئالتىن ئاتۇشنىڭ تاڭ شەپىقى مەشھەد ئاسمىنىدا ئۆزگىچە جۇلالىق ئىدى. قاسىم بايۋەچچە ئەتىسى بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، «ھەزرەت سۇلتان» مەسچىتىدىن سىرتقا چىقتى. جامائەت قاتار تۇرۇشۇپ بىر - بىرىدىن ئامان - ئېسەنلىك سوراشتى. ئوتتۇرا بوي، يۈزى دوغىلاق، كۆزى كۆك، خەرىتە ساقال، مەڭزىدىن قان تەپچىپ تۇرىدىغان، تۇرقىدىن ئاقسۆڭەكلەرگە خاس، خانلىق سالاپەت چىقىپ تۇرىدىغان، خۇش پىچىم، بۇرنى تومراق، قاشلىرى ئۆسەك، 50 ياشلار چامىسىدىكى كېلىشكەن بىر ئادەم ئامان - ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن، دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— كۆللى ھاياتلىقنىڭ ئىجادكارى، ئۇلۇغ ئاللا شاپائەت دەرىخىڭنى ئىرغىتىپ، بەندىلىرىڭنى ئامان - ئېسەن قىلغايسەن، غەزىپىڭدىن ساقلىغايسەن. مۇشكۈللەرنى ئاسان، مەرھەمىتىڭنى كەڭرى قىلغايسەن. ھەر ۋاقىت سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيگەنلەرنىڭ ئاددىي سالام، دۇئاسىنى قوبۇل قىلغايسەن، غەزىپىڭدىن خالىي قىلغايسەن، ئامىن!

— ئامىن، ئامىن، ئامىن!

دۇئاغا كۆتۈرۈلگەن قوللار ئۇ زاتنىڭ ئىشتىراكچىلىقىدا تامام بولدى. ئۇ ئادەم جامائەت بىلەن خوشلىشىپ بولۇپ، قاسىم بايۋەچچىنىڭ ئالدىغا كەلدى. قاسىم بايۋەچچە ئۇ ئادەمگە قاراپ بېشىنى ئېگىپ سالام بىلدۈردى.

— ئاخشام كەپسىلەر، ھازىر ئوقتۇم، ھاردۇقلىرى چىقىپ

قاپتىمۇ.

قاسىم بايۋەچچە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىيۇ، چاندۇرماي:

— رەھمەت، ھاردۇقىمىز چىقىپتۇ،— دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم قول بىرىپ كۆرۈشكەندە، قاسىم بايۋەچچىنىڭ پوتكۇل ۋۇجۇدى سىھىرلەنگەندەك بولۇپ كەتتى.

— ئالدىلىرىغا چىقالماپتىمەن، كەچۈرگەيلا بايۋەچچە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاسىم بايۋەچچە ھەيرانلىق ھىس قىلسىمۇ، چاندۇرماسلىققا تىرىشتى.

— ئۇنداق بولامدىغان.

— ياق، بەك سەت بولدى. ئاخشام سەل بىتاب بولۇپ، بىر قاچا شوۋىگۈرۈچنى ئىچىپلا دۇملىنىپ يىتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ. بولمىسا، ئاخشاملا دىدار كۆرۈشىدىكەنمىز.

— خۇداغا شۈكرى، مانا ھازىرمۇ دىدارلاشتۇق،— قاسىم بايۋەچچىنىڭ كاللىسى ئۇماچلا بولۇپ كەتتى.

— يۈرسىلە، ئەتىگەنلىك ناشتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان، ئۆيگىلا چىقلى.

قاسىم بايۋەچچە ھىچقانداق دەتالاش قىلمايلا، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. بۇنىڭ زادى نىمە ئۈچۈنلىكىنى ئۇ زادىلا بىلمەيتتى. ئەمما، ئانىسىنىڭ كەينىدىن ھەمىدەپ مىڭىپ كىتىۋاتقان مەچەكتەك كىتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ نىمە ئۈچۈنكىنىتاڭ، مەيلى ئۆزىدە ئەمەسلىكىدىن ھەيران قالدى. «بۇ كىشى زادى كىمدۇ، ئەجەب ئىسمىگە ئالالمىدىم» دىگەننىلا خىيال قىلدى. مەتئىلى باشچىلىقىدىكى كارۋانچى يىگىتلەرمۇ قاسىم بايۋەچچىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كىلىۋاتاتتى.

— كوچاغا چىققانغا خىلى بولغانمۇ؟— يوچۇن ئادەم جىمجىتلىقنى بۇزۇپ گەپ باشلىدى.

— خىلى بولغان.

— ئىش - ئۇقەت قانداق؟
— يامان ئەمەس، خۇداغا شۈكرى.
— بىر خىللا تۇرۇپسىز. نەچچە يىل بولغاندۇ، ھە، بەش يىل، ساق بەش يىل بوپتۇ.

قاسىم بايۋەچچە «نىمىگە بەش يىل بولغاندۇ، بۇ زادى نىمە ئىش؟» دەپ ئويلىدى. يوچۇن ئادەمنىڭ ئۆيى «ھەزرەت سۇلتان» مەقبەرىسىنىڭ ئارقىسىدىلا ئىكەن. كۈنپېتىشتىكى بۇ قورۇ يۇرۇش - يۇرۇشلۇك جايلار چۈشكەن ئاجايىپ چوڭ، دەرۋازا ئالدىدا يوغان ئاق ئۈجمە دەرىخى سايە تاشلاپ قورۇغا ھۆسن قوشقان ئىدى. قورۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە كىچىك مەسچىت ئۆزگىچە سالاپەتتە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مەسچىتنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بوزغانلاپ يوغىناپ كەتكەن بىر تۈپ چىلان دەرىخى تۇراتتى. قورۇ كەينىدە نەچچە ئون مو كەلگۈدەك باغ بار ئىدى. ھويلىدىن ئىككى تاش تۈگمەننىڭ سۈيى ئېقىپ ئۆتەتتى، ھويلا - ئارامدا ھەر خىل گۈللەرنىڭ كۆچىتى، قۇشلارنىڭ سەندىن مەن قالامدىمەن دەپ ۋىچىرلاپ سايرىغان ئاۋازى توختىماي قۇلاققا كىرىپ تۇراتتى. مەنزىرىسى كىلىشكەن بۇنداق قورۇ - جاي كەم ئۇچرايتتى. ھەيۋەتلىك قورۇغا قاراپ، بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ، قاسىم بايۋەچچە تولىمۇ ھەيران قالدى.

— بۇ، مەشھەدىنىڭ كىندىكى دەپ ئاتىلىدىغان «چىلانلىق مەسچىت» دەيدىغان كوچىسى، — دەپ ئىزاھات بەردى يوچۇن ئادەم. ئۇ مېھمانلارنى باشلاپ ئۆيگە كىرگەندە، 10غا يېقىن مۇلازىم ئۇلارنى كۈتۈپ قول باغلاپ تۇراتتى.

— تەييارلىق پۈتتىمۇ؟
— پۈتتى غوجام.

يوچۇن ئادەم قاسىم بايۋەچچىلەرنى چوڭ سارايغا باشلاپ كىردى. ئۆينىڭ ئىچىمۇ شۇنداق بېزەكلىك ئىدى. تامدىكى گەج

بىلەن چىقىرىلغان ھەر خىل نەقىشلەردىن ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ جەۋھىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. خان سارىيىدىن قېلىشمايدىغان بۇ ئۆينى كۆرۈپ قاسىم بايۋەچچە «بىزمۇ ئۆيىمىز بار دەپ يۈرۈپتۇق» دېۋەتكۈسى كەلدى. بىر مۇلازىم ئاپتۇۋا - چىلاپچىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، قولغا سۇ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، داستىخان سېلىنىپ، ئەتىگەنلىك تاماق تارتىلدى.

— مېھمانلار بەھۇزۇر، تارتىنماي بېقىشسىلا، — يوچۇن ئادەم ئۇلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى، — جاھان مالىمانلىشىپ كەتتى، تۈزۈكرەك بىرنەرسە قىلالمىدۇق، بايۋەچچە، — يوچۇن ئادەم ئۇلارغا كۆڭۈل ئېيتتى.

قاسىم بايۋەچچە ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي ئولتۇراتتى، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ھېچ كاللىسى يەتمەي قالدى.

— بەك جۇۋاپ كېتىپتىلا.

— ئۆزلىرى بىلەن ئايرىم پاراڭلاشقۇم بار ئىدى، زادىلا پۇرسەت بولمىدى. قارىمامدىغان، جەڭگاھتا كۆرۈشۈپ قالغاندەك بىر ئىش بولدى بۈگۈن. ئۇلۇغچاتتا پەيدا بولغان بۇ نىجىس كېسەل- لىك ھەممە ئادەمنى چاناشتىكى قېتىقتەك چالغىتىۋەتتى. ھەممە ئادەم جان قايغۇسىدا قالدى دېسىلە، — يوچۇن ئادەم ۋەزىيەتتىن ئازراق چۈشەنچە بېرىپ سۆزلەۋاتاتتى، — ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىزنىڭ تېخى رىزقىمىز بار. چالا پوكان كېتىپ قالماسمىز، — يوچۇن ئادەم چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ قويدى.

قاسىم بايۋەچچە قانچە ئويلانسىمۇ، بۇ ئادەمنى زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى. نېمىشقىكىنتاڭ، بەك بىئارام بولدى. تۇرۇپلا خوشلاشقۇسى كەلدى. «داستىخان سېلىپ، ئىللىق چىراي بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغان بۇ ئادەمنىڭ زادى نېمە مۇددىئاسى باردۇ؟ سىرتتىن كەلگەنلەرنى سۈرۈشتۈرىدىغان ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارىمىدۇيا. ئۇنداق بولسا، ئۇدۇللىلا سۈرۈشتۈرەر ئىدىغۇ،

بۇنچىۋالا تەكەللۇپ قىلىپ كېتىشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ مېھماندوست كىشى بولسىمۇ، مەندەك بىر ناتونۇش ئادەم ئۈچۈن بۇنچىۋالا جۇۋاپ كەتمەس. يولغا چىقساق بولاتتى، نېمە كۆرسەم يۇرتۇمدا كۆرەتتىم». ئۇنىڭ كاللىسى سېرىق ھەرىنىڭ كۆنىكىدەك گۇڭگۇلدايتتى. ناشتىدىن كېيىن ھەممەيلەن يوچۇن ئادەمگە ئەگىشىپ دۇئا قىلدى.

— خوش، ئازراق بولسىمۇ ئىسسىق باستىمۇ بايۋەچچە، ھەم، «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن. خوش ئەمىسە، بىرنەچچە كۈن مۇشۇ ئاددىي كۈلبەمدە مېھمان بولۇپ كېتىشلىرىنى سورايمەن،— دېدى يوچۇن ئادەم ھەم سىلىق، ھەم كەسكىن ئاھاڭدا.

بۇ يوچۇن ئادەمنىڭ تۇرقىدىن ئەقىل نۇرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. قاسىم بايۋەچچە نېمە ئۈچۈندۇر كوچادا قالغان ئۇرايىم ھاجىمنىڭ تەقى - تۇرقى بىلەن بۇ ئادەمنىڭ تەقى - تۇرقىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن، سەزمىگەن ھالدا قىسقىچە سېلىشتۇردى، رەھمەتلىك دادىسىمۇ توساتتىن يادىغا كېلىپ ۋۇجۇدىنى چۆمكىۋالغان ئەسەبىي ئىسكەنجە يىراقلاپ غايىب بولغاندەك تۇيۇلدى. ھەم قىسقا، ھەم روشەن سېلىشتۇرمىلار ئۇنىڭغا ئازادىلىك بېغىشلىغان ئىدى. يوچۇن ئادەمنىڭ كۈلۈمسىرەپ مۇئامىلە قىلىشى ئۇنىڭ روھىيىتىنى ھەقىقىي ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك مېھرىبانلىق، ئاتىلىق ئوتى بىلەن غىدىقلاپ، ئۇ ئادەمگە نىسبەتەن ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغالغان ئىدى. قاسىم بايۋەچچە كۆڭلىدە تەقدىر - قىسمەتنىڭ غاپىللىقىغا بويسۇندى.

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت ئاكا، بىز يولغا چىقمىساق بولمايدۇ. يۇرتتىن ئايرىلغانلىغا بەك ئۇزاق بولۇپ كەتتى. جاھان ئەنسىزچىلىك بىلەن لىق تولۇپ كەتكەن چاغدا، ئۆزلىرىنى بىسەرەمجان قىلساق، تازا قاملاشمىغان ئىش بولىدۇ. ياخشى كۆڭۈللىرى

بىزگە تېگىل بولدى، ھېلىمۇ ئاز جۇۋىماپلا، رەھمەت ئۆزلىرىگە.

— نېمە دېسىلە بار ئۇكام، مېھمان دېگەن قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش بولغۇلۇق دەپتىكەن. ئۆزلىرى مېنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنىم. خاتىرجەم بولسىلا، سىلىنى 2—3 كۈن مېھمان قىلىۋېلىپ يولغا سېلىپ قويىمەن.

— يۇرتىمىزنى كۆرگىمىز كېلىپ، كۆزىمىز تېشىلىپ كەتتى ئاكا، بۇ يىگىتلەرمۇ شۇنداق ئالدىراپ تۇرۇۋاتىدۇ. رەھمەت ئۆزلىرىگە، يەنە بىر مۆرتى بولۇپ قالار.

— ئۇكام، مەن سىلىنى بەش يىلنىڭ ئالدىدا «ھەزرەت سەيلىسى»دە كۆرگەندىن بېرى، ئۆزلىرى بىلەن بىر كۆرۈشسەم دەپ كەلگەن. مانا بۈگۈن سىلىنى ئاللا ئىگەم بوسۇغامغا ئەكېلىپ بەردى. كۆڭلۈمنى يەردە قويمىسىلا. ئەركەك، مەرد ئوغۇل دېگەن كۆڭۈلچەك بولىدىغان.

قاسىم بايۋەچچە «بەش يىلنىڭ ئالدىدا ‹ھەزرەت سەيلىسى› دە كۆرگەن» دېگەن گەپتىن كېيىن، بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ سەل خاتىرجەملىك ھېس قىلدى- دە، «ئاپلا» دەپ مەتئېلىگە قارىدى. ئۇ «ئۆزلىرى قارار چىقارسىلا» دەپ، كۆزى ئارقىلىق ئىشارەت قىلدى.

— بەك ئاۋارە قىلىۋېتەرمىزمۇ،— دەپ ماقۇل بولدى قاسىم بايۋەچچە.

× × ×

بۈگۈندىن بەش يىل بۇرۇنقى قەشقەر. ھەزرەت سەيلىسى. دەل ئۆجمە پىشىپ مەي بولغان چاغ. ماۋۇ تەرىپى يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاۋۇ تەرىپى كورلا، كۇچا، ئاقسۇ، ئاتۇش قاتارلىق ھەممە جايلاردىن سەيلىچىلەر تۆكمە بولغان. قەشقەر ئادەم

دېڭىزىغا ئايلاندى. ھەر خىل تاماشا قىيامىغا چىقتى. سودا قىزىپ، ھەتتا قەشقەردىكى تاشمۇ پۇل بولدى. چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، جانبازلىق، دارۋازلىق، مەدداھلىق دېگەنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سەيلىنى ئەۋجىگە چىقاردى.

قاسىم بايۋەچچە پۇزۇر كىيىنىپ بوز تۇلپارغا مىنىپ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ھەر خىل ئويۇنلارغا قىزىقىپ، قوچقار سوقۇشتۇرۇۋاتقان جايغا كەلدى. مۆڭگۈزلىرى يۆگىلىپ، قۇلاقلىرى كۆرۈنمەي قالغان ئادەمنىڭ بېلىدەك بويىنى بار قارا ۋە ئاق ئىككى مەكىت قوچقىرى قاتتىق ئېلىشىۋاتاتتى. گۈس - گۈس سوقۇشقاندا، مۆڭگۈزلەردىن ئوت ياناتتى. چۆرىسىگە ئولىشىۋالغان كىشىلەر قوچقارلارغا مەدەت بېرىپ چىشلىرىنى كاراسلىتىپ، باشلىرىنى ئالدىغا ئېتىپ زادىلا جىم تۇرالمايتتى. قوچقارلار بىر - بىرىگە كاللا قويغاندا، ئەنجان تام ئۆرۈلگەندەك ئاۋاز چىقاتتى، ئالاھازەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت سوقۇشتى. مۆڭگۈزلىرى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ، ئىككىلى قوچقارنىڭ بۇرنىدىن قان كەلدى. ئۇلار بىر-بىرىنى يېڭىۋالىدىغاندەك كۆرۈنمەيتتى، 10—20 قەدەم كەينىگە يېنىشىپ، بىر - بىرىگە قاراپ ئوقتەك يۈگۈرۈپ كېلىپ ۋاققىدە كاللا ئۇرۇشقاندا، ئادەمنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالاتتى. ھەر ئىككىسى زوڭزىيىپ قېلىپ، شاققىدە تەڭ ئورنىدىن تۇردى، يەنە نەرە تارتىشتى. قاسىم بايۋەچچە مۇنداق قوچقار سوقۇشقانىنى ئۆمرىدە كۆرمىگەن ئىدى. ئىككى قوچقار يەنە شۇنداق ھەيۋەت بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۈسۈشتى- دە، ئىككىلىسى يېتىپ قالدى، قازاندەك قۇيرۇقلىرى يېرىلىپ كەتتى. ئىككىلىسى يەرنى تىرەجەپ قوپماقچى بولۇۋېدى، قوپالمىدى.

بىركۆزى ئەلەس، بېشىغا تاۋاردىن شاپاق دوپپا كىيىۋالغان، تومبۇرۇت، يارمىغان كۆتەكتەك بىرى سورۇنغا چۈشتى. ئۇ سورۇن باشقۇرغۇچى بولسا كېرەك. كۆپچىلىككە ھەر ئىككى

قوچقارنىڭ بىر - بىرىنى يېڭەلمىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. قوچقار ئىگىلىرى ئۇلارنى يىقىلغان يېرىدىن قوپۇرۇپ سورۇندىن ئاچىقىپ، سوغۇق سۇ بىلەن بۇرۇنلىرىنى يۇيۇشتى، ئېغىزلىرىغا سۇ ئېلىپ قوچقارنىڭ ئاغزىغا تېمىتىپ، سۇ ئىچۈرۈشتى. قوچقار ئىگىلىرىنىڭ رەڭگى سامانىدەك سارغىيىپ كەتكەن ئىدى. ئالىمادىس بىرەرسى چاقچاق قىلسا، قوچقار ئىگىلىرى پىچاق سېلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. قاسىم بايۋەچچە بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ ياقىسىنى تۇتۇپ: «تووۋا، ھەۋەس دېگەن باشقا نېمە» دەپ، بۇ مەيداندىن باشقا تەرەپكە كەتتى.

قاسىم بايۋەچچە خوراز سوقۇشتۇرۇۋاتقان مەيداننى كۆرۈپ، نېمە ئۈچۈندۇر رايى ياندى، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، 50 — 60 مېتىر ئېگىزلىككە دار باغلىنىۋالغان يەرگە كەلدى. ئالىيېشىل كۆڭلەك - ئىشتان كىيىۋالغان، بېشىغا قىزىل - يېشىل دۇخاۋا لېنتا چىگىۋالغان دارۋاز 7 — 8 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تەڭشەكنى تۇتۇۋېلىپ، ئارغامچىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئېگىزگە ئۆرلىدى، كىشىلەر تىمتاس، تىنىشقىمۇ ھالى يوق ئىدى. دارۋاز ئارغامچا ئۈستىدە قەدەملىرىنى شاپ - شاپ ئېلىپ، تۈز يولدا ماڭغاندىنمۇ خاتىرجەم كېتىپ باراتتى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ يۈرىكى سىقىلدى. «ۋايجان!» دېگەن ئاۋاز جاھاننى بىر ئالدى، ھەممە ئادەم كۆزىنى ئېتىۋالدى، دارۋاز دار ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، ئارغامچىغا لوككىدە مىنىۋالغان ئىدى. كىشىلەر قورققىنىدىن جان - پېنى چىقىشتى. ئۇ يەنە قوپۇپ كەينىچە ماڭدى، دار ئۈستىدە ھەر خىل ئويۇن كۆرسەتتى.

دارۋازنىڭ ئويۇنلىرى خەتەرلىك بولغاچقا، تاماشىبىنلار چۇرقىرىشىپ كېتىۋاتاتتى. دارۋاز ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىغا كەلگەندە، قولىدىكى كالتەكنى تاشلىۋېتىپ، داردىن ئۆزىنى يەرگە ئاتتى. قاسىم بايۋەچچە قورققىنىدىن ئاتنىڭ ئۈستىدىن

تىك موللاق ئاتقىلى تاس قالدى. پۈتكۈل خەلق ۋارقىرىشىپ كەتتى، كېسىلى بار كىشىلەر زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. دارۋاز ئارغامچىغا پۇتىنى ئىلمىۋېلىپ، مۇئەللەقتە كانارىغا ئاسقان قوي گۆشىدەك ئۇياق ـ بۇياققا پۇلاڭشىپ تۇراتتى. كىشىلەر ھېيىقىپ كۆزىنى ئېچىشىپ، كۆڭلى تىندى. دارۋاز ئارغامچا شوتىغا لىككىدە سەكرەپ چىقىپ ھەر خىل ئويۇن كۆرسەتتى، ھەربىر ھەرىكەت قورقۇنچلۇق ئىدى. قاسىم بايۋەچچە دارۋازنىڭ ئويۇنى ئەمدى تۈگىسىكەن دەپ ئويلىدى، كېتەي دېدىيۇ، كېتەلمەيتتى. دارۋاز بارلىق ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىپ بولۇپ، پەلەكتە تۇرۇپ تووۋلىدى:

— يا پىرىم، ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۈسەيىن مەدەت قىلغايسەن، مۇئەللەقتە يولنى راۋان ئەيلىگەيسەن. ھەي خالايىق، مەن ئەمدى داردىن چۈشەيمۇ، يا يەنە ماڭايمۇ؟

— بولدى چۈشسىلە!— دەپ ۋارقىراشتى كىشىلەر.

دارۋاز نۇرغۇن ھۆكمەتلەرنى توختىماي ئوقۇدى. كىشىلەر يانچۇقىدىن تەڭگىلەرنى ئېلىپ دار ئاستىغا سېلىپ قويغان داستىخانغا تاشلاشتى. دارۋاز دار ئۈستىدە ھەدەپ بىرنېمىلەرنى تووۋلايتتى. ئۇ ھۆكمەتنى توختىتىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى- دە:

— ھەي خالايىق، مەن ئاۋۇ ئات ئۈستىدە تۇرغان يىگىتىنىڭ ئۈستۈۋېشىدىكى بىلەن ئاستىدىكى ئاتقا دۇئا قىلدىم!— دەپ ۋارقىرىدى.

كىشىلەر قاسىم بايۋەچچىگە قارىدى. ئۇ دارۋازنىڭ نېمە دېگىنىنى تازا ئاڭقىرالمىدى. پۈتكۈل خەلق ئۇنىڭغا قاراۋاتاتتى. قاسىم بايۋەچچە ئەتراپىغا بىرقۇر قاراپ، ئاندىن دارۋازغا قارىدى. كىشىلەر جىمجىت بولۇپ قېلىشتى.

— ھەي خالايىق، مەن ئاۋۇ ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان بايۋەچچىنىڭ ئۈستۈۋېشىدىكى بىلەن مىنگەن ئېتىغا دۇئا قىلدىم، ئامىن!— دېدى دارۋاز يەنە.

قاسىم بايۋەچچە دارۋازنىڭ ئۆزىگە دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى

بىلىپ، ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا ئاتتىن چۈشۈپ، كىيىم-كېچەكلەرنى سېلىپ، ئاتنىڭ ئۈستىگە ئارتتى ھەمدە كۆڭلەكچان ھالدا ئاتنى يېتىلەپ دارنىڭ يېنىغا كەلدى. كىشىلەر ئېغىزلىرىنى ئېچىشىپ، يول بوشىتىپ بېرىشتى. دارۋاز ئارغامچىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشتى. قاسىم بايۋەچچە ئاتنىڭ تىزگىنىنى دارۋازغا تۇتقۇزۇپ قويدى. بۇ ئىشنى كۆرۈپ تۇرغانلار ئالقىش ياڭرىتىپ، قىن-قىنىغا پاتماي شادلىققا چۆمدى، قاسىم بايۋەچچىگە ھەۋەس بىلەن قاراشتى، ئۇنىڭ مەرد-مەردانىلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. قاسىم بايۋەچچە دارۋازنى ئاتقا مىندۈرۈپ قويۇپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ كېتىپ قالدى. كىشىلەر دارۋازغا قارىماي، قاسىم بايۋەچچىنىڭ كەينىدىن زوقلىنىپ قاراپ قېلىشتى...

يوچۇن ئادەم سەيلىدە بۇ ھالنى كۆرۈپ، قاسىم بايۋەچچىگە ئىچى چۈشۈپ قالغان ئىدى، كېيىن قەشقەردىكى بۇرادەرلىرىدىن بۇ مەرد يىگىتنى سۈرۈشتۈرۈپ نام-ئەمىلىنى ئۇققان، ئالتىن ئاتۇشقا چىقىپ بالىلىرىغا بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن. يوچۇن ئادەمنىڭ چوڭ ئوغلى بۇنى ئاڭلاپ:

— ئۇ دارۋاز قىمارۋازكەن، مەنمۇ باشقىلاردىن ئاڭلىسام، شۇ كۈنى كەچتە شۇ ئاتنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ، يېڭىسارغا پىيادە كېتىپتۇ، — دېۋىدى، يوچۇن ئادەم:

— بۇنى مەنمۇ ئاڭلىدىم، — دەپ، بالىلىرىغا مەردلىك تەربىيىسى بەرگەن ئىدى.

× × ×

قاسىم بايۋەچچە يوچۇن ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئۇقۇپ، ئىزادىن قىزىرىپ كەتتى. يېنىش-يېنىشلاپ ئەپۇ سورىدى.

— كەچۈرسىلە بەگ ئاكا[1]، ئىسىم - شەرىپلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان. كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار ئىدىم، بەك سەت بوپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا نىزىقاپ يۈرگىنىمنى قارىمامدىغان. «ۋابا»نىڭ سۈرى ئەقلىمنى ۋەيران قىلىپ، كۆزۈمنى كور قىپتۇ.

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ ئۇكام، — يوچۇن ئادەم كۈلۈمسىرەپ قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى، — بۇ «ۋابا» ھەممىمىزنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ياراتقان ئىگەم بۇنىڭغا چوقۇم بىر يول كۆرسىتىدۇ. قايغۇ مانا بۈگۈن بىز بىلەن خۇشاللىققا ئايلاندى ئۇكام.

— كەچۈرسىلە، بەگ ئاكا، ئالدىلىرىدا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويۇپتىمەن، — قاسىم بايۋەچچە يوچۇن ئادەمنىڭ قولىغا سۆيدى. مەتئېلى بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئاجايىپ خۇش بولدى، كارۋانچى يىگىتلەرمۇ ئەنسىزلىكتىن خالىي بولدى. «ئادەم ئادەمنىڭ كۆڭۈل كىرىنى يۇيىدۇ» دېگەن مۇشۇ - دە، قاسىم بايۋەچچە يوچۇن ئادەم بىلەن قايتىدىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ، — ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەيلا، يورۇتقان چىراغلىرى مەڭگۈ ئۆچمىگەي، — دەپ بۇ ئادەمگە ئۇزاق ئۆمۈر تىلىدى.

ئۇ ئىككىيلەن شۇنداق قىزغىن پاراڭلاشتى. نىيىتى خالىس ئادەملەر كۆز ئارقىلىق تونۇشۇپ سىردىشىدۇ. ئادەم ئارقىلىق ئۆزىنى تاپىدۇ ۋە تونۇيدۇ. قاسىم بايۋەچچە بۇ يوچۇن ئادەمنى كۆرۈپ، مەككە - مەدىنەگە بارغاندىنمۇ بەكرەك خۇشال بولدى. شۇ ئەسنادا يوچۇن ئادەمنىڭ بالىلىرى بايۋەچچىگە

---

[1] بەگ ئاكا — مىرئەھمەد شەيخ بولۇپ، ئۇ «ھەزرەت سۇلتان»نىڭ ئاتۇش دىيارىدىكى ۋەخپىلىرىگە مەڭگۈلۈك قانۇنىي ئىگىدار بولۇپ، ئۇنىڭ نامىنى ئەينى يىللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىلەتتى.

قارىشىپ، بىر- بىرىگە ئىما- ئىشارەت قىلىشىۋاتاتتى. يوچۇن ئادەم باللىرىنى كۆرۈپ:

— ھە، مەن ئۆتكەندە گېپىنى قىلىپ بەرگەن ھېلىقى مەرد ئاكاڭلار مۇشۇ، چاپسان كېلىپ سالام قىلىڭلار،— دېۋىدى، قاسىم بايۋەچچە باللارغا كۆلۈمسىرىدى، — چاپسان بولمامسىلەر، ئاكاڭلار بىلەن كۆرۈشۈڭلار.

قاسىم بايۋەچچە يوچۇن ئادەمنىڭ باللىرى بىلەن بىر- بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— بەگ ئاكا، ئۆزلىرىگە خۇدا بېرىپتۇ،— دېدى قاسىم بايۋەچچە باللارنىڭ چىراي - ئۇستىخانلىرىغا قاراپ،— بەگزادىلەر نېمىدېگەن پاكىز چوڭ بولغان- ھە؟— قاسىم بايۋەچچىنىڭ يۈرىكى سۆيۈنۈپ مەتئېلىگە قارىدى. خوجىدار بايۋەچچىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ باش لىڭشىتتى. يوچۇن ئادەم:

— ماۋۇنىڭ ئېتى مىرئەلى شىر، ماۋۇ ئابدۇرېھىم خوجا، ماۋۇسى ئىسمائىل خوجا، ماۋۇ مىرخوجا، ماۋۇ ئىبراھىم، ماۋۇ رەۋشەن،— دەپ باللىرىنى تونۇشتۇردى.

قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆزى يوچۇن ئادەمنىڭ كەنجى ئوغلىغا چۈشكەندە، نېمە ئۈچۈندۇر يۈرەك - باغرى شۇررىدە ئېرىپ كەتتى. ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بۇ بالىغا قاراپ، كۆڭلى بىر ئىشنى سەزگەندەك بولدى- دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ.

— كەل بالام، كېلە،— دەپ ئۇنى قولىغا ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

— بۇ كەنجىسى مەھمۇت خوجام بولىدۇ، كېلە ساقام،— دەپ يوچۇن ئادەم قاسىم بايۋەچچىنىڭ قولىدىن بالىنى ئېلىپ يەرگە قويىدى،— بولدى، سىرتقا چىقىپ ئويناڭلار- ھە، بۇگۈن سىلەرگە دەم ئېلىش. خەلپىتىڭلارغا مەن دەپ قويىمەن، قانغۇدەك ئوينىۋېلىڭلار،— دېدى.

يوچۇن ئادەمنىڭ كەنجى ئوغلى مەھمۇت خوجامنىڭ پۇت - قوللىرى توم، بۇغداي ئۆڭ، پېشانىسى كەڭرى، بىر جۈپ كۆزىدىن ئوت ئاشقىنلاپ تۇرىدىغان، بەشىرىسى ئوچۇق، قۇرۇلمىسىدىن بىر پۈتۈنلۈك، يەنى چوڭ بولسا، ھەقىقىي ئەركەككە خاس جاسارەت، شىجائەت، كېلىشكەن ئەزىمەتلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. باللار سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى.

— بەگ ئاكا، ئۆزلىرىنى كۆرۈش چۈشۈمدىمۇ نېسىپ بولمىغان ئىدى. قارىمامدىغان، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاجايىپ سىرلىقكەن، — باللاردىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى قاسىم بايۋەچچە.

— ئۇكام، تەقدىرنىڭ ھۆكمى شەرتسىز بولىدۇ. ئۇ كاتتا خوجايىننىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. مۇشۇ كۈندە دىدارلاشمىقىمىز ئەمر قىلىنغانىكەن ئۇكام.

بۇ يوچۇن ئادەم مىرئەھمەدبەگ ئىدى. ئۇ ئالىي نەسەبتىن بولۇپ، ھەممە يەرگە نامى تارالغان، ئەقىل - ئىدراكتا كامالەتكە يەتكەن، قەلەمدىمۇ - ئەلەمدىمۇ بار كاتتا باي، زېمىندار ئادەم ئىدى. مىرئەھمەدبەگنى باشقىلار مىرئەھمەدشەيخ دەپمۇ ئاتايتتى. «ھەزرەت سۇلتان»نىڭ خانلىق ۋەخپىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن بۇ ئادەم سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ 17- ئەۋلادى، سۆڭىكى پاكىز، ۋىجدانى پاك، غۇرۇر، جاسارەتلىك جامائەت ئەربابى ئىدى. مەشھەدنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم يېرى مۇشۇ ئادەمنىڭ. ئۇ يەرلىرىنى ئاۋام پۇقراغا تەقسىملەپ مەڭگۈلۈك بېرىۋەتكەنتى. مىرئەھمەدبەگنىڭ 200 دىن ئارتۇق خاس يىگىتى بار ئىدى. بۇ ئادەم ھەر ۋاقىت لەشكەردىن ئايرىلىپ باققان ئەمەس، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل تەمىناتىنى ئۆز كىرىمىدىن بېرەتتى. ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتەلمەيتتى. يۇرتنىڭ

ھەرقانداق چوڭ ئىشلىرى بۇ ئادەمسىز بولمايتتى.

— بەگ ئاكا، جاھان توغرۇلۇق ئويلىشىپ باقتىلىمۇ؟— قاسىم بايۋەچچە ئىدىتلىق، توختاشلىق، يىراقنى كۆرەر بۇنداق ئادەمنى ئۆمرىدە تۇنجى ئۇچرىتىشى ئىدى.

مىرئەھمەدبەگ كۈلۈمسىرەپ قويدى. قاسىم بايۋەچچە ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىدىن غايەت زور ئوتنى كۆرگەندەك بولدى.

— ئۇكام، ئادەملەر ھازىر كۆڭۈل توختىتالمايدىغان بولۇپ كەتتى، ئاغزىدا ھە- ھۇ دەپ قويغان بىلەن كۆڭلىدە «ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ» دەيدىغان بولۇۋالدى. خەلقتىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ. يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئىش قىلىپ قويساق، ئاخىرىدا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز، نۇرغۇن ئىشلار شۇنداق بولدى ئەمەسمۇ. مەن دېگەن پوكۇنى، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدۇ دەپ قارامىلىق بىلەن ئىش قىلساق، قىيامەت كۈنى بىگۇناھ جانلارنىڭ قىساسى كېكىردىكىمىزدىن ئالىدۇ. قىساس يامان، نەزەردىن چۈشۈپ كېتىش ئۇنىڭدىن يامان ئۇكام.

قاسىم بايۋەچچە مىرئەھمەدبەگنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ ئادەمنىڭ بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولدى.

— يۇرەكئالدى بولۇپ ياشاشمۇ ئادەمنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، باشقىچە قىلىپ قويىدىكەن.

سودىگەرلەرنىڭ مۇنداق پاراڭلار بىلەن ھەرگىز چىقىشالمايدىغانلىقى ھەقىقەت. شۇڭا، مىڭ سودىگەردىن بىر ئادەم چىقىدۇ. ئەمما، «سۇنۇقتىن باشقىسى يۇقىدۇ» دېگەن راست. قاسىم بايۋەچچە مىرئەھمەدبەگنىڭ پاراڭلىرى ئىچىدە ئۆزىنى قايتىدىن ياساپ، باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ، ئۆزىنى كۆپ نەرسىنى بىلگەندەك ھېس قىلدى.

— جامائەت خەلق ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋاتامسىزيا، سىزمۇ

تىجارەت، سودا- سېتىق بىلەن بولۇپ كەتتىڭىزمۇ؟— قاسىم
بايۋەچچە بۇ سوئالنى تۇيۇقسىز سوراپ سالغانلىقىدىن سەل ئىزا
تارتتى. مىرئەھمەدبەگ قاسىم بايۋەچچىگە قاراپ ئېغىر بىر تىن
ئالدى.

— جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمىدىم ئۇكام، ئۇنىڭغا ئارى-
لاشتىڭىزمۇ ھەق ئىش قىلىشىڭىز كېرەك. كىشىنىڭ قولىدىكى
سايىۋەن ئاستىدا ھۇزۇرلىنىپ ئادالەتنى ياقىلايمەن دېيىش
ئوسۇرۇق بىلەن ئوخشاش، ئۆزۈڭنىڭ كاچىتىغا ئۆزۈڭ ئۇرۇپ،
ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭدىن بىزار قىلغاندەك ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلاج
بار ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى تارتىپ تۇرغىنىڭ ياخشى. مەيلى قايسى
ھۆكۈمەت بولسۇن، بۇغداي نېنى بولمىسىمۇ، بۇغداي سۆزى بار
ئاقىل ئىگىلىرى خىزمەت ئىشلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق
بولمىغاندا، ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەيدىغان مەلئۇنلار خەلقنىڭ
يىلىكىنى شورايدۇ. مانا ھازىر مەنچىڭگە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ
ھەممىسىنى كاززاپ دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نى -
نى ياخشى ئادەملەرمۇ بار. ئۇلار خەلقنىڭ دەردىنى ھۆكۈمەتكە
ئەينەن ئۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، بۇرۇنغا يېسىمۇ شەرەپ دەپ
بىلىدۇ. ئۇنداقلارنىمۇ خەلق بىلىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇلار ھۆكۈ-
مەتتىكى ئورۇندۇقىدىن قۇرۇق قالسا، ئاشۇ نامرات خەلق ئۆزى
يېمەي، يۇمشىقىنى كېچىسى ئاپىرىپ بېرىپ، قاتتىقىنى بالا -
چاقىسى بىلەن غاجىلايدۇ،— قاسىم بايۋەچچە مىرئەھمەدبەگنىڭ
گەپلىرىنى ئاڭلاپ يېپيېڭى بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك ھېس
قىلدى،— مەن ئىلاج بار بۇ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىدىن ئۆزۈمنى
تارتتىم، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىمەن. «خىزمەت
قىلساڭ، ئەل چوڭى بول، بولمىسا تىجارەت قىلىپ، باي بول»
دېگەن مىزاننى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلدىم، بايۋەچچە،— دەپ
كۈلدى مىرئەھمەدبەگ مەردانە كەيپىياتتا.

— سىلىنى ئىشقا قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەمدىكىنىيا،— دېدى قاسىم بايۋەچچە.

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، مانا مېنى خەلقمۇ بەگ دەيدۇ، ھۆكۈمەتمۇ بەگ دەيدىغۇ. ئۇلارنىڭ قورقىدىغىنى ئالدىنقىسى، خەلق بەگ دېگەندىن قورۇنىدۇ، ئۆزى بەگ دېگەندىن ھەرگىز گۇمان قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەگ دېگىنىنى خەلق مەيلى مەخپىي، مەيلى ئاشكارا تىللاپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ھۆكۈمەت بەك خۇرسەن بولىدۇ،— مىرئەھمەدبەگ كۈلدى، قاسىم بايۋەچچىمۇ كۈلدى.

— تازا دىققەت قىپسىز ئۇكام، بۇ ھۆكۈمەت ئادەم تاللاشتا ئازمايدۇ. بۇرۇن ئادەتتە بىر ئادەمگە بالا ـ قازا يەتسە، نەچچە كۈن شۇ ئائىلىدە قايغۇرۇپ ئولتۇرىدىغان ئادىتىمىز بار ئىدى، ھازىر ئۇنداق ئەمەس. دادىمىز، ئانىمىز ئۆلۈپ كەتسىمۇ چامغۇرنى كۆمگەندەك كۆمۈپ قويۇپ، ئەتىسى ئۆز ھەلەكچىلىكىمىز بىلەن بولۇپ كېتىمىز، مېھىر ـ شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ.

— تۈزەش كېرەك ئىدى، بەگ ئاكا.

— تۈزىمەن دەپ تۈزەلمەيسەن، تۈزەلگەندە بۇزىمەن دەپ بۇزالمايسەن، كۈتۈش كېرەك.

— كۈتۈۋەرسەك، جان كۈندە چىچەكلىمەيدۇ ـ دە، بەگ ئاكا.

— ئۇغۇ شۇنداق، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەنـدەك، تەبىئىي ئاپەتلەر يىلىكىمىزنى شوراۋاتىدۇ. قارىمامدىغان، «ۋابا» دېگەن يامراپ كەتتى. كىشىلەر قىرىلىپ تۈگەيدىغان بولدۇق دەپ، جاننى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتىدۇ. ئۇلۇغچاتتا ئادەم قالماي ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. داۋگۇاڭ خان[1] ئوردىسى بۇنى

---

[1] داۋگۇاڭ خان — (چىڭ شۈەنزۇڭ) ئەيسىنگىرو ۋىنىڭ بولۇپ، ئەيسىنگىرو خوڭلى (چيەنلۇڭ)نىڭ نەۋرىسى، 1821- يىلىدىن 1850- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

ئاڭلىغانمىدۇ؟ مەنچىلىك ھۆكۈمەتنى بىزگە ئىقتىسادىي يار - يۆلەك بولمايۋاتىدۇ. دوتەي، بەگلەر خۇددى يوقۇم ئۇلارنى ئاياپ قويىدىغاندەك ئۆز ئىشى بىلەن، خەلق بىلەن كارى يوق. قارىماقىدىغان، ماۋۇ نىجاسەت «ۋابا» يەنە بىزنىڭ ئەلدە پەيدا بولغىنىنى. مۇشۇ يەرلىرىنى ئويلىسا، ئادەم ھەرنىمە دەپ سىلىپ گۇناھقا پاتىدۇ، ئۇكام،— مىرئەھمەدبەگنىڭ چىرايى ئەلەمدىن قىزىرىپ كەتتى.

— بۇكىسەللىك نەدە ماراپ تۇرغان بولغىيتتى، بەگ ئاكا.

— شۇنى دەڭا، تارىختا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىمىز كۆپ ئوخشايدۇ، تېخىچە پېشانىمىزدىكى توڭرا ئېرىمەپتۇ. بىز خەقنىڭ ئۆچىيمىز بەك يېلىڭ ئىدى. مۇشۇ نىجاسەت كېسەللىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ كەتسەك بولاتتى. ئەگەر بۇ كېسەللىك يامراپ كەتسە، پۈتۈنلەي بەربات بولىمىز. سودا - سېتىقىمىز، دېھقانچىلىقىمىز ئاقساپ قاقسەنەم بولۇپ قالىدىغان گەپ. ئۇكام، «ۋابا» تاراپ كەتسە، ماۋۇ دۇنيادىن بىز ياشاشقا، پاناھلىنىشقا دوپپىچىلىك ئورۇن چىقمايدۇ. «ئۆيى يوقنىڭ گېپى يوق، ئەسكى سېۋەتنىڭ سېپى يوق» دېگەندەك قەدرىمىز بولمايدۇ، قەدرى بولمىغانىنىڭ باشقىلارنىڭ كۆڭلىدە ئورنى بولمايدۇ. لېكىن، «بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقى ئەلا» دېگەن گەپ بار، ئۇكام. «بولالمىدىم» دەپ ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتسەك، بىزنى قۇتۇلدۇرىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەننى خۇدامۇ تاشلىۋېتىدۇ. ئۈمىد ئىنساننىڭ ئەڭ ئېسىل خىسلىتى، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاتۇشلۇقنىڭ مۇنۇ قوشىقىنى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭىز،— دەپ، مىرئەھمەدبەگ تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇدى:

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.

كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بىلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.
...
مىرئەھمەدبەگ بىلەن قاسىم بايۋەچچە ئىككى كېچە-كۈندۈز ئاشۇ تەرىزدە سۆھبەتلەشتى، ئۇلار بىر - بىرىگە قانمايتتى، گەپلىرى تۈگىمەيتتى. ئۇلار مەڭگۈلۈك ئاكا - ئۇكا بولۇشقا قول بېرىشتى. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، قاسىم بايۋەچچە خوتەنگە قايتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.
— جاھاننى ئەندىشە، ۋەسۋەسە قاپلىغاندا دىدار كۆرۈشتۇق ئۇكام، ۋاقىت قىستاپ قويدى سىزنى. بوپتۇ، ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز، كېچىلەپ يول يۈرۈپ بولسىمۇ ئىتتىكرەك خوتەنگە بېرىۋېلىڭ، خۇدا خېيىمخەتەردىن خالىي قىلغاي. يولدا يېمەك - ئىچمەككە دىققەت قىلىڭ. ھەممە ئادەم پاراكەندە، جان قايغۇسىدا، ئاللا ئىگەم بىر يولىنى بېرەر.
مىرئەھمەدبەگ ئۈزىتىش چېيى بەردى، قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆزى قىيىمىدى، تىرىك ئەۋلىياغا ئۇچراپ قالغاندەك بولدى. دۇنياغا باشقىچە قاراشتا بولدى. مىرئەھمەدبەگ قاسىم بايۋەچچىنى دەرۋازا ئالدىغا ئۈزىتىپ چىققاندا، قارىغىر ئاتقا مىنىۋالغان، ئۆڭى قارامتۇل، ساقاللىرى يىرىك، بېشىغا قارا دۇخاۋا كەمچەت تۇماق كىيىۋالغان بىر ئادەم پەيدا بولدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مىرئەھمەدبەگ.
ئۇ ئادەم ئاتتىن چۈشكەندە، ھەقىقىي سالاپىتى ئاشكارىلاندى. قاسىم بايۋەچچە ئۇنى كۆرۈپ ئەقلى ھەيران قالدى، «ئادەم دېگەنمۇ مۇنداق يوغان بولامدۇ» دەپ خىيال قىلدى. سەگە تېرەكتەك يوغان بۇ ئادەم مىرئەھمەدبەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېتىنى قويۇۋېتىپ، ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام خالىقبەگ، بۇياققا قەدەملىرى

يېتىپ قاپتىغۇ،— دەپ مىرئەھمەدبەگ كۈلۈپ كۆرۈشتى،— ئاپلا، تونۇغۇن كەلسىلىچۇ، بۇ ئۇكىمىز بىلەن تونۇشۇپ قويالتىلە،— دەپ قاسىم بايۋەچچىنى تونۇشتۇردى.

خالىقبەگ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە، قاسىم بايۋەچچە قولىغا يوغان تولۇق تاش چۈشكەندەك تۇيۇلدى. «ھەقىقىي كۈچتۈڭگۈر ئادەمكەن» دەپ ئويلىدى. ئۇلار كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، قاسىم بايۋەچچە خالىقبەگكە ئۆزرە ئېيتىپ مىڭىپ كەتتى.

خالىقبەگ كاتتايلاقنىڭ بېگى ئىدى، مىرئەھمەدبەگ بىلەن قەلبى ئورتاق بولۇپ، ھەر سەككىز كۈندە بۇ ئىككىسى ھەمسۆھبەت بولاتتى. خالىقبەگنىڭ بىر ئۇچى مەشھەدكە تۇتاشچىلىقى بولۇپ، مىرئەھمەدبەگ بىلەن قىيامەتلىك دوستلاردىن ئىدى.

خالىقبەگ قاسىم بايۋەچچىنىڭ قارىسى يىتكەندە، مىرئەھمەدبەگكە قاراپ:

— ئاداش، قىيامەت بولامدۇ نېمە، ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇرىسەنغۇ،— دېدى.

— ئاغزىڭدىن بالا تۆكۈلۈپ كەپسەنغۇ، خۇدا ساقلىسۇن، يەر ئۆيگە كىرىلى.

× × ×

ئالتىن ئاتۇشتىن يۈرۈپ كەتكەن ئات - ئۇلاغلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز مەۋجۇتلۇققا ھۆكۈمران ئىدى. ئۇلارنىڭ بېشىدىن بىر تاز قاغا قاڭقىپ ئۇچۇپ كەتتى. «قاق - قاق» دېگەن ئاۋاز ئەتراپقا سىگنال بېرىپ تۇراتتى. ھېلىقى تاز قاغا تا خوتەنگە بارغۇچە ئۇلارنىڭ بېشىدىن شۇڭغۇپ ئۇچتى. قاسىم بايۋەچچە مىرئەھمەدبەگ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلەرنى يول بويى ئويلاپ ماڭدى. ئەتراپ ئەنسىزچىلىكتە، «ۋابا» بۇ

يەردىكى ھەممە كىشىنى چىرمىۋالغان ئىدى. كىشىلەر «ۋابا» قايغۇسىدا بېشىنى ياقىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇشقان ئىدى...

قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆزىگە خوتەن ئاجايىپ مېھىر-شەپقەتلىك كۆرۈندى، ئىختىيارسىز كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى. ئۇ ئۇرۇق-تۇغقان، ياتلاقلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. خوتەندىمۇ ئەنسىزلىك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدى.



# بەشىنچى باب

ئەمدى گەپنى ئۇلۇغچات يايلىقىغا يۆتكەيمىز. يۇلتۇزلار يايلاق ئاسمىنىغا تۆكمە بولغان، ئايمۇ تولاي دەپ قالغان ئىدى. ئەتراپ سۈتتەك يورۇق، يايلاقنىڭ كەچكى ھاۋاسى جانغا ئارامبەخش ئاتا قىلاتتى. ياۋا گۈل، قىياق ۋە چۆپلەرنىڭ ئىللىق پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، بەك يىراقتىكى ئاۋازلاردىن گۈلخاننىڭ ئىسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، كېچە ئاسمىنىدا ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغان ئىدى. بۆرىلەرنىڭ ئاندا - ساندا ھۇۋلاشلىرى تۇرۇپ - تۇرۇپ قۇلاققا كىرىپ، بۇ يايلاقنى ھەقىقىي يايلاق پۇرىقىغا ئىگە قىلاتتى. كېچە قوينىدا ئويناق مەنزىرە، يايلاق ئۈزۈلمەس كۈيىنى توختاتماي چالاتتى.

بېشىغا ئاپئاق قالپاق، ئۇچىسىغا ئۆچكە تېرىسىدىن چاپان كىيىۋالغان 18 — 19 ياشلاردىكى ئېرىسبەگ ئىسىملىك چوپان قىرغىز يىگىتى ئات ئۈستىدە نېيىنى چېلىپ يايلاق ئاسمىنىدىكى ئاي - يۇلتۇزلارنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇۋەتتى. يىراق - يىراقلارغا ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتقان نەي ئاۋازى پادىچىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەبىئەتنىڭ قۇچىقىدا ھەقىقىي ئاپىرىدە قىلغان ئىدى. پادىچى كۈيى ئەتراپقا لىق تولۇپ، قاغجىراق، غەمكىن كۆڭۈللەرگە خۇددى چەشمە بۇلاقلاردەك شىلدىرلاپ ئاقاتتى.

ئېرسىبەگ ئاۋۇلغا كەچ قالدى. ئۇ پادىلارنى ئوت - چۆپ ياخشى ئۆسكەن جايلارغا ئاپىرىمەن دەپ يىراقلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى شۇنداق كەچ قايتتى. كەچلىكى سۈتتەك ئايدىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇلاغلارنى قانغۇچە ئوتلىتاتتى. مالچىلار ئۈچۈن تەبىئەتنىڭ سىرى، خۇي - پەيلى خېلىلا تونۇش ئىدى. ئېرسىبەگ نېيىنى توگمەس پادىچى كۆيگە چېلىپ، پىغانى ئۆرلەپ مەست بولغان ئىدى. كۆي ئادەمنى جەزمەن مەست قىلىدۇ. ئايدىڭ كېچە ئۇنىڭ چالغان نەي ئاۋازىنى ئاجايىپ مۇڭلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئېرسىبەگنىڭ ئاستىدا يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئات كۆيگە جۆر بولۇپ قەدەم ئالاتتى، مال - ۋارانلارمۇ كۆيگە قۇلاقلىرىنى يېقىپ ئۇزۇن قۇلاقلىرىنى شىپاڭلىتىپ قوياتتى. جانسىز نەرسىلەرنىمۇ ئېرىتىدىغان نەي ئاۋازى يۇمران چۆپلەرنى، ياۋا گۈللەرنى سويلىتىپ، بۇ يايلاقنىڭ ئايدىڭ كېچىسىنى رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن ئورخۇن يايلاقلىرىغا ئوخشىتىپ قويغان ئىدى. ئوغۇزخان ئات چاپتۇرۇپ مەشىق قىلغان ئاشۇ يايلاقلار بۈگۈنكى ئۇلۇغچات يايلىقىدىن ئارتۇق بولمىسا كېرەك.

ئېرسىبەگ نېيىنى توختاتتى. چارۋىلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتكەنتى. ئاتمۇ ئادەمدەك ھېسسىياتقا باي بولغاچقا تامشىپ قويدى. ئېرسىبەگ ئات ئۈستىدە ئۆز يۇلتۇزىنى ئىزدەۋاتقاندەك، ئاسمانغا ئۇزاقتىن ئۇزاق قاراپ كەتتى. يۇلتۇزلار سانجاق - سانجاق ئىدى، ئاي خۇددى باش سانغۇندەك يۇلتۇزلارنى ئەگەشتۈرۈۋالغانتى. ئېرسىبەگ «پادىچىنىڭ يۇلتۇزى قانداق بولىدىغاندۇ، قايسى تەرەپتىدۇ، پۈتكۈل جانلىقنىڭ يۇلتۇزى بولمىش، ئاستىمدىكى ماۋۇ جانىۋارنىڭمۇ يۇلتۇزى بارمىدۇ؟» دەپ ئويلىدى. يۇلتۇزلار ئېرسىبەگكە قاراپ كۆز قىسىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى، «ئاۋۇ كۆز قىسىۋاتقىنى مېنىڭ يۇلتۇزۇم بولمىغىيتى.

ئاتاڭنىڭ ئاغزىغا ئۇراي، قايسىڭ مېنىڭ يۇلتۇزۇم» دەپ قامچىنى شىلتىپ ۋارقىراپ قويدى. ئېرىسبەگ ياۋا قىياقلار، گۈل - گىياھ، ئوت - چۆپلەر، قوي - كالىلار ، ھەتتا كۆرگەنلىكى نەرسە بىلەن پاراڭلىشاتتى. چوپان ئۈچۈن نەرسىلەر بىلەن پاراڭلىشىش كۆڭۈللۈك بولاتتى. ئۇنىڭ ھېچقانداق چەكلىمىسى بولمايتتى، قانداق سۆزلەشكۈسى كەلسە، شۇنداق سۆزلەيتتى. ئاي - يۇلتۇزلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ئاجايىپ قىزىقارلىق بولاتتى.

— ھەي بەركى تاپقۇرلار، قايسىڭ مېنىڭ يۇلتۇزۇم، بولغۇسى ئاغىچامنىڭچۇ؟ جانبەگ ئاقساقالنىڭ قىزى ھېلىقى كۈلگۈنچەك كېلىنچەكنىڭ ئىسمى نېمە بولغىيتتى؟ ھە راست، چولپان. ئۇنىڭ يۇلتۇزى مېنىڭ يۇلتۇزۇم بىلەن بىر يەردە بولۇپ قالسىكەن ئىلاھىم. سەمىتاينىڭ باقىت گۈلمۇ قاش سوزۇپ يۈرىدۇ تېخى، ئۇ جاغدىنىڭ يۇلتۇزى مېنىڭ يۇلتۇزۇمنىڭ قېشىدا بولۇپ قالمىسۇن،— ئېرىسبەگ شۇلارنى دەپ كۈلۈپ كەتتى،— كامال تۆرەمنىڭ ئوغلى سەن چوقۇم قاۋانغا يەم بولسەن، پۇشتۇڭ قۇرۇپ كېتەر. ئاڭلىسام، چولپاننىڭ كەينىگە كىرىۋاپتۇ. ھەي، ئۇلار بىر قەبىلىدىن، مەن باشقا قەبىلىدىن تۇرۇپ چولپانغا كۆڭۈل ساناپ تۇرسام زادى بولمىغىنى، بىزدە قىز دېگەن كۆپقۇ. ھەي يۇلتۇزلار كىمنىڭ بولۇشساڭ مېنىڭ نېمە كارىم، كامال تۆرىنىڭ ئوغلى جورۇ چاشقان، سېنىڭ يۇلتۇزۇڭغا تۈفي!— دەپ ئېرىسبەگ يەنە كۈلدى.

ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئاتمۇ ئىڭراپ قويدى. ئېرىسبەگ ئېتىغا گەپ قىلغۇسى كەلدى.

— قېرىندىشىم، سەن ئۆمرۈڭدە بەك جىق ئۆيلەندىڭ، نۇرغۇنلىغان بايتاللارنى نەسىللەندۈرۈۋەتتىڭ. تېخى مەن دۇنياغا قانداق كەلگەن بولسام شۇ پېتى... زاڭلىق قىلما، بىز ساڭا ئوخشىمايمىز. بىزنىڭ خوتۇن ئالىدىغان ۋاقىت - سائىتىمىز بار.

خەپ توختاپتۇر، سەندىن جىق ئۆيلەنمەيدىغان بولسام، 20 — 30نى ئالمەن، قانداق، ئىچىڭ قايناۋاتامدۇ، چىدارسەنمۇ؟ مەنمۇ چىداپ كەلدىم، ها... ها... ها... ئىبرىسبەگ ئاتنىڭ يايلىسىنى يۇلۇپ كۆلۈپ كەتتى. ئۇ يەنە ئاسمانغا قارىدى، كۆز ئالدىغىلا بىر يۇلتۇز ساقىپ چۈشتى. ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— ۋاي خۇدايىم، ئۇ بىچارە كىم بولغىيتتى، كامالنىڭ ئوغلىنى قارغىغان ئىدىم. ئۇ بولۇپ قالماس، ئاپلا قىساسىغا قالمايدىغاندۇرمەن، ئالەمدە ئادەم كۆپ تۇرسا، قايسىبىرىنىڭ يۇلتۇزى ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ دەيسەن، كىمنىڭ بولسا، مېنىڭ نېمە كارىم، — ئىبرىسبەگ شۇنداق دېسىمۇ، كۆڭلى بىرقىسىملا بولۇپ، قەلبى غەشلىككە تولدى. ئاتمۇ تۇرۇپلا تۇيۇقسىز چىرقىراپ كەتتى، — ۋاي نېمە بولدۇڭ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، — ئىبرىسبەگ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى.

ئاتنىڭ يېنىدا غىڭشىپ كېتىۋاتقان قارا تايغان كۆچەپ قاۋاپ كەتتى. ئىبرىسبەگ بۆرە ياكى قاۋانغا ئۇچراپ قالمىغاندىمەن دەپ ئىسىۋالغان ئوۋ مىلتىقىنى قولىغا ئېلىپ ئەتراپقا قارىدى، ئەتراپ جىمجىت، ئىنس - جىنىنىڭ شەپىسى چىقمايتتى، چارۋىلار پاتىراقشىپ يۈگۈردى. ئىبرىسبەگكە بۇ هال خۇددى ئۇچۇق هاۋادا چاقماق چاققاندەك تۇيۇلدى. ئۇ نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدى. ئاسمانغا قارىدى، غەرب تەرەپتىن چوڭ بىر پارچە قارا بۇلۇت ئايدىڭ كېچىدىكى يايلاققا ئەشەددىي قارا سايە تاشلاپ، لەكمىڭلىغان يۇلتۇزلارنى دەم تارتىپ يۇتۇۋەتتى، ئاينى تاپ باستۇرۇپ قوغلاۋاتاتتى. ئاي بۇنىڭغا بوي بەرمەي قارا بۇلۇت ئىچىدە شۇڭغۇپ گاه شەرققە قاچسا، گاه جەنۇبقا ئۆزىنى ئاتاتتى. ئىبرىسبەگنىڭ بۇرنىغا شۇملۇق پۇرىدى. «قاتتىق يامغۇر ياغارمۇ، ياق، يايلاقتا بۇ مەزگىل يامغۇر پەسلى هېسابلانمايدۇ، زادى نېمە گەپ بۇ؟» ئىبرىسبەگ تايغانلىرىنى

بۇيرۇپ، پىتىراپ كەتكەن چارۋىلارنى يىغىۋالدى. «ئىتتىكرەك ئاۋۇلغا بېرىۋالاي، نىمە بولسا شۇ چاغدا كۆرەمەمدىم» دەپ، ھەدەپ ئاتنى قامچىلايتتى. چارۋىلار توختىماي مەرىگىلى تۇردى، تايغانمۇ ئەنسىز قاۋايتتى. ئات ئالدىغا مېڭىشتىن يالتىيىپ، قۇشقۇنغا دەسسەپ مىڭ تەستە ماڭاتتى، ئېرىسبەگ «بۇ زادى نىمە بولغىنى؟ ۋۇي سادىغاڭ كېتەي تېز ماڭساڭچۇ» دەپ ھەدەپ ئېتىنى قامچىلاپ، تايغانغا ئىسقىرتىپ تېز مېڭىشنى جېكىلەيتتى. ئاسماندىكى، يايلاقتىكى گۈزەل، شېرىن كەيپىيات ئاللىبۇرۇن غايىب بولدى. دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ تۇرغان ياۋا گۈللەرنىڭ پۇرىقى قېتىپ قالغان ئىدى. ئېرىسبەگ ئەتراپقا ئوۋچىلاردەك تېز - تېز قارايتتى.

— قانداق مەخلۇقسەن جېنىڭنى دالدىغا ئال، تۆرەلگىنىڭگە توۋىدۇرۇۋېتىمەن!— دەپ ۋارقىراپ باقتى. قۇلىقىغا ئۆزىنىڭ ئاۋازى قايتىپ كەلدى. ئەتراپقا ئىنچىكىلىك بىلەن زەن سېلىپ «جەنۇب تەرەپكە كەپقاپتىمەنغۇ، ئاتاڭنىڭ ئاغزىغا ئۇراي، قارىمامدىغان ئېزىپ قالغىنىمنى».

ئېرىسبەگكە ئېزىپ قالغانلىقى بەك ھار كەلدى. يايلاقتا ئېزىپ قېلىش چوپان ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ھاقارەت ھېسابلىناتتى. يۇلتۇزغا قاراپ يول ئىزدەيدىغان، ئىز تاپىدىغان چارۋىچى خەلق ئادەم بار يەردە ئېزىپ قالدى دېسە، ھەرگىز ھار كەلمەيدۇ، ئەمما يايلاقتا، چۆلدە ئېزىپ قالدى دېسە، ئۆلگەندىن ئۆتەر ئېغىر كېلىدۇ. ئېرىسبەگ قولىدىكى قامچا بىلەن مىنىۋالغان ئېتىنى قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى.

— ئېرەڭنى شىلىۋېلىپ، گۆشۈڭگە سامان تىقىمەن، ھوي، ئاتاڭنىڭ ئاغزىغا ئۇراي، دۆت چوشقا،— دەپ تىللىدى. ئاتمۇ تاياق ئازابىدىن ئىڭراپ، كۆزىدىن مۆل - مۆل ياش سىرغىپ يۈزىدە قېتىپ قالدى.

— ھوي، ھارامىلىق قانجۇق، نامىڭغا لەنەت، تاغدىن يۇمىلاپ چۈشۈپ توكۇر بولۇرسەن، ئۆز قېرىنىڭنى يەپ ئۆلۈرسەن،— دەپ تايغانغىمۇ قامچا شىلتىپ تىللىدى. تايغان ئېرىسبەگنىڭ پەيلىدىن قورقۇپ غىڭشىپ، قۇيرۇقىنى چاترىقىغا تىقىۋالدى. ئۇ ئاسماندىكى ئالامەتلەردىن يول ئىزدىدى. كاللىسى ئېلىشىپ قالاي دېگەن ئىدى، زېھنى پۈتۈنلەي چېچىلىپ، بىرنەرسىنى پەرق ئەتكۈچىلىكى قالمىدى، ئۆزىنى بېسىۋالسىمۇ ئۆپكىسى پۈۋلەپ تۇردى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كېلىپ، يولنى پەرق ئەتتى. ئېسىنى يىغىپ پەرەز قىلغان يولنى بويلاپ، چارۋىلارنى ھەيدەپ ماڭدى. ئاتنىڭمۇ ماغدۇرى قالماي چىلىق-چىلىق قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى. تايغان تۇرۇپ ـ تۇرۇپ غىڭشىپ قوياتتى. ئەتراپ يەنە سۈت رەڭگىگە كىردى.

ئېرىسبەگ خېلى ماڭدى. باياتىنقىدىن نىسىپىتەن خېلى كۈچىگەچكە، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەزايى تەر بىلەن قاپسالغان ئىدى. كېچىنىڭ سوغۇق شامىلى ئىچىگە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بەدىنى مۇزلىغىلى تۇردى، ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدى، بەدىنىنىڭ ھارارىتى ئەسلىگە كەلگەندە ئاتقا مىندى. ئەتراپ پەرق ئەتكۈدەك دەرىجىدە ئىدى. ئېرىسبەگنىڭ كۆزى 2 — 3 چاقىرىم يىراقلىقتىكى پارقىراپ تۇرغان بىرنەرسىنى كۆردى. ئاي يورۇقىدا ئۇ نەرسە بەك روشەن پارقىرايتتى. ئېرىسبەگ پارقىراپ تۇرغان نەرسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ نەرسىنى قولىغا ئېلىپ قارىسا، ئۆلۈپ قالغانلىقىغا خېلى بولغان بىر سۇغۇركەن. ئېرىسبەگ قولتۇقىدىن ئەگمەك پىچاقنى ئېلىپ، ئاي يورۇقىدا ھېلىقى سۇغۇرنىڭ تېرىسىنى شىلىۋالدى. ئۇ سۇغۇرنىڭ تېرىسىنى شىلىۋالغۇچە دېمى كېسىلگەندەك بولدى، تۇرۇپلا كۆڭلى ئېلىشتى. بېشىدىكى ئاق قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ، پېشانىسىدىن ئېقىۋاتقان تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، ئاسمانغا قارىدى. يۇلتۇزلار كۆز ئالدىدا توختى-

ـماي ساقىغىلى تۇردى، كۆزىگە ئىشەنمەي، توختىماي كۆزىنى ئۇۋۇلىدى. يۇلتۇزلار ھەدەپ ساقىيتتى. ئۇ بىرھازا يۇلتۇزلارنىڭ ساقىغان كۆرۈنۈشىنى كۆردى. ئاسماندا يۇلتۇزلار قالمايدىغاندەك قىلاتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن ساقىۋاتقان يۇلتۇزلار بىر ـ بىرىگە بىرىكىپ، نۇر تانىدەك شەكىل ھاسىل قىلدى. ئات چىرقىرىدى، تايغان توختىماي قاۋىدى، چارۋىلار بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپ توختىماي چۆرگىلەيتتى.

ئىرىسبەگنىڭ خىيال تومۇرلىرى پاراسلاپ ئۈزۈلدى، كاللىسى قۇرىدى، كۆزىمۇ تورلاشتى. ئالەم چۆرگىلەپ ئىرىسبەگنىڭ بەدىـ ـنىگە كىيىلدى، سۆڭەكلىرى، ئۇستىخانلىرى زىڭىلداپ ئاغرىغىلى تۇردى. سىپىسىق پۇراق ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئەتراپقا تارىدى. ئۇ تېنەپ ـ تەمترەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇغۇرنىڭ تېرىسىنى قوينىغا سېلىۋالدى ـ دە، دەلدەڭشىپ ئاتنىڭ يېنىغا كەلدى. ئات ئۈركۈپ پاتىراقشىپ، نىشانسىز يۈگۈرۈپ كەتتى. ئىرىسبەگنىڭ بېشى چاقپىلەكتەك پىرىلداپ ئوگدىسىغا چۈشتى، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىدىن قان ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقتى، توختىماي قۇستى. ئىچ باغرى قالماي ئاغزىدىن يېنىپ چىقتى، مونەك ـ مونەك قانلار كۆز ـ قۇلاقلىرىدىنمۇ ئېتىلىپ چىققان ئىدى. تايغان ۋاڭشىغىـ ـنىچە ئۇچقاندەك قاچتى، چارۋىلارمۇ ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. ئىرىسبەگنىڭ كۆزى چانىقىدا قېتىپ قالاي دېدى. ئۇ ھوشسىزلاندى، بەدەنلىرى يۇمشاپ تۈزلەندى. مىدىر ـ سىدىر قىلغۇدەك ھالى قالمىدى. ئىرىسبەگ ئاخىر شۇنداق بىر كۈچىدى، ئورنىدىن لەسسىدە تۇردىيۇ، كەينىگە ئۈچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز قارىقى كەينىگە تارتىلىپ، ئېڭەكلىرى چۈشتى، كۆزى ئوچۇق يايلاق بىلەن ۋىدالاشتى. سۇغۇرنىڭ تېرىسى ئۇنىڭ قوينىدىن كۆرۈنۈپ، پارقىراپ تۇراتتى.

× × ×

ئىرىسبەگنىڭ ئانىسى ۋە جامائەت ئاۋۇلمۇئاۋۇل چىپىپ، ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلدى، ھېچ يەردىن تاپالمىدى. جامائەت بىر يەرگە توپلىشىپ، ئىرىسبەگنى ئىزدەش ئۈچۈن مەسلىھەتلەشتى، ھەر خىل ئويلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئىرىسبەگنىڭ تۇل ئانىسى مىشىلداپ يىغلايتتى. ئىرىسبەگ ئاتىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان، ئۇنى بالدۇر قېرىپ كەتكەن پاخمۇۋاش تۇرغان بوۋىسى بېقىپ چوڭ قىلغان ئىدى. ئۇ ئاياش تىكەندەك يالغۇز ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالدىغاندەك توختىماي يىغلايتتى. بىچارە ئايال ۋاقىتسىز ئاقارغان چاچلىرىدىكى رەڭگى ئاقارغان تۇچ قاداقلارنى جانسىز بارماقلىرى بىلەن ئۈزۈپ تاشلايتتى. نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى ئۆكۈپ، ھەرقانداق بىر ئاجىز تاۋۇش قۇلىقىغا كىرسىلا ئېسەنگىرەپ چۆچۈپ كېتەتتى. ياشاشقا ئۈمىد باغلاتقۇزغان سادىغاڭ كېتەرىنى تەگرىدىن ئاۋازسىز سورايتتى. ئالەمنىڭ شۆھرىتى، ھۆرمىتىنى ئانا ئاشۇ ئوغلىنىڭ چىرايىدىن ئىزدەپ تاپقاندەك سېزەتتى. ئىرىسبەگ بايلارنىڭ مېلىنى بېقىپ، تۇل ئانىسىنى باقاتتى. چارۋا ئىگىلىرى ھەر خىل خىيالدا ئىدى.

— تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە چارۋىلارنى ئېلىپ قېچىپ كەتتىمۇ تېخى،— دېدى ئۈچكە ساقال، بىر كۆزىگە كۆن باغلىۋالغان، ئۇزۇن تۇرا، تاغاق يۈز، 55 — 60 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان سەكەن ئىسىملىك بىرى.

— «يېتىمنىڭ پوردىقى چوڭ» دېگەن مۇشۇ - دە، بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق قىلىپ باقسۇنچۇ قېنى،— دەپ يەنە بىرسى قولىدىكى قامچا بىلەن يەرگە ئۇردى.

ئىرىسبەگنىڭ ئانىسى قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى.

— خۇدايىم ساقلا ئاقساقاللار، ئاۋۋال ئىزدەپ باقايلى، ئۆتۈنۈپ قالاي،— دەپ ئۆزىنى باسالماي، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلىدى.

چارۋا ئىگىلىرى بۆلەك - بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ ئىزدىدى. ساق ئىككى كۈندە ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئاتقا ئارتىپ كېلىشتى. يىراقتىن بېشىنى يەرگە سېلىپ كېلىۋاتقانلارنى كۆرگەن تۇرغان بۈبى: «قۇدرەتلىك ئاللا، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن» دەپ گەپتىن توختاپ قالدى. ئېرىسبەگنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭمۇ ئۆكسۈلى يوق، دەلدەڭشىپ ئۆزىنى باشقۇرالمايتتى. ئېرىسبەگنىڭ مېيىتى سېسىپ كەتكەن ئىدى، بەتبۇي پۇراق ئادەمنىڭ بۇرنىدىن كىرىپ، مېڭىسىدىن چىقىپ كېتەتتى. ئۇلار تۇرغان بۈبىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۈبى ئاتقا ئارتىلغان جەسەتنى كۆرۈپ، كەينىگە داجىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بىچارە ئانا يىغلاي دېسىمۇ كۈچى يەتمىدى. بۇلارغا قاراپ تۇرغان جامائەت ئېرىسبەگنىڭ مېيىتىنى ئاتتىن ئېلىپ، ئاق ئۆينىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئانىسى بىرھازا ئۆتكەندە چاچلىرىنى چۇۋۇپ، ھازا ئاچتى. بۇ بىچارىنىڭ يىغىسىدىن تاشمۇ ئېرىپ كېتەتتى. ئاۋۇل كىشىلىرى جىمجىت سۈكۈتكە پاتتى. چوڭلار مەسلىھەتلىشىپ، مېيىتنى ۋاقتىدا يەرلىكىگە قويۇۋېتىشنى قارار قىلدى. ئېرىس-بەگنى ئىككىلەن يۇيۇپ تارىدى، ھايال ئۆتمەي يەرلىكىگە قويدى. ئۇنىڭ ئانىسى شۇ ئەسنادا نەگىدۇ غايىب بولدى. باشقىلار ئېرىسبەگنىڭ ئانىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ ھېچ يەردىن تاپالمىدى. ئېرىسبەگنى تېپىپ كەلگەنلەر ئۆيلىرىگە بېرىپ زادىلا ئارام ئالالمىدى، بىردەم قىزىپ، بىردەم مۇزلاپ چىقتى.

ئەتىسى ئېرىسبەگنى يۇيۇپ - تارىغانلارنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن قان ئېتىلىپ چىقىپ، شۇ كېچىسىلا ئۆلۈپ كەتتى. پۈتكۈل يۇرت تەۋرەپ كەتتى. ئۇ ئىككىسىنى يۇيۇپ - تارىغانلارمۇ ئۆلۈپ

تۈگىدى. بەش كۈن ئىچىدە 20 گە يېقىن ئادەم ئوخشاش ھالدا ئۆلدى. ئۇلۇغچات يايلىقىدىن ئولتۇراق رايونىغىچە ئۆلۈم - يىتىم تەرەققىي قىلدى، كۈندە ئۈزۈلمەي ئادەم ئۆلۈپ تۇردى. ئۇلۇغ-چاتنى ئۆلۈكلەرنىڭ پۇرىقى قاپلاپ، جاھان سېسىقچىلىققا قاپسالدى. ئاخىر ئۆلۈكلەرنى يەرلىككە قويىدىغان ئادەممۇ قالمىدى. ھۆكۈمەت بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، باشتا سۈس قارىدى، ئاخىر ئۇلارمۇ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ساراسىمىگە چۈشتى، ئۇلۇغچات يولىنى پۈتۈنلەي قامال قىلدى، بىرمۇ ئادەمنى ئۇ يەردىن باشقا يەرگە چىقارمىدى. قاراۋۇلخانىلاردىكى چېرىك-لەرمۇ «مانا ئۆلىمەن، ھېلى ئۆلىمەن» دەپ يۈرىكى پوك - پوك ئىدى. قىرغىز ئاقساقاللىرى ھەر خىل قىماپلارنى قىلىپ باقتى، زادىلا ئۈنۈم بولمىدى. ئۇلار ئاخىر ئاللا يولىدا قان ئاققۇزۇپ، نۇرغۇن چارۋىلارنى سويۇپ نەزىر قىلدى. ئادەملەر توختىماي ئۆلەتتى. ئاخىر جاننى ئېلىپ قاچماقچى بولدى، ئەمدى ھەممە يەردە توسۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېچ يەرگە چىقالمىدى.

بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلۇغچاتتا 1000دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلۈكلەر سېسىپ، چىرىپ كېتىۋا-تاتتى. تىرىكلەر ھەر تەرەپكە قېچىپ، جان پاتقۇزىدىغان ئامال تاپالماي، جاندىن تويدى. قەشقەر، ئاتۇش، يەكەن، خوتەن، كۇچا، ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق جايلارمۇ قىيامەت قايىمغا چۆكۈپ قالدى. يەرلىك بەگلەر بۇ ئىشنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلمىدى، ھۆكۈمەت ھېچقانداق تەدبىر قوللانمىدى. بۇ، خۇددى مايمۇننى تاغارغا سولاپ، ئاغزىنى چىڭ چىگىپ، كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەندەك بىر ئىش بولدى. ئاخىر زامانباي ئىسىملىك قىرغىز يىگىت ئەلەمدىن بوغۇلۇپ قولىغا قورال ئالدى.

— قېرىنداشلار، ھازىر بىز ئۈچۈن جان ساقلاش ئىنتايىن مۇھىم. قېنى ئۇ بىزنى قۇتۇلدۇرىدىغان ھۆكۈمەت! ئۆزى تۈگۈل

سايىسىنمۇ ئۇچراتقىلى بولمايۋاتىدۇ. ساقلاپ تۇرۇۋەرسەك، بىزگە ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق. ياشايمىز دېسەك، يول ئېچىپ باشقا يەرگە كېتەيلى. ھۆكۈمەت تېخى يوللارغا توسۇق قۇرۇپ ئۆلۈمگە ئىتتىرىۋاتىدۇ. جان ساقلايمىز دەيدىكەنمىز، مانا ماۋۇنىڭغا تايىنىپ جان ساقلايمىز،— دەپ، زامانباي قولىدىكى قورالنى كۆرسەتتى.

كۆپچىلىك ئىككىلەنمەي، زامانبايغا ئەگەشتى. ئون مىڭلىغان ئادەم قولىغا چىققانىنى ئېلىپ، زامانباي باشچىلىقىدا ئاتۇش، قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار كېچىلەپ مېڭىپ، ئاتۇش، قەشقەر چېگرىسىغا يېقىنلاشقاندا، توسۇق قۇرغان چېرىكلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. ئوق ئۈزۈپ، ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئۇلۇغچات خەلقى سۆھبەتلىشىشكە ئادەم چىقىرىپ، توسۇققا يولغا سالدى. توسۇقتىكى مانجۇ چېرىك باشلىقى چېرىكلەرگە بۇيرۇق بېرىپ، سۆھبەتكە كېلىۋاتقان ئادەمنى ئېتىشقا بۇيرۇدى. بىر چېرىك كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ سول كۆكرىكىنى قارىغا ئالدى. «ئات!» دېگەن بۇيرۇق بىلەن تەڭ ئوق ئۈزدى. سۆھبەتكە كېلىۋاتقان ئادەم ئوق تېگىپ ئۆگدىسىغا چۈشۈپ، شۇ جايدىلا جان ئۈزدى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئۇلۇغچات خەلقى دەرغەزەپكە كەلدى. زامانباي خەلقنىڭ ئالدىغا سەكرەپ چىقىپ:

— قېرىنداشلار، ئاۋۇ توسۇقتا بىزنىڭ جېنىمىز، ھاياتىمىز باغلانغان. بىز ئاشۇ توسۇقتىن ئۆتسەكلا، ھاياتلىققا ئېرىشىمىز، ئالغا!— دەپ ئۆزى خەلقنىڭ ئالدىدا مېڭىپ بەردى.

توسۇقنى ساقلاۋاتقان 500دەك چېرىك مىلتىقلىرىنى بەتلەپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. جان ساقلاش ئۈچۈن، قولىغا نېمە ئۇچرىسا شۇنى ئالغان خەلق توسۇق تەرەپكە قاراپ سىلجىپ كېتىپ باراتتى. مانجۇ چېرىك باشلىقى چېرىكلەرگە قاراپ:

— كىمدەكىم بىرىنى توسۇقتىن ئۆتكۈزىدىكەن، مەن ئۇنىڭ

يۈرىكىنى كاۋاپ قىلىپ يەيمەن. ئۇلارنىڭ بىرىنى قويماي قىرىۋېتىڭلار!— دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

چېرىكلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇرلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، بىگۇناھ ئادەمنى ئۆلتۈرۈش تولىمۇ مۈشكۈل ئىدى. قەشقەرنىڭ دوتىيى تۆمەن دەريا لەشكەرخانىسىدىكى زەمبىرەكتىن ئۈچنى ئاجرىتىپ، بۇ توسۇققا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. بىچارە ئاگاھسىز خەلق مەيدىلىرىنى كېرىپ باشقا نەرسە تەلەپ قىلماي، جان ساقلايدىغان بىر تۆشۈك، بىر كامار، بىر ئۇۋا تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتاتتى. «گۈمبۈر - گۈمبۈر» قىلغان زەمبىرەك ئاۋازى بىلەن تەڭ، چېرىكلەر ئوقنى يامغۇردەك ياغدۇرۇۋەتتى. ئۆلۈمدىن قاچقان بىچارە خەلقنىڭ بەدەنلىرى زەمبىرەك پارچىلىرى ئارىسىدا تىتما- تالاڭ بولۇپ كەتتى، قىيا - چىيا زېمىننى بىر ئالدى. ئوق ئۈزۈۋاتقان چېرىكلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ، مەڭزلىرىدە قېتىپ قالغان ئىدى. ئۇيغۇر چېرىكتىن بىرسى زادىلا بولالماي، ھۆڭگىرەك ئېيتىپ يىغلىۋەتتى. «پاڭ - پۇڭ» ئوق ئاۋازى نەچچە سائەت داۋاملاشتى. مىلتىقلارمۇ قىزىپ كەتكەن ئىدى. بۆرىدىن قېچىپ يولۋاسقا تۇتۇلغان جانلارنىڭ ئۇستىخانلىرى پارە - پارە بولۇپ تاشلارغا ئارتىلىپ قالدى.

قىرغىزلارنىڭ ئىچىدىمۇ مەرگەنلەر ئاز ئەمەس، زامانباي خېلى نامى بار پالۋان ئىدى. ئۇ ئۆزىگە يوغان بىر قورام تاشنى دالدا قىلىپ، توسۇق تەرەپتىكى چېرىكلەرگە ئوق ئۈزەتتى. ئۇ ھەدەپ مايمۇندەك چەبدەسلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، يوغان قورام تاشلارنى ئۆزىگە دالدا قىلىپ، ئالدىغا ئىلگىرىلەيتتى. مانجۇ چېرىك باشلىقى ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ، چېرىكلەرگە ئۇنى كۆرسەتتى.

— ئاۋۇ ھارامىلىقنى ئۇجۇقتۇرۇۋەت.

مانجۇ چېرىك باشلىقىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان چېرىك، زامانبايغا

قارىتىپ ئوق ئۈزدى. زامانباي ئوقتىن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. چېرىك باشلىقىنىڭ جېنى تۇمشۇقىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ ھەدەپ:

— ئاۋۇ ياۋاينى كىم ئاتسا، بەش سەر كۈمۈش ئىنئام ئالىدۇ!— دەپ ۋارقىرايتتى.

بەش سەر كۈمۈشنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بارلىق چېرىكلەر نىشاننى زامانبايغا قاراتتى. زامانباي يوغان بىر قورام تاشنىڭ ئارقىسىدا مىدىرلىماي يېتىۋالدى. ئۈستىدىن يامغۇر ياققاندەك ئوق ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى.، ئېھتىمال بىر سائەتچە ۋاقىت زامانبايغىلا قارىتىلىپ ئېتىلدى. زامانباي تىنىش چىقارماي يېتىۋەردى، ئاخىر ئېتىش توختىدى. مانجۇ چېرىك باشلىقى ئۇنى چوقۇم ئۆلدى دەپ قالدى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ قورام تاش تەرەپكە قارىدى. زامانباي لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، مانجۇ چېرىك باشلىقىنى قارىغا ئېلىپ چېكىسىگە «كومىدە» قويدى. چېرىك باشلىقى ئوكىدىسىغا چۈشۈپ، چوشقىدەك بىر چىرقىراپ يەرنى تېپىشلەپ جان ئۈزدى. زامانباي مانجۇ چېرىك باشلىقىنى ئېتىپ، بەش مېتىر ئارقىسىدىكى يەنە بىر يوغان قورام تاشنىڭ دالدىسىغا چېكىنىپ يېتىۋالدى. باش چېرىك باشلىقىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن يانداش چېرىك باشلىقى كۆڭلىدە خۇشال بولدى، ئەمما غەزەپكە كېلىپ:

— بۇ ياۋايىلارنىڭ بىرىنى قويماي قىرايلى!— دەپ ۋارقىراپ زەمبىرەكچىلەرگە «زەمبىرەكنىڭ ئوقى تۈگىگۈچە ئېتىڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

زەمبىرەك توختىماي ئېتىلدى. جاھاننى قارا تۈتەك بېسىپ كەتتى. كۈن قارايغۇچە ئۈزۈلدۈرمەي زەمبىرەك ئېتىلدى. ئاخىر زەمبىرەك قىزىپ ئېتىلمايدىغان بولغاندا ئوق ئاۋازى توختىدى. ئۇلۇغچات خەلقىنىڭ يېرىمىدىن جىقراقى ئۆلۈپ تۈگىدى. پاناھلىق

تىلەپ كەلگەنلەرنىڭ ئۆچەي - باغرى تاشلارنىڭ ئۈستىگە ئېسىلىپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. زامانباي شۇنچە كۈچەپ ئىلىشقان بولسىمۇ، بىر قەدەممۇ ئىلگىرىيەلمىدى. ياندىش چېرىك باشلىقى ئۆزىدىن چىققىم بولغان 10غا يېقىن ئادەمنى بىر تەرەپ قىلىۋەتتى، ئۇيغۇر چېرىكلەرنىڭمۇ ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈچىلىكى قالمىدى. ئۇلارنىڭ كاللىسى ئوق - دورىلارنىڭ پۇرىقىدا مەست بولۇپ ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلىرى، ھەتتا ئاتا - ئانىسىنىمۇ پەرق ئېتەلمەيدىغان بولغان ئىدى. بىچارە ئۇلۇغچات قىرغىزلىرى كېچىلەپ چېكىنىپ، غەرب تەرەپكە سىلجىدى. زامانباي ئېغىر ھالسىزلانغان ئىدى. ئۇ ئۆز خەلقىگە قاراپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى. مال - چارۋا بېقىپ، شۇلارغا تارتىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۈگۈنگە كەلگەندە، قىرىلىپ تۈگەۋاتقانلىقىنى، قىيامەتكە دۇچار بولغاندا، پاناھ، ساخاۋەت، مېھىر - مۇھەببەت دېگەننىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىگەنلىكىنى بىلىپ ئىنسانىيەتكە، تەقدىرگە ئۆچمەنلىكى نەچچە ھەسسە ئاشتى.

زامانباي يۈگۈرەلەيدىغان، ئاتقا مىنەلەيدىغان ئەزىمەتلەردىن 30 نەچچىنى ئېلىپ، غەرب تەرەپتىن يول ئىزدىگىلى ماڭدى. ئاقساق - چولاق، قېرى مەزلۇم، كىچىك باللار تەقدىر كانارىسىغا ئېسىلىپ، تاغ قاپتاللىرىغا، يېڭى جايلارغا كۆچۈپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ قالدى. ئادەملەر ئۆلۈم پۇرايتتى، ئىتلار، قاغىلارمۇ بۇ يەردىن قېچىپ كەتتى.

× × ×

قەشقەر دوتىيى توسۇقتىكى ئۇرۇشتىن خەۋەر تېپىپ، ناھايىتى مەخپىي كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئۇلار: «يۇقىرىدىكىلەر ئۇقمىسۇن، ئەگەر بۇ تەرەپكە قېچىپ كىرىۋاتقانلار بولسا، بىرىنى

قويماي قىرىپ تاشلىسۇن، ئۆلگەنلىرىنى ھاكلاپ كۆيدۈرۈۋەتسۇن. بۇ سىر قەتئىي مەخپىي تۇتۇلسۇن. ئۇ يەرگە مانجۇ، خەنزۇ چېرىكلەرنى چىقىرىڭلار» دەپ قارار چىقاردى. 1500 دەك چېرىك بىلەن بىر يېرىم توغ قوشۇننى ئۇزۇق - تۈلۈك، كۆمۈش تەڭگىلەر بىلەن كېچىلەپ توسۇقتا يولغا سالدى...

زامانباي باشلىق 30 ئوغۇل ئات ئۈستىدە كۆزلىرىنى بۈركۈتتەك ئويناق - بۇياققا يۈگۈرتۈپ، ئۇلۇغچات يايلىقىنىڭ غەربىگە كېتىپ باراتتى. ئۇلار چېگرىغا بارغانسېرى يېقىنلاپ، سىمخانا[1] ئارقىلىق ئۇش تەۋەسىگە ئۆتمەكچى بولدى. ئۇلار سىمخانىدىكى تاغ يوللىرى ئارقىلىق ھەر خىل تەبىئىي توسۇقلار-دىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇش قوقەنت خانلىقىغا تەۋە مۇھىم شەھەرلەردىن ئىدى. تۈن قاراڭغۇسىدا زامانبايلار ئات-ئۇلاغلارنى تاشلاپ، تاغلارغا يامىشىپ، ئەتىكى كۈننىڭ سىرىقى ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىپ كېتىپ باراتتى. ئاي - يۇلتۇزلار دۆۋە-دۆۋە بولۇۋېلىپ، دوزاخقا گۈلخان يېقىپ بېرەتتى. «خەپ، توختاپ-تۇر نامەرد، چۈپرەندە دۆيۈزلەر. ھېلىقى ئۆلۈمتۈك ئىرىسبەگ دېگەن نەدىن يۇقتۇرۇۋالغان بولغىيتتى بۇ نىجىس كېسەلنى؟ تۇۋا خۇدايىم، تۇۋا، نېمە ئىشلىرىڭ بۇ، نېمە تارتقۇلۇق، نېمە كۆرگۈلۈك؟ قارىمامدىغان، قازاننىڭ ئىچىگە كۆمتۈرۈپ قويغىنى-نى». زامانباي شۇلارنى يادىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىر قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە بۈركۈتتەك قوندى. ئۇ بېشىدىكى ئاق قالپىقىنى قولىغا ئېلىپ، چېكىسىدىن ئېقىۋاتقان تەرنى سۈرتتى. ئۇ ئۇزاقتا ئېسىگە كەلدى. بىرپەس ئېسىگە كېلىۋېلىپ، ئارقانلارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، ئارقاننىڭ بىر ئۇچىنى يوغان تاشقا باغلىدى، قالغىنىنى تۆۋەنگە تاشلىدى. تاغ سوغۇقى ئۇنىڭ يۈزىنى

---

[1] سىمخانا — ئۇش بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئارىلىقىدىكى چېگرا ئېغىزى.

چىمدىغىلى تۇردى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى، قالغان يىگىتلەرمۇ چىقىپ بولغان ئىدى. ئاسمانغا قارىدى، ئاينىڭ يۆنىلىشىدىن يولنى پەرق ئېتىپ، تەجرىبىگە مول تۆرك بۆرىسىدەك يەنە يامىشىپ يولغا چىقتى. قالغانلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى...

زامانبايلار ئەتىسى تاڭ سەھەردە قۇياشنىڭ شەپەق چەشمىلىرىنى كۆردى- دە، شادلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، بىر- بىرىگە ئېسىلىشىپ يىغلاشتى. ئۇلۇغچات تەرەپكە قاراپ ئۆپكىلىرى ئېشىپ، ئۆز خەلقىنىڭ هالاكەت دالىسىدا جان تالىشىپ، ئېچىنىشلىق ئۆلۈۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزگىلى تۇردى. قەشقەر، ئاتۇش توسۇقىدىكى مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ زەمبىرەك ئوقىدا قۇربان بولغانلارنى ئەسكە ئېلىپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىشتى. ئۇلار تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئىسلارنى كۆرۈپ:

— بىز قۇتۇلدۇق، هايات قالدۇق،— دەپ چۇرقىرىشىپ، قالپاقلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشتى. تاغ باغرىدىكى ياۋا چۆپلەرنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىشىپ يومىلاقلاشتى. ئوڭدىسىغا يېتىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، شۇ هالەتتە ئۇزاق يېتىشتى. خىياللىرى ئەركىن تۇپراقتا خۇش ناۋا ئۇزەتتى. ئەركىنلىك ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىگە چىرايلىق گۈللەرنى كەشتىلەپ، شېرىن پىراقىدا بىهوش قىلدى.

زامانباي بىر ئۇزاقتىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ، ئىللىقلىق چېچىپ تۇرغان كۆك ئاسمانغا ئۇزاق قارىدى. ساپ هاۋادىن دەم تارتىپ، يوغان - يوغان نەپەس ئالدى. يۈزىنى شەرق تەرەپكە بۇراپ، كۆڭلى ئېغىپ كەتتى. قۇلىقىغا ئالەمگە لىق ئېچىنىشلىق ئىڭراشلار ئۇچمۇئۇچ كىرىپ، مېڭىسىدىن تاپىنىغىچە زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. «ئاھ، بىچارە خەلق، ئەزىز يۇرتۇم، قان - ياش يۇتۇپ ئۆلۈپ تۈگەرسىلەرمۇ؟ هەي تەڭرىم كورمۇسەن، پاكمۇسەن.

بىزنىڭ ئېچىنىشلىق نىدالىرىمىز ھېچبىر قۇلىقىڭغا كىرمەيدۇ-يا، ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتۇقمۇ؟ كېسەل ئازابىدا جان تەسلىم قىلىۋاتقان بىر قوۋمىڭ شۇنچىۋالا تارتقۇسىز ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولۇپ، رەھىمسىز ئالۋاستىنىڭ دەھشەتلىك تاپىنى ئاستىدا قىرغىن بولۇپ، دەپسەندە بولۇپ، ھاياتلىق يولى ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ، ئىنسان چىدىغۇسىز ھەر خىل ھالاكەتلەرنى كۆتۈۋالماقتا. سېنىڭ بەرگەنلىرىڭ - ئەتكەنلىرىڭ ئازدەك، ئاشۇ مەينەت - پاسكىنا چاشقانچىلىك، سەت پاقىچىلىك، ماۋۇ بېشىمدىكى قالپاقچىلىك ئورۇننى كەڭ زېمىنىڭدىن ئىزدەپ تاپالماي، زالىم، رەھىمسىز ھۆكۈمەتنىڭ زەمبىرەك ئوقلىرى ئاستىدا، ئۈچەيلىرىمىز، باشلىرىمىز تىتىلىپ، تىك قىيالارغا ئۆزۈلدى. بىگۇناھ قانلىرىمىز تاشلارنىڭ ئۈستىگە ئۇيۇپ قالدى. سەن بۇنىڭدىن، بۇ چىدىغۇسىز تارتقۇلۇقتىن، قەبىھلىكتىن سەسكەنمىدىڭمۇ؟» دەپ ۋارقىرىغۇسى كەلدى. دېمىسىمۇ، 20 مىڭ خەلقتىن مۇشۇ 30 ئادەملا مانا ئەمدى ئەركىن نەپەس ئېلىپ خاتىرجەم خىيال قىلىپ، قايغۇ - ئازابنى پەرق ئېتىپ، ھالاكەت چاڭگىلىدا ئىڭراۋاتقان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ قايغۇردى، ئازابلىق ياشلىرىنى تۆكتى...

زامانباي باشلىق 30 يىگىت ياۋا چۆپلەر ئۈستىدە قانچە-لىك ياتقانلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىشقان ئىدى. ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. زامانباي بۇ ئاۋازغا زەن سالدى، يەرگە قۇلىقىنى يېقىپ تىڭشىدى. يىگىتلىرىگە دىققەت دەپ جېكىلەپ ئورنىدىن تۇردى، تاغ باغرى تەرەپتىن 500چە ئاتنىڭ رەتلىك ھالدا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئۈستۈۋېشىغا بىر خىل يوپۇق ئارتىۋالغان، كۆزىدىن باشقا يەرلىرى چىڭ ماتالغان بولۇپ، ئاتقا مىنىۋالغان دەپ قارىمىسا، ئالۋاستىلاردەك ھېس قىلدۇراتتى. زامانباينىڭ كۆڭلى بىر شۇملۇقنىڭ مەۋجۇت-

ـلۇقنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ يىگىتلەرگە ئەنسىز قارىدى، پوت ـ قوللىرىنىڭ ماغدۇرى قالمىغان يىگىتلەر زامانبايغا ئىككىلىنىپ قارىدى. زامانباينىڭ ئويلىرى چاقماق تېزلىكىدە گاھ ئۇياققا ـ گاھ بۇياققا ئاغدى. مەۋقەسىز خىيال — چۇۋالچاق خىيال ئىدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، يامان تەرەپكە ئېغىۋاتقان خىياللىرىنى ھەدەپ ياخشى تەرەپكە سۆرەيتتى. تاغ شاملى ھەرىدەك گۇگۇلـ ـداپ، ئۇنىڭ قۇلاق مېڭىسىنى يېگىلى تۇردى، بەدىنى قولـ ـشىپ، نەپەس يوللىرىمۇ بۇزۇلغىلى تۇردى، ئېغىر ـ ئېغىر تىنىدى.
ئاتلىقلار يېقىنلاپ قالدى، ئۇلار نېمىلەرنىدۇ دېيىشىپ ۋارقىراشتى. زامانباي «ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق قىلماس» دەپ سەسكىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى سەت تورۇلدى، كۆزلىرى قورشاۋدا قالغان يىلپىزنىڭ كۆزىدەك چاقناپ كەتكەن ئىدى. ئاتلىقلار يېقىنلاپ كەلگەنسېرى، يايسىمان سەپ تىزىپ، ئۇلارغا قېچىش ئىمكانىيىتى قويمايۋاتاتتى. زامانباي ئىشنىڭ چاتاق بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ:
— قوراللىقلارنى تەييارلاڭلار، ئىش چاتاقتەك تۇرىدۇ،— دېدى يىگىتلەرگە قاراپ كەسكىنلىك بىلەن. ئۆزىمۇ قورالىنى ئوقلىدى ـ دە، دالدا ئىزدەپ كەينىگە قارىدى، يوغان بىر تاشنى كۆردى. يىگىتلەرگە ئاشۇ تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈشنى ئېيتتى.
يىگىتلەر دەرھال زامانباي بىلەن تاشنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، دالدىلاندى. زامانباي ئىنچىكە ئويلايتتى. ئات ئۈستىكىلەر بىرنېمىلەرنى دەپ ئاتلاردىن چۈشۈپ، ئۇلار مۆكۈنۈپ تۇرغان تاشنىڭ ئورنىنى يوغان قەغەزگە سىزىپ چىقتى. 4 — 5 لەشكەر بىر يەرگە توپلىشىپ ئازراقلا مۇزاكىرە قىلدى. ئاندىن ئۈچ تەرەپكە بۆلۈنۈپ، زامانباي دالدا قىلغان ئورۇننى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۈچۈن دەرھال تۇتۇش قىلدى. زامانباي ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، ئويلىغانلىرىنىڭ توغرا

چىققانلىقىنى دەلىللىدى.

— بۇرادەرلەر، بىز ئۈچۈن ھازىر ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆتكەن. مەنچىلىك ھۆكۈمىتى بارلىق چېگرىغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ بولغان ئوخشايدۇ. ماۋۇ بەركى تاپقۇرلار ئامال قىلىپ بىزنى يوقىتىشنىڭ چارە- تەدبىرلىرىنى قىلىپ، قورشاۋغا ئېلىپ بولدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قارىغاندا بىز بىلەن سۆھبەتلەشمەيدۇ، دەرد ئېيتساقمۇ ئاڭلىمايدۇ، ئاۋازىدىن قارىغاندا ئۇرۇستەك قىلىدۇ. ئۇلار بىزنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈشنىمۇ خالاپ كەتمەيدىغان ئوخشايدۇ. تەڭرى تەقدىر - پېشانىمىزگە مۇشۇنداق ئاقىۋەتنى پۈتۈپتۇ. شۇنچە قىلساقمۇ قۇتۇلالمايدىغاندەك قىلىمىز،— زامانىباي يىگىتلىرىگە ئاشۇ گەپلەرنى قىلۋاتقۇچە يۈرىكىگە يىڭنە سانجىلغاندەك بولدى، كۆزلىرىنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. رەھىمسىز تەقدىر ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆردى. ئۆلۈم بۇرۇن شۇنچە دەھشەت، قورقۇنچلۇق بىلىنگەن بولسا، ئەمدىلىكتە سۈرىنى يوقىتىپ، بۇ ئۇقۇم خۇددى بىر تۇغقاندەك تۇيۇلدى. يۈرىكى تەگسىزلىكتىن، ئادالەتسىزلىكتىن، شەپقەتسىزلىكتىن ئېچىشقان بىلەن قورقۇنچ ۋەھىمىسىدىن خالىي ئىدى.

— ھەر تەرەپتىن ھاياتلىق دەرىخىمىزنى چاتاپ، ئۆلۈمگە قىستاپ قويدى. بىز ئۈچۈن ھازىر ئۆلۈم بىر ئوتلام سۇ ئىچكەن بىلەن باراۋەر بولۇپ قالدى. نۇرغۇن بىگۇناھ خەلق كېسەللىكنىڭ شۇم قولىدا خاراب بولدى، ئۆلدى، سېسىدى. ئۆلۈكلىرىمىز تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. بىز ئاشۇ شۇم كېسەللىكنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بارلىق ئاماللارنى قىلىپ باقتۇق، ئەمما بۇنىڭغا داۋا چىقمىدى. كېسەل يۇقمىغانلىرىمىز جاننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە چاپتۇق، ھېچكىم بىزنى قارشى ئالمىدى، ھەتتا ئۇلار بىزنى ئاشۇ قورقۇنچلۇق كېسەللىكتىن ئېشىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە ئازابلىدى، جېنىمىزنى ئالدى، كاللى-

ـمىزنى كەستى. كۆنچىقىشتىن كۆنپېتىشقا نۇرغۇن كىچىكلەرنى كېچىپ، داۋانلاردىن ئېشىپ، بوگۆنكى پەقەت بىر ئاش پىشىم ۋاقىتلا خاتىرجەملىككە ئېرىشتۇق، خالاس. قېرىنداشلىرىم ئەسلىي ئۆز تاغلىرىمىزدا پاناھلانساق بوپتىكەن...

— زامان ئاغا، ئالدىمىزدىمۇ ـ كەينىمىزدىمۇ ئۆلۈم پۇراپ تۇرۇپتۇ، ھامىنى ئۆلىدىكەنمىز. بۇ ئورۇسلارغا ئۆزىمىزنى تازا تونۇتۇپ قويۇپ، كۆرگۈلۈكنى كۆرمەيلىمۇ؟— دېدى بىر يىگىت.

— شۇنداق، بىز ئۇلارنىڭ توخۇسىنى «تاخ»، مۇشۇكىنى «پەش» دېمىدۇق، ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويىلى،— دەپ ئۇ يىگىتنىڭ دېگىنىگە ئاۋاز قوشتى ھەممىسى.

زامانبايغا غايەت زور كۈچ قوشۇلدى. ئۇ يىگىتلىرىگە قاراپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

— ئۇلار قانداق قىلىدىكىن، كۈتۈپ باقىلى،— زامانبايـ ـنىڭ ئاۋازى يىغا ئارىلاش چىقتىيۇ، ئۆزىنى بېسىۋالدى،— ئۇلار بىزدە يۇقۇملۇق كېسەللىك بار دەپ يېقىن كەلمەيدۇ. بىز مۇشۇ يۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ماۋۇ قىيادىن چۈشۈپ كەتسەك، ئۇلار ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ. شۇڭا، بىر قىسمىمىز ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرايلى، بىر قىسمىمىز ئارغامچىلارنى بىر ـ بىرىگە چىگىپ، قىيادىن چۈشۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلايلى،— دېدى.

× × ×

قوقەنت خانلىقى ئۇيغۇرلار رايونىدا پەيدا بولغان يۇقۇمـ ـلۇق «ۋابا» كېسەللىكىدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقان، ھەتتا بۇ ئىش توغرۇلۇق چارپادىشاھ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئورتاق تاقاـ ـبىل تۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغان ئىدى. قوقەنت ۋە چارپادىشاھ چېرىكلىرى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ غەربىدىكى ئۆتۈش

ئېغىزلىرىغا خۇددى سىم تارتقاندەك ئادەم قويۇۋەتتى. ئۇلار ئاخىر زامان بولغاندەك ۋەھىمىگە چۈشۈپ، يەرلىك ئۇسۇل ئارقىلىق چېگرا سىزىقلىرىغىچە دورىلاپ، ئېغىز - بۇرۇنلىرىغا لاتا يۆگىۋېلىشتى.

قوقەنت ۋە چار پادىشاھ پۇقرالىرىنىڭ بۇ ئىشتىن قىلچىمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. ھۆكۈمەت بىلەن ھۆكۈمەت ئالاقە باغلاپ، تەييارلىق كۆردى، ھەتتا ئۇلار داۋگۇاڭ خانغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرى داۋگۇاڭ خان بىلەن يۇقۇملۇق كېسەللىك توغرۇلۇق نەچچە كۈن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئەڭ ئاخىرقى كۈنى رۇسلارنىڭ ئەلچىسى قوقەنت خانلىقىنىڭ ئەلچىسىنى كىرگۈزمەي، داۋگۇاڭ خان بىلەن «ۋابا»غا تەدبىر قوللىنىش يوسۇنىدا پىكىر ئالماشتۇردى. داۋگۇاڭ خان «ۋابا» نى بىر تەرەپ قىلىش ئىشىنى چارپادىشاھ تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇنىڭ بەدىلىگە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇن بېرىپ دىغانلىقىنى بىلدۈردى. چارپادىشاھ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ چېگرىسىنى قوغداپ يېتىشقا داۋگۇاڭ خان بىلەن پۈتۈشكەندىن كېيىن، قوقەنت خانلىقى بۇ چېگرا رايونلىرىنى چار پادىشاھ لەشكەرلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇلار «ۋابا»دىن پايدىلىنىپ، قوقەنت خانلىقىنىڭ يەر خەرىتىسىنى سىزىپ، مۇھىم - مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلارغا بەلگە قويۇپ، كەلگۈسىدىكى يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىۋالدى. بۇ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقتى دېگەنلىك ئىدى...

كۈن چۈش بولغان مەزگىلدە رۇسلار ھەر تەرەپكە بەلگە ئوقلىرىنى ئاتتى. زامانباي باشلىق 30 يىگىت ياتقان تەرەپكە تۇيۇقسىز چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم باشلىدى. «تاراڭ - تۇرۇڭ» ئېتىشىشلار باشلىنىپ كەتتى. رۇسلار ئوقنى يامغۇردەك ياغدۇردى، زامانبايلار ئوقنى تېجەپ ئاتاتتى، يىگىتلەر باشلىرىنى

كۆتۈرەلمىدى. زامانباي يىگىتلەرگە دۇم يېتىۋېلىشنى ئېيتتى. يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئۇلار دالدىلانغان تاشقا تېگىپ، زور چېقىن ھاسىل قىلاتتى. ئىككى تەرەپ خېلى ئېتىشتى.

— سىلەر دەرھال چېكىنىڭلار، مەن قوغداپ تۇراي،— دېدى زامانباي يىگىتلەرگە.

— تەڭ چېكىنەيلى ئاغا.

— گەپنى ئاز قىلىپ چېكىنىڭلار، ھازىر تالىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ھەممىمىز چېكىنسەك، بىرىمىز قالماي ئۆلىمىز،— دەپ چۇشەندۇردى زامانباي. يىگىتلەر ھۆڭگىرەك ئېيتىپ يىغلىۋېتىشتى.

— ئاۋازىڭلارنى چىقارماڭلار، يىغا ئاۋازىمىزنى باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن. ئەركەك دېگەن يىغلىمايدۇ، بولدى، دەرھال چېكىنىپ قىيادىن چۇشۇپ كېتىڭلار!— دەپ ۋارقىرىدى زامانباي ئۆزىنى بېسىۋېلىپ.

ئۇ دالدا قىلغان تاش تولا ئوق تېگىپ ۋاككىدە يېرىلدى. زامانباي ئاشۇ يېرىقتىن ئورۇسلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇردى. ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق چۇشۇرۇپ ۋارقىراۋاتقان دارازا رۇس لەشكەر باشلىقىنى قارىغا ئالدى، پېشانىسىگە بەتلەپ تۇرۇپ، «پاڭگىدە» ئوق ئۇزدى. لەشكەر باشلىقى كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى. رۇس لەشكەرلىرى بۇ زەربىدىن ھودۇقۇپ، مىلتىق ئېتىۋاتقان قوللىرى تەپكىدە قېتىپ قالدى. زامانباي يىگىتلەرنىڭ خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئارامىغا چۇشتى. رۇس لەشكەرلىرى زامانباي ياتقان تاشقا قارىتىپ كۆلۈك ئوقلارنى ئاتتى. زامانباي مايمۇندەك ھەرىكەت قىلىپ ياتقان يېرىدىن بىر ئېغىناپلا كەينىگە يېتىۋالدى. ئوق قورام تاشنى پارچە - پارچە قىلىۋەتتى. ئۇ ئۇياق - بۇياققا ئۆزىنى تاشلاپ كەينىگە چېكىنەتتى، شۇ ئارىلىقتا 5 — 6 رۇس لەشكىرىنى يەر چىشلەتتى.

رۇس لەشكەرلىرىنىڭ كۆزى قانغا تولۇپ، ۋەھشىيلىكى كۆز

چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىقتى، ئۇلار ئېغىر قوراللارنى ئىشقا سالدى. زامانباي چېكىنىپ ئۆزىگە بىر دالدىنى تاپتى. گۈم - گۈم ئېتىلىۋاتقان توپ ئوقلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا پارتلايتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈشكە پۇرسەت تاپالماي جىم ياتاتتى. «يىگىتلەر چوقۇم ئارغامچىلارغا يامىشىپ قىيادىن چۈشۈپ كەتتى» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇپ كەتكەندەك بولدى. كۆپكۆك ھاۋا، گۈللەرنىڭ غولى ئۇنىڭغا سايە تاشلاپ تۇرغاندەك بىلىندى. ئەتراپنى ئوق - دورىنىڭ پۇرىقى بىر ئېلىپ، گۈزەل مۇھىتنى قىيامەتكە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. زامانباي ئوت - چۆپلەرگە باغرىنى يېقىپ ياتتى، يۇرتىدىكى يايلاقلار ئېسىگە كەلدى. يايلاقتا ئۆسكەن بۇ يىگىت ئات مىنىپ ئوغلاق تارتىپ، قېرىنـ ـداشلىرىنىڭ «ئۆلمە، ئۆلمە زامان» دەپ ئۆلەڭ ئېيتىپ قىمىز تۇتقان ئىللىق چىرايىنى ئەسكە ئېلىپ، يۈرىكى يايراپ، تەبىئەتـ ـنىڭ باغرىغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى. ئېتىلىۋاتقان ئوقلارنىڭ سەسكىنىشلىك ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، قورال تۇتقان قوللىرى ياۋا ئوت - چۆپلەرنى ئىللىق مېھرى بىلەن سىيلىدى. كۆزىنى يۇمۇپ ئۇلارغا، تەبىئەتكە نام - ئەملىنى ئويۇپ قويدى. ئۇ ئالدىنىلا چۈشۈپ يەرنى ئاسمانغا ئويۇپلا ئاچىقىپ كەتكەن ئوقنىڭ پارتلىشىدىن شېرىن چۈشتىن ئويغانغاندەك چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى. ئۈچ مېتىر ئالدىغا بىر ئوق چۈشۈپ، نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا يەرنى ئويۇۋەتكەن ئىدى. ئۇ ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەملىدى- دە، دەرھال يەر بېغىرلاپ ياۋا توشقاندەك، ئويمان - دۆڭلەرگە شۇڭغۇدى. ئۇ توختىماي پارتلاۋاتقان ئاشۇ كۈچلۈك ئوقلاردىن ئۆزىنى ئەپچىللىك بىلەن ئەپقېچىپ، قىيا يېنىغا كەلدى. يىگىتلەر كۆرۈنمىدى. ئۇ قىيانىڭ ئۈستىدىن پەسكە قارىدىيۇ، كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى.

روس لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ چېكىنىش يولىغا ئورۇنلىشىپ، ھەممىسى ئارغامچىدىن سىيرىلىپ پەسكە تولۇق چۈشۈپ بولغاندا، بىرىنى قويماي ساق 30 يىگىتنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ئىدى. زامانباينىڭ يۈرىكى ئەلەمدىن ئېچىشىپ، كۆزلىرى غەزەپتىن ئۇچقۇندايتتى. چىشلىرى كىرىشىپ قوناق يېگەن تۈلپاردەك غاراچ - غۇرۇچ ئاۋاز چىقىراتتى. قولىدىكى قورالنى چىڭ تۇتۇپ مىجىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە كائىنات تۈگمىچىلىكلا كۆرۈندى. تاغلارنى يۇلۇپ، ئۇنى ئۇياققا - بۇنى بۇياققا چۆرۈپ، ئالەمنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتكۈسى كەلدى.

— ئىتنىڭ كۈچۈكلىرى، بىز ساڭا نېمە قىلغان، ئىلاھىم مەڭگۈ كۆكلىمەي ئۆلىشەسەن!— دەپ، قىيانىڭ ئۈستىدىن پەسكە قارىتىپ ئوق ئۈزدى.

زامانباي قىيادىن پەسكە قارىغاندا، روس لەشكەرلىرى قىرغىز يىگىتلەرنىڭ ئۆلۈكىگە بېنزىن سېپىپ ئوت قويۇۋاتقان ئىدى. ئوق تېگىپ ئۆلمىگەن تۆت - بەشتەك يىگىت ئوت قويغاندا دوزاخ ئازابىدىن ۋارقىراپ - چىرقىراۋاتاتتى. زامانباي ئوت قويۇۋاتقانلارنى ئوققا تۇتتى، بىرنەچچىسىگە تەگكۈزدى، قورالدىن ئوق چىقمىدى، ئوق تۈگىگەن ئىدى. ئۇ ئۆتۈكىنىڭ قونجىدىن پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ كۆزى قانغا تولدى، ئارقىسىغا بۇرۇلدى. كەينىدىكى روس لەشكەرلىرىمۇ قىستاپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۇلارغا ئېتىلدى. لەشكەرلەر ئوق ئۈزدى. ئۇ بۈركۈتكە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى خەنجەر ئاسماندىن چۈشۈپ بىر روس لەشكىرىنىڭ مېڭىسىگە پېتىپ قالدى. ھاۋاغا قارىتىلىپ نۇرغۇن ئوق ئېتىلدى. بۈركۈتنىڭ پەيلىرى ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرەتتى. روس لەشكەرلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىشىپ، بىر-بىرىگە قاراپ دولىسىنى قىسىشىپ قويدى. بۈركۈت تاغلاردىن ھالقىپ ئۇچۇپ، ئۇلارنىڭ

كۆزىدىن غايىب بولدى. مۇئاۋىن لەشكەر باشلىقى زامانباينىڭ پىچىقى سانجىلىپ ئۆلگەن رۇس لەشكەرنى دەرھال كۆيدۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇدى...

زامانباي باشلاپ ماڭغان يىگىتلەرنىڭ تەقدىرى ئاشۇ قىسمەتلەر بىلەن ئاخىرلاشتى، ئۆزى بولسا ئاقۋاشلىق بۇركۇتكە ئايلىنىپ، رەھىمسىز ئادەملەر تويىدىن ۋىدالاشتى... ئۇلۇغچات خەلقىدىن ساناقلىقلا ئادەم قالغان ئىدى. كۈندىن - كۈنگە قەبىھلىشىپ كېتىۋاتقان «ۋابا» بۇ خەلقنى ئۆلۈم يولىغا باش ئەگكۈزۈپ، كەڭ يايلاق، چەكسىز سوزۇلغان يېشىل تاغلار، كۆپكۆك ئاسمان، ئۇنىڭدىكى شەپەقنىڭ نۇرى ئۇلار ئۈچۈن كۆز قىيالمايدىغان خىياللار ئاللىبۇرۇن غايىب بولدى. ئۆلۈم ئۈچۈن قايغۇرۇش، ھاياتلىق ئۈچۈن ئۇرۇنۇش، ئوتتا كۆيۈش، سۇيىدە ئېقىش، ئەۋلادلار ئۈچۈن ئانچە - مۇنچە ئىش قىلىپ قويۇش دېگەنلەر ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندى. «ئۆلۈم كەلسەڭ تېزرەك كەل، ئەمدى سەندىن قورقۇپ قالمايمىز، ياشاش ئۈچۈن ئىمكانىيەت قالمىدى» دېگەندەك تۇرۇپ - تۇرۇپ كۆچۈشلەر توختاپ قالغان ئىدى. ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارغا قاراپ يۈرىكى ئېچىشىش، قايغۇرۇش، كۆز يېشى قىلىش مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. «يوكۇنى ئەجەب ئۆلۈپ كەتتىيا، ۋاي بالام، جېنىم قوزام، تۈۋرۈكۈم، ئۈمىدىم...» دېگەندەك قاقشاپ يىغلاشلار تۈگەپ قالغان ئىدى. قان قۇسۇپ، بەدىنى سېسىپ، پاجىئەلىك ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار توختاپ قالمايتتى.

مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ھېچنېمىنى كۆرمەس بولۇۋالدى. ئۇلۇغچاتتىن چىقىدىغان ئېغىزلارنى شامال ئۆتۈپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە ساقلىدى. «ۋابا»نىڭ تەھدىتىدىن قورقۇپ، سامانىڭ رەڭگىگە كىرگەن بىچارە خەلقنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ تىن ئالالماي قالدى. يۈز

بىرنۇاتقان خېلى ئىشلاردىن گۇمانلانىسمۇ مىت قىلالمايتتى.

چار پادىشاھ قوشۇنى كېچىلەپ يول يۈرۈپ، ئۇلۇغچات رايونىغا كىردى. ئۇلار جانلىقنى كۆرگەنلىكى يەردە رەھىمسىزلەرچە قىردى، ئوت قويدى، كۆيدۈردى، ھەتتا ئەمدىلا ئايىغى چىققان نارەسىدىلەرنىمۇ قىرىپ تاشلىدى. ياپىرىم، ئادەم توگول ھايۋانلارمۇ بۇ قىرغىنچىلىقتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى، ئۇلارنىڭ رەھىمسىزلەرچە قىرىپ تاشلىشى 40 كۈن ئېلىپ بېرىلدى. مۇشۇ قىرغىنچىلىقتا، مۇشۇ تۇپراقتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلەر تۆرەلگىنىگە مىڭ داد دەپ جان تەسلىم قىلدى. ئۆلۈكلەرمۇ يەرلىككە قويۇلمىدى، ھەم ئاتتى، ھەم كۆيدۈردى. كۆللىرىنى نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كۆمۈۋېتىشتى. بۇلاڭ - تالان قىلىنغان نەرسىلەردىن نەچچە يۈزمىڭ سەر ئالتۇن ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى.

داۋگۇاڭ خان بىلەن چار پادىشاھنىڭ بۇ كېلىشىمى مەڭگۈ مەخپىي قالدى. ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇنلارنى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ھەسسىلەپ بەردى. چارپادىشاھ ئۇلۇغچاتتا 40 كۈن تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، يەنە نەچچە ئاي يېتىۋالدى. بۇ ئەھۋالدىن شۈبھىلەنگەن داۋگۇاڭ خان چار بادىشاھقا ئەلچى ئەۋەتىپ، رەھمىتىنى يەتكۈزدى. ئۆز ھۆكۈمىتىگە، خەلقىگە قىلغان شەپقىتىدىن تەسىرلەنگەنلىكىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەۋپىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى، خاتىرجەم بولغانلىقىنى ئېيتتى، ئەلچى ھەتتا بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ تەشەككۈر بىلدۈردى. چار پادىشاھ ئاخىر باھانە - سەۋەب تاپالماي ئۇلۇغچاتتىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. چار پادىشاھ قوشۇنى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلۇغچاتقا ئادەم زاتىنىڭ ئىزىنى باستۇرمىدى. «ۋابا» بۇ يۇرتنىڭ خەلقىنى ھاپلا قىلىپ يۇتۇۋەتتى، ھاياتلىق ئېچىنىشلىق نىدالىرىنى ئاي - يۇلتۇزلارغا نەقىش قىلىپ ئويۇپ قويدى. باشقىلار ئۇلۇغچات خەلقىنى «ۋابا

يۇتۇپ كەتتى»، دېيىشتىيۇ، «ۋابا»نىڭ ئارقىسىدىكى چىدىغۇ-
سىز رەھىمسىزلىكلەرنى ئويلاشقا پېتىنالمىدى.

ئېرىسبەگنىڭ ئانىسى تۇرغان بۈبى ھېلىقى سۇغۇر تېرىسى-
دىن داپ كېرىپ، كېچىلىرى چېلىپ يۈردى، ئاشۇ داپ پۈتكۈل
كەچمىشىنى سۆزلەپ بېرەتتى، ھېچكىم بۇ داپنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلاشنى خالىمايتتى. تۇرغان بۈبىمۇ «خانلىرىم»غا ئايلىنىپ،
چۆللەردە قۇيۇن ھاسىل قىلىپ، شۇ دېپىنى چېلىپ يۈرۈۋەردى.
ئۇ چالغان داپ ھاياتقا تەھدىتمۇ ياكى ھاياتنىڭ ئېچىنىشلىق
قىسمىتىمۇ، بۇ سىر قىيامەتكە قالدى. كىشىلەر ئۇ توغرۇلۇق پاراڭ
سېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ياشاپ كەلدى.



# ئالتىنچى باب

«ۋابا»نىڭ قاباھەتلىك سايىسى بۇ ئەلنى بىرنەچچە يىل لاغ - لاغ تىترەتتى. ئىششىك - تۆكلۈكلەر پېچەتلىنىپ، بىر - بىرىنىڭ نېمە ھالدا، نېمە كويدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز قالغان خەلق ئاستا - ئاستا چۈشەكتىن قوپقاندەك مىدىرلىدى. ئۇلارنىڭ بەدىنى تولىمۇ ئاۋايلىنىپ، تېگىپ كەتسىلا چۇل - چۇل بولۇپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

قاسىم بايۋەچچىمۇ ئاشۇ ھالغا مۇپتىلا بولدى. ئۇ بىرنەچچە يىل ھېچ يەرگە چىقمىدى، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، كۈنلەرنى دەككە - دۈككىدە ئۆتكۈزدى. رەيھانەمنى ئويلاپ قالسا، بىر كېچىدىلا خوتەندىن غايىپ بولغۇسى كېلەتتى، رەيھانەمنىڭ خەقىشنى قىلىپلا كەلدى، بىر كۈنمۇ ئۇنىڭسىز خىيال سۈرمىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ مىرئەھمەدبەگنىڭ ئىللىق چىرايى كۆز ئالدىغا كېلىپ قالاتتى. چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن چاغلىرىدا شۇ ئادەم بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرىنى ئەسلەپ يەنە روھلىنىپ قالاتتى. ئۇ تالا - تۈزگە تولا چىقمىدى، «ۋابا» توغرىسىدىكى پاراڭلارغىمۇ ئارىلاشمىدى. نېمە بولسا شۇنى كۆرەرمەن دەپ ئۈچ يىلنى گاراڭ بولۇۋېلىپ ئۆتكۈزدى. رەيھانەمنى ئويلىسىلا يۈرىكى ئېچىشىپ كېتەتتى، ئۇرايىم ھاجىمنى كۆز ئالدىغا ئەكەلگەندە سەل خاتىرجەم بولۇپ قالاتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىگە ئۆزى سەۋر بېرىپ،

تۇننى تاڭغا، ئايلارنى يىلغا ئۇلىدى. «ۋابا» تۇگىتىلىپتۇ دېگەن كۈنگىچە قاسىم بايۋەچچە خىيال دۆۋىسىدە كۈن ئۆتكۈزدى، مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئۇ ئۆزىنى قېرىپ كەتكەندەك سەزدى، ھەر خىل ئويلارنى قىلدى، ھەتتا ئۆلۈپمۇ خىيال قىلىپ باقتى. «ئۆلۈم دېگەن دەھشەت بولىدۇ، دېگەن بىكار گەپكەن، ئادەم دېگەن بارغۇ، ھەممە نەرسىگە تەييارلىق كۆرۈپ قويسا، قورقۇش دېگەن يوقلا بىرنېمە ئىكەن» دەپ مەتئىبلىگە تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاشۇنداق گەپلەرنى دەيدىغان بولدى. مەتئىبلى بۇ باش - ئاخىرى يوق گەپلەرنى سۈكۈتتە تۇرۇپ ئاڭلاپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

دۈشەنبە كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، قاسىم بايۋەچچە مەسچىتكە چىقماي، خۇپتەن نامىزىنى ئۆيدە ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن دېرىزە سىرتىغا قارىدى، دېرىزە سىرتى بەك قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ كۆرپە ئۈستىدە ياستۇققا يۆلىنىپ خىيال قىلدى. «توۋا، ھەش - پەش دېگۈچە ئازغىنە كەم تۆت يىل ئۆتۈپتۇ. سەپەرگە كۆنۈكۈپ كەتكەن ئۈستىخانلىرىممۇ ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. ئەمدى ‹ۋابا› دېگەن بۇ بىرنېمىمۇ شەپىسىنى تولا كۆرسىتىپ ھېرىپتۇ. بىر يەرگە چىقىپ كەلسەم بولاتتى. لاداخ ئارىلىقىدا ئافغانىستان، ھىندىستان، كەشمىرلەردىكى ئىشلىرىمىز قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟ ھېچبىر ئالاقە قىلالمىدۇق. كۈچادىكى تۇمۇچۇقۇم ئامانمىدۇ، ئەجەب ئۇزاق يېتىپ كەتتىميا...»

— دادىسى، بەك غەمكىن بولۇپ كەتتىلىيا؟

قاسىم بايۋەچچە خۇددى بوينىغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتى، ئايالىنىڭ يېنىغا كىرگەنلىكىنى تۇيمىغان ئىدى. ئۇ دەرھال خىيالدىن ئۆزىنى تارتىپ، ئايالىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— باللار ئۇخلاپ قالدىمۇ؟

روزىخان بەك مۇلايىم، رايىش ئايال ئىدى. ئۇ قاسىم

بايۋەچچىنىڭ ھامىسىنىڭ قىزى بولۇپ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر نەۋرە كېلەتتى.

— يوتقان سېلىپ بېرىپ چىقتىم. بۇ شۇمتەكلەر كەپسىز بولۇپ كەتتى.

— بالا دېگەننىڭ كەپسىز بولغىنى ياخشى، «بالا بولسا شوخ بولسا، بولمىسا يوق بولسا» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان. ياۋاش دېگەننىڭ قولىدىن پوق كەلمەيدۇ. بالىنى ھەرگىز «ياۋاش بول، قۇلىقىڭ يۇمشاق بولسۇن، ئادەم بار يەردىن قاچ، يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلاشما» دەپ تەربىيىلىمىسىلە جۇمۇ روزىخان. بالىلارنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەرسىلە، بولمىسا مۆڭ بولۇپ قالىدۇ.

— ئالىجوقا سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتتىلە جۇمۇ قاسىماخۇن.

— ياق، بالىلارنى نېمە دېسىلە مەيلى، ئەمما يۇمشاق قۇلاق بول دېمىسىلە، مېنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەشكە تازا ۋاقتىم چىقمىدى. بۇ يۈك سىلىنىڭ زىممىلىرىگە يۈكلەندى، بۇنى بىلىمەن.

قاسىم بايۋەچچە روزىخان بىلەن تويى قىلىپ بۆگۈنگە كەلگۈچە مانا مۇشۇ تۇنجى ئۆتۈنۈپ دېگەن سۆزى ئىدى. روزىخان يولدىشىنىڭ ھالىتىگە قاراپ كۈلۈپ كەتتى.

— ماقۇل، ئاسمانغا پىچاق ئات دەي، خاتىرجەم بولسىلا.

قاسىم بايۋەچچە كۈلۈپ كەتتى. روزىخان ئېرىگە قاراپ ھەيرانۇھەس قالدى. چىقىشقاق، مەرد، خۇش چاقچاق يولدىشى بىر كېچىدىلا بۆلەك ئادەم بولۇپ تۆرلىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ياقىسىنى تۇتۇپ مىڭنى تووۋا قىلدى.

— ھەي ئادەم، ئېزىپ قالدىلىمۇ نېمە؟

— ياق، ئېزىپ قالمىدىم، سىلىگە نېمە بولدى خوتۇن؟

— قاسىماخۇن، سىلى جەزمەن ئېزىپ قېلىۋاتىلا.

— ماۋۇ خوتۇن نېمە دەپ جۆيلۈيدۇ.

— مەن جۆيلۈۋاتامدىم، ئۆزلىرىمۇ؟ تووۋا، ئەمەس گەپلەرنى

قىلىپ كەتتىلىيا!؟

— قايسى ئەمەس گەپكەن ئۇ؟ ھەممىسى راست. خوتۇن خەق دېگەننىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دېگەن يېرى مۇشۇ ـ دە.

— ھەي ئادەم، تولا بىرنېمىلەرنى دەپ كەتتىلىغۇ؟ ھەممىسى تىل كۆيىدىغان گەپ. بالىلار كىچىك، تالا ـ تۈزدە دىققەت قىلىپ يۈرسىلە جۇمۇ. ئۆزلىرىمۇ دېدىلە ئاينا، ئادەملەر ئىشەنچسىز دەپ.

— «خوتۇن خەق ئەرلەرنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ، سازايى قىلىدىغان چاغ كېلىدۇ. ئۇلار ئەرلەردىن ھوقۇقنى تارتىۋالىدۇ، ئەرخەق بالا بېقىپ، ئايال جاھاندارچىلىق قىلىدۇ» دېگەن ئىدى، راست ئوخشامدۇ نېمە؟

— توۋا دېسىلە دادىسى، نەدىمۇ شۇنداق ئىش باركەن؟

— مانا، باشقۇرۇپلا كەتتىلىغۇ.

— نەدىكىنى، سىلىدىن ئەنسىرەپ، دەپ قويدۇم شۇ.

— مەن سىلىگە بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي. قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىسىلا،— دېدى قاسىم بايۋەچچە ئايالىغا كۈلۈپ تۇرۇپ. روزىخان بىر تەرەپتىن ھەيران قالسا، يەنە بىر تەرەپتىن خۇرسەن بولدى، 10 نەچچە يىللىق ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىدا مانا بۈگۈنكىدەك ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ پاراڭلىشىپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا، ئۇ تۇنجى قېتىم ئەر دېگەننىڭ لەززىتىنى ھېس قىلدى.

— بۇ ئىشنى مەن قەشقەرگە بېرىپ، بىر يېقىن دوستۇمنىڭ ئۆيىدە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن،— دېدى قاسىم بايۋەچچە سالماقلىق بىلەن.

روزىخان تىزىغا يۆلىنىپ جىم ئولتۇردى. قاسىم بايۋەچچە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۇ بۇرادىرىمنىڭ ئىسمى مەنسۇر ئىدى. ئۆزى ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، ئىرىشچان ئادەم. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمان

بولۇپ چاقىرىلدىم. قورۇسى تاشقىرىقى - ئىچكەركى ھويلا دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى، يوروش - يوروش جايلار چوشكەن ھەشەمەتلىك چوڭ قورۇنىڭ ئارقىسىدا نەچچە مولۇق ئەنجۈرلۈك بېغى بار ئىدى. مەي باغلاپ پىشقان ئەنجۈرنىڭ پۇرىقى ئادەمنىڭ دىمىغىغا گۈپ - گۈپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. مەنسۇرنىڭ ئۆيىگە تەرەپ - تەرەپتىن، قوشنا شەھەرلەردىن نۇرغۇن ئادەم يىغىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كاتتا ئۆلىما، ئالىملارمۇ بار ئىدى. چوڭ داشلار ئېسىلىپ، ئالتىگە يېقىن چارۋا سويۇلۇپ، گۆشى ئاشۇ داشلارغا تاشلاندى. ئۆلىما - ئالىملار قۇرئان - ھەدىستىن سۆزلىشىپ مۇنازىرىلەشتى. بۇنى «كىتاببازلىق» دەپ ئاتايدىكەن، دۇنيانىڭ كەلمىش - ئەتمىشلىرى توغرىسىدا مۇنازىرە بولۇۋاتاتتى. سۈپۈرىدەك يوغانلىقتىكى ئىرە تاشلىق كىتابلار ئېچىلىپ، مەنە يېشىپ ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەر بولدى. ئالىملار ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ناتىقلىق، سۆزمەنلىك، ھازىرجاۋابلىق قابىلىيىتىنى نامايان قىلغان بۇ كۈن مۇشۇ سورۇنغا كەلگەنلەرنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈنىگە ئايلاندى. سورۇندىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر بىر ئېغىز بولسىمۇ ئاڭلىۋالايلى دەپ، مەنسۇرنىڭ قورۇسىغا توختىماي كەلگىلى تۇردى. ئادەملەر سانجاق - سانجاق بولۇپ كەتكەن ئىدى. شۇ ئەسنادا جۇلدۇركېپەن، بوي قەدرى ئېگىز، بېشىغا سارغۇچ سەللە يۆگىۋالغان، كەكە ساقال، كۆزلىرى پارلىداپ تۇرىدىغان، 60 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، يالاڭ ئاياغ، ئەگرى - بۈگرى ھاسا تاياقنى قولتۇقلىۋالغان جاھانكەزدى دەرۋىش سىياق بىر ئادەم كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، كىتاببازلىق قىلىۋاتقان ئۆلىما - ئالىملارنىڭ يېنىغا باردى. ئۇنى كۆرگەن ئالىملار دەرھال مۇنازىرىسىنى توختىتىپ، ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ، سالام - ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىپ، تۆرگە تەكلىپ قىلدى. بۇ ئادەم تۆرگە چىقىشنى راۋا كۆرمەي، قولتۇقىدىكى ھاسا تايىقىنى

ئاستا قويۇپ، ئاشۇ ھاسا تاياقنىڭ ئۈستىدىلا ئولتۇردى. باشقىلار شۇنچە قىلسىمۇ ئۇنىماي، بىر بۇلۇڭغا قىسىلىپ ئولتۇرۇۋالدى. كىشىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ، «بۇ كىمدۇ، بۇ چوڭ ئۆلىمادۇ، چوقۇم ئالىم بولسا كېرەك» دەپ كۇسۇرلاشتى. تۆردە ئولتۇرغان ئاپئاق ساقاللىق، ياشتا ھەممىدىن چوڭ ئۆلىما ئۇ ئادەمنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئادەم باشتا تەكەللۇپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر ئاپئاق ساقال ئۆلىما ئۇنىڭغا:

— بىلگەننى دېيىش پەرز، دېمەسلىك بولسا ئىلىمنى قىيناپ، ئاللاغا قارايۈزلۈك قىلغانلىق بىلەن باراۋەردۇر داموللام،— دېدى كەسكىن ھالدا.

بۇ ئادەم «بولىدۇ، ئەمىسە» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ ئورنىدىن دەس تۇردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەرەخمەتۇللاھى ۋەبەركاتىھۇ جامائەت، ناھايىتى شەپقەتلىك، قۇدرەتلىك ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن سۆزۈمنى باشلايمەن،— راۋان، جۇشقۇن ئاۋاز ياڭرىدى.

پۈتكۈل جامائەت بۇ ئادەمگە قاراپ كۆزلىرىنى مىت قىلماي ئولتۇرۇشاتتى. ئۇ قۇرئان - ھەدىسلەردىن ئوقۇپ دۇئا قىلىپ، سۆزىنى باشلىدى. ئۇ روھ - تەن، ئالەم - تەبىئەت، قۇياش - يۇلتۇز، ئوت - سۇ، تۇپراقتىن سۆز ئېچىپ نەچچە سائەت توختىماي سۆزلىدى. سورۇن ئەھلى ھۆڭگىرەك ئېيتىپ يىغلىشىپ كەتتى. باياتىنقىياقى كىتابىازلىق قىلشقانلارمۇ بۇ ئادەمنىڭ سېھرىدىن مەست بولۇپ، ساقاللىرىنى سىيلىشىپ «بارىكاللا، ئەقىللىرىگە دەرد بەرمىسۇن» دېيىشتى.

مەنسۇر دەرھال چوڭلارنى تۇۋلاپ، داستىخان سېلىشقا مەسلىھەتلەشتى، ئادەملەر قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. مەنسۇر ئادەملەرنىڭ مۇنچە كۆپلۈكىگە قاراپ نېمىنى ئويلىدىكى، دەرھال باغ تەرەپتىكى ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن روھى

سـولغۇن هالـدا ھۇجرىـدىن چىقتـى. ئاڭغۇچـە گۆشـلەر پىشـىپ بولغـان ئـىدى. نـانلار ئۈشـتىلىپ، چايلار قۇيۇلـدى، ئارقىسـىدىن شورپـا تارتىلـدى. گـۆش تارتىلـىدىغان چاغـدا ھېلىقـى مـوللام ئولتۇرغان ئورنىـدىن دەس تۇرۇپ، سىرتقا قاراپ ماڭدى. كىشـلەر ھەيران بولۇشۇپ، بىـر - بىرىگـە قاراشتى. ئۇ موللام يەرگـە يالاڭ ئاياغ گۆس - گۆس دەسسەپ، مەنسۇرنىڭ قورۇسىـدىن چىقىـپ كـەتتى. جامائـەتنىڭ بىـر قىسـمى ئـۇنىڭ كەينىـدىن چىقىـپ كېتىشـتى. مـوللا - ئۆلىمـالار ۋە بىرنـەچچىمىز قالـدۇق، سـالغان داسـتىخان، پىشـۇرۇلغان گۆشـلەر شـۇ پېتى قالـدى. مەنسـۇر بىـر تاتىرىپ - بىر قىزىرىپ، ناغرىدەك بولۇپ كەتتى.

— ساراڭ دېگەن ھامىنى ساراڭ- دە.

— بـۇ بىغـەرەزنىڭ نەشـە خـۇمارى تۇتـۇپ كـەتتى. شـۇڭا، ئالىجوقا سۆزلەپ بىر ئوبدان سورۇننى بۇزدى.

— نەدىن پەيدا بولـدى بـۇ كاساپەت. غايىبتىـنلا توككىـدە چۈشكىنىنى قاراڭلار، خېلى بولغان بۇ تەرەپلەردە كۆرمىگىلى.

— غايىـب داموللام دەپ بىكـار ئېيتمىغـان،— دېدى ياشتا چوڭ ئاپئاق ساقال موللام.

— بولـدى، «بۇيرۇمىغانغا ئاناڭنىـڭ ھـەققى بارمۇ» دېگـەن شـۇ- دە. ھېچقىسـى يـوق، مەنسـۇراخۇن،— دېـدى قاسـقاندەك سەللە يۆگىۋالغان خام سېمىز موللام.

مـوللىلار جىمىـپ كـەتتى. ھەممـە گـۆش 30 دەك ئۆلىمـا - موللىلارغـا زەللـە قىلىـپ بېرىلـدى. مەنسـۇر شـۇ ئـىشـتىن كېيىن روھـي خورلۇق تارتىپ، تالا - تۈزگە ئاز چىقىدىغان بولۇپ قالـدى. كېيىن ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇقساق، ئـۇ ئۆيگـە كەلگـەن مېھمانـلارنىڭ سانىنى مۆلچەرلەپ، سالغان گۆشنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، قويدىن ئىككىنى سويۇشقا مەسلىھەت سورىسا، خوتۇنى: «ھېلىمۇ ئاز سويۇلمىدى، ئەجەب بۇگۈنلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك

ئش قىلىلىغۇ، بولدى ئەمدى، بىكاردىن - بىكار چىقىم تارتىپ نېمە كەپتۇ. بىرمۇنچە چىقىم بولدى، ئىسىت» دەپ ئۇنىماپتۇ. تىوۋا دەيدىغان ئىشلار دۇنيالىقتا جىق بولىدىكەن، ھېلىقى غايىب داموللام مەنسۇرنىڭ خوتۇنىنىڭ گېپىنى قانداق بىلىپ قالدىكىنە؟ شۇڭا، خوتۇن خەق ئەرلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك...

روزىخان قاسىم بايۋەچچىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، بىر ھەقىقەتنى چۈشەندى.

— مېنىڭ شۇ دېگىنىمگە، مۇشۇ ھېكايىنى سۆزلىدىڭمۇ قاسىماخۇن.

قاسىم بايۋەچچە خوتۇنىنىڭ تېرىكىپ كەتكەنلىكىدىن كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي خوتۇن، تۇزەش باشقا، بۇزۇش باشقا.

— بولدى، نېمە دېسىلىرى سىلىنىڭ راست،— روزىخان قېيىدىغاندەك بولدى.

— خوتۇن خەق دېگەن ئەگرى كېلىدۇ دېسە، بۇ نېمە گەپتۇ دەپتىكەنمەن، راستكەن ئەمەسمۇ.

— ئوو...ي، بولدى قىلسىلا. ئەمدى ئۇخلايلى، ئەلياتقۇ بولۇپ كەتتى،— روزىخان چىرايىغا كۈلكە يۇگۇرتۇپ ئورنىدىن تۇردى.

قاسىم بايۋەچچىمۇ كۈلۈمسىرىدى، ھاردۇقى چىققاندەك يېنىكلەپ قالدى. روزىخان يوتقان سېلىپ بولۇشىغا دەرۋازا چېكىلدى. قاسىم بايۋەچچە روزىخانغا قاراپ:

— كىمدۇ بۇ كەچتە،— دەپ ئۆيدىن ھويلىغا چىقتى. روزىخان ئارقىسىدىن چىراغنى كۆتۈرۈپ ماڭدى.

— كىم؟

— قاسىم بايۋەچچىنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟

قاسىم بايۋەچچە دەرۋازا سىرتىدىكى ئادەمنىڭ تەلەپپۇ-زىدىن خوتەنلىك ئەمەسلىكىنى بىلدى.

— ھەئە، نېمە ئىشلىرى بار ئىدى؟— دەپ سورىدى قاسىم بايۋەچچە ئىشىكنى ئاچماي تۇرۇپ.

— مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئاتۇشتىن كېلىشىم،— دەپ جاۋاب بەردى دەرۋازا سىرتىدىكى ئادەم.

قاسىم بايۋەچچە بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۆڭلى بىرنەرسىنى تۇيدى- دە، دەرھال ئىشىكنى ئاچتى ۋە سىرتتا تۇرغان ئادەم بىلەن سالاملاشتى. ئۆي خىزمەتچىسى ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىكى ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئالدى. قاسىم بايۋەچچە روزىخانغا قاراپ:

— خوتۇن، دەرھال داستىخان راسلاڭلار،— دەپ تاپىلىدى- دە، مېھماننى ھويلىدىن ئۆيگە باشلاپ كىردى.

روزىخان ھاپىلا - شاپىلا چاي راسلاپ داستىخان سالدى. ئاتۇشلۇق يىگىت دۇئا قىلدى.

— سىزنى كىم بۇياققا ئەۋەتتى؟

— مىرئەھمەدبەگ.

مىرئەھمەدبەگنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، قاسىم بايۋەچچىنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

— بەگ ئاكام سالامەت تۇردىمۇ؟

— ساغلام، ياخشى تۇردى. ئۆزلىرىگە، خوتۇن - بالىۋا-قىلىرىغا، خوتەن خەلقىگە ئالىي سالام يوللىدى.

— سالامەت بولسۇن، ھەشقاللا، مەزەگە باقىلى ئۇكام، يول ئۇزاق، جاپا تارتقانسىز. تارتىنماي، بەھۇزۇر يېقىڭ ئەمسە.

— رەھمەت.

قاسىم بايۋەچچە ئۇ يىگىتنى مەزەگە زورلىسىمۇ، كۆڭلىدە «مىرئەھمەدبەگ تۇيۇقسىز ئادەم ئەۋەتىپتۇ. زادى نېمە ئىش بولغان-دۇ» دەپ ئالدىرايتتى. ئۇ يىگىت ئىسمىنىڭ پازىل، ئۆزى مىرئەھ-

مەدىبەگنىڭ خاس يىگىتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇردى.
— ئۇكام، بەگ ئاكامغا بىرەر پىشكەللىك بولمىغاندۇ؟
— ياق، ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق، مىرئەھمەدبەگ ئۆز-لىرىنى سېغىنىپ، ماۋۇ خەتنى ئەۋەتكەن ئىدى،— دەپ پازىل قوينىدىن كۆنگە ئورالغان بىر پارچە مەكتۇپنى سۇندى.
قاسىم بايۋەچچە خەتنى ئىتتىك قولىغا ئېلىپ ئالدىغا قويۇپ قويدى. پازىل قورساقنى بىر قۇر ئەستەرلىگەندىن كېيىن، قاسىم بايۋەچچە:
— ئۇكام، سىزگىمۇ ھاردۇق يەتتى. ھامامدا سۇ ئىسسىق، يۇيۇنۇپ ئارام ئېلىڭ، قالغان گەپنى ئەتە دېيىشەرمىز،— دەپ دۇئا قىلىپ، پازىلنى ھامامغا باشلاپ كىردى.
پازىل ئوبدان يۇيۇنۇپ ئۆزى ئۈچۈن راسلاپ قويغان ھۇجرىغا كىرىپ يېشىنىپ ئۇيقۇغا كەتتى. قاسىم بايۋەچچە چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، مەكتۇپنى ئاۋايلاپ ئاچتى. دانە - دانە يېزىلغان قۇرلارغا كۆز يۈگۈرتتى.

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇكام قاسىم بايۋەچچە. مەن سىزنى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىپ، بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيالىق ساۋاب ئۈچۈن بۇ مەكتۇپنى يوللىدىم.
ئەزىز ئىنىم قاسىماخۇن، بىز كۆرۈشۈپ نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. يۇرتىمىز، خەلقىمىز قان - ياش يۇتۇپ ئۆلۈمنىڭ بۇرجىدا تېنەپ كەلدى. مۇتتەھەم، قانخورلار بېشىمىزدا ياخاق چاقتى. ھەممە نەرسىنىڭ يۈزى بۇزۇلدى، يۇرتنىڭ تاغ - دەريالىرى داد - پەريادقا تولدى. خەلقىمىز «ۋادەرىخا»نى ئوقۇپ، ياقا يۇرتلاردا جۇلدۇر كىيەن، شەرمىسار بولدى. ۋىجدانلىق، جاسارەتلىك ئوغلانلار قان قۇسۇپ، يۈرەكلەر پارە - پارە بولدى. ئالەمدىن ئۆتكەن

ئۇلۇغلارنىڭ، ھۆرلۈك مۇقامىنى توۋلاپ كۆز يۇمغانلارنىڭ تېرىككەن روھى چۈشىمىزنى زىيارەت قىلىپ، لەنەت نومۇسىغا قويدى. پانىي ئالەمدە تارتقۇلۇقنىڭ ھەممىسىنى تارتتۇق. بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن مىڭ كۈن، ھەتتا بىر ئۆمۈر قان - زەرداب تۆكۈردۇق.

ئۇكام قاسىم بايۋەچچە. ھايۋانلارغا يايلاق كېرەك. ئىنسانلارغا ئازادە مۇھىت بىلەن ھەققانىيەت ئۇچىقىدا تاۋلانغان، ئەقىل - ئىدراك بىلەن قوراللانغان، ئەلنى سۆيىدىغان ھەم سۆيدۈرىدىغان ھاكىمىيەت كېرەك. بىزنىڭ غەم - ئەندىشە، ئازاب ئۇۋۇلاپ كەتكەن پاخمۇبىشىمىزغا ئاللاتائالا بەخت قۇياشىنى ئەگدۈرۈپ، غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان سەرسانە كۆڭلۈمنى ۋىللىدە يورۇتقاندەك بولدى. ۋەيرانلىق سۈيىدە تۇنجۇققان روھىم ھۆرلۈكنىڭ ھامىمىدا پاكلىنىپ، ئۇلۇغ ئىشلارغا تەۋەككۈل قىلدىم. ھازىر ئۇ تەرەپتىن ئاپپاق خوجىنىڭ 5- ئەۋلادى جاھانگىر خوجا ئىش تەۋرىتىپ، قۇرۇپ قالغان ئوتۇنغا سەرەڭگە ياقتى، ئاتۇش خەلقى قوزغالدى.

ئەزىز ئىنىم، ئەمدى مەقسەتكە كەلسەم، جاھان ئىشلىرىدىن سىزنى خەۋەردار قىلىش نىيىتىدە بولدۇم. جاھالەتنىڭ تۇمانلىرىدا ئېزىلىپ يۈرمەي، ئەقىل ۋە كۈچ سەرپ قىلىپ تۇپرىقىمىزنىڭ سۈيى، تۇزى، نېنىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئۈبدان چۈشىنىپ، سىزدىن ئەقىل سورىدىم، كۈچ سورىدىم. خوتەن خەلقى ئۆز تەقدىرىنىڭ پىداكارى بولۇش ئۈچۈن ھەمدەم بولسا دېگەن نىيەتتە، سىزگە بولغان تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئۇشبۇ مەكتۇپنى پۈتتۈم. سىز پىداكار ئوغلانلارنى يېتىشتۈرۈپ تەقلەڭ. ئىش قىلغاندا، ھەر خىل ئېھتىماللىقلارغا ئورۇن

هازىرلاڭ، ئىشەنچىڭىز بارلارغا ئىشىنىڭ. سىز خوتەن خەلقىگە باش بولۇپ، قانچىلىك ئالتۇن - كۆمۈش تەييارلىسىڭىز، شۇنى ئۇلۇغ ئىشىمىز ئۈچۈن سەدىقە قىلىڭ. ئاللا دۆلىتىڭىزنى زىيادە قىلار ئۇكام. خەلقىمىز تەۋەككۇل قىلىدىغان پەيتكە دۇچار بولدى.

ئەزىز ئىنىم قاسىماخۇن، كۆرگەن كۈنلىرىمىز ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوشۇق سالام - سەھەت يوللىمىدىم، سىپايىلىكنى يورغىلاتمىدىم. بىز ئۈچۈن ئۆتكەن كۈنلەر ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆتتەك بولدى. شېرىن گەپلەرنى تۇلۇم ئىچىگە سولاپ، ئېغىزنى بوغۇپ تۇرايلى. قەدىرلىك ئىنىم، مەن پازىل ئىسىملىك يىگىتنى مەكتۇپ بىلەن يولغا سالدىم. بۇ يىگىت ئىشەنچلىك، ھەرقانداق تاپىلاشلىرىڭىز بولسا، ئۇنىڭغا تاپشۇرسىڭىز بىخەتەر بولىدۇ.

ئەزىز ئىنىم، مەقسەت تامام بولدى، ھەر ۋاقىت ئاللا يار بولغاي، خەير - خوش. مىرئەھمەدشەيخ».

قاسىم بايۋەچچە مەكتۇپنى قايتا - قايتا ئوقۇدى. خەتنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى ئازابلىق چېكىپ، تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكۈدەك بولدى. چىرايلىق، گۈزەل قۇرلار قەغەز يۈزىدىن سويۇلۇپ چىقىپ، ئېغىز، بۇرۇن، كۆز - قۇلاقلىرىدىن كىرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىدى...

× × ×

بىرنەچچە يىللىق يۇقۇملۇق كېسەل توگەپ، قەشقەر، ئاتۇش خەلقى ئەنسىزچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، قۇياشنىڭ ھەقىقىي يۈزى بىلەن ئوچۇق - يورۇق دىدارلاشتى. جاھان ئىللىپ كىشى

لەرنىڭ تاترالغۇ چىرايىغا قىزىتىلغان تونۇرنىڭ ھاۋىسىغا ياپقان ھەمەك ناندەك ۋىل - ۋىل قىزىللىق تەپتى.

ئالتىن ئاتۇشنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن توختاۋسىز ئېقىپ كىرىۋاتقان ياز شاملى دەرەخلەرنى ئېلىندۇرۇپ غول - شاخلىرىدىن قۇلاقلىغان يۇمران ياپراقلىرىنى لەرزان ئۇسسۇلغا سالاتتى. ئالتىن ئاتۇشنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن قىران - بوغۇز دەرياسىدا زەڭگەر ئاسمانغا رەڭ بېرىپ ئېقىپ كېتىۋاتقان تەڭگە تاغنىڭ ئەركەك سۈيى ئۇششاق تاشلارغا بېلىجان - بىلىقلاردەك جان بېرىپ كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى. قۇياش سۇ ئاستىدىكى سۈزۈكلۈكتىن مەست بولغاندەك، پەلەكتە كۆزىنى پارقىرىتىپ، مىدىر - سىدىر قىلماي تۇراتتى. ئالتىن ئاتۇشلۇقلار يېڭىدىن ئايىغى چىققان باللاردەك تېنەپ - تەمتىرەپ، ئۆزىنى كۈندىن - كۈنگە پۇت - قولىغا كۈچ - مادار تولۇقلىنىپ، ئەسلىگە كەلگەندەك سېزەتتى...

مەشھەدتىكى مىرئەھمەدبەگنىڭ قورۇسى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. مىرئەھمەدبەگ چوڭ سارىيىدا چىرايى ئاپئاق، قاشلىرى قوشۇما، بۇرنىنىڭ تۆشۈكى چوڭ، نور بۇرۇن، كۆك كۆز، ئۇستىخانلىرى چوڭ، كىشىنىڭ زوقى كەلگۈدەك دەرىجىدە ئاجايىپ كېلىشكەن، 35 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان جاھانگىر خوجا بىلەن قىزغىن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى. ئاپپاق خوجىنىڭ مەكتىلىك خوتۇنىدىن بولغان يەھيا خوجىنىڭ ئوغلى ئەھمەد خوجا، ئۇنىڭ ئوغلى بورھانىدىن خوجا، ئۇنىڭ ئوغلى سامساق خوجا، ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى جاھانگىر خوجا ئىدى. سامساق خوجا ئەقىللىق، تارىخنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىلىدىغان، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، ئوغلى جاھانگىر خوجىنى ئۆزى بىر قوللۇق تەربىيىلەپ چوڭ قىلدى. ئۇ قەلەم ۋە ئەلەمدە يېتىلگەن باھادىر بولۇپ ئۆسكەن ئىدى.

جاھانگىر خوجا قوقەنت خانلىقى تېررىتورىيىسىدە ئادەم توپلاپ، ئۇيغۇر ئېلىگە ئۈچ قېتىم كىرمەكچى بولۇپ يۈرۈش قىلغان. ئۈچىنچى قېتىم 1820- يىل 9- ئايدا جاھانگىر خوجا 300دىن ئارتۇق كىشى بىلەن چېگرىغا يېقىنلاشقاندا، قىرغىزلار- نىڭ قەبىلە باشلىقلىرىدىن سۇلانچى چېگرا ساقلاپ ياتقان مەنچىڭ چېرىكلىرىگە خەۋەر قىلىپ قويغان. جاھانگىر خوجا بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، قەبىلە باشلىقى سۇلانچىنى كېچىسى تۇتۇپ كېتىپ، مال - ۋارانلىرىنى بۇلاپ، ئۆيىگە ئوت قويۇپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. سۇلانچى ئاخىر جاھانگىر خوجىغا بەيئەت قىلغان. ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن جاھانگىر خوجا تۆشۈكتاش، قاراڭغۇلۇق، ئوپال ئارت قاتارلىق رايونلاردا چېگرا ساقلاۋاتقان مەنچىڭ چېرىكلىرىگە ئارامىلىق بەرمەي، بۇلاپ، ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ، قەشقەرگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى قەشقەرگە تەرەپ - تەرەپتىن قوشۇن توپلاپ، جاھانگىر خوجا بىلەن قاتتىق ئۇرۇشقان. يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن قوشۇن تەشكىللەپ، ئاتا - ئانىسىنى گۆرەگە ئېلىپ، جاھانگىر خوجىنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلىغان. جاھانگىر خوجا قەشقەردە قوللاشقا ئېرىشەلمەي، 50 تىن ئارتۇق ئادىمىدىن ئايرىلىپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان.

جاھانگىر خوجا ئاشۇ چاغدا ئالتىن ئاتۇش مەشھەدتە مىرئەھمەدبەگ بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغان. مىرئەھمەدبەگنىڭ كەنجى ئوغلى مەھمۇت خوجامۇ دادىسىنىڭ تىزىدا ئولتۇرۇپ، سەبىيلەرچە ئاڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە نائىل بولغان ئىدى.

— ئۆزلىرى، ماڭا ھە - ھۇ دېيىشسىلە، چوقۇم نۇسرەت قازىنىمىز، شەيخ.

— غازى غوجام، ھازىر پەيت ئەمەس، خەلقىمىز كىمگە

ئشنىشىنى، كىمگە ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمەي، ئارىسالدى مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئالدىراقسانلىقتىن ساقلانغان تۈزۈك.

— مۇشۇ ئارىسالدى پەيتتىن پايدىلىنىپ ئىش تەۋرەتسەك، خەلق چوقۇم بىز تەرەپكە ئۆتىدۇ دەيمەن، شەيخ.

— كۆڭۈل توختاتمىغان خەلق ھەرگىز تەۋرىمەيدۇ، غازى غوجام. ئۆزلىرى تۇنجى قېتىم بۇ ئەلگە كىردىلە، بۇ يەرنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى بىرقۇر چۈشەندىلە، شۇڭا ئويلاپ ئىش قىلغان تۈزۈكمىكىن دەيمەن.

— ئۇنداقتا، شەيخ، ھازىرقى ئورۇنۇشۇم بىكار كېتەرمۇ؟

— چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، نۇرغۇن قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

مىرئەھمەدبەگ تىزىدا ئولتۇرغان كەنجى ئوغلى مەھمۇت خوجامنىڭ ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە سىرتقا چىقىشقا ئىشارەت قىلدى. ئەمدىلا ئايىغى چىققان مەھمۇت خوجام دادىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئورنىدىن تۇرغىنىچە شۇنداق يېنىك غىلدىرلاپ مېڭىپ، ھويلىدا تاماق ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ تۇرغان ئانىسى ھەمراھ بۇۋىمنىڭ يېنىغا چىقىپ، ئەركىلەپ كۆلگىنىچە ئۇنىڭغا ئېسىلدى. بۇۋىم «ئوغۇللىرىمنىڭ ھەممىسى چىراي، ئۇستىخاندا دادىسىنىلا تارتتى. ھەممىسى باتۇر بولغاي، خۇدايىم» دەپ، ئۆزىدىن، بالىلىرىدىن پەخىرلىنەرلىك تۇيغۇغا كېلىپ كەنجى ئوغلى مەھمۇت خوجامنى ئەركىلەتتى. ھەمراھ بۇۋىم ناھايىتى دىيانەتلىك، ئىپپەتلىك، ئىمانى كامىل، ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى. ئۇ شېئىرىيەتتىن خەۋەردار، دائىم ھەزرەت ئەلىشىر نەۋائى بىلەن بابۇرشاھ ۋە ئۇنىڭ قىزى زىبۇننىسانىڭ نەزملىرىنى ئوقۇيتتى، ئۆزىمۇ ئانچە ـ مۇنچە نەزم يازاتتى. ئۇنىڭ ئالتە ئوغلى، بىر قىزى بولۇپ، ئۇلارنى كىچىكىدىن ياخشى تەربىيىلەپ، دائىم قەلەم بىلەن ئەلەمنى

بىرگە ئېلىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلىپ كەلگەن. بۇ جىگەرلىك بوۋىسىم «ئاياللارمۇ ھەممە ئىشنى قىلالايدۇ» دېگەن ئەمەلىي پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېقىندا «سۇلتان سۇتۇق مەدرىسەسى»نىڭ ئورنىدا بەش سىنىپلىق قىزلار دىنىي مەكتىپى ئاچقان ئىدى. بۇ مەكتەپكە ئۆزى باش بولۇپ دەرس ئۆتەتتى ھەمدە ئەينى يىللاردىكى داڭلىق مۇدەررىس روزاخۇن خەلپىتىمنى مەكتەپكە خەلپەتلىككە تەكلىپ قىلىپ، قىزلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، جىگەرلىك، بىلىملىك، ۋىجدانلىق تەربىيىلىنىشىگە تۇنجى ئۇل سالغان مەرىپەتپەرۋەر ئانا ئىدى. ئۇنىڭ بالىلىرىنى دىنىي ئىلىم، ئەدەبىيات قاتارلىق بىلىملەر بىلەن تەربىيىلەپ، مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق قارىيالايدىغان، تەسەۋۋۇرغا باي يېتىلىشىگە ئۇل سالغان ئاشۇ روزاخۇن خەلپىتىم مىرئەھمەدبەگنىڭ ئەتىۋارلىشىغا، ھەمراھ بوۋىمىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بالىلىرىغا دەرس بېرەتتى...

جاھانگىر خوجا ئاشۇ سۆھبەتتىن كېيىن، قوقەنتكە قېچىپ چىقىپمۇ پەقەت جىم ياتمىدى. تۆت يىل تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ كۈچ توپلىدى. ئۇ 1824- يىلى 200 دىن ئارتۇق قوراللانغان، تەربىيە كۆرگەن ئادەم بىلەن ئالاي تېغىدىن بۆسۈپ كىرىپ، چېگرا ساقلاۋاتقان كۈچلۈك قوشۇنغا دۇچ كەلدى. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئالاي ئېغىزىدىن كىرىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ھەرقايسى چېگرىلارغا چېرىك كۆپەيتىپ تۇرغۇزغان ئىدى. شۇڭا، جاھانگىر خوجا ئىككىنچى قېتىم قاتتىق تالاپەتكە ئۇچراپ، قىرغىزلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ بېرىپ، قىرغىز قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئادەم توپلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇش بىلىملىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە يالغاندىن تەسلىم بولۇپ، قەشقەر خانىرىقتا بازا قۇرماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قوقەنت خانلىقىدىن

ياردەم سورىدى. قوقەنت خانى مەدەلىخان ئۇنىڭ قەشقەرنى ئېلىشى ئۈچۈن بىرقانچە مىڭ قوشۇن بېرىشكە ۋەدە قىلدى.
جاھانگىر خوجىنىڭ ھەرىكىتىدىن ھەردائىم خەۋەر تېپىپ تۇرغان مەنچىڭ ھۆكۈمىتى قىرغىزلارغا ئالتۇن - كۈمۈش بېرىپ، جاھانگىر خوجىنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن قىرغىزلار ئارىسىغا ئەۋەتكەن قوشۇنغا بايان باتۇر دېگەن مانجۇ سەركەردىنى قوماندان قىلدى.
جاھانگىر خوجا 3 — 4 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، مەنچىڭ لەشكەرلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇ ئاۋۋال قاچقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، قىرغىزلارنىڭ ساياق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تىلەك بىلەن بىرلىكتە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بايان باتۇرنىڭ 300دىن ئارتۇق قوشۇنىنىڭ بىرىنى قويماي قىرىپ تاشلىدى. بايان باتۇر قوشۇنىنىڭ بىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جاھانگىر خوجىغا نۇرغۇن ئادەم قوشۇلدى. مۇشۇ ئادەملەر ئىچىدىكى ئەنجانلىق ۋە قىرغىز بۇيرۇتلاردىن ئۇ 500 يارامىلىق ئادەمنى تاللاپ، 1926- يىل 7- ئاينىڭ 18- كۈنى كىچىك تاغ ئېغىزى ئارقىلىق ئالتىن ئاتۇشقا كىردى.

× × ×

جاھانگىر خوجا مىرئەھمەدبەگ بىلەن قايتا دىدارلاشتى. جاھانگىر خوجا «ھەزرەت سۇلتان»دا بىرنەچچە كۈن نەزىر بەردى، ئۇلۇغ بوۋىسىدىن مەدەت تىلەپ، قەبرىسىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى. مىرئەھمەدبەگ جاھانگىر خوجىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇلار ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتى، بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ، ئاجرالمايدىغاندەك بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولدى.
— شەيخ، بەك تىمەن تۇرۇپتىلا.

— نەدىكىنى، مۇكچىيىپ كەتتۇق دىسىلە. ئۇي ئىچى، ۋەتىنىدىن ئايرىلغان بۇرادەرلەر ياخشى تۇردىمۇ، بۇزرۇك خان بەگزادىمۇ ئوبدان تۇرغاندۇ.

— ئوبدان تۇردى.

مىرئەھمەدبەگ جاھانگىر خوجىنى بۇدا كۆرۈپ، نىمە ئۈچۈن-دۇر يۈرىكى يايراپ كەتتى. مىرئەھمەدبەگنىڭ كۆزىگە ئۇنىڭ پىشانىسىدىن بىر نۇرنىڭ بالقىپ چىقىۋاتقانلىقى كۆرۈنگەندەك بولۇپ، ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. بۈگۈن مىرئەھمەدبەگ جاھانگىر خوجا بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا پاراڭلاشتى،كەلگۈسى ئىشلار ئۈستىدە نۇقتىلىق توختالدى.

— ھۆرمەتلىك شەيخ، قانداق دانا مەسلىھەتلىرى باركىن؟ بۇ تۇپراقتا ئالىقانچىلىك يەرگە ئۆزۈمنى سىغدۇرالمىدىم. مەن ئوتنىڭ تىشىدا كۆيدۈم، ئۆزلىرى ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيدىلە. بىز كۆرۈشمىگىلى 6 — 5 يىل بولدى، خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالى ماڭا ناتونۇش. بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىدىن تەلىم ئالمىسام قانداق بولىدۇ؟

— يوقسۇ، مەندە تەلىم بەرگۈدەك ئۇنچىۋالا ئەقىل - مادار يوق غوجام. ئۆزلىرى ئاسماننى يىپىسىنچا، زىمىننى كۆرپە قىلىپ، ئۇلۇغ ئىش تەۋرەتمەكچى بولدىلا. ھازىر سىلىنىڭ كۆرگەنلىرى كۆپ، ئۇيۇلدىغان گەپلەرنى قىلمىسىلا.

— مىرئەھمەد شەيخ، ئۆزلىرىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. بۇ ئىشقا ئورتاق كۈچ چىقارغاندىلا، ئاندىن مەقسەتكە يىتىپ، خەلقنى قۇتقۇزغىلى يول ئىچىلىدۇ.

مىرئەھمەدبەگ جاھانگىر خوجىنىڭ ئەمدى دۇنيا كۆرۈپ، ئىش بىلىدىغان ئادەم بولۇپ يىتىلگەنلىكىگە ئىشەندى، كۆڭۈل توختاتتى. قەلبى يورۇپ، ئۇشۇق تەكەللۇپىنىڭ ھاجىتى يوقلۇ-قىنى بىلدى.

— غوجام، نەچچە يىلدىن بېرى سىلى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كۆپ رىيازەت چەكتىلە. ماڭا قارىغاندا، بۇنداق ئىشقا ئۆزلىرىنىڭ دىتى بار.

— مەن سىرتتا سەرگەردان بولۇپ، تولا ئۇرۇنۇپ ئاران دېگەندە، بۇ تۇپراقتا ئالىقانچىلىك يەرگە ئۆزۈمنى سىغدۇرالىدىم. ئەمدى گەپنى يورغىلاتمىسىلا، ھۆرمەتلىك شەيخ.

— ھۆرمەتلىك غازى غوجام، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كۆرمىگەنلىرى ئاز. مەن سەملىرىگە بۇ ئەلنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن ئازراق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتەي، — مىرئەھمەدبەگ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

جاھانگىر خوجا ئىچىدە «جىم ياتقان يولۋاسنى ئاخىر ئورنىدىن مىدىرلاتتىم» دەپ، خەپشۇك بولدى.

— خەلقنىڭ پەيمانى توشقان، بۇ دۇنيادا تارتقۇلۇقنىڭ ھەممىنى تارتىپ، يۈرىكى لەختە بولدى غوجام. نەچچە ئون يىلدىن بېرى ھەر خىل يېغىلىق، تەبىئىي ئاپەت خەلقىمىزنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتتى. داۋگۇاڭخان قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ، بۇ يەردىكى زومىگەر، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ قانداق قىلىشى بىلەن كارى بولمىدى. يەرلىك ئەمەلدارلار خەلقنى خالىغانچە بوزەك قىلىپ، يىلىكىنى سۇغۇرۇپ، شۇ يىلىكتە بەتتە - پولۇ ئېتىپ يېدى. داۋگۇاڭخانمۇ خەلقنىڭ زارى بىلەن كارى بولماي، ئەل - يۇرت مۇقىم بولسا بولدى دەپ، ئاڭلىماسلىققا - كۆرمەسلىككە سالدى. بۇ يەرگە تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلار داۋگۇاڭ خانىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى بىلگەچكە، كىشىلەر ئارىسىغا قۇم-تۇپراقتەك جاسۇس-خائىنلارنى قويۇپ، خەلقنى مىدىر - سىدىر قىلالمايدىغان قىلىپ قويدى. نۇرغۇنلىغان شىرمەت-ئەزىمەتلىرىمىز تۇرۇپ - تۇرۇپ غايىب بولۇپ تۇردى. ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرمىدى. ھېلىمۇ ياخشى بىز خەقتە «پوكۇنى يوق بولۇپ

كەتتىغۇ دېسە، تاغ ئارقىسىغا چىقىپ كېتىپتۇ» دەيدىغان گەپ باركەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنى گوللاپ يۈردۇق...

مىرئەھمەدبەگ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، جاھانگىر خوجا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ:

— ۋۇئاناڭنى، خوتۇنى تالاق!— دەپ ۋارقىراپ، قولىدىكى چاي ئىچىۋاتقان پىيالىنى يەرگە ئۇرۇپ چۇل - چۇل قىلىۋەتتى. مەيداندىكىلەر چۆچۈپ كېتىشتى. مىرئەھمەدبەگمۇ سۆزدىن تۇختـدى. جاھانگىر خوجىنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرغان ئىدى،— بۇنىڭغا قانداق چىداپ ياشاپ كەلدىڭلار ھۆرمەتلىك شەيخ.

— قۇلاقنى چىڭ يوپۇرۇپ، كۆزنى يۇمۇپ ياشىدۇق غوجام. جاننىڭ تاتلىقلىقى قورققاندا بەك بىلىنىدىكەن. بىز لايىنىڭ ئىچىدىمۇ پاقىدەك كۇركىراپ ياشىدۇق، ئوتنىڭ ئىچىدىمۇ سەمەندەردەك چىداملىقلىق بىلەن تاۋلىنىپ تاكى كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغۇچە چىدىدۇق. ئادەم دېسە ئادەم ئەمەس، ھايۋان دېسە ھايۋان ئەمەس، تىلى كېسىلگەن ئۆكۈزدەك، قوشتىن چىقىپ سۆرەمگە قېتىلىپ، ئۆشنىمىز قان-يىرىڭنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندى.

— ھەي شەيخ، بۇنىڭغا ئۆزلىرى قانداق چىدىدىلا دەيمەن!

— غوجام، مەندەك ئادەملەر كۆتۈرۈشلۈك كېلىدۇ. قارىسىلا، كىشىلەر مېنى چوڭ بىلىپ ئاغزىمغا قاراپ تۇرغان يەردە، مەن «ۋايجان» دەپ يىغلاپ يۈرسەم بولمايدۇ- دە.

— قارىسىلا شەيخىم، خەلق قۇرۇق ئوتۇنغا ئايلىنىپ بوپتۇ. ئۆزلىرى ھەممىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، «ئۆجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئولتۇرۇشقا قانداق ۋىجدانلىرى كۆتۈردى؟

— بىز ۋىجداننىڭ ئورنىغا چىدامنى ئالماشتۇرۇپ ياشاپ كەلگىلى نەۋاق غوجام. چىدام بولمايدىكەن، ئاشۇ يىللاردا بىزدىن ئادەم قالمايتتى. قانداق ھاقارەتلىنەيلى، قانداق دەشنام يەيلى، چىداپلا كەلدۇق. مەۋجۇتلۇقىمىز بىلەن كۆرۈۋاتقان

خورلۇقىمىز قەلبىمىزدە ساقلىنىپ قالىدىكەن، جېنىمىز ئېسەن بولسىلا، چوقۇم بىركۈنى «لېۋەن يارلار» دېگەن ناخشىنى ئوقۇپ، «ئاتۇش پەدىسى»گە چۆرگىلەپ ئويناي دىغان كۈنلىرىمىز بولىدۇ دېگەنتۇق. خۇدا مانا ئاخىر ئۆزلىرىنى بىزگە باشپاناھ قىلىپ ئەۋەتتى...

سىرتتىن بىر يىگىت يۈگۈرۈپ كىرىپ، مىرئەھمەدبەگكە ئىشارەت قىلدى. جاھانگىر خوجا قارىۋىدى، ئۇ يىگىتنىڭ رەڭگى سارغىيىپ كەتكەنىكەن. دەرھال كۆڭلى ئاغقان مىرئەھمەدبەگ ئورنىدىن لەسسىدە تۇرۇپ:

— غوجام كەچۈرسىلە، مەن چىقىپلا كىرەي،— دەپ ئۆزرە ئېيتىپ، يىگىتنى ئىشارەت بىلەن سىرتقا ئاچىقىپ كەتتى. جاھانگىر خوجا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا ئولتۇرۇپ قالدى. ھايال ئۆتمەي مىرئەھمەدبەگ كىردى.

— ھۆرمەتلىك شەيخ، چاتاق بوقتۇ.

— چوڭ چاتاق چىقتى، مەنچىڭ چېرىكلىرى كەنتنى قورشىۋاپتۇ. بۇ يەردە تۇتۇشۇپ قالساق، ئۆلۈم - يىتىم كۆپ بولۇپ كېتەرمىكىن،— دەپ، ئىچىگە تىنىدى مىرئەھمەدبەگ.

— ئۇنداقتا، قانداق قىلىمىز؟

— قارىماڭدىغان، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، يامان ئېھتىماللىقنى ئويلاشمىغىنىمىزنى.

— چېرىكلەر قانچىلىككەن؟

— 500دەك خىللانغان قوشۇنكەن، ئۇلار تەربىيە كۆرگەن چېرىكلەرمىش. ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە كىرگەنلىكلىرىنى ئۇققان بولۇشى مۇمكىن. قەشقەردىن چىقىپ، تۆت تەرىپىمىزنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋاپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، بۆسۈپ چىقىپ كېتەيلى،— جاھانگىر خوجا ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، مىرئەھمەدبەگ سالماقلىق بىلەن ئۇنى

ئورنىدا ئولتۇرغۇزدى.

— ھۆرمەتلىك غوجام، جۇدۇنلىرىغا ھاي بەرسىلە، ئويلىشىپ ئىش كۆرىلى.

— بىخۇد ئولتۇرۇۋەرسەك، چاتاق يوغىناپ كەتمىسۇن.

— غوجام، ئۆزلىرى نەگە بارماقچى؟— دېدى مىرئەھمەدبەگ جاھانگىر خوجىغا مەنىلىك قاراپ،— ئۇلارنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ كەتكەندە، زاۋاللىققا يۈزلىنىدىلا. ھازىر قەشقەرنىڭ دوتىيى ئۆزىگە قاراشلىق بارلىق جايلارغا سىلىنى تۇتۇش، يوقىتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ بوپتۇ. بىز مەشھەدتە تۇرۇۋېرىمىز. ھەرگىز بۇ يەردىن ئايرىلمايمىز، ئۇقتىلىمۇ. مۇشۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە، سىلىگە بۇ يەردىن باشقا يەردە تۇرۇشقا ئالىقانچىلىك جاي چىقمايدۇ. بىز بۇ يەردە ئۇلار بىلەن بىر تۇتۇشۇپ ھەيۋىمىزنى، كۈچىمىزنى كۆرسىتىپ قويىلى. ئۆزلىرى ئۇلۇغ جايدىن ئىش باشلىماقچى بولۇپ، بۇ يەرگە ئۇدۇللا كەپتىلا. شۇنداق بولغاندىكىن، ئىشنى مۇشۇ يەردىن تەۋرەتكۈلۈك. ئاتۇش خەلقى سىلىنى جان پىدالىق بىلەن قوللايدۇ، بۇنىڭغا ئىشەنسىلە.

— ئۇنداقتا، تۇتۇشۇپ كۆرمەمدۇق،— جاھانگىر خوجا مىرئەھمەدبەگنىڭ ئېيتقانلىرىنى توغرا تاپتى-دە، روھلىنىپ يەنە ئورنىدىن تۇردى. مىرئەھمەدبەگ كۈلۈپ كەتتى.

— ئالدىرىمىسىلا، ھولۇقساقلا دۈشمەنگە قۇيرۇق تۇتقۇزۇپ قويىمىز. مەنچىنىڭ چېرىكلىرى بىزنى قورشىۋالغاندەك تۇرغىنى بىلەن ئۆزى ھولۇقۇقلۇق. بىز قانچىكى جىم تۇرۇپ، ھېچ نەرسىنى بىلمىگەن قىياپەتتە تۇرساق، ئۇلار ئاخىر تېرىكىپ، كەنت ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. شۇ چاغدا قول سالساق، بىرىنىمۇ قاچۇرۇپ قويمايمىز. يىگىتلەر كەنت ئىچىدىكى ھەربىر ئائىلىگە ئورۇنلىشىپ بولدى.

جاھانگىر خوجا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۆڭلى ئاپتاپتەك يورۇپ

كەتتى. ئۇ مىرئەھمەدبەگكە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ، «بۇ شەيخ ئەمىر لەشكەر بولۇشقا لايىقكەن» دەپ ئويلىدى.

× × ×

قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى چىنشياڭ جاھانگىر خوجىنىڭ پېيىگە ئادەم قويغان ئىدى. ئۇنىڭ كېچىك تېغى بىلەن ئاتۇشقا كىرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن 500 كىشىلىك قوشۇننى قەشقەردىن دەرھال ئالتىن ئاتۇشقا يولغا سالدى. ئۇلار كېچىلەپ ئاتلىق مېڭىپ، تاڭ يورىغۇچە مەشھەدنى تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىپ، دەرەخ تۆۋىدە توشقان كۆتۈپ ياتقاندەك تۇراتتى. مىرئەھمەدبەگنىڭ «كۆز - قۇلاق»لىرى بۇ ئەھۋالنى ئۇقتۇرغاندا، ئۇ مەشھەدنى قورشىۋالغان مەنچىڭ چېرىكلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، دەرھال كاتتايلاقتىكى خالقىبەگنى ھەمدەمگە چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتتى.

مەنچىڭ چېرىكلىرى ئۇزاق ۋاقىت سۈكۈتتە تۇردى. بۇ كەنتتىكىلەرنىڭ تالا - تۈزگە چىقماي ئۈن - تىنسىز تۇرغانلىقىدىن، ھەتتا بۇ يەردە ھېچقانداق غەيرىي ئالامەتلەر بايقالمىغانلىقىدىن ئۇلار ھەيران ئىدى. 500 كىشىلىك قوشۇننىڭ باشلىقى «مەسلىھەتچى ئامبال ئاخباراتنى خاتا تاپشۇرۇۋالغاندىمۇ، 500 كىشىلىك قوشۇن بىلەن كىرگەن بۇ پاراكەندە ئوغرى مۇشۇ كىچىككىنە كەنت ئىچىگە ھاپىلا - شاپىلا قانداق سىڭىپ كېتىدۇ؟» دەپ، ئىچى تىتىلدايتتى.

— چىنشياڭ دېگەن بۇ بىرنېمە سايىسىدىن قورقۇيدىغان بولۇۋالدى. ئۇيغۇر زەڭگىلەردىن ئازراق ئېلىۋالاي دېسەم، ئۇلار ئىشەنچىسىز دەپ ئۇنىماي، قارىغۇ چاشقاننىڭ ئۆزىگىلا ئايلىنىپ قالدۇق مانا،— دەپ ئۇ ئاخىر غودۇرىغىلى تۇردى،— ئۇ ھارامـ

لىقلاردىن بىرەرىنى كەنت ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئەھۋال ئىگىلەپ كۆرمەمتىۇق،— ئۇ ھەدەپ غودۇرايتتى،— ھەي، قايسىڭ بۇ خەقنىڭ تىلىنى بىلىسەن؟— لەشكەر بېشى چېرىكلىرىگە ھومىيىپ قارىدى.

چېرىكلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ «بىلمەيمىز» دەپ، دولىلىرىنى قىسىشتى.

— ھەممىڭ ھارامتاماق، ھېچقايسىڭ بىلىشمەمسەن؟!

— تىلىمىز كەلمەيدىكەن.

لەشكەربېشى جىم بولۇپ قالدى. «راست، زادىلا تىلىمىز كەلمەيدۇ. بۇ چەنتۇلارنىڭ تىلى قايماقتەك يۇمشاق. ئۇلار ھەرقانداق مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگەنسە، شۇ مىللەتتەك سۆزلەيدۇ. بەك ئەقىللىق، بىلىۋالغىنىنى، ئۆگىنىۋالغىنىنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمايدۇ. توۋا...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئويلىغانلىرىنى دەپ سالغاندەك، ھولۇقۇپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بىر چېرىككە:

— ھەي، ماڭا نېمانداق قارايسەن، ئاناڭنى...— دەپ قوڭغا كۆچەپ بىرنى تەپتى، چېرىك تولغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ تەستىكىگە بىر شاپىلاق ئۇرۇۋىدى، ھېلىقى چېرىكنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتتى.

قۇياش چۈشتىن ئۆتۈپ غەربكە ئېگىلگەن ئىدى. لەشكەر بېشى تازا تېرىكتى، بىر ئورۇندا تۇرالماي چۆرگىلەيتتى، ئاخىر بولالماي قالدى.

— سەن 50 ئادەم بىلەن كەنتنىڭ چىقىش ئېغىزىدىن كىرىپ تىنتىپ باق،— دەپ ئەللىكبېشىغا بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئەللىكبېشى «خوپ» دەپ، 50 ئادەمنى باشلاپ مەشھەد-نىڭ بازار بېشى تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار كەنتكە كىرىپ، بازار بېشىغا كەلگۈچە ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلىمىدى. ھەممە ئۆينىڭ

دەرۋازىسى ئىچىدىن تاقاقلىق تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى تويۇقسىز بىر ۋەھىمە چىرمىۋالغىلى تۇردى. ئەللىكبېشىنىڭ مېڭىسىدىن بىر ئوت تۇتەپ كۆيۈۋاتقاندەك بولۇپ، پۈتكۈل ئەزايى قىزىپ كەتتى. ئىككى چاتىرىقى بىر - بىرىگە سۈۋۈشۈپ چىقىۋاتقان ئاۋازدىن ئۈركۈپ، ئۇ ئۇيان - بۇيانغا قارايتتى، كۆزىگە تەبىئەت مۆجىزىلىرىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار كەنت ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، دەل «بۇۋى ئانام»[1] زاراتگاھلىقىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارنى جىمجىتلىق قاتتىق قىيناپ ھالسىرىتىپ قويدى، ئالغان قەدەملىرى ھەر تەرەپكە ئېغىپ ئوقى سۇنۇپ كەتكەن يارىيار ھارۋا چاقىنىڭ ئۆزىگە ئايلاندى. ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقاندەك، كۆزلىرىنىڭ نۇرى سۇنۇپ، ھەممە تەرەپتىن ئوت چېقىنلاۋاتقاندەك كۆرۈندى. مەنچىلىك چېرىكلىرى ساراسىمىگە چۈشۈپ، ھېرىپ كەتكەن لالما ئىتتەك تىللىرى ساڭگىلاپ، خۇددى قىيامەت گىردابىغا يېقىنلاپ قالغاندەك بىلىندى. بۇ كەنتتىن كېسىپ ئۆتكەن ئۆستەڭدىكى سۇنىڭ يېقىملىق شىلدىرلاشلىرىمۇ قۇلاقلىرىغا مۇشت ئۇرغاندەك يېقىمسىز ئاڭلىناتتى، تويۇقسىز دەرۋازىلار غىچ - غىچ ئاۋاز چىقىرىپ ئېچىلغىلى تۇردى. ئۇلار قورققىنىدىن قوللىرىدىكى مىلتىقنى يەرگە تاشلىۋېتىشتى. ئەللىكبېشى ئېسىگە كېلىپ چېرىكلەرگە قارىۋىدى، ئۇلارنىڭ مۇز ئۈستىگە يالاڭ ئاياغ دەسسەپ تۇرغاندەك، لاغ - لاغ تىترەۋاتقان ھالىتىنى كۆردى.

— ھەممەڭ... ھەممەڭ قولۇڭغا قورالنى ئېلىش!

چېرىكلەر باشلىرىنى سىلكىپ، قوراللىرىنى يەردىن ئېلىشتى. ئەللىكبېشى دەرۋازىلارغا قارىۋىدى، ھەممە دەرۋازا ئېتىك

[1] بۇۋى ئانام — رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىنىكئانىسىكەن.

ـلىك تۇراتتى. ئۇ ئاستا - ئاستا ئېسىگە كېلىپ ئۆز ھالىتىگە قايتتى. ئۇنىڭ كۆزى «بوۋى ئانام» زاراتگاھلىقى تەرەپكە چۈشۈپ، ئەمەس خىياللارنى قىلدى.

— زاراتگاھلىقتىكى ئەرۋاھلار بىزنى ساراسىمىگە سېلىۋاتقان چېغى، بۇ يەردىن تېز كېتەيلى،— دەپ ئەللىكبېشى چېرىكلەردىن سورىدى،— بىز قانداق، قايسى يول بىلەن كىرگەنتۇق؟

تېخى ئېسىگە كېلەلمەي، ئالاقزادە بولۇپ تۇرۇشقان چېرىكلەر باشلىقىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمىدى. ئەللىكبېشى قاتتىق تېرىكتى.

— بۇ كەنتكە قايسى يول بىلەن كىرگەن دەيمەن!؟

چېرىكلەر زادى پەرق قىلالمىدى. ئەللىكبېشى تۇرغان جايدا توختىماي چۆرگىلەپ، ھېچنېمىنى پەرق قىلالماي، يوغان تاغارنىڭ ئىچىدە تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقاندەك يەرنى تېپىچەكلەيتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە پۈتى ئاستىدا تۇرغان يولمۇ چېلىقمايتتى، ھەممە يەر كۆزىگە تۆت تامدەك بىلىنىپ جان - پېنى چىقىپ كەتتى. «بوۋى ئانام»نىڭ قەبرىسى ئۇنىڭ كۆزىدە توختىماي ئۈچۈپ، بىر قەبرە مىڭ كۆرۈندى. ئۇ ئەسەبىيلىشىپ ئۇيان - بۇيانغا يۈگۈرگىلى تۇردى. چېرىكلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرەيتتى. بۇ كۆرۈنۈش خۇددى قوي پادىسىنى بۆرە قوغلىغانغا ئوخشايتتى.

مىرئەھمەدبەگنىڭ يىگىتلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆزىتىپ، چېرىكلەرنى ياچاق بىلەن تۇيدۇرماي سوقۇپ موللاق ئاتقۇزغىلى تۇردى. چېرىكلەر «ۋايجان - ۋايەي» دەپ يەرنى تېپىشلەپ جان تەسلىم قىلاتتى. ئۇلار ياچاق ئوقلىرىنىڭ قاياقتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى پەرق قىلالماي، چىرقىرىشىپ، ھەتتا ئەسەبىيلىشىپ، بىر-بىرىنى قىرغىن قىلغىلى باشلىدى. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە 50 چېرىك جان تەسلىم قىلدى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى قوراللار ئولجا ئېلىندى. ئەللىكبېشى ۋارقىراپ-جارقىراپ، بازار بېشى تەرەپكە

ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ساق قالدى. ئۇ «ۋاي ئانام» دەپ يۈگۈرۈپ، مانجۇ لەشكەربېشىنىڭ قېشىغا كەلدى- دە، ئېسىنى يىغىپ، بولغان ئەھۋالنى بىر- بىرلەپ سۆزلىدى.

— باشلىق، بىز بىلەن ئەرۋاھلار جەڭ قىلدى. بەك سۈر- لۈك، قورقۇنچلۇق، ۋايجان، ۋاي ئانام، ئۇلار كۆزگە كۆرۈنمەي كېلىپ كېكىردىكىمىزدىن سىقىپ جاننى ئالىدىكەن،— دەپ باش- ئايىغى يوق سۆزلەيتتى.

مانجۇ لەشكەربېشى ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. «مەن بۇ ئەلدە ئۇرۇش قىلمىغان يېرىم يوق، بۇ زادى قانداق گەپ ‹ئەرۋاھ› دېگەن نەرسىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بۇ قانداقمۇ ئەمەلىيەت بولسۇن، ياق، ياق، مۇمكىن ئەمەس، بۇ جاھانگىرنىڭ ئىشلەتكەن پەنتى»».

— ھۇ ئاناڭنى، يارىماس، نېمىدەپ بىلجىرلايسەن. قالغانلار قېنى؟

— ئۇلارنى ئەرۋاھلار يۇتۇۋەتتى،— دەپ ۋارقىرايتتى ئەللىك- بېشى قوڭغا تەگكەن تېپىكنىڭ زەربىنى سەزمەي.

— ماۋۇنىڭ ئاغزىنى يۇمۇش!

ئەللىكبېشىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغان چېرىكلەر مانجۇ لەشكەر بېشىنىڭ گېپىنى ئاڭقىرالمىدى. مانجۇ لەشكەربېشى ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ يەرنى تېپىچەكلەپ ۋارقىرىدى:

— مەن سىلەرگە نېمە دېدىم؟ ئاڭلاشمىدىڭمۇ، ماۋۇ توخۇ يۈرەكنىڭ زۇۋانىنى بېسىش!— دەپ يېنىدىن قىلىچنى سۇغاردى.

ئەللىكبېشى توختىماي سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان چېرىكلەرنىڭ كۆزلىرى يىرتىلىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە چەكچىيىپ، يۈرىكى دېگىزدا دولقۇنغا ئۇچرىغان كېمە ماچتىسى- دەك پۇلاڭلايتتى. مانجۇ لەشكەربېشى ۋەزىيەتنى دەرھال مۆلچەرلىدى- دە، قولىدىكى قىلىچنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ

ئەللىكبېشىنىڭ بوينىغا ئۇردى. بىچارە بايقۇشنىڭ كاللىسى يەرگە پوككىدە چۈشتى. ئەمما، ئۇنىڭ تېگى - تۆپە كالپۇكلىرى خېلى بىرھازاغىچە كاپ - كاپ قىلىپ تۇردى. چېرىكلەر ئۇنىڭ يەردە دومىلاپ يۈرگەن كاللىسىغا قاراپ قېتىپ قېلىشتى. مانجۇ لەشكەر بېشى قولىدىكى قىلىچنى شىلتىپ:

— ماۋۇ يارىماسنى يىغىشتۇرۇۋېتىش!— دەپ ۋارقىرىدى.

ئالتىن ئاتۇشنىڭ بوغۇز دەرياسى تەرەپتىن مەشھەد ئاسمىنىغا بىر بۈركۈت قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇپ كەلدى. مانجۇ لەشكەربېشى ئۇ بۈركۈتكە قاراپ كۆڭلى ئاغدى، يۈرىكىنىڭ «پوك - پوك» سوقۇشى قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. ئۇچۇپ يۈرگەن بۈركۈتكە سۈزۈك ئاسمان ئەركىن تۇپراق ئاتا قىلغان ئىدى. ئاشۇنداق بۈركۈتلەرگە چەكسىز ئاسمان كېرەك ئىدى.

مانجۇ لەشكەربېشى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بۈركۈتنىڭ كۆزىگە يولۇقۇپ قالغاندەك تۇگۈلۈپ قالدى.

— بۇ بۈركۈت ۋەھشىيكەن، ئۇنىڭ ھۇجۇمىغا ھەرقانداق جانلىق ئامال قىلالمايدۇ،— ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۆزى خالىمايدىغان گەپلەر ئۆزلۈكسىز چىقىۋاتاتتى،— بۇ بۈركۈت تۇيۇقسىز پەيدا بولدى، چوقۇم بىر شۇملۇقتىن بېشارەت بار،— دېدى - دە، چېرىكلىرىگە نەزىرىنى ئاغدۇردى.

بۈركۈت سامادا ۋىڭ - ۋىڭ شۇڭغۇپ، مانجۇ لەشكەر- بېشىنىڭ كۆزىدىن غايىب بولۇپ، جاھاننى ئاجايىپ بىر سۈرگە لىق توشتۇرۇپ قويدى. مانجۇ لەشكەربېشى قوشۇننى قايتىدىن تەرتىپكە سالدى، قەددىنى رۇسلىدى، يەنە ساقلاپ يېتىۋېرىش- نىڭ ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى پەملەپ، كەنتكە ھۇجۇم قوزغاشقا تۇتۇندى. ئۇنىڭ قانغا تولغان كۆزى بىر ياۋۇزلۇقنى تارتىپ تۇراتتى. مەسلىھەتچى ئامبال چىنشياڭنىڭ «سەن جاھانگىرنى تىرىك تۇتۇپ چىقساڭ، ئەڭ چوڭ ئىنئامغا

ئېرىشسەن. ئەگەر ئۇنى قاچۇرۇپ قويساڭ، تۇخۇمىڭنى قويماي قىرىپ تاشلايمەن» دېگىنىنى يادىغا كەلگەن مانجۇ لەشكەربېشى ئۆزىنىڭ لەشكىرىي ھاياتىنى قىسقىغىنە ئويلىدى، كۆز ئالدى قىيا - چىياغا تولدى. بويىغا يەتمىگەن نارەسىدە قەشقەر قىزلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلغان كۆرۈنۈشلەر، ئاغزىدىن ئانىنىڭ ئوغۇز سۈتى كەتمىگەن بالىلارنى چاتىرىقىدىن يېرىپ تاشلىغانلىقى، قېرى بوۋاي - موماي لارنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈۋېلىپ نەيزىگە سانجىپ بېشىدىن چۆرگىلىتىپ، قىقاس - سۈرەن سېلىپ يۈرگەنلىكى ئۇنىڭ خىيالىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئۇ ئاشۇلارنى ئويلىغانسېرى، قان ئىچەر خۇمارى مىڭ گەز ئۆرلىدى. مەشھەد كەنتى ئۇنىڭ كۆزىگە بىر تامچە سۇ ياكى بىر تال تېرىقتەك كۆرۈنۈپ، ھاپىلا قىلىپ يۇتۇۋەتكۈسى كەلدى...

× × ×

مىرئەھمەدبەگ بىلەن جاھانگىر خوجا مەنچىڭ چېرىكلىرىدىن 50نى يوقىتىپ، ئۇرۇشنىڭ تۇنجى ئۇتۇقىنى تەنتەنە قىلدى. ئىككىيلەننىڭ خاس يىگىتلىرى بۇ ئۇرۇشنى غەيرەت - شىجائەتكە، كۈچ - قۇۋۋەتكە مەنبە قىلدى، ئوغۇز سۈتىنىڭ تۇنجى تەمىنى مۇشۇ ئۇرۇشتىن تېتىغاندەك بولدى. مىرئەھمەدبەگ ۋەزىيەتنى سالماقلىق بىلەن كۆزىتىپ، چاققان - چاققان ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

— غازى غوجام، — دەپ سۆز باشلىدى مىرئەھمەدبەگ تەمكىنلىك بىلەن، — يىگىتلىرىمىز ئۇرۇشنىڭ تۇنجى نۇسرىتىنى قازاندى. بۇ ئۇتۇق زور ئىلھام ۋە جاسارەت، ئىشەنچ ئاتا قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىلمان قېنى ئەمدىلىكتە پورۇقشىپ قاينىدى، قىزىق قان ئۆز تومۇرىنى تاپتى. مۇشۇنىڭ ئۆزى ياراتقۇچى

ئالـلانىڭ زور مەدىتى. ھەربىر قەدەمنى ئۇيلاپلا باسساق، مۇۋەپـ
ـپەقىيەت قازىنىشىمىزدا چاتاق يوق. ئۇتۇقلىرىمىزدىن مەغرۇر-
لىنىپ كەتسەك، خەلقىمىز چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. جاھان
جاھان بولۇپ كەلگەندىن بۇيان، مۇشۇ تۇپراقتا بىزنىڭ مۇرەسسە-
سىز ھەققىمىز ۋە ئىگىدارچىلىقىمىز بار. دۈشمەن ئۆز ياۋۇزلۇقىنى
كىچىكتىن چوڭغىچە تېتىتىپ، يۈرىكىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتـ
ـتى؛ تويماس نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، تۇپرىقىمىزنى بۇلغىدى،
ياشاش ھوقۇقىمىزنى بوغدى، ئېشىمىزغا توپا، ئوغا چاچتى؛ ئەدەپ-
ئەخلاق ئەھكاملىرىمىزنى بۇزدى، دەپسەندە قىلدى، ھەتتاكى
خوتۇن - قىزلىرىمىزنى بۇلاپ نومۇسىغا تەگدى؛ ئېسىل ئەنئەنە،
مەدەنىيەتلىرىمىزنى تىرىپىرەڭ قىلىۋەتتى. بىز بۇنىڭغا قان يۇتۇپ
تۇرۇپ چىدىدۇق، دەردىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ يۈردۇق.
كۆزلىرىمىزدىن ئاققان ياشلاردا تۈگمەنلەر ئۇن تارتتى. ئاچ-
يالىڭاچ قالغان خەلقىمىز گۆلەختە مەيدىسىنى نەم يەرگە چاپلاپ
ياتتى. قەشقەرىيە تۈزلەڭلىكى ئېغىر غۇربەتچىلىككە، زاۋاللىققا،
يوقسۇزلۇققا، سەرسانلىققا پاتتى...

مىرئەھمەدبەگ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، پۈتكۈل
جامائەت ئۆزىنى باسالماي ھۆڭگىرەك ئېيتىپ يىغلاپ كەتتى،
ياقىلىرىنى يىرتىشتى. «ئىنتىقام، ئىنتىقام!» دەپ ۋارقىراشتى.
مىرئەھمەدبەگ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مۇنداق خەلقنىڭ قوزغالمىقى ئىنتايىن تەس. «تۆمۈرنى
قىزىقىدا سوق» دېگەن گەپ بار. بىز مۇشۇ قىزغىنلىقتىن
پايدىلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ پۈكلىنىپ كەتكەن قەددىنى رۇسلاش
زۆرۈر. خەلققە قەھرىمان يولباشچى كېرەك، قەھرىمان يولباشچى
خەلقنى كۆزدە تۇتۇشى كېرەك. قەھرىمانلىق دېگەن خەلق
تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئالىي شەرەپ. بۇ شەرەپكە ئىگە بولغۇچى
چوقۇم ئۈچ نەرسىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىشى كېرەك. بىرى

ئەقىل، بىرى جاسارەت، يەنە بىرى مۈشكۈل شارائىتتا دۇچار بولغاندا، تەۋەككۈلچىلىك ۋە قاراملىق. ئالدىنقى ئىككىسى ئېغىزغا يېنىك ئېلىنغىنى بىلەن ئەمەلدە بەسى مۈشكۈلدۇر. ھەركىم ھەققانىيەتنى ياقلىماقچى بولىدىكەن، بۇ ئىككى ئەڭگۈشتەرنى چوقۇم يېنىدىن ئايرىماسلىقى كېرەك. كېيىنكىسى بىزنىڭ خەلقىمىزدە دېگۈدەك بار. ئەمما، شانلىق تارىخ ياراتقان ئاشۇ دەۋر كەلمەسكە كەتتى. ئالەمنى رەزىللىك، ئىپلاسلىق قاپلىۋالدى، «مەردنى مەيداندا سىنا» دېگەندەك ئۇلۇغ سۆزلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن ئوخشايدۇ. ھازىر ھەققانىيەت تۇغىنى كۆتۈرۈپ كۆكرەكنى كېرىپ مەيدانغا سەكرىگەن ئەركەكلەر ھالاك بولىدىغان جەمئىيەت شەكىللەندى. ئالدىمىزدىكى دۈشمەننى ھەرگىز سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. ئۇ ناھايىتى ياۋۇز، بەك قۇۋ، مەكتۇپكە زەھەر يالىتىدۇ، ئادەمنىڭ كەينىدىن پىچاق سالىدۇ، سەتەڭلەر ئارقىلىق قايمۇقتۇرىدۇ، ئىقتىساد ئارقىلىق زەئىپلەشتۈرىدۇ، بالىسىنى دادىسىغا قارشى قىلىدۇ. شۇڭا، ھالاكەت دۈشمەنگە قارىغاندا بىزگە بەك يېقىن. ئۇلۇغ ئىگەم «مەن تەۋەككۈلچىلەرنىڭ دوستى» دېگەن. كۆمەچنىڭ پىشىشىغا قاراپ ئولتۇرماق ئەمدى بىزگە ھارام بولدى. بۈگۈن نەچچە مىڭ خەلق ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى ئۆزلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. ئەقىل ۋە جاسارەتلىرىنى ئىشقا سالغايلا غازى غوجام...

— جاھالەت بۇلۇتلىرىنى كۇھىقاپقا سۈر - توقاي قىلىپ، بەخت بۇرجىنى خەلقنىڭ بېشىغا ياغدۇرغايلا غازى غوجام!— جامائەت ۋارقىراشتى. مىرئەھمەدبەگ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاللا بىزنى زۇلۇم كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش، ھۆرلۈكنىڭ ھەقىقىي جامالىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، غازى جاھانگىر غوجىنى شاپائەت قىلدى. مۇشۇ كۈنلەرگە ئېرىشتۈرگۈچى ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ئىگىسى ئۇلۇغ ئاللاغا يۈز مىڭ قەتلە

شۇكرىمىزنى ئاياپ تۇرۇشقا ھەققىمىز يوق.
مىرئەھمەدبەگ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان ئالتۇن ساپلىق خەنجەرنى تۇتقاندا، جاھانگىر خوجا ئۇنىڭ گاھ ئەمىر لەشكەردەك، گاھ ئەۋلىيادەك تۇتقىدىن تەسىرلەندى.
— ھۆرمەتلىك شەيخ،— جاھانگىر خوجىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى،— ماڭا ئىشەنگەنلىكلىرىگە مىڭ رەھمەت.
بۇ ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ، بىر - بىرىگە تىلىسىز ئەھدە قىلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار ئېقىن ياسىدى. مىرئەھمەدبەگنىڭ قورۇسى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان زور گۈلخانغا ئايلاندى، ئادەملەر ئۇچمۇئۇچتىن كىرىپ قايىنام ھاسىل قىلدى.

× × ×

مانجۇ لەشكەربېشى قوشۇنغا قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى:
— بۇ يەردىكى ئادەم زاتىنىڭ بىرىنى قويماي قىرىپ تاشلاڭلار، مال - مۈلكىنى سىلەر خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىڭلار.
ئۆي - ۋارانلىرىغا ئوت قويۇپ، كۈلىنى كۆككە سورۇڭلار، خوتۇن - قىزلىرىنى قانغۇچە ئوينىاپ بولۇپ ئۆلتۈرۈڭلار. قانچە جىق ئۆلتۈرسەڭلەر شۇنچە چوڭ ئىنئام ئالىسىلەر.
مانجۇ لەشكەربېشىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ھوقۇقىنى چەكسىز بەرگەنلىكىدىن مەنچىڭ لەشكەرلىرى قىن - قىنىغا پاتماي قېلىشتى، كۆزلىرىگە قان تولۇپ كۆز ئالدىدىكى دۇنيانى ھاپ قىلىپ يۇتۇۋەتكۈدەك ئەلپازغا كەلدى. ئۇلار كۈچنى توپلاپ مەشھەد كەنتىگە ھۇجۇم باشلىدى، كەنتكە كىرىدىغان ھەممە ئېغىزغا ياۋۇزلارچە تاشلاندى. كەنت كىشىلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار كۆزى كۆرگەنلىكى نەرسىگە ئوق چىقىرىپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە ئەتراپنى «پاڭ - پۇڭ»غا تولدۇردى. ئېغىلدىكى قوي - ئۆچكە،

كاتەكتىكى توخۇلار ئەنسىز دۇنيادىن بىزار بولۇپ، جان - جەھلى بىلەن مەرەيتتى، قاقىلدايتتى. مەنچىڭ لەشكەرلىرى بازار بېشىغا كېلەي دېگەندە، ئارقىسىدىن جاھاننى بىر ئالغۇدەك سۈرەن - توقاي كۆتۈرۈلدى. ئۇلار تۇيۇقسىز كېلىۋاتقان سۈرەندىن ھولۇقۇپ، كەينىگە قاراپ قىيا - چىيا كۆتۈردى، ئالاقزادىلىكتە نېمە قىلىشنى بىلمەي، يا ئۇيانغا - يا بۇيانغا ماڭالماي قالدى.

مىرئەھمەدبەگنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلاپلا، خالىقبەگ ئۇزاقتىن بېرى ئۆزى تەربىيىلەپ كېلىۋاتقان 500 ئاتلىق چەۋەنداز يىگىتنى قوراللاندۇرۇپ، كاتتايلاقتىن ئۇدۇل مەشھەدكە يېتىپ كەلدى. خالىقبەگ قىلىچ ئوينىتىپ، مەنچىڭ لەشكەرلىرىگە ئۇچقاندەك تاشلاندى. «قىر - چاپ» باشلىنىپ كەتتى. مەنچىڭ لەشكەرلىرى قاپقانغا چۈشكەن تۈلكىگە ئايلىنىپ قالدى. خالىقبەگنىڭ يىگىتلىرى مەنچىڭ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىپ تاشلىدى. خالىقبەگنىڭ بىر قىلىچ ئۇرۇشى بىلەن مەنچىڭ قوشۇنىنىڭ لەشكەربېشى قاق ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، جان تەسلىم قىلدى. مىرئەھمەدبەگ بىلەن جاھانگىر خوجىنىڭ ئادەملىرى قاچقان چېرىكلەرنىڭ بىرىنىمۇ ساق قالدۇرماي قەتلە قىلدى. 500 نەپەر مەنچىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى قىرىپ تاشلاندى، قورال - ياراغلىرى ئولجا ئېلىندى. خالىقبەگ، مىرئەھمەدبەگ بىلەن جاھانگىر خوجىنىڭ ئادەملىرىدىن يېنىك يارىلانغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىرەر ئادەممۇ بالا - قازا يەتمىدى. مىرئەھمەدبەگنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق، چېرىكلەرنىڭ جەسەتلىرى مەشھەد بىلەن تېجەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سايلىقتا كۆيدۈرۈلدى. جەسەت كۈللىرى ساينى چوڭقۇر كولاپ كۆمۈۋېتىلدى. مەشھەد خەلقى «بۇۋى ئانام» زىراتگاھلىقىنى پاكىز تازىلاپ، يەردىكى قان داغلىرىنى يۇقاتتى.

مەشھەد خەلقى مۇشۇ ئۇرۇشتىن كېيىن، يۈرەك توختىتىپ

مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قەلبىدىكى ئۆچۈپ قالغان ئوت قايتىدىن تۇتىشىپ مەشئەلگە ئايلاندى. ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئەلياتقۇ بولغۇچە تەنتەنە قىلىندى، بۇ كۈن دەل پەيشەنبە ئىدى. مىرئەھمەدبەگ 20 كالا، 40 قوي سويۇپ، «ھەزرەت سۇلتان» نىڭ چوڭ داشلىرىدا پىشۇرۇپ، ئۇرۇشقا ھاردۇق ئېشى تارتتى.

× × ×

ئالتىن ئاتۇش ئاسمىنى كۆپكۆك، ئادەمنىڭ مەسىلىكى كەلگۈدەك سۈپسۈزۈك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن تۈنۈگۈنكى ئوق پۇراقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەۋجۇتلۇق كرىستالدەك پاك ئىدى.

بۇ دەل 9- ئاي مەزگىلى بولغاچقا، تەبىئەت دۇنياسى مولچىلىققا تولغان. ئاتۇشنىڭ 9- ئاي پەسلى يازنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرى بولۇپ، ئەنجۈر مەي باغلاپ پىشقان، مۇناقە ئۈزۈملەر ساپ - ساپ ساڭگىلاپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك ھۆسن تۈزگەن، قوش مۇشتەك ئانارلار قۇياش تەپتىدىن شىرنە توپلاپ، قىپقىزىل دانچىلارنى مەرۋايىتتەك تىزىپ، قېلىن پوستلىرى ئارقىلىق ھەقىقىي شىپاھى گۈزەل رەڭگىنى، تەمنى ئوتقاش چۈمپەردىسىگە يۆگەپ يامان كۆزدىن نېرى قىلغان پەيت ئىدى. ئالتىن ئاتۇش ئاسمىنىدا، ئالتىن ئاتۇش كوچىلىرىدا، ھەتتاكى ئېرىقلىرىدا ئەنجۈر تەمى ئۆركەشلەپ ئاقاتتى. شەرقتىن چىققان قۇياش يېڭى كېلىندەك يۈزى قىزىرىپ ئالتىن ئاتۇشقا قارىيالـمايتتى. ئۇنىڭ توغاچ نۇرلىرى ئارتۇچ دەرەخلىرىدە ۋىلىلدايتتى. پاكار ئۇچقان قۇشلار تېرەك شاخلىرىغا قونۇپ، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۈركۈپ پۇررىدە ئۇچۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. كەپتەرلەر مەشھەد ئاسمىنىدا ئۈچ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ ئۇچۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كەلدى. موللاقچىلىرى

شاپىــدە ئېگــىز ئۆرلــەپ يەرگــە تۇمشــۇقنى قىلىــپ يــورغىلاپ چۆرگىلىدى۔ دە، ئۆگزە بويى قالغاندا بەدىنىنى رۇسلاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئۆز توپىغا كىردى. ئۇلارنىڭ ئويۇنچىلىرى ھەر خىل مولىلاق ئېتىپ، كۆكۈلىنىڭ كىرىنى ئېلىۋاتاتتى. جۈمە كۈنلۈك ھايات ئالتىن ئاتۇش دىيارىدا ئەنە ئاشۇنداق باشلاندى.

«ھەزرەت سۇلتان» مەسچىتى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرى بۇ مەسچىت ئاشۇنـ ـداق قاينام - تاشقىنلىقتا چۆمەتتى. مانا بۈگۈنمۇ ئەنە شۇنداق، ھەتتا ئۇ كۈنلەردىنمۇ قايناق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئاتۇشتىكى ھەممە يۇرتنىڭ ئادەملىرى بۈگۈن «ھەزرەت سۇلتان»غا توپلانغان ئىدى. جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندا، «ھەزرەت سۇلتان» مازىرى ئالدىدىكى چوڭ مەيداندا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم توپلىشىپ تۇرۇشتى. كىشىلەر جامەنىڭ ئىشىكىگە تەمشىلىپ قارىشاتتى، كۆڭلىگە كەلگىنىنى بىر - بىرىگە ئوچۇق - ئاشكارا دېيىشىپ، پاراڭ قىلىشىۋاتاتتى.

— غازات قىلغىلى كەپتۇ.

— كىم؟

— پەيغەمبەر ئەۋلادى.

— ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلىمە، ياسىن پوڭ.

— ھــەي رازىــق كېپــەك، راســت. ئىشــەنچلىك يــەردىن ئاڭلىغان گەپ بۇ.

— ئاتــە پــوڭ - پــوڭ، ســەن قايســىبىر گەپــنى ئىشەنچســىز يەردىن ئاڭلايتتىڭ؟

— ھەي كېپەك، ھىلى كۆرىسەن، شۇچاغدا راستكەن دەيسەن.

— ماۋۇ پوڭ - پوڭنىڭ ئالدىراپ كەتكىنىنى قاراڭ، پەيغەمـ ـبەر ئەۋلادىنى تونۇيدىغاندەك.

— سەن كېپەكنىڭ راست بولدىمۇ،— دەپ ياسىن پوڭ -

پوڭ ئىسىملىك يىگىت جىمىپ قالدى.
— جاھانگىر خوجا دېگەن قانداق ئادەمدۇ؟
— ھازىر كۆرىمىز، ئالدىرىمىساڭچۇ.
— خوجا ئەۋلادىدىنغۇ پايدىلىق كۆرمىدۇق. ھەي تاڭەي، بۇ خوجامۇ چېلەكتە بىر پوقنى چىچىپ قويۇپ، غايىب بولامدۇ تېخى.
— مىرئەھمەدبەگ كۆرگەنلىكى ئادەمنى قوللاپ كەتمەيدۇ.
— بولدى، خەپشۇك، چىقتى.
— ئاۋۇ قاملاشقان، يوغان ئۇستىخان، مەگزىدىن قان تەپچىپ تۇرغان، ئاقپىشماق، چوقۇم جاھانگىر خوجا.
— پاھ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق كەلگەن نېمىكەن جۇمۇ.
— ئاۋۇ قارامتۇق، پارچە تامدەك كىمكىنە.
— كاتتايلاقنىڭ بېگى خالىقبەگ دېگەن شۇ.
— يولۋاسلار بىر يەرگە جەم بولۇشۇپتىغۇ؟!
— پاراڭ سالماڭلار.
— پاھ، ماۋۇ ھوشۇر سالما بوگۇن قالتىسقۇ، تەرتىپلىك يىگىت بولۇپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان.
— ئىمىن سەيپۇڭ ئازراق شىلتىك ئات- ھە. سەيپۇڭغا بۇ يەردە نېمە بار، ئەسكى تۇمىقىڭنى تىكمەي...
جاھانگىر خوجا، مىرئەھمەدبەگ، خالىقبەگ قاتارلىقلار جۇمە نامىزىدىن كېيىن پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇلۇغ بوۋىسى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسىگە ئۇزاق دۇئا قىلدى، مەدەت تىلىدى، يۇم - يۇم ياش تۆكتى، گۇمبەز ئىچىدىكى كەپتەرلەرگە دان سەپتى، ئاندىن جامە ئالدىغا چىقتى. خەلق بۇلارغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئىدى. مىرئەھمەدبەگ خەلق توپىغا قاراپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى، تومۇرلىرى يۇمشاپ، يۈرىكى يېلىم بولۇپ كەتتى. جاھانگىر خوجىمۇ «ھەزرەت سۇلتان» مۇنارىنىڭ

پەشتىقىدا خەلق بىلەن ئۇچۇق ـ ئاشكارا دىدارلىشىپ، خەلق توپىغا قاراپ ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى. مىرئەھمەدبەگ سۆز باشلىدى، كىشىلەر جىم بولدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم مۆھتەرەم خەلقىم، ئەزىز تىنىڭلار ئامان بولغاي.
— بىگىم ئامان بولغاي!— دەپ ۋارقىراشتى خەلق.
— بۈگۈن ئۇلۇغ كۈن، ئاللا جۈمە كۈننى بىزگە پەرز قىلىپ دىدارلىشىش، ئىتتىپاقلىشىش كۈنى قىلىپ بېكىتىپ بەردى. سەككىز كۈندىكى جۈمە نامىزى ئەڭ ئۇلۇغ ناماز...
بۈگۈن مىرئەھمەدبەگ تۇنۇگۈن ھويلىسىدا سۆزلىگەن نۇتۇقنى جان قوشۇپ شۇنداق جاراڭلىق سۆزلىدىكى، ھەممە ئادەم تۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول يېنىدا تۇرغان جاھانگىر خوجا بىلەن خالىقبەگمۇ ئۆزىنى تۇتالماي ھۆڭگىرەك ئېيتىپ يىغلاپ كەتتى.
— بىچارە خەلقىمنىڭ ئاھۇزارى ئىگىسىگە يېتىپ، غازى جاھانگىر خوجىنى بىزگە شىر قىلىپ ئەۋەتتى. مەن پۈتكۈل مال ـ مۈلكۈم بىلەن بۇ شىرغا ئەگەشتىم، بۇ يولنى ئۆزۈم تاللىدىم. مۇشۇ يولدا كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كەتسەم، ھەرگىز ئارمىنىم يوق. خەلقىمىزنىڭ يىلىكى خوراپ كەتكەن ھەم نامرات، ھەرقانداق بىر كۈچ بىزنى ھالىمىزغا قاراپ ھاپ قىلىپ يۇتۇۋەتكۈسى كېلىدۇ. مۇشۇك ئامال تاپالمىغاندا، ئىتقا ئېتىلىدۇ. زۇلۇم زىندانلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، مەن ئاجىز بولساممۇ، ئاشۇ مۇشۈكچىلىك جاسارەتكە كەلدىم. ئاخىر بىر ئۆلۈم بىزگە سايىسىنى تاشلاپ تۇرۇپتۇ. ھەي كەرەملىك ئاللا، ئۈچقۇندىن يانغىن ھاسىل قىلغايسەن، زۇلۇم كىشەنلىرى چېقىلسۇن، قۇياش پاك نۇرلىرى بىلەن ئەۋلادلىرىمىزنى زاكىدىسۇن!...
مىرئەھمەدبەگ ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن ئىقتىساد، يەم ـ

خەشەك، ئوت ـ چۆپ، ئاشلىق كېتىدىغانلىقى؛ پۇلى بارلار پۇل، مېلى بارلار مال، جېنى بارلار جان ئاتا قىلىشى، ھەرقانداق ئىئانە ئىختىيارىي بولىدىغانلىقىنى قوشۇپ سۆزلىدى. خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۇزاق دۇئا قىلدى، خەلق تەۋرەپ كەتتى. ئاخىرىدا جاھانگىر خوجىمۇ سۆز قىلىپ، بىرتامچە قېنى قالغۇچە مانجۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ: «نۇسرەت، ئادالەت، ھەققانىيەت، ھۆرلۈك سېنى چوقۇم تاپىمەن!» دەپ قەسەم قىلدى. مەشھەد ئاسمىنى دۇئا ـ تىلاۋەتكە لىق تولدى. مىرئەھمەدبەگ قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى ئىشەنچلىك بۇرادەرلەرگە ئادەم ئەۋەتتى.

× × ×

قاسىم بايۋەچچە ئورنىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ھاپىلا ـ شاپىلا تاھارەت ئېلىپ، چاشكا ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن پازىل بىلەن يېرىم كۈن سۆھبەتلەشتى. پازىل قاسىم بايۋەچچىگە بولغان ئىشلارنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى. قاسىم بايۋەچچە پۈتكۈل ئىشتىن خەۋەر تېپىپ تۇرالمايلا قالدى. ئۇ چۈشلۈك غىزادىن كېيىن مەتئېلىنى چاقىرتىپ، ئاتۇشتىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. مەتئېلىمۇ روھلىنىپ كەتتى. قاسىم بايۋەچچە دەرھال بىر مەكتۇپ پۈتۈپ پازىلغا بەردى. ئىككى ئاتقا ئالتۇن ـ كۈمۈش، يامبۇ، تەڭگىلەرنى ئارتىپ، قارىي ئىسىملىك ھېلىقى كارۋانچى بالىنى قوشۇپ، ئەتىسى كەچقۇرۇن دۇئايىسالام بىلەن ئۇلارنى ئاتۇشقا يولغا سالدى.

# يەتتىنچى باب

قاسىم بايۋەچچە قارىي ۋە پازىللارنى يولغا سېلىپ، نېمە ئۈچۈندۇر قىن - قىنىغا پاتماي قالدى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ئىللىق غىدىقلىنىپ، شادلىق يېشى لىغىر- لىدى، «بىر كۈن بولسىمۇ ئادەمدەك ياشاپ بېقىش كېرەك!». ئۇ هويلىغا پاتماي، ئۇياندىن - بۇيانغا مېڭىپ زادىلا جىم بولمىدى. ئايالى روزىخان يولدىشىنىڭ بۇ هالىتىگە قاراپ:

— توۋا، ماۋۇ ئادەم زادى نېمە بولدى،— دېدى.

قاسىم بايۋەچچىنىڭ قۇلىقىغا ئايالىنىڭ گېپىمۇ كىرمىدى. ئۇ بۈگۈن ھەممىنى، ھەتتا نەچچە يىلنىڭ ياقى ئەس - يادىدىن زادىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن سۆيۈملۈك توقالى رەبھانەمنىمۇ ئۇنتۇغان ئىدى. روزىخان ئېرىنىڭ كىچىك باللاردەك بىر يەردە جىم تۇرماي پىرقىراپ يۈرۈشىگە ئىچى پۇشۇپ كەتتى.

— ھەي ئادەم، تەنتەك بالىدەك قىلىق قىلماي، بىردەم جىم بولسىلا!

— ئەمدى جىم تۇرساق بولمايدۇ، خوتۇن،— دېدى خوتۇ- نىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان قاسىم بايۋەچچە.

— مۇشۇنداق پىرقىراۋەرسىلە، چوقۇم ئايىنىپ قالىلا.

— جىم تۇرۇپ ئۆلگەندىن، پىرقىراپ ئايىنىپ قالغان ياخشى.

— ماۋۇ ئادەمنى جىن تاسقاپ قويدىمۇ - نېمە؟— روزىخان

قانداق قىلىپ ئېرىنى جىم قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇشىغا، مەتئېلى چوڭ دەرۋازىدىن ھويلىغا كىرىپ كەلدى. روزىخان مەتئېلىنى كۆرۈپ،— يائاللا خوجىدار، بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ؟ ئەتىگەندىن ھازىرغىچە مۇشۇ ھويلىنى قوش ئېتىۋەتتى، قارىمامسىز،— دېدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بايۋەچچە، بىر ئىش يوقتۇ؟— دېدى مەتئېلى قاسىم بايۋەچچىنىڭ توختىماي ئۇياندىن - بۇيانغا مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ.

قاسىم بايۋەچچە مەتئېلىنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇرسەن بولۇپ، سالامىغا سالام قايتۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

— كەلدىڭمۇ مەتئېلى؟ تېخى ئۆزلىرىگە ئادەم ئەۋەتەي دەپ تۇرغان ئىدىم،— دەپ ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ، خاس خانىسىگە باشلاپ كىرىپ كەتتى. روزىخان كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ:

— ماۋۇ ئادەم قاسىم بايۋەچچىمۇ - ئەمەسمۇ؟ ھېلىقى تەمكىن، كەم سۆز، جىمغۇر بايۋەچچىگە زادىلا ئوخشىماي قېلىۋاتىدۇيا،— دەپ ئىككىيلەننىڭ ئارقىسىدىن غوتۇلداپ قالدى.

قاسىم بايۋەچچە مەتئېلىگە ئاخشامقى مېھمان ئېلىپ كەلگەن مىرئەھمەدبەگنىڭ خېتىنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ بەردى. مەتئېلى ئاڭلاپ خۇشال بولدىيۇ، ئەمما ئىنكاس قايتۇرمىدى.

— مەتئېلى، مىرئەھمەدبەگ بىزدىن خوتەندە ھەرىكەت قىلىشنى ئۈمىد قىلدىمىكىن دەيمەن.

قاسىم بايۋەچچىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، مەتئېلى ئازراق ئويلىنىۋېلىپ:

— بايۋەچچەم، سىلى دېگەن بىر سودىگەر، تىجارەتچى. ئالتۇن - تەڭگىلەرنى ئىنئام قىلدىلىغۇ، شۇمۇ ھەرىكەت قىلغان بىلەن ئوخشاش. مۇنداق دېسەم، خاتا چۈشىنىپ قالمىسىلا، ھەرقانداق ئەركەكنىڭ بۇ تۇپراققا قەرزى بار، شۇنداقتىمۇ

ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ،— دېدى.
قاسىم بايۋەچچە مەتئېلىنىڭ بۇ گېپىگە قايىل بولمىدى.
— مال - دۇنيايىمىزنى قوغدايمىز دەپ مەنچىلىك ھۆكۈمىتىگە قىلىدىغان قىلىق تاپالماي ئومۇرتقىلىرىمىز يۇمشاپ كەتتى. ھەر بايرام - چاغانلاردا خوتۇن - بالىلىرىمىزغا بەرمەيدىغان قىممەتلىك نەرسىلىرىمىزنىمۇ ئايىماي ئۇلارغا بېرىمىز، بەرگۈچە تېخى يۈرىكىمىز «پوك - پوك» بولۇپ كېتىدۇ. ئامبال خۇشال بولغاندىمۇ، رازى بولغاندىمۇ دەپ نەچچە كېچە ئۇخلىماي مانا بۈگۈنگىچە ياشاپ كەلدۇق. پۇلى يوق، مېلى يوقلار نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ؛ بىزدەك پۇلى بار، زېمىنى بارلار نېمە ئۈچۈن بىر ياقتا ئوغرى مۈشۈكتەك ماراپ تۇرىمىز؟ قولىمىزدىكى مۇشۇ مال-دۇنيا بىزنىڭ ئەڭ چوڭ بالايىئاپىتىمىز. مەنچىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ شۇنداق بىر خۇيى تۇتۇپ، تەتۈر قوپۇپ قالسا، ئاۋۋال بىزدەكلەرنى جايلايدۇ، ئۆلتۈرىدۇ. خەلق كۈرەش قىلسا، بىز مال-دۇنيانى يەر ئاستىغا كۆمۈپ قويۇپ ئۆيگە مۆكۈپ ياتساق، خەلق بىزنى بىلمەسمۇ؟ ئۇلار بىلىدۇ. ھۆكۈمەت بىزنى قارىلاپ دارغا ئاسسا، خەلق ئۇچاغدا «ئەجەب بەلەن بولدى. ھۇ مۇناپىق، بىز ئوت دېڭىزىدا جان تالىشىپ يۈرگەندە سەن بىر يەرگە مۆكۈنۈپ، بىزنىڭ ھالىمىزغا كۈلۈپ تۇرغانمىتىڭ، مانا كۆرە، خوپ بولدى» دەپ لەنەت ئوقۇيدۇ. بىز ھەرقانداق ئىشنىڭ ئالدىدا مېڭىپ باقايلى، باشقىلار بىزنى قانچىلىك ئۇلۇغلايدىكەن، سۆيمەيدىكەن...— قاسىم بايۋەچچىنىڭ جاۋغايلىرى ماغزاپقا تولۇپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ئىدى.
— بايۋەچچەم،— مەتئېلى قاسىم بايۋەچچىنىڭ ئوغىسى ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى،— مېنىڭ دېگىنىم ئۇنداق دېگەنلىك ئەمەس. ھازىر قەشقەر، ئاتۇشتا بولۇۋاتقان ئوتنى ئىككىمىز ھازىرلا خوتەندە چاچقىلى

بولامدۇ، ئۇنداق ئەمەس. شۇڭا، بىز ھازىر ھوشيار تۇرۇپ، ئەگەر بۇ يەردە شەپە بولۇپ قالسا، بىرنېمە دېمەمدۇق. ئۆزلىرىنىڭ بۇ گېپى خۇددى «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۆرۈچ دەم يەپتۇ» دېگەن بىلەن ئوخشاش. مەن ئۆزلىرىدىن ئاڭلىغان بۇ گەپنى ساتىراشخانا، ساماۋارخانىدىكىلەرگە يېيىۋېتەي. ئۇلار بۇ گەپنى پۈتكۈل خوتەن دىيارىغا بىر كۈندە تارقىتىپ بولىدۇ.

قاسىم بايۋەچچە خوجىدارنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، پەسكويىغا چۈشتى. ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى، مەتئېلىمۇ كۈلۈپ قويدى.

— شۇنداق قىلسىلا، مەتئېلى.

— ئەتىلا پۈتكۈل خوتەن تەۋرەپ كېتىدۇ بايۋەچچەم، قاراپ تۇرسىلا.

مەتئېلى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى. قاسىم بايۋەچچە ئۇنى ئۇزىتىپ قويغىلى كەينىدىن چىقتى. روزىخان چۆشلۈك تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى، مەتئېلىنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— خوجىدار، تاماققا قوپقان ئىدىم، نەگە ماڭدىڭىز؟ تاماق يەپ كېتىڭ،— دېدى ئالدىراپ قولىنى پەشتامىغا ئېرتىپ تۇرۇپ.

— چۈشلۈك تاماق نېسى قالدى، كەچتە يەنە كېلىمەن، يەڭگە.

— شۇنداق بولسىمۇ، ماۋۇ ئادەم تاماق پىشۇاتسا، خوجىدارنى يولغا سېلىۋېتىپ بارىدۇيا،— روزىخان يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ تۇرۇپ قالدى.

× × ×

جاھانگىر خوجا بىلەن مىرئەھمەدبەگ كەلگۈسى ئىشلار ئۈچۈن، بىرنەچچە كۈن پىلان تۈزدى.

— ھۆرمەتلىك شەيخ، قەشقەرنى ئالساقلا، قوقەنت خانلىـ
ـقى بىزگە قورال - ياراغ بىلەن 10 مىڭ لەشكەر ياردەم قىلماقچى.
— غازى غوجام، ئۇلارنىڭ ياردىمى تېخى نېسى. قەشقەرنى ئېلىشقا تەييارلىقنى پۇختا قىلىشىمىز زۆرۈر. لەشكەرلەرنىڭ قېنى قىزىق بولغىنى بىلەن، تەربىيە كۆرمىگەن. مەن خالىقبەگنى ئۇلارنى مەشقلەندۈرۈشكە بۇيرۇدۇم، 10 — 20 كۈن چېنىقسۇن. بىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىمىز تولىمۇ خەتەرلىك، ھەممە تەرەپتە دۈشمەن سەلدەك. ئالتىن ئاتۇش بىر كۆلگە ئوخشايدۇ، ئۇزاق تۇرساق چاتاق چىقىدۇ. مەن ھەممە تەرەپكە ئادەم ماڭدۇردۇم، مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنىمۇ ماسلاشتۇرۇشىمىز لازىم. ئىچى - تېشىدىن ماسلاشقاندا، ئۇرۇشتا نۇسرەت قازىنىش ئاسان.
جاھانگىر خوجىنىڭ ئىچى تىتىلداپ تۇرالمىدى. مىرئەھمەدبەگ ئۇنىڭ قىزىققانلىقىدىن ئەنسىرەپ قالدى ۋە ئاتۇش قوشۇنىغا خالىقبەگنى باش قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاھانگىر خوجا بۇنىڭغا ماقۇل بولدى.
1826- يىل 9- ئاينىڭ 23- كۈنى جاھانگىر خوجا تۇتۇرگە[1] ئەتراپىغا بارگاھ قۇرۇپ، قەشقەرنى ئېلىش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى. بۇ كېڭەشكە جاھانگىر خوجىنىڭ ئەڭ يېقىن سەپداشلىرى ھەم قاۋۇل ياردەمچىلىرىدىن سىرىپچاق، جانبېك، سىيتىۋالدىجانلار قاتناشتى. مىرئەھمەدبەگ ئۇرۇشنىڭ خىراج ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، خەلقتىن، باي - بەگلەردىن ئارقا سەپ تەمىناتى ئۈچۈن پۇل - پۈچەك، كىيىم - كېچەك، ئاشلىق يىغىشقا مەسئۇل بولۇپ، ئالتىن ئاتۇشتا قالغان ئىدى.
— شەھەرنى ئۆزىمىزنىڭ ئۇسۇلى بويىچە چاقماق تېزلىكىدە

---

[1] تۇتۇرگە — ھازىرقى قەشقەر ئايرودرومنىڭ يۇقىرى تەرىپى، قەشقەر بىلەن ئاتۇشنىڭ پاسىلىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان ئورمانلىق.

ئېلىش كېرەك،— دېدى جاھانگىر خوجا كەسكىن تەلەپپۇزدا.
ئەتىگەندىن بېرى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئاڭلاپ تۇرغان سېيىتۋالدىجان ئاخىر گەپ قىستۇردى.
— ھۆرمەتلىك غازى غوجام، قەشقەرنى ئېلىش ئىشىدا يەرلىكلەرنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، بىز بۇ يەرنىڭ ئەلمى - تەلمى بىلەن تازا تونۇشۇپ كېتەلمىدۇق. بۇ كېڭەشتىكى ھەممىمىز ھەرگىز ئۆز بېشىمچىلىق قىلماي، ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈپ، بىر ئېغىزدىن بولسىمۇ سۆز تاشلاپ باقايلى. كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ بولىدۇ.
جاھانگىر خوجىنىڭ باياتىندىن بېرى ئالدىراپ - تېنەپ قىلغان سۆزىگە كېڭەشكە قاتناشقانلار تازا قايىل بولمايۋاتقانلىقىنى سېيىتۋالدىجان سېزىۋالغان ئىدى. سىرپىچاق بىلەن جانبېك ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قوللىدى.
— شۇنداق، سېيىتۋالدىجان توغرا ئېيتتى غازى غوجام. ياخشى تەدبىرنىڭ يامىنى، كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق،— دېدى خالىقبەگ.
مىرئەھمەدبەگنىڭ ئوتقا دېسە ئوتقا، سۇغا دېسە سۇغا كىرىدىغان چاپارمەنلىرىدىن ھېلىخان توپۇق، شەمشەكباي، ئەمەت تورپاق قاتارلىقلارمۇ كېڭەشكە قاتناشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ رەڭگىدىن قارامىلىق، باتۇرلۇق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. خالىقبەگ بىلەن شەمشەكباي تەدبىرى مول، لەشكىرىي بىلىملەردىن خەۋىرى بار، خاس لەشكىرىي ئادەملەر ئىدى. قوشۇما قاش، ئاۋازى يېقىملىق، بۇغداي ئۆڭ، قوي كۆز، تايغان بوي كەلگەن شەمشەكباي سېيىتۋالدىجاننىڭ ئېيتقانلىرىدىن رازى بولۇپ ئېڭىكىنى سىيلىدى.
— غازى غوجام، باياتىندىن بېرى ناھايىتى توغرا، ئەتراپلىق سۆزلەپ ئۆتتى. مەن ئازراق قىستۇرما قىلاي. خوش، قەشقەرنى

ئېلىش ھازىرقى ھەيۋىمىزدە ئانچىكى بىر ئىش، ئەمما ئەمەلىيەتتە بەسى مۈشكۈل. بۇنىڭغا ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش زۆرۈر. قەشقەر سېپىلى ئەڭ چوڭ توسۇق. سېپىلغا يامىشىپ چىقىشقا نەچچە گەز ئېگىزلىكتە شوتا ياساشقا توغرا كېلىدۇ. شوتا ياسايمىز دېسەك، ۋاقىت سوزۇلۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ ئىغۋاچىلىرىمىز ھازىر قەشقەر شەھىرىدە گەپ تارقىتىپ، چىڭ ھۆكۈمىتى ۋە لەشكەرلىرىنىڭ يۈرىكىنى پوكۇلدىتىۋەتتى. مۇشۇنداق پەيتتە، دەرھال قەشقەرگە تېگىش قىلىشىمىز كېرەك. دۈشمەننىڭ تەييارلىقى پۇختا، قورال - ياراغلىرى خىل. بىزنىڭ يىگىتلىرىمىزنىڭ ئونىدىن بىرىنىڭ قولىدا مىلتىق بار، قالغانلىرىنىڭ قولىدا ئارا - كۆسەي، قىلىچ، توقماق بار. بىز تەرەپتىن جىق قان تۆكۈلسە، لەشكەرلەر بىلەن خەلقنىڭ بۇ ئۇرۇشتىن رايى يېنىپ كېتىدۇ. بىز لەشكەرلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى، خەلقنىڭ ئۆزۈل - كېسىل قوللىشىنى قولغا كەلتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئاز قان تۆكۈپ، چوڭ شەرەپ قازىنىشىمىز كېرەك. مەن مۇنداق بىر پىلاننى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقاي: بىز ھارۋىلارغا ئوتۇن بېسىپ، ئوت يېقىپ، قاتتىق سۈرەن - چۇقان كۆتۈرۈپ، ھۇررا توۋلاپ، قەشقەرگە بىرنەچچە قېتىم يالغان تېگىش قىلايلى. سېتىۋالدىجان، سىرىپچاق، جانبېكلەر 3000دىن ئادەمنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئەلياتقۇدىن باشلاپ ئۇدا ئۈچ قېتىم يالغان ھۇجۇم قىلسۇن. داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلارنى قۇلاقنى يارغۇدەك دەرىجىدە چالسۇن. ھارۋىلارغا ئوت يېقىپ جاھاننى كۆيدۈرۈۋەتكۈدەك ئەلپازدا ھەيۋە قىلىپ، مەنچىڭ چېرىكلىرىگە ئارام بەرمىسۇن. يالغان ھۇجۇم باش توخۇ چىللاشقا يېرىم ئاش پىشىم قالغۇچە بولسۇن. غازى غوجامنىڭ قوشۇنى بىپەرۋالىق قىلىپ، راست تېگىش قىلىپ سالمىسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن خالىقبەگ، ھېلىخان، ئەمەت قاتارلىقلار 1000دەك ئادەمنى باشلاپ سېپىلگە

راست ھۇجۇم باشلىسۇن. ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى شەپىسىز بولسۇن...
بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان جاھانگىر خوجا تۇرالماي قالدى.
— شەمشەكباي، چاقچاق قىلىدىغان چاغ ئەمەس بۇ. 1000 ئادەمنىڭ جېنى بىلەن ئوينىشىۋاتامسىز؟ ئۇلاردا شوتا بولمىسا، سېپىلگە قانداق ھۇجۇم قىلىدۇ. قوللىرىدا كالتەك ـ چوماق تۇرسا،— دېدى.
شەمشەكباي جاھانگىر خوجىنىڭ ئىتتىك تېرىكىدىغان مىجەزىنى بىلىپ، سوغۇققانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:
— ھۆرمەتلىك غازى غوجام، مۇشۇنداق قىلغاندىلا غەلىبە قازىنىشتا ئۈمىد چوڭ. ئەگەر ئۆزلىرى دېگەندەك ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتسەك، ئۈمىد بار دېگەندىمۇ ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئادەملىرىمىز زور چىقىم تارتىدۇ، ھەتتا قىرىلىپ تۈگەپ كېتىشىمىز مۇمكىن.
— ھەي شەمشەكباي!— دەپ ۋارقىرىدى جاھانگىر خوجا. ئۇنىڭ جۇدۇنى كۆزىدىن چىقىپ كەتتى،— مەن بىر ئۆمۈر جەڭ قىلدىم. ھازىرغىچە ھاياتىمنىڭ تولىسى قىر ـ چاپ ئىچىدە ئۆتتى. ئۇتقىمۇ كىردىم، سۇغىمۇ چۆكتۈم. قار ـ يامغۇر دېمەي تاغ ـ داۋان ئاشتىم. جەڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مەن تازا ئوبدان بىلىمەن،— ئۇنىڭ كۆزى تېرىككەن يولۋاستەك قانغا تولغان ئىدى. شەمشەكباي ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن جاھانگىر خوجىغا چۈشەندۈردى.
— ھۆرمەتلىك غوجام، ئۆزلىرى تاغدا، جىلغىلاردا ئۇرۇش قىلدىلا، تۈزلەڭلىكتە دۈشمەن بىلەن تېخى تۇتۇشۇپ باقمىدىلا. قەشقەرنىڭ ياۋاغ سېپىلىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش ئوت دېڭىزىدىن ئۆتكەن بىلەن باراۋەر. بۇنىڭغا چاقچاق قىلساق بولمايدۇ. مەن دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، مۇشۇ ئۇرۇش

ئۇسۇلىنى قوللانساق دەۋاتىمەن. راست، بىزدە ئۇرۇشقا قىزغىنلىق پەۋقۇلئاددە چوڭ. دۈشمەندە قىزغىنلىق بولمىغان بىلەن لەشكەرلىرى تەربىيە كۆرگەن، قورال - ياراغلىرى خىل. ھەرگىز تېرىكمەي، بۇ پىلانىنى ئويلىشىپ كۆرسىلە، سىلى باشلىرىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى ئۆتكۈزدىلە، ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي پىشقان سەركەردە ئىكەنلىكلىرىگە بىزدە شەك يوق. ھەرگىز خاتا چۈشىنىپ قالمىغايلا...

شەمشەكباي قايتا - قايتا چۈشەندۈردى، جاھانگىر خوجا ئاخىر ئاچچىقىنى باستى. سېتىۋالدىجانغا قارىۋىدى، ئۇ بېشىنى رازىمەنلىك بىلەن لىڭشىتتى. كەڭ ئۇستىخان، بۇرۇتى قۇلىقىغا يۆگەلگەن، ياغاق يۈز جانىبېك بىلەن ئوتتۇرابوي، كۆزلىرى لاچىننىڭكىدەك ئىتتىك، بۇرۇتى سېرىق كەلگەن، يۈزى سوزۇنچاق، بارماقلىرى توم، بېشىغا ئاق مالىخاي كىيىۋالغان سىرىپچاقمۇ شەمشەكباينىڭ ئۇرۇش پىلانىنى توغرا تاپتى.

— خوش شەمشەكباي، مەن ئۆزلىرىنىڭ پىلانىغا قوشۇلدۇم. مىرئەھمەد شەيخىنىڭ قېشىدىكى ئادەملەر چوقۇم قايىل بولىدۇ. ئەمما، ئۆزلىرىدىن خۇدا نامى بىلەن تىلخەت ئالىمەن، بۇنىڭغا تايىنلىرى قانداق؟— دېدى جاھانگىر خوجا شەمشەكبايغا كۆلۈمسىرەپ قاراپ.

باياتىننىڭ ياقى ئۇنىڭ تېرىكىپ سەكرەشلىرىگە چىداپ ئولتۇرغان خالىقبەگ، ھېلىخان توپۇق، ئەمەت تورپاقلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ، غۇززىدە خۇيى تۇتتى. شەمشەكباي كۆز ئىشارىتى قىلىپ ئۇلارنى باستى.

— بولىدۇ. ئۆزلىرى باش سەركەردە، بىز بولساق قول ئاستىلىرىدىكى ئادەملەر. ئېيتسىلا غازى غوجام، ئاللانى تىلغا ئېلىپ قانداق قەسەم ئىچىپ بېرىمەن؟— دېدى مۇلايىملىق بىلەن شەمشەكباي.

— مۇشۇ پىلان بىلەن قەشقەرنى چوقۇم ئالالايمىز دېيەلەمدىلا؟

— ياراتقان ئاللانىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. ئاللا خالىسا، پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرمەكتىن باشقا چارە يوق. غازى غوجام، ياخشى ئەقىل پەرىشتىلەر ئارقىلىق ئىنسان دىلىغا زاھىر بولارمىش. ھەقىقەت يولىدا جان، ئەقىل پىدا قىلىش ئىنسانىنىڭ يۈكسەك بۇرچى. مەن قەسەم قىلىدىم،— دېدى شەمشەكباي قەتئىيلىك بىلەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جاھانگىر خوجىنىڭ يۈزى چىمىلداپ كەتتى، لېكىن چاندۇرماي:

— بارىكاللا. خۇدا خالىسا شۇنداق پۈتۈشتۇق،— دەپ ئولتۇرغان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ شەمشەكباينى قۇچاقلىدى، پېشانىسىگە سۆيدى.

كېچە ئەھلىنىڭ كۆڭلى تىنىپ، قوشۇنلارنى بۆلۈپ چىقتى. جاھانگىر خوجىنىڭ قولىدا ساق 10 مىڭ لەشكەر بار ئىدى. 3000دىن ئۈچكە بۆلۈپ، ئۈچ قوشۇنغا سېيىتۋالدىجان، سىرىپچاق، جانىبېكلەرنى باش قىلدى. خالىقبەگ، ھېلىخان توپۇقلارغا 1000 ئادەمنى قالدۇردى. ئۇلار ئۆزىگە بۆلۈنگەن ۋەزىپىنى ئېلىپ قارارگاھلىرىغا يۈرۈپ كېتىشتى. خالىقبەگ، شەمشەكباي، ھېلىخان توپۇق، ئەمەت تورپاقلارمۇ قايتىشتى.

— شەمشىكاخۇن، ئۆزلىرىنىڭ خۇيى تۇتماس بولۇپ قاپتۇغۇ؟— دېدى خالىقبەگ.

— مىرئەھمەدبەگنىڭ نەسھەتىنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىلەر.

— بۇ غوجىمۇ ئۆزىنىڭ گېپىنى راست دەپ تۇرۇۋالدىكەن، خۇددى بىز ئۇنىڭ بېقىپ قويغان بالىسىدەك سەكرەپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان. شەيخىمىزنىڭ يۈزىنى دېمىسەم، يۈزىگە...— دەپ توختاپ قالدى ھېلىخان توپۇق.

— ھە توپۇق، ئۇنىڭ يۈزىگە نېمە قىلماقچىتىڭ؟— دەپ كوچىلىدى ئەمەت تورپاق.
— يۈزىگە نېمە قىلغىلى بولىتى، مەن دېگەن ئادەم بىلەن ھايۋاننى ئايرىيالايمەن، تورپاق.
— تايىنلىق، ھېلىقى نېمەڭ چىكەڭگە كۆچۈۋالغان تۇرسا، قانداق ئايرىيتىڭ توپۇق،— دەپ كۈلۈپ كەتتى ئەمەت تورپاق.
خالىقبەگ بىلەن شەمشەكبايمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئۇلار تاغدىن - باغدىن چاقچاق قىلىشىپ، تۈن قوينىدا كېتىشىپ باراتتى.
— خالىقبەگ، بۈگۈنكى ئىشتىن مىرئەھمەدبەگنى خەۋەردار قىلساق بولاتتى،— دېدى شەمشەكباي ئاسمانغا قاراپ.
— قايسىمىز خەۋەرلەندۈرسەك بولار؟
— مەن باراي،— دېدى ئەمەت تورپاق.
— نەچچە كۈندىلا بولالماي قالدىڭمۇ تورپاق. قاراڭلار، بۇنىڭ سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇۋاتقانلىقىنى،— دېدى ھېلىخان توپۇق.
— بولدى، چاقچاق شۇنچىلىك بولسۇن. بۈگۈنكى كېچەش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭدىن شەيخنى خەۋەرلەندۈرمىسەك بولمايدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ قانداق پىلانى بار تېخى،— دېدى شەمشەكباي.
— ئۇنداقتا، ئۆزلىرى بارسىلا تۈزۈكمىكىن شەمشەكباي،— دېدى خالىقبەگ.
— بۇ خوجا ناھايىتى گۇمانخوركەن، شەيخمۇ ماڭا ئۇبدان تاپىلاپتىكەن. سەللا يېنىكلىك قىلساق، بىرلىكسەپ بۇزۇلۇپ كېتەتتى. مىرئەھمەدبەگنىڭ ئارقا سەپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشىدا چوقۇم بىر گەپ بار دېگەن ئىدىم، مانا بۈگۈن بۇنىڭ تېگىگە چۈشىنىپ يەتتىم، شۇڭا مەن باراي. ئەتە ئەتىگەن جاھانگىر خوجا مېنى چاقىرىپ، قاچان ھۇجۇم قوزغاش توغرىسىدا

چوقۇم پىكىرلىشىدۇ، مەن بولمىسام چوقۇم گۇمان قىلىدۇ. شۇڭا، خالىقبەگ ئالتىن ئاتۇشقا ئۆزلىرى بېرىپ كەلسىلە. مىرئەھمەدبەگكە 2000 ئورغاق تېپىپ بېرىشنى ئېيتسىلا.
— ماقۇل، مەن ھازىرلا يولغا چىقاي،— دېدى خالىقبەگ.
— ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالدى، خالىقبەگ كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا.
— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنلا شەمشەكباي،— دەپ كۈلۈپ، خالىقبەگ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.
خالىقبەگنىڭ قارىگىرى تاغ ئارىسىدىكى يول بىلەن ئالتىن ئاتۇشقا قاراپ شامالدەك يۈگۈرۈپ كەتتى. قالغانلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئامانلىق تىلىشىپ قالدى.
شەمشەكباي خالىقبەگنى ئالتىن ئاتۇشقا يولغا سېلىۋېتىپ، ئەمەت تورپاق، ھېلىخان توپۇقلار بىلەن بارگاھقا كەلگەندە، خوشلىشىپ دەمخانىلىرىگە كىرىپ كېتىشتى. شەمشەكباي ئۈستۈۋېشىنى سېلىپ، يوغان كۆندىلىك ئۈستىدىكى تەكىيىگە باش قويدى. ئۇيان ئۆرۈلۈپ - بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇيقۇسى قېچىپ كەتتى.
— ھەي شەمشەكباي، سەل ئالدىراپ قالدۇقمۇ نېمە؟ ماۋۇ خوجامنى ئېغىر - بېسىق، كۆتۈرەشلىكمىكىن دېسەم بەك تەنتەك، سەپرا مىجەز تۇرىدۇ.
— ئۆزلىرى ئەمدى توختاشلىق، پىشىپ يېتىلىپتۇ دېگەنتىلىغۇ.
— يېقىنىنىڭياغىزى يەنە كۆڭۈل توختىتالمىدىم، شەمشەك.
— شەيخىم، ئەمدى يېنىۋالغىلى بولمايدۇ.
— ئۇغۇ شۇنداق، خۇدا كۆڭۈل توختىتىشنى، تەمكىنلىكنى خوجامغا ھەمراھ قىلار.
— زۇۋۇلىسىدا بولمىسا، ۋاي تاڭەي.
— شەمشىكاخۇن، ئۆزلىرى بۇ ياۋا ئاتقا يۈگەن سېلىپ

باقارلا.

شەمشەكباي مىرئەھمەدبەگ بىلەن خۇپىيانە ئۆتكۈزگەن سۆھبەتنى تۇيۇقسىز يادىغا ئالدى.

— ئاھ خۇدا، قازىنىڭدا نېمە بولسا چۆمۈچۈڭگە شۇ چىقىدۇ دەپتىكەن. تەۋەككۈل ئۆزۈڭگە، — دەپ كۆزىنى مەجبۇرىي يۇمدى. كۆزىنى يۇمسىمۇ يەنە ئۇيقۇسى كەلمىدى.

— بۇ خوجامنىڭ يېنىدا نام - ئەمىلى تونۇش بولمىغان ئۇزۇن ساقال، قاسقان سەللىلەر ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ، يوچۇن ئادەملەرمۇ كۆپىيىپ قالدى. بىر چاتىقى چىقمىسا بولاتتى، — شەمشەكباينىڭ كاللىسى ئۇماچ بولۇپ كەتتى. بېشىنىڭ ئارقا تەرىپى سانجىلىپ، ھارغىنلىق قۇدرىتىنى كۆرسەتكىلى تۇرغان ئىدى. ئۇ يوقىلاڭ خىيالدىن خالىي بولۇش ئۈچۈن، ئۇششاق سۈرە - ئايەتلەرنى ئوقۇپ ئۆزىگە ھۈردى، ئاخىر ئۇخلاپ قالدى... ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ھايالشىمايلا چۈشكە شۇڭغۇپ چۈشتى. شەيخ ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ سۆزلەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇپ شەيخنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايتتى. شەيخىنىڭ سۆزلىرى خاس ھاجىبلارغا خاس تەلەپپۇزدا داۋام قىلاتتى.

— ئىنسان تۆرەلمىشىدىن ئىبلىس بىلەن بىر ئۆمۈر ئېلىشىپ پانىي دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ئۇ ھاياتىنىڭ قۇببىسىنى ئىبلىستىن غالىب كەلگەندىلا، ئالتۇن كېسەك بىلەن مۇستەھكەم قوپۇرالايدۇ. ئەمما، نۇرغۇنلىغان چاكىنىلىق، ئىپلاسلىق، مۇناپىقچىلىقلار ئۇنىڭ قەدىمىدە شېرىن ئالۋاستىدەك قان بىلەن گۆشكە، تەن بىلەن روھقا چەمبەرچاس چاپلىشىقلىق بولىدۇ. ھايات شۇنىڭ ئۈچۈن بەسى مۈشكۈل. ئۇ رىۋايەت - چۆچەكلەردىكىدەك «بارسا كەلمەس يول» بولۇپ، بۇ يول نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارنى قەدەمگە ئىتتىرىپ، كۈچ ۋە ئەقلىنى سىنايدۇ، مول پەنت ئاتا قىلىدۇ. شەمشەكباي، بىز بىلىپ تۇرۇپ «بارسا

كەلمەس يول»غا كىتىپ بارىمىز. مەيلى ئۇ يول رەھىمسىز جىگى بىلەن مىجىپ تاشلىسۇن، يىلتىزىمىز ئۇچۇن چوڭقۇر، مۇستەھكەم، چىڭ تۇپراق ئاتا قىلغان بولىمىز، بىز ماڭغان بۇ يوللار زەھەرلىك مۇخلارغا توشقان، بۇنىڭغا چىدىساقلا «بارسا كەلمەس يول» رەڭگارەڭ گۈللەرگە تولغان بولىدۇ. ئەپسۇس...— شەمشەكباي شەيخنىڭ سۆزلىرىگە زادىلا ئۈلگۈرەلمەي قىلىۋاتاتتى.

— شەمشەكباي، چاكىنىلىق ماھىيەتتە ئەتىۋارلىق جاۋاھىرغا ئايلاندى. ئۇ بىر ئەسىر قولتۇقتا سىلىۋالغان گۆشناندەك ئىسسىق تۇردى. ئۇ شۇ دەرىجىدە بىزەلدىكى، ھەرقانداق روشەن ئاڭ، كۆز ئۇنى پەرق ئېتەلمەس بولۇپ قالدى. كۆكرىكىمىزدە پولتۇڭشىپ تۇرغان نەرسە ئاللىبۇرۇن يۈرەكلىكىدىن تېنىپ ئىلغىدىكى، قوشۇقلۇقتىكى سىسىق مايغا ئۆزگىرىپ، ئىگىلىرىنىڭ ئادەم ۋە ئىنسانلىقىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلدى. ئاھ، بىچارە يۈرەك، قەدىرسىز يۈرەك، جايىنى تاپالمىغان يۈرەك...

مىرئەھمەد شەيخ كۆكرىكىنى يېرىپ يۈرىكىنى شاپىدا قولىغا ئېلىپ، توختىماي يۈز - كۆزلىرىگە سۈۋاپ يىغلاپ كەتتى.

— ئۇنداق قىلمىسىلا، شەيخ،— دەپ ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ يالۋۇردى شەمشەكباي.

— يۈرىكىنى كۆرۈشكە جۈرئەت قىلىشنى بىلەلمىگەن خەلق ئاخىر خارلىنىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ شەمشەكباي، سەنمۇ يۈرىكىڭنى قولۇڭغا ئېلىپ كۆرۈپ باق. ئۇ ھارارىتىنى قۇياشتەك ئەتراپقا چېچىپ باقسۇن.

— ئۇنداق قىلمىسىلا. ئۇ يەنە تۇرۇۋېرىدىكەن، سوقۇشتىن توختاپ قالىدۇ.

— يۈرىكىڭنى قولۇڭغا ئېلىشقا پېتىنالىساڭ، ئۇ ھەرگىز توختىمايدۇ. ئۇ نۇرغۇن يۈرەكلەرنى غۇنچىلايدۇ، شەمشەكباي،— مىرئەھمەد شەيخ ئۇنىڭ كۆزىگە ئالجىپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— ھۆرمەتلىك بېگىم، سىلى بىر ئۆمۈر يۇرەكلىرىگە، تۇپراقـ ـلىرىغا ئاشىق بىقارار بولۇپ ئۆتتىلە، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا.
— ھەي شەمشەك، نېمانداق قورقۇنچاق بولۇپ كەتتىڭ. سەن قولۇمدىكىنى راست يۇرەك دەۋاتامسەن؟ بۇ دېگەن ئاسلانغا بېرىدىغان بەز،— دەپ مىرئەھمەدبەگ قولىدىكى قان تەپچىرەپ تۇرغان يۈرىكىنى پەگاھتا ياتقان موي - تۈكلىرى پارقىراپ كەتكەن يوغان بىر مۈشۈككە تاشلاپ بەردى.
شەمشەكباي ۋارقىراپ كەتتى، مۈشۈك شەمشەكباينىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشىدىن ئەندىكىپ، مىرئەھمەدبەگنىڭ ئوك پۇتىنى ئۇزۇن تىلى بىلەن يالاپ غىڭشىپ قويدى. مىرئەھمەدبەگ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن تاغ - دەريالار ئۆرۈلۈپ تېشىپ كەتتى. ئۇلار بىر قېيىق ئۈستىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ، ھەدەپ پالاق ئۇراتتى. ھەيۋەتلىك بىر دولقۇن تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ قېيىقىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى.
— ۋاي بېگىم، سۇغا غەرق بولىدىغان بولدۇق.
— ھولۇقماي، پالاقنى ئاشۇ دولقۇنغا قارىتىپ ئۇرايلى.
— ئۆلۈپ كېتىمىز، ئاپلا...
مىرئەھمەدبەگ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە قېيىقنى دولقۇنغا قارىتىپ بۇرىدى، شەمشەكباينىڭ جان - پېنى تۇمشۇقىغا كەپلا قالدى.
— ئۇنداق قىلمىسىلا.
— تەۋەككۈل.
— ساراڭ بوپتۇ ماۋۇ شەيخ!
ھايت - ھۇيت دېگۈچە دولقۇن ئۇلارنى چۆكتۈرۈپ، قېيىقنى پاچاقلاپ تاشلىۋەتتى. شەمشەكباي پاچاقلىنىپ كەتكەن قېيىقنىڭ بىر پارچىسىغا مىنىۋېلىپ، سۇ يۈزىدە ئۇياق- بۇياققا ئالاق - جالاق قارايتتى، دېمىنى ئىچىۋېلىپ، شەيخنى ئىزدەپ

ۋارقىرىدى. شەيخ ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قاتتىق ئازابلاندى، سۇغا بېشىنى تىقىپ يىغلاپ كەتتى. سۇ ئۇنىڭ ئۆچۈن يۈزىگە ئۇرالغان چەكمەننىڭ پېشىگە ئايلانغان ئىدى. ئۇ ئاخىر قىرغاقتا يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ كۆزىگە قىرغاقتىن بىر كىشىنىڭ تامبىلىنى سىقىپ قىيپالىڭاچ تۇرغانلىقى كۆرۈندى. شەمشەكباي كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇ شەيخ ئىدى.

— شەيخ، شەيخ!— شەمشەكباي قىرغاقتا قاراپ غۇلاچلىرىنى تاشلاپ ئۈزدى. ئۇنىڭ توۋلىغان ئاۋازى قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ، نېمە ئۈچۈندۇر قورقۇمسىراپ ۋايجانلاپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى بارگاھ دەمخانىسىدا كۆرۈپ، — ئۇھ، قارا بېسىپتۇ،— دېدى- دە، خانىسىدىن سىرتقا چىقتى.

ئاسماندا يۇلتۇزلار ئازلاپ قالغان ئىدى. چاقماق دەرياسىنىڭ شار - شار ئاۋازى قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا خالىقبەگنىڭ قارىغىر ئېتىنىڭ پۇشقۇرغان ئاۋازى كىردى.

× × ×

قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى چىنشياڭ 500 نەپەر چېرىكنىڭ ئالتىن ئاتۇشتىكى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيىتىنى ئاڭلاپ، گۈلباغ قەلئەسى[1]دە ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى. ئۇ يەنە لەشكەر چىقىرىشقا پېتىنالمىدى. ئايغاقچىلىرى ئۈزۈلدۈرمەي يەتكۈزۈپ تۇرغان ھەربىر خەۋەر ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۇرۇس مىخىدەك سانجىلاتتى.

مەسلىھەتچى ئامبال قەشقەردىكى دىنىي زاتلارنى يىغىپ، نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئاتۇشقا يولغا سالاي دەپ تۇرۇشىغا،

---

[1] گۈلباغ — ھازىرقى قەشقەر شەھىرىدىكى يۇملاقشەھەر قەلئەسى.

جاھانگىر خوجىنىڭ ھەيۋەتلىك قوشۇنى تۇتۇرگە ئەتراپىغا كېلىپ بارگاھ قۇرغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، جېنى تۇمشۇقىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۆچكىنىڭكىدەك 6 — 7 تالالا ساقىلى بار، ئورا كۆز بۇ ئامبال تۇيۇقسىز زورىيىپ كېتىۋاتقان ئىشلارغا زادىلا ئەقلى يەتمىدى. جاھانگىر خوجىنى كۆز ئالدىغا ئەكەلسە، بەدىنى تىكەنلىشىپ كېتەتتى. ئۇنى ئويلاپ يېتىپ، كېچىلىرى قارا بېسىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ئويغىنىپ كېتەتتى، گېلىدىن تۈزۈكرەك بىرنەرسە ئۆتمەي، كاللىسى غوڭ قاپاقتەك غوڭۇلدايدىغان، ئەپيۇندىن بىرنى شورىسا كۆتۈرەلمەي قۇسۇۋېتىدىغان، بەدىنى قولىشىپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۇ ئۆزىنى بۆلەكچىلا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى، ساناقلىق كۈنلىرى قالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ دەللاللىرى يەكەن، خوتەندىن تېپىپ كەلگەن قىزلارنىمۇ كۆڭلى تارتمىدى، ئايىغى ئۈزۈلمەي خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتقان ئايغاقچىلىرىدىنمۇ رايى ياندى، ھەتتا ئۇلارنى كۆرسە قورقىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ھەربىر ئاياغ تىۋىشى ئەزرائىلنىڭ كۆلەڭگىسىدەك بىلىنەتتى.

— ھۆرمەتلىك ئامبال غوجام، دۈشمەن بوسۇغىمىزغا كەپقالدى، بۇنىڭغا ئامال قىلىش زۆرۈر.

— جاھانگىر تاپتىن چىققان ئوغرى - قاراقچى. ئۇنىڭ ئەدەپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك.

— ئاتۇشتىكى بەغەرەزلەر تۇزكورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭغا چاپان يېپىۋاتىدۇ. بۇ خەقنىڭ زادى تۇخۇمى بۇزۇق، ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈش كېرەك...

بېشىغا يوغان سەللە يۆگىۋالغان، ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان موللا - ئۆلىمالار ئامبالنىڭ ئالدىدا پۈكلىنىپ ئولتۇراتتى. چىنشياڭنىڭ قۇلىقىغا ئۇلارنىڭ گەپلىرى كىرمەيتتى.

— ھەرقانداق چىقسىمۇ، ئۇ ئوغرىلارنى ھەرگىز مەيلىگە قويۇۋەتمەيلى.
— مەن لەشكەرلەرنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئىشلىرىنى كۆتۈرەي.
— مەن ئات - ئۇلاغلارنىڭ يەم - خەشىكىنى كۆتۈرەي.
— مەن جاھانگىرنى تۇتۇپ كەلگەنلەرگە 1000 سەر ئالتۇن ئىنئام قىلاي.

بايلار خالتا - خالتا كۈمۈش تەڭگىلەرنى ئامبالنىڭ ئالدىغا تۆكتى. مەسلىھەتچى ئامبال چىنشياڭ قەشقەر خەلقىنى زادىلا چۈشەنمەي قالدى. «بۇ ئادەملەر مېنى مازاق قىلىۋاتامدۇ، يا چىڭ خانلىقىغا راست سادىقمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىتائەتمەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا زادىلا يوچۇق تېپىلمايدۇ. ئەمما، بۇ خەق بەك قۇۋ، تىلىنىڭ تېگىدە تىلى بار، بىردەمدىلا ھەرقانداق مۇھىتقا سىڭىشىپ كېتەلەيدۇ. ياق، ئۇلارغا ھەرگىز ئىشىنىشكە بولمايدۇ. ھەممىسى بىر پەلەكنىڭ خەمەكلىرى...»

— يوقال، كۆزۈمگە كۆرۈنۈشمە!

يوغان سەللىلەر چۇۋۇلۇپ، كۈمۈش تەڭگىلەر ئامبالنىڭ قوبۇلخانىسىغا تېرىقتەك چېچىلىپ كەتتى. موللا ۋە بايلار چىنشياڭ قەسرىدىن روھى چۈشكەن ھالدا چىقىپ، بىر - بىرىگىمۇ قارىماي ئۆيلىرىگە راۋان بولۇشتى.

مەسلىھەتچى ئامبال قەشقەر شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى قاتتىق كۈچەيتىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى، مۇداپىئە رايونلىرىدا ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىزلاردىن لەشكەر قويماسلىقنى ئالاھىدە تاپىلىدى. ئۇ ھازىر ئۆزىدىن باشقا غەيرىي خەلققە ئىشەنچ قىلمىدى، ھەتتا قىزى، سىڭىللىرىنى تۇتۇپ بەرگەن دەللاللىرىغىمۇ ئىشەنمەس بولۇۋالدى. ئۇ چىڭ خانلىقىنىڭ ئۆزىگە قەشقەرنى قوغداش، چاتاق چىقارماي باشقۇرۇش توغرىسىدا كاللىسى بىلەن قەسەم قىلدۇرۇپ ھوقۇق بەرگەنلىكىنى ئويلاپ، كاچاتلىرىنى

چاۋاكلاپ، يىغلاپ ـ قاقشاپ كەتتى. «خانغا نىمىدەپ جاۋاب بىرىمەن، مىنىڭ خەلققە سالغان زۇلمىم چەكتىن ئاشقان، بۇنى قانداق يوشۇرىمەن؟ ئۇلارنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىڭلار دىگەن، مەن ھۆرمەت قىلدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىغا چىقىلغۇچى بولماڭلار دىگەن، مەن ئەمەل قىلدىمۇ؟ قەشقەر شەھەر ئىچىدىلا ئۆزۈمگە قاراشلىق ئىشرەتخانا 20 دىن ئاشىدۇ، بۇنى باشقىلار بىلمەسمۇ؟ ئالۋان ـ سېلىقنى كۆتۈرىگە بەرگەنلىكىمنى خان ئۇقسا، ماڭا مىڭ ئۆلۈم ئازلىق قىلىدۇ».

مەسلىھەتچى ئامبال چىنشياڭنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ گېپىگە كىرمىگەنلىكى ئىدى. قول ئاستىدىكىلەر «ھۆرمەتلىك ئامبال، جاھانگىرنىڭ چېگرىدىن كىرگەنلىكىنى ئاستانىگە ئۇقتۇرايلى» دەپ چىڭ تۇرغاندا، «بىر ئوغرىدىن قورقۇپ نىمە كەپتۇ» دەپ پىسەنت قىلمىغانلىقى ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ جىنايەت بولۇپ تۇيۇلدى. مۇشۇلارنى ئويلىسىلا، ئۆلۈم قەدەممۇقەدەم يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. ساقلى، بۇرۇتى بار، قاڭشارلىق، قوش قاپاقلىقلار ئۇنىڭ كۆزىگە ئەشەددىي ئۈچمەنلىك نەزىرىدە كۆرۈنەتتى. خالاپ ـ خالىماي چىنشياڭغا خوتۇن بولغان ئۇيغۇر قىزلىرى پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى. ئۇ بىر كېچىدىلا توقال ئۇيغۇر خوتۇنىدىن 30 نى ئۆلتۈرۈپ، ئۇن ـ تىنسىز تۇنجۇقتۇرۇپ، ئۆلۈكىنى چوڭقۇر لەخمىلەرگە تاشلىدى. ئۇلارنى كۆزدىن يوقىتىپ ئازراق يېنىكلەپ قالغاندەك، زىممىسىدىكى يوغان بىر يۈك چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلدى.

مەسلىھەتچى ئامبال چىنشياڭ بۇ ئىشتىن قانداق قۇتۇلۇش توغرىسىدا ئويلاندى. «مەن ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، جاھانگىرنى تىرىك تۇتۇپ، ئۆز قولۇم بىلەن خانغا تاپشۇرۇشۇم كېرەك. خانلىق بۇ رايوندىكى ئىقتىسادىي ئىشلارغا ئانچە ئېتىبار

بىلەن قاراپ كەتمەيدۇ. تىنچ - ئامان تۇتسالا ئۇلار مەندىن رازى بولىدۇ، سۈرۈشتۈرمەيدۇ. مەن ئوردىدىكىلەرنى ئۇنتۇپ قالمىدىم-ىغۇ. ھەر يىلى ساندۇق - ساندۇقلاپ ئالتۇن - تىللانى ئۇلارغا يوللاپ تۇرۇۋاتىمەن. ۋەزىيەتنى ئوڭلاپ كېتەلىسەملا، مەن يەنە خىزمەت كۆرسەتكەن بولۇپ، بېشىمدىكى مەنسەپ پېيى كۆپىيى-ۋېرىدۇ. قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، بۇ توپىلاڭنى تىنجىتسالا ئوشۇقۇم ئالچى چۈشكەن بىلەن باراۋەر».

مەسلىھەتچى ئامبال چىنشياڭ كاللىسى ئارام ئالغاندەك بولۇپ روھلانىدى، لەشكەر باشلىقلىرىنى چاقىرىشقا بۇيرۇق بەردى. لەشكىرىي ئەمەلدارلار ھاپىلا - شاپىلا ئۇنىڭ ھوزۇرىغا سالامغا كىردى. چىنشياڭ مەنسەپ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنى ئوچۇق چىراي كۆتۈۋالدى، ھەممىسى بىلەن خۇشال سالاملاشتى.

— جانابىي ئامبالغا سالام.

— ئىجازەت، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار،— لەشكىرىي ئەمەلدار-لار يەردە پۈكلىنىپ تۇرۇپ، بىر - بىرىگە ھەيران بولۇپ قاراشتى. چىنشياڭنىڭ قانداق ھىيلە ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، يۈرەكلىرى ئەنسىز سوقاتتى.

— ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولغاي!— دەپ ۋارقىراشتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئاۋازى بىر رىتىمدا چىقمىدى.

— ئۆزۈڭلارنىڭمۇ ئۆمرى ئۇزاق بولغاي، بولدى ئورنۇڭلار-دىن تۇرۇڭلار،— دەپ چىنشياڭ مەنسەپ ئورۇندۇقىدىن قوپۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. لەشكىرىي ئەمەلدارلار ئورۇنلىرىدىن تۇردى.

— ماكانىسىز، غەليانچى ئوغرى ئوغرى جاھانگىر ئۆزىگە باقماي، ئادەم توپلاپ، بۈيۈك خاندانلىقىمىزغا شىلتىڭ ئېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئانچىكى تېرە تاراقشتىشغا بىز ھەرگىز چۆچۈپ كەتمەيمىز. چىن خاندانلىقىمىزنىڭ ئۇلى مۇستەھكەم. ھە، سىلەردەك تەربىيە كۆرگەن ھەم چېنىققان، جەڭگىۋار، ھە، قەھرىمان قوغدىغۇ-

چىلىرىمىز تۇرۇۋقلۇق، ئەنسىرەشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، شۇنداقمۇ؟
غەلىيانچىلارنىڭ تېرىسىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ شىلىۋېلىپ، بۇ خەلققە
ھەيۋە قىلىپ، ئۆسۈۋاتقان ھارام شاخلىرىنى ۋاقتىدا پۇتىۋېتىش-
مىز كېرەك. بۇ خەلق رايىش ئىدى. جاھانگىردەك سىرتتىن
كىرگەن بىر ئوچۇم يامان غەرەزلىك ئوغرىلار ئەپسۇن ئوقۇپ،
ئۇلارنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇرۇۋاتىدۇ،— چىنشىياڭنىڭ چىرايى
قىزىرىپ، چېكىسىدىكى سوغۇق تەر بوينىغا ئېقىپ بىئارام
قىلىۋاتاتتى،— قۇدرەتلىك چىڭ خاندانلىقىمىز بۇنداق ھارامتا-
ماقلارنىڭ نوخىلىسىنى ئېلىشنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى
چاغلىماي، تۇخۇمنى تاشقا ئۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. تۇخۇمنىڭ
قانداق چېقىلىدىغانلىقىنى مەن كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام،
چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئامبىلى بولماي كېتەي. نۇرغۇنلىغان خەلق
بىز تەرەپتە، بىز ئۇلارنى يولدىن ئۆتكەن چاشقاننى ئۇر - ئۇر
قىلغاندەك يوقىتايلى!
لەشكىرىي ئەمەلدارلار «يوقىتايلى!» دەپ توۋلاشتى. بىرنەچ-
چىسى ئىچىدە «ھۇ، خاندانلىقىمىزنىڭ پارازىت قۇرتى، جېنىڭ
تۇمشۇقۇڭغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، يالغاندىن جەسۇر
قىياپەتكە كىرىۋاتامسەن؟ شۇنچە نەسىھەت قىلساق ئۇنىمىدىڭ.
خەلقنىڭ دەرد - ئەھۋالىنى ئاڭلا دېسەك، بىزنى يامان كۆرۈپ،
كۆزۈڭدىن يوق قىلغىلى قىل قالدىڭ. شىللەڭگە شال چۈشكەن-
دە، نېمە دېسەڭ بىكار. ئۆزۈڭ بىلەن كەتسە مەيلىتى، بىزنىمۇ
ئەجەلگە سۆرەپ كىردىڭ» دەپ قارغىدى.
— لەشكىرىي ئەمەلدارلار ھەممىڭلارنىڭ تەمىناتى ئىككى
قاتلاندى. بىر يىللىق تەمىناتىڭلار ئالدىن تارقىتىلىپ بېرىلىدۇ.
جاھانگىرنى تىرىك تۇتۇڭلار، مەن ئۇنىڭ تېرىسىنى ئۆز قولۇم
بىلەن شىلىۋالىمەن. ئاتۇشلۇق بىغەرەزلەرنى تىرىك قويماڭلار،
يامان ئادەمگە چاپان ياپقاننىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرسۇن،— دەپ

بۇيرۇق چۈشۈردى.

چىنشياڭ بارلىق لەشكىرىي ئەمەلدارلارغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، يامبۇ تارقاتتى، زىياپەت بەردى. لەشكىرىي ئەمەلدارلارنىڭ ئەقىللىقلىرى «ھامىنى ئۆلۈم، قانغۇدەك يەپ ـ ئىچىۋالايلى» دەپ يېدى ـ ئىچتى، مەست بولغاندا ئاغزىغا كەلگەننى ياندۇرماي تىللىدى. ئۇلارنىڭ كىمنى تىللاۋاتقانلىقىنى چىنشياڭ بىلسىمۇ تۇرسىمۇ، پىسەنت قىلمىدى.

× × ×

9- ئاينىڭ 24- كۈنى كەچ، جاھانگىر خوجىنىڭ بارگاھى. خالىقبەگ، سىرىپچاق، جانىبېك، سىپتۇالدىنجان، شەمشەكباي، ھېلىخان توپۇق، ئەمەت تورپاق قاتارلىقلار خۇپتەن نامىزىنى جاھانگىر خوجىنىڭ ئىمامەتچىلىكىدە ئوقۇدى. ئۇزاق دۇئادىن كېيىن، شەمشەكباينىڭ قىرائىتى ھەممەيلەننىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى. قۇرئان سۈرىلىرى نەپىس ئاھاڭلار بىلەن مۇسۇلمانىنىڭ دىلىنى يېشىپ، ياراتقۇچىنىڭ جامالىغا، ھوزۇرىغا ئاشىق بىقارار قىلىدۇ. قىرائەت تۈگىگەندە، ئۇلار بىرپەس جىم بولۇپ قالدى.

— شەمشەكباي ئۆزلىرىنى شەيخنىڭ ئەتىۋارلىشى بىكار ئەمەسكەن جۇمۇ،— دېدى جاھانگىر خوجا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ،— قۇرئان سۈرىلىرىنى يۈرەكنى ئەزگۈدەك دەرىجىدە ئوقۇيدىكەنلا. ئەلەمدىمۇ ـ قەلەمدىمۇ باركەنلا.

— ھۆرمەتلىك غازى غوجامنىڭ ماختاشلىرىغا لايىق ئەمەسمەن. بەك ئاشۇرۇۋەتتىلە،— دېدى شەمشەكباي كۆلۈمسىرەپ.

بارگاھتىكى ھەممەيلەن بۈگۈن جاھانگىر خوجىنىڭ مىجەزى ياخشى ئىكەنلىكىنى پەملەپ، «سۆھبەت ئوكۇشلۇق بولىدىغان بولدى» دەپ جەزملەشتۈردى.

— خوش، ئەمدى بۈگۈنكى كېڭەشنىڭ ئاساسىي مەقسىتىگە كېلەيلى،— دېدى جاھانگىر خوجا خۇش پېئىلىلىق بىلەن.
— ھۆرمەتلىك غازى، قەشقەرگە تېگىش كۈننى ئۆزلىرى تاللاپ بېكىتىپ بەرسىلە،— دېدى شەمشەكباي.
— سىلەر ئۆزۈڭلار بېكىتىڭلار. چۈنكى، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق قوماندانى ئۆزلىرى شەمشەكباي.
— ياق، بۇ ئۇرۇشنىڭ باش قوماندانى ئۆزلىرى، ھۆرمەتلىك غازى. بىز دېگەن ئۆزلىرىگە ئەگەشكۈچى. ئۇلۇغ كۈندىن بىرەرىنى تاللاپ بەرسىلە،— دېدى شەمشەكباي.
— ئۇنداقتا،— دېدى جاھانگىر خوجا بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ،— بۈگۈن ئايغا قارىسام بەك چىرايلىق چىقىپتۇ. يالغان ھۇجۇمنى 25- چىسلا ناماز خۇپتەندىن كېيىن باشلىساق، راستىنى 26- چىسلا باش توخۇ بىلەن باشلىساق بولار.
شەمشەكباي جاھانگىر خوجىنىڭ بېكىتكەن كۈندىن خۇرسەن بولدى. ئۇيغۇرلاردا «سەپەر ۋە يۈرۈش دۈشەنبە، سەيشەنبە كۈنلىرى ئۇتۇقلۇق بولىدۇ» دېگەن كۆزقاراش بار. بۇ ئىككى كۈن ئىشنىڭ باشلىنىش كۈنلىرى ھېسابلىناتتى.
— خۇدا خالىسا، نۇسرەت قازىنىشىمىزدا ئۈمىد زور. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەنمۇ بۈگۈن ئاينى كۆزەتكەن ئىدىم. ئاي ناھايىتى چىرايلىق چىقىپتۇ. ياراتقۇچى ئاللا ئۆز كارامىتى بىلەن بىزگە ھەمنەپەس بولۇۋاتىدۇ. غازى غوجامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش كۈنى چوقۇم تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغۇسى،— دېدى شەمشەكباي.
— سېپىتۋالدىجان، تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ بولدۇڭلارمۇ؟
— بىرنەچچە يۈز ھارۋىغا ئوتۇن بېسىپ، نەچچە يۈز دۇمباق كېرىپ، سۇنايچىلارنىمۇ تەق قىلىپ قويدۇق.
— ئۆزلىرىچۇ شەمشەكباي؟

— بىزنىڭ ئورغاقچى، چوماقچى يىگىتلىرىمىز ئارقان - تانىلارنى بىلىگە چىگىپ بولدى.

— مىرئەھمەد شەيخ «ھەزرەت سۇلتان» مازىرى ئالدىدا ھەممىلەننىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ يولغا سالغان. بىز ئىككى دۇنيالىقىمىزدىن خاتىرجەم. بىز يامانغا بوزەك بولمايدىغان، يۇرتنى قوغدىيالايدىغان بۈرۈنقى روھىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا شېھىتلىك يولىنى تاللاپ تۇرۇپتىمىز. بىزنىڭ ئۇرۇشىمىز ھەققانىي. بىز ئەرش لەشكەرلىرى خەقنىڭ چاپىنىدا تەرلەپ، تەڭسىزلىك پەيدا قىلىپ ھۆكىرەۋاتقان چىرىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، پەخىرلىنەرلىك ئۆتمۈش يارىتايلى.

جاھانگىر خوجىنىڭ ھېسسىياتلىق سۆزىدىن ھەممىلەن ناھايىتى تەسىرلەندى. ئۇلار ئەلياتقۇغىچە قەشقەرنى ئېلىشنىڭ پىلانىنى قايتا - قايتا مۇزاكىرە ئارقىلىق پىششىقلاپ، باش توخۇدا تۇرالغۇغا قايتىشتى.

× × ×

9- ئاينىڭ 25- كۈنى جاھانگىر خوجا قوشۇنى تۇتۇرگە ئەتراپىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. جاھانگىر خوجا ئات ئۈستىدە نۇتۇق سۆزلىدى، لەشكەرلەر ئۇنىڭ نۇتقىدىن تەسىرلىنىپ، سەرەڭگە ياقسىلا گۇرۇلدەپ كۆيىدىغان قۇرۇق ئۆرۈك ئوتۇنىغا ئايلاندى.

خالىقبەگ، شەمشەكباي، ھېلىخان توپۇق، ئەمەت تورپاقلار جاھانگىر خوجىنىڭ سېھىرلىك نۇتقىنى ئات ئۈستىدە ئاڭلاپ، ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. ئاتلار ئالدى پۇتىنى كۆتۈرۈپ كىشنەيتتى، لەشكەرلەر ياقىلىرىنى يىرتىپ، «ئاللا، ئاللا!» دەپ ۋارقىرايتتى. بۇ ئاللا - سۈرەن، سۈر - ھەيۋە جاھاننى تىترەتتى. ئۆۋۈلىرىدا مۆگدەپ قالغان قۇشلار بۇ سۈرەندىن روھلىنىپ، كۆك

ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلدى. جاھانگىر خوجا: «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ، يېنىدىن قىلىچنى سۇغۇرۇپ، ئېتىنى قامچىلاپ ئۆيانىدىن-بۇيانغا چاپتۇردى. بۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش خۇددى ئاتىللانىڭ ياۋروپانى بويسۇندۇرۇش كۆرۈنۈشىنى ئەسلىتەتتى. ھەيۋىسى كۆتۈرۈلگەن لەشكەرلەر قىن - قىنىغا پاتماي، ئالەمنى ھاپ قىلىپ يۇتىۋەتكۈدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. قەشقەر ئەڭ زور قىر - چاپقا تولغاق يەپ تولغاندى.

ناماز خۇپتەندىن كېيىن، سىيتۇالدىجان 3000 لەشكەرنى باشلاپ، شەپە چىقارماي ياۋاغ سېپىلىگە يېقىنلاشتى. قەشقەرنى ساقلاپ ياتقان مەنچىڭ لەشكەرلىرى ياۋاغ سېپىلى ئۈستىدە قوللىرىغا پانۇس كۆتۈرۈۋېلىپ ئۆيانىدىن - بۇيانغا مېڭىپ ھوشيار تۇراتتى. سىيتۇالدىجان مەشئەلنى ياندۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى، بىر دەمنىڭ ئىچىدە بارلىق لەشكەرلەرنىڭ قولىدىكى 3000 مەشئەل ياۋاغ سېپىلىنىڭ تۆۋىدىلا ۋاژىلداپ يورۇپ ئاسماندا ۋىلىلداپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى نومۇستا قويدى. تۇيۇقسىز يورۇلغان مەشئەللەر سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇل چېرىكلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە 3000 مەشئەل سان - ساناقسىز بولۇپ كۆرۈندى. مەشئەللەر سېپىلگە يېقىنلاشتى. مەنچىڭ چېرىكلىرى ئالاقزادىلىك ئىچىدە چۇرقىرىشىپ كەتتى. سىيتۇالدىجان ناغرا - دۇمباق چېلىشنى بۇيرۇدى. ناغرا - دۇمباقلار ئادەمنىڭ قۇلىقىنى يېرىۋەتكۈدەك دەرىجىدە چېلىندى، ھارۋىلاردىكى ئوتۇنلارغا ئوت يېقىلدى. لەشكەرلەر «ھۇررا» تۇۋلاپ گۇر ئالدىغا - گۇر كەينىگە چېپىپ، سېپىل ئۈستىدىكى مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ جېنىنى ئالدى. ئۇلار قوراللىرىدىن توختىماي ئوق ئۈزدى، قالايمىقان ئېتىلغان ئوقلار جاھاننى بىر ئالدى...

سىيتۇالدىجان بۇيرۇق بېرىۋىدى، مەشئەللەر ئۆچۈرۈلدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئوت كۆيۈۋاتقان ھارۋىلارنى تۈمەن دەرياسىغا

ئىتتىرىۋېتىپ، تاۋۇش چىقارماي بىر ئاش پىشىم ۋاقىت جىم تۇردى. مەنچىڭ لەشكەرلىرى سېپىلنىڭ دەرۋازىسىنى ئېتىپ، سېپىل تۆۋىدىكى لەخمىلەرنىڭ قاپقاقلىرىنى ئېچىۋەتكەن ئىدى. ئۇلار كۆز ئالدىدىكى سان - ساناقسىز مەشئەلنىڭ نەگە غايىب بولغانلىقىنى بىلىشەلمەي، ئۆركۈپ كېتىشتى. «چېكىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئۇھ دېيىشكە، سېيتۋالدىجان قوشۇنغا بۇيرۇق بېرىپ، مەشئەللەرنى يەنە ياندۇرۇپ، سۈرەن - چۇقان سالدى. مەنچىڭ لەشكەرلىرى مەشئەللەرگە قارىتىپ ئوق ئۈزدى، قىيا - چىيا كۆتۈرۈشتى، مۇشۇنداق ھالەت باش توخۇغىچە يۈز بەردى. مەنچىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھالى قالمىدى، قارىغۇنىڭ پىرقىراپ تۇرۇپ قول شىلتىشىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھەرىكەتلەر ئۇلارنى ھالسىرىتىپ قويدى.

سېپىل ئىچىدىكى شەھەر خەلقى تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي چىقتى. ئاجىز، قېرىلار ۋايجانلىسا، بۆشۈكتىكى بوۋاقلار قىرقىراپ يىغلايتتى، لالما ئىتلارمۇ قۇيرۇقلىرىنى چاتىرىقىغا تىقىپ غىڭشىپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا جىم يېتىۋالدى. شۇ كۈنى شەھەر ئىچىدىكى مەسچىتلەردىن ئەزانمۇ چىقمىدى. پۈتكۈل جانلىق قىيامەتنى كۈتۈپ ياتقاندەك كۆشۈكتە ئىدى. سېيتۋالدىجان، جانبېك، سىرىپچاق قاتارلىقلار قىلغان ھۇجۇم تاڭغا يېقىن توختىدى. پۇت - قوللىرىنىڭ ماغدۇرى يوق مەنچىڭ لەشكەرلىرى سېپىل ئۈستىدە پۇتلىرىنى ئۇزارتىپ، مىلتىقلىرىنى يېنىغا قويۇپ، بىر- بىرىگە كەينىنى قىلىپ يۆلىنىپ مۈگدەشتى.

سېيتۋالدىجان، جانبېك، سىرىپچاقلار ھۇجۇمنى توختاتقاندا خالىقبەگ، ھېلىخان توپۇق، ئەمەت تورپاقلار 1000 يىگىتنى باشلاپ سېپىل لەخمىلىرىدىن ئاۋايلاپ ئۆتۈپ، سېپىل تۆۋىدە چاپلىشىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى. يىراقتىن خورازنىڭ سۈس چاقىرىشى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىردى. خالىقبەگ يىگىت-

لىرىگە تەييارلىق بۇيرۇقىنى بەردى. ئاڭغۇچە قۇياش خۇش
يېقىپ - ياقماي، شەرقتىن بېشىنى چىقاردى. سېپىل ئۈستىدى-
كى مەنچىلىك لەشكەرلىرى سەھەرنىڭ ئاجايىپ ئېغىر شەيتان
ئۇيقۇسىغا كەتكەن ئىدى. جاھانگىر خوجا، شەمشەكباي قاتار-
لىقلار سېپىل تەرەپكە قاراپ، ئات ئۈستىدە ھوشيار تۇراتتى.
شەمشەكباي قوللىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، بارماقلىرى-
دىن توختىماي قاس چىقىراتتى. خالىقبەگ ئەمەت تورپاققا
ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇلار بېلىدىكى ئورغاقلارنى ئاۋايلاپ ئالدى.
ھېلىخان توپۇق جىددىيلىشىپ كەتكەچكە، قولىدىكى ئورغاق
يەرگە چۈشۈپ كەتتى. «تاراڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىۋىدى،
خالىقبەگ سېپىلگە چاپلىشىپ تۇرۇۋالدى. سېپىل ئۈستىدىكى
قاراۋۇل بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئۇيان - بۇيانغا قارىدى. خالىقبەگ
ئىشنى ئارقىغا تارتىشنى خالىماي، سېپىلگە يامىشىپ چىقىش
بۇيرۇقىنى بەردى. 1000 نەپەر يىگىت قولىدىكى ئورغاقلارنى
سېپىل تاملىرىغا سانجىپ تەڭلا ياماشتى. ئۇلار خۇددى تامدا
يورغىلاپ كېتىۋاتقاندەك ناھايىتى ئەركىن ھەم چاققانلىق بىلەن
سېپىلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا يامىشىپ كەلگەندە، مەنچىلىك
لەشكەرلىرى سېزىپ قالدى. ھولۇقۇپ كەتكەن لەشكەرلەر سۈرەن -
چۇقان كۆتۈرۈپ، مۆكگەدەپ ئولتۇرغان چېرىكلەرنىڭ قوڭلىرىغا
تېپىپ، پەسكە قارىتىپ ئوق ئۈزدى. خالىقبەگ، ھېلىخان
توپۇق، ئەمەت تورپاقلار:

— تېز، تېز يامىشىڭلار يىگىتلەر،— دەپ مەدەت بېرىپ،
ئۆزلىرىمۇ مايمۇندەك يۇقىرىغا ئۆرلەپ چىقىۋاتاتتى.

سۈرەن - چۇقانلارنى ئاڭلاپ تۇرغان جاھانگىر خوجا كۆڭلىدە
«ئىش قاملاشمىدى» دەپ، شەمشەكبايغا قارىدى. ئۇنىڭ
كۆڭلىنى چۈشەنگەن شەمشەكباي ئىشارەت ئارقىلىق تەخىر
قىلىشقا ئۈندىدى.

— شەمشەكباي، ئۇلارنى مەنچىڭ لەشكەرلىرى سېزىپ قالدى. يەنە قاراپ تۇرساق، بىكاردىن ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمىز.

— تەخىر قىلسىلا غازى غوجام، دۈشمەن ماغدۇرىدىن كەتتى. ئۇلار ئۆزىنى رۇسلىغۇچە يىگىتلىرىمىزنىڭ ئالدى سېپىلگە چىقىۋالىدۇ، — دېدى شەمشەكباي تەمكىن هالدا.

مەنچىڭ لەشكەرلىرى يامىشىپ چىقىۋاتقان يىگىتلەرنى كۆرۈپ، ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. بىرنەچچە يىگىت سېپىلدىن ئۈزۈلگەن ئالمىدەك پوك - پوك يەرگە چۈشتى. شۇ ئارىلىقتا خالىقبەگ، هېلىخان توپۇق، ئەمەت تورپاقلار سېپىل ئۈستىگە يېقىنلىغان ئىدى. بىر چېرىك ئۇلارنى كۆرۈپ قالدى- دە، دەرهال ئوق ئۈزمەكچى بولۇۋېدى، خالىقبەگ بىر قولى بىلەن ئورغاقنى تامغا سانجىپ، يەنە بىر قولىدىكى يوغان چوماق بىلەن ئۇنىڭ مېڭىسىگە بىرنى سالدى. چوماق هېلىقى چېرىكنىڭ يۈزىگە تېگىپ، كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى. ئۇلار بىر قولىدا ئورغاق سانجىپ، بىر قولى بىلەن چوماق ئۇرۇپ، چاقماق تېزلىكىدە سېپىل ئۈستىگە چىققىلى تۇردى. مەنچىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارغا قاراپ هەيران قالدى. بىر قولىدا سېپىل تاملىرىغا ئورغاق سانجىپ، بىر قولىدىكى چوقماق بىلەن سېپىل ئۈستىدىكى لەشكەرلەرنى ئۇرۇپ، مۇنداق سېپىلگە چىقىش دۇنيا تارىخىدا بولمىغاندۇ. مانا مۇشۇ ئۇرۇشتىن كېيىن، ئاتۇشلۇقنى «چوماقچىلار» دەيدىغان گەپ تارقالغان ئىدى.

خالىقبەگ، هېلىخان توپۇق، ئەمەت تورپاقلارنىڭ كەينىدىن يىگىتلەرمۇ ئارقا- ئارقىدىن سېپىل ئۈستىگە چىقىپ قانلىق جەڭ قىلدى. تاڭ سۈزۈلۈپ قالغان ئىدى، ياۋاغ سېپىلى ئۈستىدە خالىقبەگ، ئەمەت تورپاق، هېلىخان توپۇقلار ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا قالتىس جەڭ قىلدى، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئەزايى قانغا مىلىنىپ كەتتى. ئەمەت تورپاق مەنچىڭ لەشكەرلىرىنى

سىپىل ئۈستىدىن ھەدەپ پەسكە چۆرۈيتتى، ئىككىدىن - ئۈچتىن قوچاقلاپ، داڭگال ئاتقاندەك پىرقىرىتىپ تاشلايتتى. باش توخۇدا باشلانغان بۇ ئۇرۇش قاق چۈشكىچە داۋام قىلدى. خالىقبەگلەر سىپىل دەرۋازىسىنى پالتا بىلەن چاناپ چېقىۋەتتى-دە، «ئاللا» توۋلاپ قەشقەر شەھىرىگە سەلدەك ئېقىپ كىردى.

× × ×

قەشقەرنىڭ يارىدەمچى ئامبىلى چىنشىياڭ جاھانگىرنىڭ قەشقەرگە بۆسۈپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلـمەي ھودۇقۇپ قالدى. ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدە سۈرەن - چۇقانلار بەزمە قىلماقتا ئىدى. ئۇ گۈللۈكتىكى قەسىرىدە ئولتۇرۇپ، ئۇلۇغلىرىنى كۆز ئالدىغا ئەكېلىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلدى، تەڭرىـدىن قانات بېرىشنى تىلىدى، ئەمما بەجا بولمىدى. ئۇ ئۆزىنى كىچىك بىر قوتىغا بەند قىلىنغاندەك ھېس قىلدى. بەدىنى ئاغرىپ، چېكە تومۇرلىرى پاراسلاپ ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كۆزى چانقىدىن پاسسىدا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىـغاندەك تىقىلدى. ھاياتىنى قىسقىغىنە ئويلاپ جان بەك تاتلىق تۇيۇلۇپ كەتتى، ئۇنىڭ بەدىنى ئۆزىنىڭ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئاللىبۇرۇن غايىب بولۇشقانتى. ئۇ ئولتۇرۇپ لەخمىگە تاشلىۋەتكەن 30 ئۇيغۇر خوتۇنىنىڭ ئەرۋاھى ئۇنىڭ خانىسىدە ئۇياندىن بۇيانغا ئۇچۇپ «ھەي قان ئىچەر جاللات، جېنىمىزنى قايتۇرۇپ بەر!» دەپ ۋارقىرايتتى. بىچارە چىنشىياڭ ئۇيان مولىلاقشىپ - بۇيان مولىلاقشىپ دومىلاپ يۈردى. ئولارغا يالۋۇراي دېسىمۇ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. شۇ ئەسنادا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئۇ بەك ھولۇقۇپ ئورنىدىن تۇردى، كۆزى تامدا ئېسىقلىق زۇلپىقارىغا چۈشتى- دە،

يۈگـۈرۈپ بېـرىپ قولىغا ئالغانـدا ئـۆز جېنىنىـڭ ناھـايىتى تاتلىقلىقىنى سەزدى.

— ئاھ تەڭرىم، سەن نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ جېنىنىڭ مۇشۇنداق تاتلىقلىقىنى ماڭا بۇرۇن ئۇقتۇرمىغان بولغىيتتىڭ،— دەپ ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلاپ، تاملار لىڭشىپ كەتتى. ئۇ ئاخىر قىلىچنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ كۆزىنى بىرپەس يۇمدى.

— ھەي جاللات! سەن مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ قۇتۇلاي دەمسەن؟ تاشلا قولۇڭدىكىنى!

— نارەسىدىلەرنىڭ خۇنىنى تۆلە!

— سەنمۇ ئۆلەمدىكەنسەن ھى... ھى... ھى...

— قىزلىرىمىزنى دەپسەندە قىلغان نېمىسىنى كېسىپ ئاغزىغا چىشلىتىپ قويۇڭلار!

چىنشىياڭنىڭ قولىدىكى قىلىچ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىۋېدى، ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئۇ يەردە پارىلداپ ياتقان قىلىچنى ئالدىراپ ـ تېنەپ قولىغا ئالدى. قىلىچ بەك ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇنىڭ كۆزىگە كۆيۈۋاتقان زور ئوت كۆرۈندى. چاقپىلەكتەك چۆرگىلەپ، ئۇنىڭ يېنىغا ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان ئوتتىن «ھەي جاللات! ئىككىلى ئالەمدە ساڭا ياخشىلىق يوق، خەقنىڭ رىزقى ماڭا شۇنداق ئىجازەت قىلدى. سېنى قىيامەتكىچە كۆيدۈرىمەن. قولۇڭدىكىنى تاشلا مەلئۇن، دۆيۈز!» دېگەن سادا ئاڭلاندى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن ھاپىلا ـ شاپىلا بىر خىيال كەچتى، گۈلباغ قەلئەسىدىكى ئوق ـ دورىلار ئامبىرى يادىغا كەلدى.

— توختاپتۇر، مەن سەنلەرگە ئۆزۈمنى تونۇتۇپ، ئاندىن كۆز يۇمىمەن. مەن بۇ ئوق ـ دورىلارنى سەنلەرگە قالدۇرۇپ كېتەمدىم. ئۇلۇغ خانغا بولغان ساداقىتىمنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم

بولسىمۇ كۆرسىتەي!— دەپ ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئوق - دورا ئامبىرى ئالدىغا كەلدى.

ئوت بەك دەھشەت ئىدى، چىنشىياڭنىڭ بەدىنىنى كاۋاپداندىكى گۆشتەك پىژ - پىژ كۆيدۈرگىلى تۇردى. ئۇ بولالماي قالدى، بوينىغا قىلىچنى شۇنداق بىر سۈرۈۋىدى، قىلىچ ئۇنىڭ بويۇن سۆڭىكىدە توختىدى، چىققان قان پەگاھقىچە ئېقىپ ئۇيۇپ قالدى. مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ قەشقەردىكى ياردەمچى ئامبىلى چىنشىياڭ 1826- يىل 9- ئاينىڭ 26- كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۆزىنى قوشۇپ ئوق - دورا ئامبىرىنى پارتلىتىپ ئۆلۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردىكى گۈلباغ قەلئەسى كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى.

× × ×

جاھانگىر خوجا قوشۇنى چاقماق تېزلىكىدە قەشقەرنى ئالدى. ھېلىخان توپۇق بىلەن ئەمەت تورپاق قان تۆكۈشنى توختاتمىدى. ئۇ ئىككىسى قىزىپ كېتىپ، ئۆزىنى باسالماي، كۆرگەنلىكى ئادەمگە ئېتىلىپ بېرىپ جېنىنى ئالاتتى. ئۇلار پانۇس ئېسىقلىق بىر دۇكانغا ئېتىلىپ كىرىۋىدى، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمىدى. ئۇلار پۈكەيدىن سەكرەپ ئۆتۈپ، دۇكانىنىڭ يان ئىشىكى بىلەن ئارقا ھويلىغا چىقىشتى.

ئەمەت تورپاق ئۇيان يۈگۈرۈپ - بۇيان يۈگۈرۈپ، ئېتىكلىك بىر ئىشىكنى قولىدىكى پالتا بىلەن چاناپ سۇندۇرۇپ ئىچىگە كىردى. ئۇنىڭ كەينىدىن ھېلىخان توپۇق باستۇرۇپ كىردى. ئەمەت تورپاق ئۇيان - بۇيان كۆز يۈگۈرتۈپ، يوغان كاتىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تەكچىگە كۆزى چۈشتى. رەڭگى سارغىيىپ قورققىنىدىن جېنى تۇمشۇقىغا كەپقالغان 10—11 ياشلار چامىسىدىكى

بىر مانجۇ قىزى تەكچىدە تۇراتتى. ئەمەت تورپاق ئۇنىڭغا ئىتىلىۋىدى، ئۇ قىز قولى ئارقىلىق بىرنەرسىنى ئىشارەت قىلدى. ھېلىخان توپۇق بۇنى كۆرۈپ، ئەمەت تورپاقنى توستى. ئۇ قىز تام جاۋەننى كۆرسەتتى. ھېلىخان توپۇق پالتا بىلەن بىرنى چاناپ، جاۋەننىڭ قاپقىقىنى چۇل - چۇل قىلىۋەتتى. تام جاۋەن ئىچىدە قىزىل سىرلانغان ساندۇق تۇراتتى. ئۇ دەرھال ساندۇقنىڭ قاغا تۇمشۇقىنى قايرىۋىدى، ئىچىدە لىق تىللا باركەن. بۇ بايلىقنى كۆرگەن ھېلىخان توپۇقنىڭ ئاغزى ئىچىلىپلا قالدى. ئۇنىڭ قولىدىكى سىقىملاقلىق ساندۇقنى كۆرۈپمۇ ئەمەت تورپاقنىڭ كۆزىدىكى ياۋۇزلۇق تارىمىدى.

— ئۇ بىزگە بايلىقنى كۆرسىتىپ قويۇپ، بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ جېنىدىن كېچەيلى ئەمەت. بۇ بايلىق بىزنىڭ بىر ئۆمۈر باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزگە يېتىدۇ،— دەپ ھېلىخان توپۇق مانجۇ قىزنىڭ جېنىنى تىلىۋالماقچى بولۇۋىدى، ئەمەت تورپاق:

— بۇ خەقنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇۋېتىمەن!— دەپ ۋارقىرىغان پېتى قولىدىكى پالتا بىلەن 11 ياشلىق قىزنى بىر چېپىپلا ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. ھېلىخان توپۇق توسۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، بۇ قىزغا ئىچى ئاغرىپ، يۈرىكى پىژژىدە بولۇپ قالدى.

— ئەمەت، ئۇ نارەسىدىدە نېمە گۇناھ؟!

— ئىشىڭنى قىل، توپۇق!— دەپ، ئەمەت تورپاق ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ھېلىخان توپۇق تىللا قاچىلانغان ساندۇقنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھويلىغا چىقتى. ئەمەت تورپاقنىڭ كۆزى ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چۈشتى، ئۆگزىدە ھېلىقى مانجۇ قىزنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى تۇراتتى. ھېلىخان توپۇقنىڭ يالۋۇرغىنىغا قارىماي ئەمەت تورپاق شوتىغا ياماشتى. مانجۇ قىزنىڭ دادىسى شوتىنى ئىتتىرى-

ۋېتىپ، ئۆگزىنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاچتى. ئەمەت تورپاق شوتىنى يەنە تىكلەپ ئۆگزىگە چىققاندا، مانجۇ قىزنىڭ دادىسى ئايالىنى چوڭ يول تەرەپكە چۈشۈرۈپ بولغان ئىدى. ئەمەت تورپاق ۋارقىراپ بېرىپ، مانجۇ قىزنىڭ دادىسىنى قولىدىكى پالتا بىلەن چېپىپ قىيما - چىيما قىلىۋەتتى. ئۇ چوڭ يولدا ۋارقىراپ يىغلاپ قېچىپ كېتىۋاتقان مانجۇ قىزنىڭ ئانىسىنى كۆرۈپ، ئۆگزىدىن يەرگە سەكرەپ چۈشتى. ھېلىخان توپۇق توسۇۋالسىمۇ ئۇنىماي، ئۇ بىچارە مەزلۇمنى چاناپ ئۆگرە قىلىۋەتتى.

ئەمەت تورپاق ئاشۇنداق يوگۇرگىنىچە تار كوچىلارغا كىرىپ كەتتى. ھېلىخان توپۇق ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ ياقىسىنى تۇتۇپ: «تووۋا، بۇ ئادەممۇ ـ ھايۋانمۇ؟ بۇنداق ئۇرۇش قىلغاندىن سىڭگەن نېنىمنى يەيچۇ» دەپ، بىر ساندۇق تىللا بىلەن قەشقەردىن غايىب بولدى. كېيىن، ئۇنى باشقىلار سۈرۈشتۈرۈپ ھېچ يەردىن ئىز - دېرىكىنى تاپالمىدى...

قەشقەر شەھىرى جەسەتلەرگە توشۇپ كەتكەن ئىدى، ھەممە ياقتىن جەسەتنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. تالا - تۈزدە ئادەمزاتنىڭ سايىسى كۆرۈنمەيتتى، قەشقەر ئاسمىنىدىكى قۇياشمۇ مۆكۈنگەن ئىدى. بۇ قەدىمىي شەھەر ھەر 10 يىلدا مۇنداق پاجىئەلىك كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ قۇسقىسى كېلىدىغان بولۇپ قالغان، شادلىق ئەلچىسى رەڭدار باچكىلارمۇ ئۈركۈپ قاقاس سايلار، يىراق تاغلار-نى ماكان تۇتقان ئىدى. ياۋاغ دەرۋازىسى، ئەنجان رەستىسى، ئۆستەڭبويى، دوتەي يامۇل كوچىسى، ئوردا ئالدى، گۈزەر، قۇم دەرۋازا قاتارلىق يەرلەرنى يالاڭ جەسەت قاپلاپ كەتكەن ئىدى. ئادەم قېنىغا خۇمار بولۇپ قالغان لالما ئىتلار جەسەتلەرنىڭ ئارىلىرىدا قان يالاپ، تىلىلىرىنى تامشىپ خۇماردىن چىققاندەك قىلاتتى. قاينام - تاشقىنلىقنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلغان ھاياتلىق مەشئىلى قەشقەر ئادەم قانلىرى بىلەن ئېغىر جاراھەتلەندى. بۇ

تۇپراقتا يەرشارىنىڭ ياقۇت ـ ئالتۇن ئۆزۈكى بولۇشقا قادىر مۇشۇنداق شەھەرلەر بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ئاچ كۆزلۈككە تولغان كۆزلىرىنى قىزارتىپ، ئارام بەرمەيدىغان ھالغا سېلىپ قويۇشى تەبىئىي ئىدى. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا جەننەتتىن زېمىنغا قوغلانغاندىن بېرى تۆمەن دەرياسى ئۆز قىنىدا گاھى تېشىپ، گاھى ئازلاپ ئېقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقىغا دۇنيادا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيتتى...

جاھانگىر خوجا قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن، لەشكەرلەرنى قىرغىن قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن بۇيرۇق چۈشۈردى، سېيىتۋالدىجانغا شەھەردىكى جەسەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى بۇيرۇدى. سېيىتۋالدىجان قەشقەر خەلقىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، نەچچە كۈن شەھەر تازىلىدى. شەھەردىكى سېسىق پۇراقلار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. جاھانگىر خوجا قەشقەرنى پاك ـ پاكىز تازىلاپ بولۇپ، بىرنەچچە كۈن ئارام ئالدى. ئۇ قەشقەر چىك خاندانلىقىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغانلىقىنى، خەلقنىڭ ئىش ـ ئوقىتىنى قىلىۋېرىشىنى پەرمان چۈشۈرۈپ جاكارلىدى. ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە قاپسىلىپ قالغان خەلق ئۆيلىرىدىن، يەر ئاستى گەملىرىدىن تەمتىرەپ تالاغا چىقىشتى. شەھەرنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىسى ئەسلىگە كەلدى. جاھانگىر خوجىنى خەلق ھېيىقىپ تۇرۇپ قارشى ئالدى، ئەلنەغمىچىلەر ھەر خىل ئويۇنلار بىلەن كۈيلىدى.

جاھانگىر خوجا كۆڭۈل توختىتىپ، ئىشلارنى بىرقۇر ئورۇنلاشتۇردى. سىرىپچاق، جانبېك، سېيىتۋالدىجان، شەمشەكباي قاتارلىقلارغا لەشكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىشنى بۇيرۇدى. مىرئەھمەدبەگ ئالتىن ئاتۇشتىن كىرىپ جاھانگىر خوجىنىڭ ئۇتۇقلىرىنى تەبرىكلىدى. ئەمما، ئۇ قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن، مىرئەھمەدبەگكە ئانچە ئېتىبار بىلەن قاراپ كەتمىدى، كەلگۈسى

ئىشلار توغرىسىدا ھېچقانداق مەسلىھەتلەشمىدى. مىرئەھمەدبەگ ئۇنىڭ قورسىقىدىكىنى بىلىپ يەتتى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا چوڭ بېسىم بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ھېچقانداق تەمەدە بولمىدى. «بۇ ئادەم خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرسىلا، مېنىڭ مۇراد - مەقسىتىم ئەمەلگە ئاشقان بىلەن باراۋەر» دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنە لەشكىرىي خىراج ئىشلىرىنى باش تارتماي قىلىۋەردى.

جاھانگىر خوجىنىڭ قەشقەرگە تېگىش خەۋىرى قوقەنت خانى مەدەلىگە بېرىپ يەتتى. ئۇ ياردەم بېرىش ئۈچۈن 8- ئايدا 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەقلەپ قويىدى. جاھانگىر خوجا قەشقەرنى ئېلىشىغا بۇ قوشۇن يېتىپ كەلدى. جاھانگىر خوجا دەرھال قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەرلەرنىمۇ ئالدى. جاھانگىر خوجا ئۆز ئىلكىدىكى 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ يېرىمىغا يەكەننى ئېلىشقا بۇيرۇغان ئىدى. يەكەنگە يۈرۈش قىلغان قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن دەرھال ئۆزى قوشۇن تارتىپ ياردەمگە باردى. جاھانگىر خوجىنىڭ قەشقەرنى ئالغانلىق خەۋىرى ئالتە شەھەرگە بېرىپ يەتكەن ئىدى. ئۇ يەرلەردىكى مەنچىڭ لەشكەرلىرىنىڭ روھى چۈشۈپ، ئۇرۇش قىلىشقا رايى قالمىدى. شۇڭا، جاھانگىر خوجا كۈچىمەيلا يېڭىسار، يەكەن، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئالدى، ھەممە يەردە ئۆزىنى «خان» دەپ جاكارلىدى. مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا ئۇچرى- غان خەلق ئۇنى ھىمايە قىلدى. جاھانگىر خوجا بۇ شەھەرلەرگە ئۆز يېقىنلىرىدىن بەگ - ئامبال تەيىنلەپ، خەلقنى ئادىل باشقۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

× × ×

«جاھانگىر خوجا لەشكەرلىرى خوتەنگە يۈرۈش قىپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پۈتكۈل خوتەن لەرزىگە كەلدى.

مەنچىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ خوتەندىكى لەشكەرلىرى كەينى - كەيىندىن قولدىن كېتىۋاتقان شەھەرلەر توغرىسىدىكى خەۋەرلەر-نى ئاڭلاپ، قارشى تۇرۇشقا رايى يېنىپ قالدى. جاھانگىر خوجا خوتەنگە لەشكەر تارتىپ كەلگەندە، مەنچىلىك لەشكەرلىرى قۇيرۇ-قىنى خادا قىلىپ، تەكلىماكان چۆللۈكىگە قېچىپ، جېنىنى ياقىغا ئالدى. جاھانگىر خوجا خوتەننىڭ سېپىل دەرۋازىسىدىن بوز ئايغىرغا مىنىپ كىرگەندە، قاسىم بايۋەچچە مىڭلىغان لەشكەر-لەرنىڭ سېپىل دەرۋازىسىدىن شۇنداق رەتلىك، ھەيۋەتلىك كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى.

— بايۋەچچەم، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، كۆتكەن كۈنلىرى كەلدىغۇ، كۆز - ياش قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى.

— مەتئېلى، مەن ئۆمرۈمدە ئۆز خەلقىمىزنىڭ مۇنداق ھەيۋەتلىك قوشۇنىنى تۇنجى كۆرۈشۈم. مەن قانداقمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي.

مەتئېلىمۇ ئاران قالغان ئىدى، قاسىم بايۋەچچىنىڭ گېپى تېخى ئۈزۈلمەي تۇرۇشىغىلا ئۈنىنى قويۇۋېتىپ، ھۆڭگىرەك ئېيتىپ يىغلىۋەتتى. خەلق توپىنىڭ شادلىق يېشىدىن ئەگىز ھاسىل بولۇپ، يوللارنى سىم - سىم يامغۇر ياققاندەك نەمخۇش قىلىۋەتكەن ئىدى. مەتئېلى يىغىسىنى توختىتىپ كۆزچاناقلىرىنى سۈرتۈپ، ھەيۋەتلىك قوشۇنغا سۇدىن غاز بويىنىنى سوزغاندەك سوزۇپ قارىدى.

— بايۋەچچە، بەگ ئاكىمىز كۆرۈنمەيدىغۇ.

— باش سەركەردە ئۇرۇشقا قاتناشمايدۇ.

— ئۇرۇش ئاخىرلاشقان تۇرسا، ئەنە ئاۋۇ ئايغىرغا مىنىۋالغان كىشى جاھانگىر خوجا ئىكەن. خان بار يەردە باش سەركەردە چوقۇم بولىدىغان.

— يوقلاك گۇماندا بولمىسىلا مەتئېلى، بەگ ئاكىمىز

قەشقەردە قالغاندۇ. مۇشۇنداق كۈندىمۇ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگىلى كېلىۋاتىدۇ- ھە؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئۇ زاتنىڭ جامالىنى سېغىنىپ، شۇ.

جاھانگىر خوجا خوتەننى پەتھ قىلىپ، بايانات ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ باياناتى پۈتكۈل خەلقنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. خوتەن خەلقى جاھانگىر خوجىنى ئالاھىدە قارشى ئالدى، دوقمۇش - دوقمۇشتا چۈشكۈن ياساپ، جاھانگىر خوجا لەشكەرلىرىنى مولچىلىق بىلەن ئوبدان كۈتتى. خوتەن بايلىرىدىن قاسىم بايۋەچچە قاتارلىقلار نۇرغۇنلىغان كالا - قوي سويۇپ، لەشكەرلەرگە ھاردۇق چېيى بەردى. جاھانگىر خوجا خوتەندە ھاردۇق چىقىرىپ ئۇزاقراق تۇردى، ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ياقۇپ خوجىنى خوتەنگە بەگ قىلىپ تەيىنلەپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قەشقەرگە قايتتى. ئۇ 1826- يىل 10- ئايدا «قەشقەر خانلىقى»نى قۇرۇپ، ئۆزىنى «خان» دەپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «جاھانگىر- خان» دېگەن نام تارالدى.

قاسىم بايۋەچچە خوتەن بايلىرىنى ئۆيىگە يىغىپ، جاھانگىر- خان ھۆكۈمىتىنى قوللاش ئۈچۈن ئىئانە توپلاشقا يېتەكچىلىك قىلدى. خوتەن بايلىرىنىڭ بىر قىسمى نەق مەيداندىلا شاراقشىتىپ ئالتۇن تەڭگىلەرنى تۆكسە، يەنە بەزى بايلار جاھانگىر خوجىغا تازا ئىشەنچ قىلمىغانلىقتىن قۇرۇق ۋەدىلەرنى بەردى. قاسىم بايۋەچچە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ غەزىپى ئۆرلىۋىدى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان مەتئېلى پېشىدىن تارتىپ خۇيىغا ھاي بېرىشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆڭلى نېمە ئۈچۈندۇر بەك غەش بولدى. ناماز ئەسىر بىلەن تەڭ قاسىم بايۋەچچىنىڭ ئۆيىدىن بايلار قايتىپ كېتىشتى.

— تۇۋا، ماۋۇ مۇناپىق بايلارنىڭ تىلىنى چايناپ، بىخۇد بولۇۋېلىشىۋاتقىنىنى. ھۇ لاتا غىلاپ چۈپرەندىلەر، — قاسىم

بايۋەچچە ئۆيدە ئۆزى بىلەن قالغان مەتئىبلىگە سۆزلەپ كەتتى.

— ئۇنداق غەزەپلەنمىسىلە.

— ھەي مەتئىبلى، ئۆزلىرى دەپ باقسىلا.

— ئۇلارمۇ ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ يېتىدۇ. ھەممىنى بىر تاپاق بىلەن ھەيدىگىلى بولماس، بايۋەچچەم.

— شۇنداقتىمۇ دەيمىنا...— قاسىم بايۋەچچە ئەلەمدىن بوغۇلۇپ گېپىنىڭ ئايىغىنى دېيەلمەي قالدى.

ئېرىنىڭ قاتتىق تىرىكىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن روزىخان گەپ قىلالماي دېۋىدى، مەتئىبلى ئۇنىڭغا كۆز ئىشارىتى قىلىپ توسىۋالدى.

قاسىم بايۋەچچە شۇ كۈندىن تارتىپ نېمە ئۈچۈندۇر تازا قاپاق ئاچمايدىغان بولۇۋالدى. راست گەپنى ئېيتقاندا خوتەنلىكلەردىن رايى يېنىپ قالغان ئىدى. «بۇ خەقكە ياخشىلىق ياراشمايدىغان ئوخشايدۇ، باشقىلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركى ئۆز قولىغا كېلىۋاتسىمۇ مەت قىلماي تۇرۇۋاتىدۇ. سەن خەقنىڭ كۆرگۈلۈكۈڭ بار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ باي سودىگەر بولۇپ قالغانلىقىدىن نومۇسى كەلدى.

جاھانگىر خوجىنىڭ بىر نەۋرە تاغىسى ياقۇپبەگ بىلەن قاسىم بايۋەچچە ئانچە ـ مۇنچە ھەمسۆھبەت بولۇپ، تالا ـ تۈزگىمۇ چىقمايدىغان بولۇۋالدى. بايۋەچچە ئاشۇ كۈنلەردە كۇچادىكى توقلىقى رەيھانەمنى يەنە ئەسلەشكە باشلىدى. «بىچارە، سىغىنىش ئوتىدا پۇچىلىنىپ قوقاس بولدۇڭغۇ، بىر دىياردا تۇرۇپ يۈز كۆرۈشەلمەي، ھەي ئىسىت، ھەي ئىسىت. خوتەنگە ياندۇرۇپ كەلسەممۇ بوپتىكەن. بۇ ئەقلىمنىزە...»

× × ×

جاھانگىر خوجىنىڭ «قەشقەر خانلىقى»نى قۇرغانلىق خەۋىرى بېيجىڭدىكى چىڭ ئوردىسىغا بىرىپ يەتتى. داۋگۇاڭ

ـخان چۆچۈپ كەتتى، ئۇ دەرھال ئوردا كېڭىشى ئۆتكۈزدى.
— ئۇلۇغ خان چيەنلۇڭنىڭ شانۇشەۋكەتلىك تارىخىغا داغ كەلتۈرگەن مۇنداق نومۇسسىزلىق زادى قانداق يۈز بەردى؟ ئېيتىڭلار، بۇ ئىشنى نېمىشقا ماڭا بالدۇر خەۋەر قىلىشمايسەن!— دەپ ۋارقىراپ كەتتى. داۋگۇاڭخان شۇ مەيداندىلا غەربىي رايون ئىشلىرىغا مەسئۇل ۋەزىرنىڭ مەنسەپ كۇلاسىنى ئالدۇرۇۋەتتى.
داۋگۇاڭ خان ھەربىر ۋەزىرنىڭ ئالدىغا ھوميىپ باردى. خاننىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرگەن ۋەزىر - ۋۇزىرالار لاغ - لاغ تىترەپ، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈشتى.
— مەن ھەرقايسىڭلارغا ئۇ ئەلنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرۇش دېمىگەنىتىم. سەنلەر چوقۇم ئۇ يەردە زۇلۇمنى ۋايىغا يەتكۈزۈشتۈڭ، ئۇلارنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقىغا زىت كېلىدىغان نامۇۋاپىق ھەرىكەتلەردە بولۇشتۇڭ، ھەسسىلەپ ئالۋان - سېلىق سېلىشتىڭ، غۇرۇر - ۋىجدانىغا تېگىشتىڭ. بولمىسا، ئۇيغۇرلار توپىلاڭ كۆتۈرەمتى؟ ئېيتىڭلار، راستمۇ - يالغانمۇ؟
— خان ئالىيلىرى، بىز ئۆلۈمگە لايىق، خان ئالىيلىرى دانادۇر، بىز بۇ ئىشتىن زادى بىخەۋەر يۈرۈپتۇق. غەزەپ قىلمىغايلا، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچكەيلا،— ۋەزىرلەر خاننىڭ ئايىغىغا ئېسىلىپ، يىغلاپ يالۋۇرۇشتى.
— خاندانلىقىمىز تارىخىغا داغ كەلتۈرگەن شەرمەندىچىلىكنى كۆرۈپ تۇرۇپ غەزەپ قىلمىسام، ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ روھىغا قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟ ئۇلار ياراتقان تارىخنى مەن يىرتىپ تاشلىسام، مېنىمۇ خان دېگىلى، ئەيسىنگىرۇنىڭ پۇشتى دېگىلى بولامدۇ؟ ئاراڭلاردا بوۋا خانلارغا مەسلىھەتچى بولغان ۋەزىرلەر بار. سىلەر بۇنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قولىقىڭلارنى يوپۇرۇپ يۈرۈپسىلەر، خاندانلىقىمىز بەرگەن تۇز سىلەرنى ئۇرماسمۇ؟ غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى مۇرەككەپ، ئۇلارنىڭ رايىغا بېقىپ

سىياسەت يۈرگۈزەيلى، ئالۋان ـ سېلىق مۇۋاپىق بولسۇن دېگەن ئوردىنىڭ كۆرسەتمىسى بارغۇ، بۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىشىسەن؟!— داۋگۇاڭ خان ئۆزىنى باسالماي سۆزلەيتتى.

— بىز ئۆلۈمگە لايىق، بىز ئۆلۈمگە لايىق ئالىيلىرى،— دەپ پېشانىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، خاندىن شەپقەت تىلەيتتى ۋەزىرلەر.

— خان ئالىيلىرى، ئەسلى ئىش مۇنداق،— دەپ خاننىڭ ئايىغىغا ئېسىلدى غەربىي رايون ياردەمچى ۋەزىرى.

— ئېيتە، زادى قانداق؟

— خانلىقنىڭ غەربىي رايونغا چىقارغان سىياسىتى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، ئۇيغۇرلارغا زۇلۇم سالمىدۇق. قۇدرەتلىك چىڭنىڭ ئوبرازى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ياخشى تەسىر قوزغىغان ئىدى. بۇنىڭغا چېگرا سىرتىدىكى دۆلەتلەر يامان غەرەزدە بولۇپ كەلدى. جاھانگىر دېگەن ئالا نىيەت چېگرىدىن كىرىپ، خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ توپىلاڭ كۆتۈردى،— دەپ گەپ يورغىلاتتى غەربىي رايون ياردەمچى ۋەزىرى.

— ھىم،— دېدى داۋگۇاڭ خان،— بۈيۈك چىڭنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئوبرازى ياخشى بولسا، ئۇ خەلق سىرتتىن كىرگەن بىر مالىمانچى ئوغرىغا شۇنداق ئاسانلا ئەگىشىپ كېتەمدۇ؟ بۇ گېپىڭنى بۆشۈكتىكى بالىغا دەپ بەرسەڭمۇ ئىشەنمەيدۇ.

— بۇنىڭ راستلىقىغا كالىلام بىلەن جاۋاب قىلىمەن خان ئالىيلىرى،— دەپ يىغلاپ كەتتى غەربىي رايون ياردەمچى ۋەزىرى.

— ئۇنداقتا، بۇ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشقا سېنى تەيىنلىدىم. سەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامسەن؟

— چىقالايمەن خان ئالىيلىرى.

— ئۇنداقتا، مەن چوقۇم ئاشۇ مالىمانچى ئوغرى جاھانگىر بىلەن يۈزمۇيۈز كۆرۈشىمەن. ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، بېيجىڭغا ئېلىپ كېلىشكە كاپالەتلىك بېرەلەمسەن؟

— كاللام بىلەن كاپالەتلىك بېرەلەيمەن، خان ئالىيلىرى.

— بولىدۇ ئەمىسە،— داۋگۇاڭنىڭ غەزىپى سەل ياندى،— ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلىشىمەن. ئەگەر ئۇ يەردە زۇلۇم، ئالۋان - ياساق كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت، مىللىي ھېسسىياتىنى دەپسەندە قىلىدىغان ئىشلار يۈز بەرگەن بولسا، ھەممىڭنىڭ مەنسەپ كۇلاسىنى ئالدۇرۇۋېتىمەن!

— خان ئالىيلىرى ياشىغايلا، تۈمەنمىڭ يىل ياشىغايلا،— دەپ تۈۋلاشتى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقان ۋەزىرلەر. قارا دىۋان مەھكىمىسى سەل ئەركىنلەشتى.

— قوبۇل تامام،— دەپ، ئىنچىكە ئاۋازدا سوزۇپ تۈۋلىدى باش ئاغۋات.

— ئىجازەت،— دېدى داۋگۇاڭ خان.

— خان ئالىيلىرى تۈمەنمىڭ يىل ياشىغايلا.

داۋگۇاڭ خان قارا دىۋان مەھكىمىسىدىن چىقىپ كەتكەندە، ۋەزىرلەر جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. جاھانگىر خوجىنى يوقىتىشتا، ئىلى جياڭجۈنى چاڭلىنغا تولۇق ھوقۇق بېرىش، ئۇنىڭغا ياك يۈجۈن ۋە ۋۇ لۇڭئا قاتارلىق سەركەردىلەرنى ئوك قول، سول قول ياردەمچىلىككە تەيىنلەش يوسۇنىدا يارلىق چۈشۈرۈلدى. داۋگۇاڭ خان چار پادىشاھنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بىلەن قوقەنت خانلىقىغا بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق جاھانگىر خوجىغا ياردەم بېرىشنى توختىتىش توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى. نۇرغۇن ئالتۇن - كۆمۈش، تاۋار - دۇردۇن بېرىش بەدىلىگە چار پادىشاھنى كۆندۈردى. چار پادىشاھ قوقەنت خانى مەدەلىخانغا يۇمشاق - قاتتىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئۇنى جاھانگىر خوجىغا ياردەم بەرمەسلىككە كۆندۈردى.

مەدەلىخان جاھانگىر خوجىغا ياردەمگە ئەۋەتكەن قوشۇنلىرىنى قەشقەردىن قايتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. خان بۇيرۇقى

ناھايىتى تېز يېتىپ كەلدى. جاھانگىر خوجا بۇ خەۋەردىن ھولۇقۇپ كەتمىدى. چۈنكى، قوقەنت لەشكەرلىرىنىڭ بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشى ئۈنىڭغا چوڭ بىسىم بولۇپ، بىرمۇنچە ئىشلارغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئىشنى ئاقسىتاي دەپ قالغان ئىدى.

× × ×

جاھانگىر خوجا قەشقەر، خوتەننى ئالغاندىن كېيىن، شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن، قەشقەردە لەشكەر ۋە ئىقتىساد توپلاش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇ ئاغزىدا شەھەر ئالدىغان بىرمۇنچە كاززاپلارنى دوست تۇتتى. مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ مەنسەپ كۆلاسىنى يەر ئاستى ئۆيگە سېلىپ قويۇپ، 72 خىل ئۆزگىرىش ئەپسۇنى ئوقۇپلا خەلقچىل قەھرىمانغا ئۆزگىرىۋالغان مۇناپىقلار ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. جاھانگىر خوجا ئۇلارنىڭ شەيتاننى ئوڭدا قويىدىغان نەيرەڭلىرىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ كېڭەشلىرى ئوچۇق - ئاشكارا بولۇپ كەتتى، ھەرقانداق ئادەمگە ئىشەندى، ياخشى - يامانىنى ئايرىمىدى.

مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ قەشقەردىكى ئۇيغۇر مەنسەپدارلىرى ئۆيگە تىقىپ قويغان مەنسەپ كۆلالىرىنى ھەپتىدە بىر كىيىپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئاجىزلاشتۇرماي، مەنچىڭغا تۆلەيدىغان باجنى ئۆز چۆنتىكىدىن چىقىرىپ ئايرىم قويۇپ، مەنچىڭ قوشۇنىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈشتى. ئۇلار جاھانگىر خوجىنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدىمۇ بار ئىدى. خوجىلارنىڭ قاراتاغلىق مەزھىپىدىكىلەر جاھانگىر خوجىغا زەھەر-خەندىلىك بىلەن قارشى تۇراتتى. مىرئەھمەدبەگ بۇنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، ئالتىن ئاتۇشتىن قەشقەرگە كىردى. چىرايلىق سالام - سەھەتتىن كېيىن، جاھانگىرخان تاغدىن - باغدىن گەپ

قىلىپ، ھەرگىز يېقىن يولىمىدى. «تىوۋا، بۇ ئادەمنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ،— دەپ ئويلىدى مىرئەھمەدبەگ لېۋىنى چىشلەپ،— شۇنچىۋالا تۆككەن قان بىكارغا چىقارمۇ؟ ھەي ئىسىت، مۇشۇنداق قىلىۋەرسە، بالايىئاپەت يۈز بەرمەي قالمايدۇ. خەلق يەنە ئازابتا قالىدىغان بولدى».

— ھۆرمەتلىك غازى خان غوجام، ئۆزلىرىگە ئېيتىدىغان گېپىم بار ئىدى،— دېدى مىرئەھمەدبەگ تەگسىز خىياللاردىن ئويغىنىپ.

— خوش، شەيخ ئېيتسىلا.

— غازى خان، بۈيۈك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردىلە، ئاللا ئۆزلىرىگە مەڭگۈلۈك تەخت ئاتا قىلغاي،— دېدى مىرئەھمەدبەگ سەل تۇرۇۋېلىپ،— مەن بۇ توغرىدا بۇرۇن ئۆزلىرىگە كۆپ سۆزلىگەن. سىلى شەھەر ئالغان بىلەن، خەلقنى تېخى ئېلىپ بولمىدىلا. ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، بۇنىڭغا دىققەت قىلىشلىرىنى سورايمەن.

— ھۆرمەتلىك شەيخ، مەن ئۈچۈن غەم يېگەنلىكلىرىگە ھەشقاللا. خان بولغان ئادەمنىڭ گۇمانخور بولۇشى كۆلكىلىك ئىش، كەڭ قورساق بولۇش كېرەك. ھەممىمىز بىر تىل، بىر دىن، ئۆزىمىزگە ئىشەنمىسەك قانداق بولىدۇ- ھە.

— ئۆزئارا ئىشىنىش ئەمىن تاپقان، ئۇلىرى مۇستەھكەم بولغان چاغدا، ئېسىل پەزىلەت بولىدۇ. ئۆزلىرى ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن باشنى قولتۇققا ئېلىپ، قان كېچىپ جەڭ قىلىپ بۈگۈنلىرىنى ياراتتىلا. بۇ ئىشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ھېلىقى ئۈچ ئەڭگۈشتەرنى يادىلىرىدىن چىقارمىسىلا. ئەقىل بىلەن ئىش تۇتسىلا، باشلىرىدىن نۇسرەت ئەگىيدۇ. ئىشنىڭ چوڭى تېخى ئالدىمىزدا، سۇنى كۆرمەي ئالدىراپ ئۆتۈك سالساق، شېھىت بولغانلارنىڭ روھىغا يۈز كېلەلمەيمىز. نۇرغۇن كىشلەر

يەيدىغان - ئىچىدىغىنى بولمىسىمۇ، ئۆزلىرىنى قوللاپ ئات - ئۇلاغلىرىنى، ھەتتا خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئۇزۇك - سۆكلىرىنى ھەدىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ سىلىدىن كۈتىدىغىنى چىن ئەركىنلىك، ئاسايىشلىق غازى خان غوجام...

— بولدى قىلىسىلا شەيخ! مەن باشقىلار سەدىقە قىلىدىغان دىۋانە ئەمەس، ھازىر مەن دېگەن خان،— دەپ، مىرئەھمەدبەگنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى جاھانگىر خوجا.

— ئۆزلىرىنى بىپسۇالسىلا «خان». مەن خەلقنىڭ مەڭگۈلۈك سەلتەنەت قۇچۇشى ئۈچۈن، ئۆزلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۇرۇپ گەپ قىلىۋاتىمەن،— دېدى مىرئەھمەدبەگ جۇدۇننى بېسىپ،— جاھان جاھان بولغاندىن تارتىپ پادىشاھلار ياخشى مەسلىھەت كۆرسەتكەنلەرگە غەزەپ قىلمىغان. ياخشى گەپ جان ئاغرىتىدۇ. ئەمما، پادىشاھ دانا بولىدىكەن، جان ئاغرىتقان ئاشۇ گەپ ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ. خەلقىمىزنىڭ رەڭگىرويى ئەمدىلا توغاچ رەڭگىگە كىردى، دۈشمەننى ھەرگىز سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. سەللىلا كەتكۈزۈپ قويساق، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز. مەن سەملىرىگە سېلىپ قويدۇم، توغرا تاپسىلا قوبۇل قىلالا، بولمىسا ئىختىيارلىرى.

جاھانگىرخان بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋېدى، گېپى ئاغزىدا قالدى. مىرئەھمەدبەگ تۇرالغۇدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ سىرتتا كۈتۈپ تۇرغان شەمشەكباي، خالىقبەگلەر بىلەن ئالتىن ئاتۇشقا يۈرۈپ كەتتى. ئاي يورۇقىدا ئۈچەيلەننىڭ ئاتلىرى پايپاسلاپ يورغىلايتتى. مىرئەھمەدبەگ «ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمەي، تارىختا نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرگە دۇچار بولدۇق. ماۋۇ غوجاممۇ چۈشۈشنى بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ» دېگەننى ئويلىدى. ئۇلار يول بويى گەپلەشمىدى، خالىقبەگ بولالماي قالدى.

— ھەي، شەيخ نەگە ماڭدۇق؟!

— ئۆزلىرى كاتتايلاقتا، مەن بىلەن شەمشەك مەشھەدتىكى كۆنىكمىزگە.
— ئۇنداقتا ئانار پىشىپتۇ - دە، — دېدى شەمشەكباي.
— ئانار پىشىپ يېرىلىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئېغىر ئۇھسىنىپ مىرئەھمەدبەگ.
— ئىسىت، بىچارە خەلقنىڭ تۆككەن قېنى.
— قىيامەت كۈنى كىم گۇناھقا تارتىلاركىن؟
— ھەممىمىز.
ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ، تۈن قوينىدا ئاتلىرىغا قامچا سېلىشتى...



# سەككىزىنچى باب

جاھانگىر خوجا قەشقەردە بىر مەزگىل قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ بىر تەرەپتىن قوقەنت خانلىقىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قەشقەر بايلىرىغا داستىخان سالدى. قەشقەرنىڭ بايلىرى داستىخان ئۈستىدە چوڭ ۋەدىلەرنى بېرىپ داستىخاندىن قايتىپ چىققاندا، مال - دۇنياسىنى ئېلىپ كېچىنى كېچە دېمەي، ئەنجان، كەشمىرلەرگە تىكىۋېتىشتى. قوقەنت خانى مەدەلىمۇ قۇرۇق ۋەدە بېرىپ، جاھانگىر خوجىنىڭ ئەلچىلىرىنى يولغا سالدى.

جاھانگىر خوجا 1827 - يىل 3- ئايدا ئاقسۇغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ يىلىنىڭ باھارى جۇدۇنلۇق كەلدى. يەردىكى توڭ تېخى ئېرىمىگەن، قۇياش قارا بۇلۇتلاردىن تون كىيىپ جاھاننى سۈرلۈك قىلىۋەتكەن ئىدى. جاھانگىر خوجا يول بويى ئۆزىنىڭ جەڭ ھاياتىنى بىر- بىرلەپ ئەسلەپ ماڭدى، خىيالغا مىرئەھمەدبەگ قىستۇرۇلۇپ قالغاندا، ۋۇجۇدى بىرقىسىملا بولۇپ كېتەتتى. مىرئەھمەدبەگنىڭ خانغا خاس قىياپىتى ئۇنىڭ كۆزىگە تىقىلىۋېلىپ، ئارام بەرمەيتتى. جاھانگىر خوجا بىرھازاغىچە قىينىلىپ، ئۇنى كۆز ئالدىدىن يوق قىلدى. كەلپىن ئاچالدىكى چۈشكۈندە، ئۇ مۈگدەك ئارىلاش چۈش كۆردى.

— ھەي خوجا، سەن ئۆلۈپ كەتكەن ئەزىمەتلەرنىڭ يۈزىگە قىيامەت كۈنى قانداق قارايسەن؟ بۇ خەلق ساڭا ئىشىنىپ ھەممە نېمىسىنى دو تىككەن ئىدى. سەن ياخشى - يامانني پەرق ئەتمىدىڭ، مۇناپىقلارنى چۆرەڭگە يىغىۋالدىڭ، شېرىن سۇخەن گەپلەرگە ئىشىنىپ، قورسىقىڭدىكى بارنى قويماي پېيىڭنى قىرقىيدىغانلارغا تۆكۈۋەتتىڭ. قانچىلىك غەيرەتىڭ بولسىمۇ ئۆز پۇتۇڭغا پالتا چاپىسەن، سەن ئۆلۈمگە قاراپ ماڭدىڭ.

— ئاغزىڭنى يۇم ئەبلەخ.

— سەن ئېچىنىشلىق ئۆلىسەن.

— كېلىڭلار، بۇ نائەھلىنىڭ تىلىنى كېسىپ ئىتقا تاشلاپ بېرىڭلار.

— سېنىڭ مۇشۇ خۇيۇڭ بوينۇڭغا بويۇنتۇرۇق سالدى، ئۆپچۆرەڭدىكى ھەممىسى ئىت. ئۇلار سېنىڭ ئارقاڭدىن قاۋاش، تالاش ئۈچۈن ئەگىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

— سېنى ئۆز قولۇم بىلەن چېپىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتمىسەم،— دەپ، كۆچەپ ئالدىغا يۈگۈردى. ئەمما، ئويغىنىپ كەتتى- دە، ئەتراپىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قالدى.

جاھانگىر خوجا خانلىق يۈرگۈزۈشتە كەتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىكلىرىنى ئويلىدى. چۈشىدە كۆرگەن ئادەمنىڭ رەڭگى ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى، ئەمما ئاۋازى ئوخشىمايتتى. ئۇ ئادەمنى جاھانگىر خوجا تونۇدى. «ھەي شەيخ مېنى كەچۈر، مەن سېنىڭ قەدرىڭگە يەتمەپتىمەن، ئەقلىمنى قاغا چوقۇۋاپتۇ. مەن شىمالنى ئېلىپ بولۇپ، بوينۇمغا قارا ئارغامچا سېلىپ، ئالدىڭغا كىرىپ ناماقۇل بولىمەن. ئەمدى مېنى قىينىما، مەن ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، ئېزىلگەن خەلق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدىم. ئۆزۈمنى دېسەم، كۆزۈمنى يۇمۇۋالسام ياكى 5 — 6 قوي، 1 — 2 كالا باقسام، بۇ دۇنيالىقتا ماڭا يېتەتتىغۇ. خەلقنىڭ ھايۋاندەك

ياشاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ، قولۇمغا قىلىچ ئالغانمەن»
دېگەنلەرنى كۆڭلىگە ئەكېلىپ، يۈرىكى پۇچىلاندى.

جاھانگىر خوجىنىڭ قەلبى غەشلىككە تولغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك، سادىق ئادەملىرىدىن سىرىپچاق، جانبېك، سېيتنۇالدىنجانلارنى قەشقەر، پەيزاۋاتلاردا قويۇپ قويغانلىقىنى ئويلاپ پۇشايمان قىلدى. قەشقەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان، لاپىنى قاپتا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان چېقىر كۆز مەسۇم؛ تاز چىراي، ياغاق يۈز ئىمامىددىنلارنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنلىكىدىن چۆچۈپ كەتتى. مىرئەھمەدبەگنىڭ ئادىمى شەمشەكبايىنى كۆز ئالدىغا ئەكەلدى. خالىقبەگنىڭ تەتۈر ئۇستىخان ئوبرازى كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ، لەۋلىرىنى چىشلەپ قالدى. «ئەمدى دۈشمەن قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان چاغدا پۇشايمان قىلماي، ‹يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن يانماپتۇ› دەپتىكەن. ئىش بۇ يەرگە كەلگەندە ئوشۇقچە گۇمان قىلماي، ياراتقان ئىگەم ئۆزى بىر يولىغا سالار» دەپ، ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەردى.

جاھانگىر خوجا ئورنىدىن بالدۇر تۇرغاچقا، چېدىر ئىچىدىن سىرتقا چىقتى. ھاۋا بەكلا بوزۇق ئىدى، توختىماي چىقىۋاتقان سوغۇق شامال ئادەمنىڭ كاچاتلىرىنى ئاچچىق چاقاتتى. جاھانگىر خوجىنىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى تۇيغان مۇھاپىزەتچى خاس يىگىت ھاپىلا - شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەتكە سۇ تەگشەپ بەردى، ئاگغۇچە ئەزان ئاۋازىمۇ چىقتى. جاھانگىر خوجا تاھارەت ئېلىپ، چېدىر ئىچىدە ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن ئۇزاق دۇئا قىلدى، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ ياراتقان ئىگىسىدىن ئىشلىرىغا ئاسانلىق تىلىدى، ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىدىن ئۆكۈندى. ئۇ جايىنامازدىن قوپۇشىغا، مەسۇم بىلەن ئىمامىددىن سالامغا كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھەزرەت غازىخان.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كىرىڭلار،— دېدى جاھانگىر خوجا خۇشياقمىغاندەك.

— بىتاب بولۇپ قالمىغانلا بۈيۈك خان.

— ياق، بۈگۈن ئۆزۈم يالغۇز ناماز ئوقۇغۇم كېپقالدى.

— بىزنى بەك ئەنسىرەتتىلە بۈيۈك خان. ئۇھ، خۇداغا مىڭ شۈكرى، تەنلىرى ساق تۇرۇپتۇ، ئالىلا ئۆزلىرىگە سالامەتلىكنى مەڭگۈ يار قىلسۇن. سىلىنىڭ ساقلىقلىرى خانلىقنىڭ ساقلىقى ئەمەسمۇ.

— ياخشى كۆڭلۈڭلارغا رەھمەت،— دېدى جاھانگىر خوجا. ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆزى قۇلىقىغا بىر خىل ياغلىما، سۈنئىي تۇيۇلدى.

— بۈگۈن توختىماي ئاقسۇ تەرەپكە بېرىۋالساق، دۈشمەنگە تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، بىر ھۇجۇم بىلەن ئاقسۇ، ئۈچتۇرپاننى ئالىمىز غازىخان،— دېدى مەسۇم چېقىر كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— قوشۇننى ئىككىگە بۆلەمدۇق؟

— شۇنداق،— دېدى ياغاق يۈز، تاز چىراي ئىمامىددىن،— دۈشمەن بىزنىڭ ھەيۋىمىزدىن قورقۇپ ئىشتىنىغا چېقىرىۋەتسۇن. يىگىتلىرىمىزنىڭ جاسارىتى تاغنى يېرىشقا يېتىدۇ. شۇڭا، ئاقسۇ بىلەن ئۈچتۇرپاننى بىراقلا ئالساق.

جاھانگىر خوجا بىرپەس ئويلىنىپ تۇرۇپ، ئۇ ئىككىسىگە سۇر بىلەن لاپپىدە قارىۋىدى،كۆزىدىكى بىر پاتمان ئوت سىرتقا تاشقىنلاپ كەتتى. ئۇ ئىككىيلەن جاھانگىر خوجىدىكى ئۆزگىرىشتىن ھولۇقۇپ، ئولتۇرغان جايىدا قېتىپلا قېلىشتى.

— ئايغاقچى ئەۋەتىپ تىڭ تىڭلاپ باقتىڭلارمۇ؟

— تىڭ تىڭلاپ باقتۇق، تىڭ تىڭلاپ باقتۇق.

جاھانگىر خوجا ئۇلارنىڭ ئالدىراپ بەرگەن جاۋاب سۆزىگە ئانچە ئىشەنمىدى. شۇ ئەسنادا جاھانگىر خوجىنىڭ مۇھاپىزەتچى

سى ناشتىلىق تەييارلاپ چېدىرغا ئەكىردى، ئۇلار ھەمداستىخان بولدى. جاھانگىر خوجىنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالدى، ئازراق ناشتىدىن كېيىن دۇئا قىلىندى.

— ئۇنداقتا، دەرھال قوشۇن ئاتلانسۇن!

مەسۇم بىلەن ئىمامىددىن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئالدىراپ-تېنەپ چېدىردىن چىقىپ كېتىشتى...

جاھانگىر خوجىنىڭ 6000 دىن ئارتۇق سەرخىل ئاتلىق قوشۇنى 1827- يىل 3- ئاينىڭ 18- كۈنى ئاقسۇنىڭ قۇمباش دەرياسى[1] ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى. جاھانگىر خوجا ئۇرۇشقا ئۆزى قوماندانلىق قىلماقچى بولۇپ، ھېچقانداق ئادەمدىن مەسلىھەت سورىمىدى. ئۇ مەسلىھەتچىلىرىگىمۇ ئىشەنمەيتتى.

× × ×

ئىلى جياڭجۈنى چاڭلىن خاننىڭ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئىلىدىن زور قوشۇن بىلەن كۇچا ئارقىلىق ئاقسۇغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇ ياردەمچىلىرىدىن ياڭ يۈچۈن، ۋۇ لۇڭئالار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پۇختا ئۇرۇش پىلانى تۈزۈپ چىقتى. ئۇلار قۇمباشقا قوشۇن توپلاپ، جاھانگىر خوجىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. چاڭلىن پۈتكۈل ئۇرۇشقا كېتىدىغان خىراجەتنى كۇچا، ئاقسۇ، باي، ئۈچتۇرپاندىكى يەرلىكلەرگە سېلىق سېلىپ يىغدى. يەرلىكتىكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە بىردىن ئات سېلىق سالدى، لەخمە كولاتتى، كۆۋرۈك سالدۇردى، ھەتتا ئۇلاردىن لەشكەر ئېلىپ ئالدىنقى سەپكە ئورۇنلاشتۇردى.

---

[1] قۇمباش دەرياسى ھازىرقى ئاقسۇ شەھەر سىرتىدىكى جا كۆۋرۈك ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.

قوشتىن چىقىپ سۆرەمگە، سۆرەمدىن چىقىپ قوشقا دۇچار
بولغان يەرلىك خەلق بۇ ئۇرۇش ئۆچۈن ھەم ئەندىن، ھەم گەزدىن
ئازابلىنىشقا مۇپتىلا بولدى. چاگىلىن داۋ گۇاڭ خانىنىڭ يارلىقىنى
پايتىما ئورنىدا چۆرۈۋېتىپ، جاللات قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇر-
دى. كۇچا، ئاقسۇ دىيارىدىكى بايلارغا قاتتىق قوقاق سېلىپ،
پۈتكۈل مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، قاق سەنەم قىلىپ
قويدى، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ يەتتە جەمەتىنى قىرىپ،
ئۇرۇق - پۇشتىنى قۇرۇتۇۋەتتى. چاگىلىنىڭ يىغىۋالغان ئۇرۇش
مەبلىغى جاھانگىر خوجا بىلەن 10 يىل ئۇرۇش قىلىسمۇ يېتىپ
ئاشقۇدەك دۆۋىلەشتى. بۇ دىياردىكى ئۇيغۇر خەلقى زۇلمەت
قاراڭغۇلۇقىدىن ۋەھىمە يېمەيدىغان، بالايىئاپەت ئىشلارنى
تونۇمايدىغان بولدى، كۆزىدىكى ھاياتلىق نۇرى ئۆلۈم بىلەن
ئاخىرقى نۇقتىدا مۆلدۈرلەپ تۇردى.
جاھانگىر خوجىنىڭ قەشقەرىيە تۆزلەڭلىكىدە قىلغان
ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغان بۇ بىچارە خەلق ئەينى ۋاقىتتا قىن-
قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ، ساما سېلىشقان بولسا؛ مانا بۈگۈن
ئۆمرىدە كۆرمىگەن خورلۇق، ئازابلاردىن ئۆتقا چۈشكەن قىلدەك
تولغىنىپ، ئازاب دەردىدىن ئىڭراشقىمۇ قۇربى قالمىدى. ئۇلار-
نىڭ كۆزلىرىدىن ئاققىنى ياش ئەمەس، قان، ئىچكىنى زەرداب
بولدى، مۇشۇ تۇپراقتا تۆرىلىپ ياشاپ قالغانلىقىغا مىڭ داد
دېيىشتى. دەريا - ئۆستەڭلەردە ئاققان سۇمۇ ئازاب ياشلىرى
بىلەن ئۇزاق يىل كۆرۈشمىگەن ئاچا - سىڭىللاردەك دەردلىك
قۇچاقلاشتى. چاگىلىنىڭ قوشۇنى بۇ خەلققە ئادەم تۆگۈل، ھايۋان
قاتارىدىمۇ مۇئامىلە قىلمىدى. ھايۋانچىلىك قەدىرلەنمەيۋاتقان
خەلق زۇۋانى بار گاچىغا ئايلىنىپ، تەقدىرىنىڭ قىسمەتلىرىگە
بويىنىنى ئېگىپ، ھاياتلىق قاچىسىغا شۆكۈردىن سۇ تامچىتىپ،
لەۋلىرىنى قان قىلىپ، «ياراتقان ئىگەم ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرغاي-

ـسەن، ئـۆزۈڭ بىرنىمـە دەرسـەن» دەپ، ھۆتمىتۆشـۈك بولغـان مەيدىسـىنى تۇتـۇپ قېلىشـتى. جاھانگـىر خوجىنىمـۇ ئـاخىرقى ھېسابتا تىللاپ - قارغاشتى.

بـوۋاي - مومـايلار: «ئـۇ ھەزىلـەك خوجـا جـىم ياتسـىچۇ، تېرىقچىلىق، كۆكتاتچىلىق قىلغان بولسىچۇ. بۇ ھۆكۈمەت بىلەن ئېيتىشىپ نېمىمۇ قىلالاتتىكىنتاڭ. بىز بېقىنىپ كۆنگەن خەلق تۇرساق، نېمىمۇ قىلالايتتۇق. نېنىمىزنى ئۇڭ سىپىدە ئاران يەپ سىڭدۈرۈۋاتساق، بىزمۇ ئەجەب يېنىكلىك قىلىپـتىمىز. زۇلۇم تېشىـپ ھەممـە يىرىمـىز كۆيـدى، بـۇنىڭ دەردىنـى قاچانغىچـە تارتـارمىز. بـۇ ھۆكۈمـەت ئەمـدى بىزگـە ئىشـەنمەيدۇ، رۇس گـەپ قىلساق تەتۈر ئاڭلايدۇ. ئېشىكىمىز كۈچەپ ھاڭراپ قويسا، شۇ ھايۋاننىڭمۇ چىشىنى تارتىپ، تىلىنى كېسىدۇ ئەمدى. بىر ئۆمۈر دارۋازلاردەك تانا ئۈستىدە ياشايدىغان بولدۇق- دە، كەلگۈلۈك بىزگـە كەلـدى. ‹ھـالۋىنى ھـېكىم يېسـە، تاياقنى يېتىم يەپتۇ› دېگـەن مۇشـۇ- دە. ھـەي نـادان خوجـا، ھـەي نـادان خوجـا، بـۇ تەرەپتە نەچچە مىڭلىغان خەلقنىڭ كاللىسـى كېسىلەر. ئەزىرايى خـۇدا، بىـزدەك ئـاجىز بەندىلىرىڭگـە ئىچىـڭ ئاغرىسـۇن...» دېيىشىپ، ئېغىزلىرىنى موتۇلدىتاتتى.

3- ئاينىـڭ 23- كۈنـى تـۈن قاراڭغۇسـى، ئاسـماندا بىرمـۇ يۇلتۇز يوق. ئاسمان خۇددى مۇشت يەپ چىشى تۆكۈلۈپ كەتكەن ئېغىزغا ئوخشايتتى. باھـار شـاملى تـۇرۇپ - تـۇرۇپ ئۆزگـىرىپ سوغۇق پۈركۈيتتى. كۈھىقاپنىڭ قاپقىقى كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمـىكىن، شامال بورانغا ئۆزگىرىش ئالدىدا ئىدى. جاھانگىر خوجا ئۆزىنى ئاللانىڭ ئالدىدا ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەندەك سەزدى. تۇيۇقسىز چېقىلغان چاقماقلار زېمىننى پارە - پارە قىلىۋەتكۈدەك ھەيۋە قىلاتتى. گۈلدۈرماما يىراقتىن جاھانگىر خوجا قوشۇنىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا بېسىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ خۇدانىڭ كارامەتلىرىدىن

ئاغرىنمىدى، «تەقدىر - قىسمەت شۇنداق بولسا، بۇنىڭغا ئامال يوق» دەپ ئويلىدى.

جاھانگىر خوجا قوشۇننى تۆتكە بۆلۈپ، قۇمباش دەرياسىغا تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قوزغىدى. ھۇجۇم دەھشەتلىك بولدى، جاھانگىر خوجا ئات ئۈستىدە ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىپ، ئەرش سەركەردىسىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. «پاڭ - پۇڭ» ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازى تەبىئەتنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇردى، ئوقلاردىن چىققان ئوت ئۇچقۇنى جاھاننى يورۇتۇۋەتتى. بۇ قوشۇندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق چاڭلىننىڭ لەشكەرلىرى ھولۇقۇپ كەتتى. ئۇرۇشنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان چاڭلىن قارشى سەپتىكى قوشۇننىڭ جاسارىتىدىن ھەيران قالدى. ياڭ يۈچۈن بىلەن ۋۇ لۇڭئا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، بۇنداق ئۇرۇشنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى.

بۇ جەڭ توختىماي ئىككىنچى كېچىگە قەدەم قويدى. تەبىئەت ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى. ئىككىنچى كۈن كېچىسى قاتتىق يامغۇر ياغدى ۋە بوران بىلەن بىرلىشىپ قارا يامغۇرغا ئايلاندى. جاھانگىر خوجىنىڭ لەشكەرلىرى يېرىم ئايلىق سەپەرنىڭ ھاردۇقى، قارا يامغۇر ھەمدە ئۆزىدىن 10 نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەن ئالدىدا ھالسىراپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوق - دورىلار يامغۇردا ھۆل بولۇپ، مىلتىقلاردىن ئېتىلماي پىستان چاقتى. چاڭلىننىڭ لەشكەرلىرى بۇ پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، جاھانگىر خوجا قوشۇنىغا قول زەمبىرەك ئېتىپ ھۇجۇم قوزغىدى. تەبىئەت ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە بولغان چاڭلىننىڭ لەشكەرلىرى جاھانگىر خوجىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ زەربە بېرىشكە ئۆتتى. جاھانگىر خوجىنىڭ قوشۇنى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندى، 1000 دىن ئارتۇق لەشكەر ئۇرۇشتا قازا قىلدى. ئۇنىڭ ئۇچتۇرپانغا ماڭدۇرغان قوشۇنى پىستىرمىغا ئۇچراپ، بىرسىمۇ ھايات

قالمىدى. جاھانگىر خوجا قۇمباش دەرياسىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن، ئومۇميۈزلۈك مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندى.

مەنچىڭ قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى چاڭلىن دەرھال قوشۇنغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، دۈشمەنگە ئارام بەرمەي زەربە بېرىش پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا ئۆتتى. جاھانگىر خوجا چېكىندى، چاڭلىننىڭ قوشۇنى ئۇنى قوغلاپ، كەلپىندە قاتتىق تۇتۇشتى. 3000دىن ئارتۇق ئادىمىدىن ئايرىلغان جاھانگىر خوجا قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، يەنە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. چاڭلىننىڭ قوشۇنى كەلپىننى قايتۇرۇۋېلىپ، قاتتىق قىرغىنچىلىق قىلدى.

1827- يىل 3- ئاينىڭ 25- كۈنى چاڭلىننىڭ قوشۇنى ئاقسۇدىن مارالبېشىغىچە توختىماي جاھانگىر خوجىغا قوغلاپ زەربە بېرىپ، تاپ باستۇرۇپ كەلدى، مارالبېشى ئارقىلىق قەشقەرگىمۇ ھۇجۇم باشلىدى. 3- ئاينىڭ 29- كۈنى چاڭلىننىڭ قوشۇنى يېڭىئاۋاتتا جاھانگىر خوجا قوشۇنى بىلەن قاتتىق تۇتۇشتى. بۇ ئۇرۇشتا يەنە 3000 دىن ئارتۇق ئادىمىدىن ئايرىلغان جاھانگىر خوجا ھالسىرىغان ھالدا پەيزاۋاتقا چېكىندى. چاڭلىننىڭ قوشۇنى پەيزاۋاتقا دەھشەت بىلەن ھۇجۇم قوزغىدى. پەيزاۋاتتىمۇ جاھانگىر خوجىنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلىپ، 3200 ئادىمى ئەسىرگە چۈشتى. چاڭلىن ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ - چېتىپ، بىر يەرگە يىغىپ، چۆرىسىگە توغراق ئوتۇنلىرىنى خەلققە دۆۋىلىتىپ ئوت قويۇپ، كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى. بۇ ئارقىلىق خەلققە تەنبىھ بەردى.

جاھانگىر خوجا پەيزاۋات بازىرىدىن چېكىنىپ، شاپتۇل يېزىسىغا كەلدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئەڭ قابىل ياردەمچىلىرىدىن سىرپىچاق، جانبېك، سېتىۋالدىجانلار بار ئىدى. ئۇ يەردىكى 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن جاھانگىر خوجىنى پىداكارلىق بىلەن قوغدىدى. بۇ يېزىنىڭ ئەتراپىدىكى يوللارغا ئورا كولاپ، سۇ قويۇپ بېرىپ، قارشىلىق كۆرسىتىپ، چاڭلىننىڭ قوشۇنىنى

توستى. مەنچىڭ قوشۇنى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئۇرۇش قىلىپ، جاھانگىر خوجىنى قوغداۋاتقان 40 — 50 مىڭ ئادەمنى يوقاتتى. بۇ، چاڭلىننىڭ قوشۇنى بىلەن جاھانگىر خوجا تۇتۇشقان ئەڭ دەھشەتلىك ئۇرۇش بولدى. جاھانگىر خوجا رەسمىي ھالىدىن كەتتى. ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ئاكا - ئۇكا بولۇشقان مۇنەۋۋەر، سادىق ئۈچ سەپدىشى سېيتۋالدىجان، سىرىپچاق، جانبېكلەر بۇ ئۇرۇشتا قۇربان بولدى.

جاھانگىر خوجا ئۈچ سەپدىشىدىن ئايرىلىپ، بەشكېرەم، ئاۋاتقا چېكىندى، بۇ يەرنى قوغداۋاتقان قوشۇننى ئېلىپ قەشقەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. كەينىدىن ئارام بەرمەي قوغلاپ كېلىۋاتقان چاڭلىننىڭ قوشۇنى قەشقەرگە ھۇجۇم باشلىدى. جاھانگىر خوجا تۈمەن دەريا بويىغا سەپ تۈزۈپ، مەنچىڭ قوشۇنىغا زەمبىرەك ئېتىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. چاڭلىننىڭ قوشۇنى قىزىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يېڭىشەھەرنى ئىگىلىدى، ئاندىن قەشقەرگە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قوزغاپ، جاھانگىر خوجىنىڭ 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، بىرقانچە مىڭ ئادىمى تەسلىم بولدى.

4- ئاينىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، چاڭلىن قوشۇنىنىڭ بارغانسېرى دەھشەتلىك قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن جاھانگىر خوجا 200 ئادەم بىلەن قەشقەر شەھىرىدىن چېكىنىپ چىقىپ، مۇجى، ئالاي، لاخشا، داۋاسى دېگەن جايلار ئارقىلىق قىرغىزلارنىڭ ساياق قەبىلىسى ياشايدىغان توققۇزتالاغا خۇپىيانە قېچىپ بېرىۋالدى...

× × ×

جاھانگىر خوجىنىڭ قەشقەرنى تاشلاپ قاچقانلىقىدىن

خەۋەر تاپقان يېڭسارد ىكى ئادەملىرى ئالاقزادىلىكتە قالدى. 4-ئاينىڭ 11- كۈنى مەنچىڭ لەشكەرلىرى يېڭسارنى ئىگىلىدى. بۇ دەھشەتلىك ئۇرۇشتىن قورقۇپ كەتكەن يەكەنلىكلەر جاھانگىر خوجىنىڭ ئادەملىرىنى تۇتۇپ بېرىپ، مەنچىڭ قوشۇنىنىڭ قولىغا ئۆتتى. خوتەنلىكلەرمۇ جاھانگىر خوجا تەرەپتىن تەيىنلەنگەن ياقۇپبەگ قاتارلىق توققۇز بەگنى تۇتۇپ، چىڭ قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، جاھانگىر خوجىغا ياردەم قىلغان 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، مەنچىڭ قوشۇنىنىڭ خوتەننى ئېلىشىغا ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشتى.

خوتەندىكى قىرغىنچىلىق قاتتىق بولدى. قاسىم بايۋەچچە ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىنى چىڭ قوشۇنىغا تەقدىم قىلىۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ، يۈرىكى پۇچىلىنىپ، تۇرالغۇسىدا قان قۇسۇپ ياتتى. ئۇنىڭ ئايالى روزىخان نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، ئىككى بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ، چۆچۈپ كەتكەن جەرەندەك كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئولتۇراتتى. شۇ پەيتتە مەتئىبلى ئۆڭسۆلى يوق هالدا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى.

— بايۋەچچە جانلىرىنى ئالسىلا، ئىش چاتاق،— دەپ تىنالماي قالدى.

— نېمە بولدى؟— قاسىم بايۋەچچە ياتقان يېرىدىن دەسسىدە تۇرۇپ سورىدى.

— خوتەن خەلقى جاھانگىر خوجىغا يېقىن ئۆتكەنلەرنى ئومۇميۈزلۈك تۇتۇپ، كاللىسىنى ئېلىپ مەنچىڭ قوشۇنىغا تارتۇق قىلىۋاتىدۇ.

— بالىسىنى يەيدىغان مۈشۈككە ئوخشاپ قالدۇقمۇ بىز!— دەپ غەزەپلەندى قاسىم بايۋەچچە.

— چاپسان بولسىلا بايۋەچچەم، بىر مەزگىل جانلىرىنى ياقىغا ئېلىپ تۇرسىلا.

— خوتۇن، باللارچۇ؟
— مەن بار، تېز بولسىلا. ئۇلار چوقۇم سىلىنى قۇربانلىق قىلغىلى هازىر كېلىشىدۇ.
بۇنى ئاڭلاپ تۇرغان زورىخان بىلەن ئىككى بالا چەكچىيىپلا قالدى. قاسىم بايۋەچچە خوتۇن ـ باللىرىغا قاراپ، هېچ يەرنى كۆڭلى تارتمىدى.
— باللار تۇرسا.
— مۇشۇ باللار ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ياقىغا ئېلىپ تۇرسىلا. هەرگىز بىخۇدلۇق قىلىشقا بولمايدۇ، جېنىم بايۋەچچە،— دەپ يالۋۇردى مەتئېلى.
— ئۇنداقتا، قەيەرگە بارىمەن؟
— لاداخ ئارقىلىق كەشمىر، كابوللاردا بىر مەزگىل پاناهلىنىپ تۇرسىلا، مەن تەييارلىقنى قىلىپ قويىدۇم.
— باللىۋاقىلىرىم ئاۋۋال خۇداغا، ئاندىن ئۆزلىرىگە قالدى.
— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا بايۋەچچەم،— مەتئېلى ئۇنىڭ قولىدىن سۆرەپ ماڭدى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ باللىرى دادىسىدىن ئەگىشىپ يىغلىدى.
— يىغلىماڭلار باللىرىم، مەن هايال ئۆتمەي قايتىپ كېلىمەن. ئاناڭلارنى خاپا قىلماڭلار،— دەپ، قاسىم بايۋەچچە ئايالىغا قارىدى.
روزىخاننىڭ كاچىتى ياش قوناقلىرىغا تولۇپ كەتكەن ئىدى. قاسىم بايۋەچچە قاتتىق ئازابلاندى، بۇرنى قىچىشىپ، كۆزلىرى ئېچىشتى. ئۇنىڭ بۇغدىيىكىگە بىرنەرسە كەپلىشىۋالغاندەك، مىدىرلاتسىمۇ مىدىرلىمايتتى، بىر ئۆمۈر تەقدىر كاجلىقىغا گىلىغىچە پېتىپ قالغاندەك هېس قىلدى. جاهاننىڭ هەممە يېرى كونا كاتقا ئوخشاپ قالغاندەك، دىمى سىقىلدى.
— مەتئېلى بولدىلا، قىسمىتىمدە نېمە بولسا شۇنى كۆرەي.

— ئۇنداق دېمىسىلە بايۋەچچەم،— مەتئىبلى بەك جىددىيلىشىپ يىغلاپ كەتتى،— جاھانگىرخاننىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ياقۇپبەگنىڭ كاللىسىنى كېسىپ تاشلىدى، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن بېرىش-كېلىش قىلغانلارنىڭمۇ كاللىسىنى كېسىش كېرەك دېيىشكەننى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ قالدىم. بەگنىڭ خىيالىنى قىلمىسىلا، سىلى بۇ ئىشلارنى جان-ماللىرى بىلەن قوللىغان تۇرۇقلۇق، قوشقۇنغا ئولتۇرۇپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرسىلا بولامدۇ؟ بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن سەۋەب قىلىش پەرز.

— مېنىڭ ۋەرىسلە دادىسى، بالىلارغا مەن بار،— دېدى روزىخان قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆزىگە ئۇدۇل قارىيالماي.

— دادا، دادا بىزنى تاشلاپ كەتمەڭ،— دەپ يىغلىغانچە يۈگۈرۈپ كېلىشتى بالىلىرى.

قاسىم بايۋەچچىنىڭ يۈرىكى پۇچىلىنىپ كاۋاپ بولۇپ ئۇۋۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئىككى بالىسىنى قۇچاقلاپ، گېپىنى دېيەلمەي بوقۇلدىدى.

— بالىلىرىم داداڭلارنى ماغىلى قويۇڭلار، پات-يېقىندا قايتىپ كېلىدۇ،— دېدى مەتئىبلى.

روزىخان بالىلارنى ئالداپ دادىسىدىن ئايرىۋالدى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن، گەپ قىلىشقا، بالىلارغا قاراشقا ماجالى قالمىغان ئىدى.

— خەير-خوش بالىلىرىم. ئامان بولۇڭلار! ئەلۋىدا خوتەن!...

× × ×

قاسىم بايۋەچچە قارىي قاتارلىق 10 نەچچە يىگىت بىلەن

كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ لاداخ يوللىرىدا كارۋان بولدى. ئۇ مېڭىپ ئىككىنچى كۈنى خوتەن قانلىق ياشقا تولدى. جاھاننىڭ بېشى ئاغرىپ، قۇلاقلىرى پاڭ بولدى. قۇياش ئەلەمدىن ئاچچىق تولغاندى، زېمىن چاك - چاك يېرىلدى. مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان يۈرەكلەر لەختە بولۇپ سېسىپ كەتتى. پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلەپ، كۆزدىن ئاققان ياشلاردا تۈگمەنلەر ئۇن تارتتى.

مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە خىزمەت كۆرسىتىپ، مەنسەپ كۈلاسىغا ئېرىشمەكچى بولغان ھاياتىنىڭ ئاق نانچىلىرى قىلىچـ ـنى يالىڭاچلاپ، جاھانگىر خوجىغا ياردەم قىلغان ۋە ئۇنىڭ 1—2 ئېغىز ياخشى گېپىنى تالا - تۈزدە دەپ سالغان كىشىلەرنى سۈرۈشـ ـتۈرۈپ، ئۆيمۇئۆي تىنتتى. نالە - پەرياد پەلەكنىڭ ئۆگزىسىنى تېشىۋەتتى. قوناق بېشى ئۈزۈلۈشىنىڭ ئورنىغا، ئاشۇلارنىڭ كاللىسى ئۈزۈلدى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە 2000 ئادەمنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولدى. قاسىم بايۋەچچە قېچىپ قۇتۇلغان بىلەن، ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى دەھشەتكە قالدى.

— قاسىم گاداي قېنى، چاپسان ئېيت،— دەپ ۋارقىرايتـ ـتى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ گۇپپاڭچىسى.

— بىلمەيمەن.

— ھەي قانجۇق پاسكىنا،— دەپ تىل سالدى گۇپپاڭچى.

— قانجۇق دېگەن سەن، ئەپتىڭگە، قىلىۋاتقان قىلىقىڭـ ـغا قاراپ باققىنە؟— دەپ بېشىنى تىك تۇتۇپ، ئىككى بالىسىنى قولتۇقلاپ مەزمۇت تۇردى روزىخان.

— ماۋۇ شەرمەندە جالاپىنىڭ نوخلىسىنى ئالمىساق، ئېغىز ئاچمايدىغان ئوخشىمامدۇ!— يەرنى تېپىشلىدى گۇپپاڭچى.

— جالاپ دېگەن سېنىڭ ئاناڭ، جالاپىنىڭ بالىسى سەندەك بولىدۇ. چۈپرەندە غالچا!— دېدى روزىخان ئەلەمدىن بوغۇلۇپ.

— بۇ خوتۇننىڭ قولىدىن ماۋۇ كۈچۈكلىرىنى تارتىڭلار!

گۇپپاگچىنىڭ يېنىدىكى چاپارمەنلەر روزىخاننىڭ ئىككى پۇتىغا چاپلاشقان باللارنى ھاپىلا - شاپىلا تارتىپ، ئاندىن ئايرىپ ئېلىۋالدى.

— ئېرىڭنىڭ نەدىلىكىنى دېسەڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلىسەن، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن،— دېدى گۇپپاگچى ھېجىيىپ.

— باللىرىمنى قويىۋەت!— دەپ ۋۇلقۇندى روزىخان. ئامبۇر-دەك قىسىپ تۇرغان قوللار ئارىسىدىكى ئاجىز تەن ئامالسىز قالدى.

— چاپسان ئېيت!

— باللىرىمنى قويىۋېتىش، بىز بايۋەچچىنىڭ نەگە كەتكەن-لىكىنى بىلمەيمىز،— دەپ باللىرىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ تۇرغان ئانا يىغلاپ كەتتى.

— جىننىڭ تۇمشۇقۇڭغا كەلگەندىمۇ، راستىنى ئېيتمايۋا-تامسەن؟— دېدى گۇپپاگچى ھېچقانداق تارتىنمايلا ۋارقىراپ،— ئاۋۇ كۈچۈكتىن بىرنى ئۆلتۈرۈڭلار!

ئىككى بالا توختىماي يىغلايتتى. ئانا باللارغا قاراپ، بولالماي قالدى. گۇپپاگچىنىڭ «بىرنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگىنىنى ئاڭلاپ روزىخان يىغلاپ يالۋۇردى:

— ئۇنداق قىلماڭلار، بايۋەچچىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيمىز. سىلەرمۇ مۇسۇلمانغۇ، نارەسىدىنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭلار قانداق بارىدۇ، باللاردا نېمە گۇناھ. سىلەرمۇ ئۇيغۇرغۇ، خوتەنلىكقۇ؟ ئۆتۈنۈپ قالاي، باللىرىمغا تەگمەڭلار.

بۇ بىچارە ئايالنىڭ نالە - پەريادى گۇپپاگچىنىڭ بىرەر يېرىنىمۇ چىمىمىدە قىلمىدى. خۇددى قۇملۇقتا سۇ چاچقاندەكلا بىر ئىش بولدى. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان گۇپپاگچىنىڭ ئادەملىرى روزىخاننىڭ بىر ئوغلىنىڭ بېشىنى شارتتىدە كېسىپ تاشلىدى. روزىخان ھوشىدىن كەتتى، يەنە ھوشىغا كەلدى.

— ئىنىگە ھۆرىدىغان مۇناپىق، بېشىڭنى يەرسەن، ئاھ

خۇدا،— دەپ تىللايتتى روزىخان يەردە كاسىچىلاپ ئولتۇرۇپ، چاچلىرىنى چۇۋۇپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ. بىر ئوغلىنىڭ كالىلىسى تېنىدىن جۇدا بولۇپ، ئايرىم يەردە تۇراتتى،— جېنىم بالام، باغرىم بالام،— ئۇ يەنە ھوشىدىن كەتتى، كۆزى ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى، كاللىسىمۇ ئىشلىمىدى.

— ئېيت، ئېرىك زادى قەيەردە.

— ئاناگدىن سورا.

— ئاۋۇ كۆچۈكىنىمۇ ئۆلتۈرۈڭلار.

— ئۆلتۈر، ئۆلتۈر، ئانىنى، بالىنى ئۆلتۈرۈپ ئىنىئام ئالىدىغان مۇناپىق. قىساس يەردە قالمايدۇ،— دەپ، روزىخان يەنە ھوشىدىن كەتتى.

روزىخاننىڭ ئىككىنچى بالىسى قىلىچ بىسىنىڭ ئالدىدا لاغ - لاغ تىترەۋاتقان پەيتتە، مەتئېلى ئىككى قولىغا قوش پالتا ئېلىپ، دەرۋازىدىن ئېتىلىپ كىردى.

— سەنلەرنى قىيما - چىيما قىلىۋەتمىسەم، مۇناپىقلار،— دېگىنىچە نەرە تارتىپ كېلىپ گۇپپاگچىغا بىر پالتا سالدى. پالتا ئۇنىڭ بوينىغا تېگىپ كاللىسى يەرگە ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ تاۋۇزدەك دومىلاپ كەتتى. قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى. مەتئېلى ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۈچىنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈۋەتتى. گۇپپاگچىنىڭ ئادەملىرى كۆپ بولغاچقا، مەتئېلىنى قىيما - چىيما قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ بەدىنى ئۈگرىدەك بولۇپ كەتتى.

روزىخان ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىكى ئالدىدا ئىنسان بولۇپ تۆرەلگەنلىكىدىن سەسكەندى. ئۇنىڭ ئىككىلى بالىسى ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. گۇپپاگچىنىڭ ئادەملىرى ئېسىگە كېلىپ، روزىخاننىڭ بېشىغا قىلىچ چاپتى. روزىخان ھەق - ئادالەت دەپسەندە بولغان، ياۋايىلىق ۋە ياۋۇزلۇققا تولغان، ئىگىسىز قالغان زېمىندىن، ئادەملەردىن خوشلاشقۇسى كەلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى،

روھی كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا چىچىپ قويۇپ، پۇررىدە ئۇچۇپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. دە، خوتەن ئاسمىنىدا بىر ئايلىنىپ غايىب بولدى. گۇپپاگچىنىڭ ئادەملىرى كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، كېچە بىلەن كۈندۈزنى پەرق قىلىشالماي قالدى، ئەقلىدىن ئېزىپ، كۆزلىرىگە ياۋايىلىق قاپسالدى.

كۆك كەپتەرگە ئايلانغان روزىخان كۈندە ئىككى بالىسىنىڭ قەبرىسىگە ئۇچۇپ كېلىپ، قەبرە ئۈستىگە تۇمشۇقى بىلەن دان تاشلاپ تۇردى. خوتەن قانلىق يېشىنى يوشۇرۇشقا ئامال قىلالمىدى. قان تۆكۈلۈش توختىمىدى.

× × ×

جاھانگىر خوجا قەشقەردە ئاران توققۇز ئاي ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ مەغلۇپ بولدى. ئۆز ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان خەلق ئاخىرقى ھېسابتا جاھانگىر خوجىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۇرۇشتا قانلىق باستۇرۇلدى.

جاھانگىر خوجا توققۇزتالادا مۆكۈنۈپ يۈردى. شۇ پەيتتە ئۆزىدىن ئۆتكەن سەۋەنلىكلەر ئۈستىدە ئۇزاق ئويلاندى، لەۋلىرىنى چىشلەپ قاناتتى. نۇرغۇنلىغان جانغا زامىن بولغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، ئۇنىڭ ئۆپكىسى پۇۋدەپ بۇقۇلداپ يىغلايتتى، «ئاشۇ جانلارغا مەن سەۋەبچى» دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. مىرئەھمەدبەگ بىلەن ئالتىن ئاتۇش مەشھەدتە ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرىنى ئەسلىدى. «ئىست، ئەمدى پۇشايماننى ئالدىغان قاچا يوق، ئەجەب قىپتىمەن. ھەي شەيخ، سىنىڭ قەدرىڭگە يەتمەپتىمەن. ئەگەر تەقدىر - قىسمەتتە بەخت قۇياشى مەن تەرەپتە يەنە بىر نۆۋەت پارلايدىكەن، سەن شەيخنى ‹دۆلەت ئاتىسى› قىلىپ تەيىنلىمەيدىغان بولسام. شەمشەكباي، ھەي

شەمشەكباي، ئۇرۇش بىلىمىڭ، پەنتىڭ ھەقىقەتەن مول ئىدى، مەن سېنى چەتكە قاقتىم. بۇ، نېمىدېگەن نادانلىق. يوق يېگەن بولغىيمىتىم. ئەمدى بۇ خەلق خوجىلارغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟ نۇرغۇن قان بىكاردىن تۆكۈلگەن بولارمۇ؟ تەڭرىم ماڭا كۈچ - قۇدرەت، ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلساڭ، مەن ئاشۇ تۆكۈلگەن قانلارغا جاۋاب قايتۇرغان بولاتتىم».

جاھانگىر خوجىنىڭ كۈنلىرى پەيت كۈتۈش بىلەن ئۆتتى. قىرغىزلارنىڭ ساياق قەبىلە باشلىقى جاھانگىر خوجىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىچىدە قارشى ئىدى. ئۇنىڭدىن بالدۇراق قۇتۇلۇش ۋە ئۇنى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىش غەرىزىدە بولدى. ئەمما، ئۇنىڭغا چېقىلىشقا پېتىنالماي، غۇم ساقلاپ يېتىپ پەيت كۈتتى. جاھانگىر خوجىنىڭ قولىدا سەرخىل 500 لەشكەر بار ئىدى. مانجۇلار 1828- يىلىنىڭ چاغان بايرىمىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ، دەسلەپ ماڭغان «كېچىك» دېگەن كونا يول بىلەن ئالتىن ئاتۇشقا كىرىپ، قايتىدىن باش كۆتۈرمەكچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ غەرىزىنى بىلىپ قالغان ساياق قەبىلە باشلىقى ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق ئاتۇشتىكى مەنچىڭ لەشكەرلىرىگە خەۋەر قىلىۋەتتى. 500 كىشىلىك قارا تاغلىقلار قوشۇنىمۇ جاھانگىر خوجىنى پايلاپ تۇراتتى.

جاھانگىر خوجا چاغان مەزگىلىدە ئاتۇشقا كىرىشكە ئاتلىنىپ، قارا تاغلىقلار قوشۇنى بىلەن تۇتۇشۇپ، قاتتىق ئېلىشتى. جاھانگىرنىڭ كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان، چىڭغا خىزمەت كۆرسىتىش كويىدا يۈرگەن پامىردىكى تاجىكلارمۇ قوشۇن تەشكىللەپ، جاھانگىرنىڭ پېيىگە چۈشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قىرغىزلارنىڭ چوڭ باخشى قەبىلىسىمۇ ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەن ئىدى. ئۇلار ئارقا تەرەپتىن جاھانگىرنى قورشاپ زەربە

بىرىپ قىسماققا ئالدى.

چاگلىن ئۆزىنىڭ يارامىلىق سەركەردىسى ياڭ ساگىنى 6000 لەشكەرگە باش سانغۇن قىلىپ جاھانگىر خوجىنى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن، قاراتاغلىقلار قوشۇنىغا ياردەمگە ئەۋەتتى. مەنچىڭ ۋە قاراتاغلىق ئىككى قوشۇنىڭ قورشاۋىدا قالغان جاھانگىر خوجا ھايات - ماماتلىق ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئېلىشىش داۋامىدا لەشكەرلەرنىڭ بىرەرسىمۇ ھايات قالمىدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز تۈن قاراڭغۇسىدا قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ غايىب بولدى. ئەتىسى مەنچىڭ قوشۇنىدىكىلەر بۇ ئۆلۈكلەرنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ، جاھانگىر خوجىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلىشتى.

چاگلىن جاھانگىر خوجىنى تۇتۇش ئۈچۈن، 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى كىچىك تىپتىكى زەمبىرەك بىلەن قوراللاندۇرۇپ ئىزدەشكە كىرىشتى. قوشۇن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئىككى يول بىلەن ئاختۇردى، بىر قىسمى ئۇلۇغچاتقا باردى، ئاندىن تۈنمۇرى ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ئالاي تېغىغا كىردى؛ يەنە بىر قىسمى قەشقەردىن ئوپالغا بېرىپ سارىكۆلدىن ئۆتتى، ئاندىن قىزىلئارت ئېغىزى ئارقىلىق ئالاي تېغىغا كىردى. جاھانگىر خوجىنى ئىزدىگەن لەشكەرلەرگە قارا تاغلىقلار قوشۇنى يول باشلاپ بەردى. ئۇلار تاغ - داۋان، كېچىكلەردىن كېچە - كۈندۈز دېمەي ئۆتۈپ، ساق 20 كۈن ئاۋارە بولدى. جاھانگىر خوجا غايىب بولغان ئىدى.

جاھانگىر خوجا ئاق تاغلىقلار مەزھىپىگە مەنسۇپ ئىدى. قارا تاغلىقلار مەزھىپى جاھانگىر خوجا توپىلىڭىغا باشتىن - ئاياغ دۈشمەنلىك قىلىپ كەلدى. ئۇنى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن، ئالتىن ئاتۇشنىڭ شورۇق، ئىشتاچى، تۆركۆل ۋە باشقا يېزىلاردىن تەشكىللەنگەن 500 كىشىلىك قوشۇن قارا تاغلىقلاردىن ئىدى. ئۇلار جاھانگىر خوجىنىڭ لەشكىرىي ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ، مەنچىڭ لەشكەرلىرىگە ئاخبارات يەتكۈزۈپ تۇردى.

پەيزاۋات، شاپتۇل يېزىلىرىدا جاھانگىر خوجا قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەندە، مەنچىڭ قوشۇنىنىڭ ئۇستۇنلۈكىنى ئىگىلىشىگە 500 كىشىلىك قارا تاغلىق قوشۇن ئىچىدىن ماسلىشىپ، زور ياردەم بەردى. شۇڭا، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئالىي تارتۇقلىدى، خانلىق تەمىناتىدىن بەھرىمەن قىلدى.

جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنىڭ بېسىقتۇرۇلغانلىقى چىڭ ئوردىسىغا ئۇقتۇرۇلدى، داۋگۇاڭ خان خاتىرجەم بولدى. ئەمما، خان جاھانگىر خوجىنى جاھاننىڭ نېرىدىن بولسۇن، تىرىك تۇتۇپ بېيجىڭغا يالاپ ئەكېلىش توغرىسىدا چاكىلىنغا يارلىق چۈشۈردى. چاكىلىننىڭ بېشى قاتتىق قاتتى. ئۇ دەرھال خان يارلىقىنى قوبۇل كۆرۈپ، جاھانگىر خوجىنى تۇتۇش توغرىسىدا قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاتۇشلارغا ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئۇنى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە 200 سەر ئالتۇن ھەدىيە قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېلان قىلدى. قەشقەر دىيارى تەۋرەپ كەتتى. 200 سەر ئالتۇن كىيسلى ھەممە ئادەمگە يۇقتى.

داۋگۇاڭ خاننىڭ يارلىقى قەتئىي بولغاچقا، جاھانگىر خوجىنىڭ باھاسى كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەپ، 200 سەر ئالتۇن 500 سەرگە چىقتى. قەشقەر، ئاتۇشتىكى قارا تاغلىق تەرەپدارلىرى جاھانگىر خوجىنى تۇتۇش بەدىلىگە زور بايلىققا ئېرىشىش تەمەسىدە كېچىسى ئۆگزىدە يەر تىڭشاپ ياتتى. ئۆگزىدە ياتقانلار «تىرىك» قىلغان ناتونۇش تىۋىشنى ئاڭلىسا، تومەنلىگەن باشلار ئۆگزە - ئۆگزىدىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، تەرەپ - تەرەپكە قارىشاتتى، تىۋىش كۆتۈپ قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىنىمۇ بىلىشمەيتتى. ئۆگزىدە ياتقان كىشىلەر سەھەر چۆچۈپ قوپقاندا، بەزىلىرىنىڭ بويىنىغا يەل تۇرۇۋالسا، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئاغزى شامال دارىپ مايماق بولۇپ قېلىۋاتاتتى. بۇ مەزگىلدە پىرىخون -

باخشىلارنىڭ خېلى بازىرى چىقىپ قالدى، ئۇلار داپ چېلىپ «كېسەل داۋالاپ»، يانلىرىنى چىڭدايتتى. زور بايلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئاڭقاۋ خەلق جاندىن ئۆتكەن ئاغرىققا چىداپ، كېچىسى ئۆگزىدە چاشقان ماراپ ياتقان ئوغرى مۈشۈكتەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، تۆننى تاڭغا ئۇلايتتى.

جاھانگىر خوجىنى ئىزدەش قىزغىنلىقى ئومۇمىي كەيپىياتقا كۆتۈرۈلدى. مال - دۇنيا غېمىگە پاتقان كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ ئۆيۈشتى. كونا مازار، تاشلاندۇق تۈگمەن، ھەتتا ئۆگزىسىدىن شامال ئۇچۇپ تۇرىدىغان مەسچىتكىچە كىرىپ ئىزدەشتى.

× × ×

جاھانگىر خوجا سايلىق بويلاپ پىيادە قاچتى. ئۇ يوغان قورام تاشلارنى ئۆزىگە دالدا قىلىپ، قارىسىنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي يول يۈردى. ئۇ بىر قورام تاشنىڭ دالدىسىدا ئۇزاق ياتتى، پۆتكۈل ئەزايى قانغا مىلىنىپ كەتكەن، كۆزىنى قان داغلىرى توسۇۋالغان، پۇتمۇ ئىششىپ كەتكەن ئىدى.

جاھانگىر خوجىنىڭ بۇ تۇرقى تاش ئارىسىدىكى پاتمىچۇققا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىممىتى تاش ئاستىدا ياتقان خەسچىلىك قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەممە تەرەپتىن غايەت زور ۋەھىمە ئۇنىڭغا ھوميىپ تۇراتتى، بۇرنىغا ئۆلۈملا پۇرايتتى، ئۆزىنى تۇرۇپلا قېرىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. ئۇ «بۇزۇلغاننى قايتا تۈزەش ئۈچۈن، نۇرغۇن شەپقەتسىزلىككە ئۇچرايدىكەن» دېگەن خىيالنى قىلىشقا ئاران ماجالى يەتتى، ئويلاي دېسىمۇ كاللىسى يەتمەيتتى.

جاھانگىرخوجا بېشىنى مىڭ تەستە كۆتۈرۈپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا تىكىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى پىژىلدىدى، پىژىلدىغاندىمۇ

پۈتكۈل ئەزايىنى ئاغرىتىپ پىژىلدىدى، «ئالەم ساراڭ بولدىمۇ-نېمە؟» دەپ ئۇزاق ئويلىنىپ كەتتى. «مەن ھۆرلۈك، ئازادلىق ئۈچۈن قان كېچىپ كۈرەش قىلسام، ئۆلۈمنى پىسەنت قىلماي دەريا - دەريا قان تۆكسەم، بۇ خەلق مەن تەرەپتە تۇرماي، ماڭا قارشى مۇشت ئېتىۋاتقىنى نېمىسى، پامىر تاجىكلىرىغا نېمە قىلدىم، قىرغىزلارغىچۇ؟ ئۇلارغۇ بوپتۇ. ئاتۇش ئۇيغۇرلىرى نېمە ئۈچۈن ماڭا شۇنچە ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مەن بىلەن قانلىق جەڭ قىلىشىغا زادى نېمە تۈرتكە بولدى؟» ئاشۇ خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۇماچ، يۈرىكىنى لەختە قىلىۋەتتى.

بوغۇز تەرەپتىن ئۇرغان شامال جاھانگىر خوجىنىڭ كاچىتىنى چىمدىپ ئويغاتتى. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ، پۇت - قوللىرىنى مىڭ تەستە مىدىرلاتتى، كاللىسى ئاغرىۋاتاتتى، ئۇستىخانلىرى سىرقىراپ، ئۆزىنىڭكى ئەمەس ئىدى. قۇياش تولا يىغلاپ كۆزى قىزىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا بۈگۈن ھاردۇق يەتكەن ئىدى، «بىر ئېقىن تېپىپ، ئۇستىۋاشلىرىمنى يۇيۇۋالسام يېنىكلەپ قالاتتىم» دەپ ئويلىدى، ئورنىدىن تۇرۇش بەك ئېغىر كەلدى. ئۇ تۆت ئەتراپقا قاراپ تەمتىرەپ قالدى، «قاياققا مېڭىش كېرەك؟» ئۇ يول مېڭىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك ئېغىر ئۇھ تارتتى. ھايات ئۇنىڭغا تولىمۇ مۇشەققەتلىك بىلىندى، ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

جاھانگىر خوجا يەردە ياتقان تاشلارغا قاراپ، «جانسىزلارنىڭمۇ قىممىتى بولىدىكەن. ئۇلار شۇنداق ئۇيۇشۇپ بىر يەردە تۇرغانلىقىنى قاراڭلار. كونىلارنىڭ ‹تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز› دېگىنى شۇنىڭدىن ئىكەن- دە! مەنمۇ مۇشۇ تۇپراقتا ئەزىز بولامدىمەنكىن دەپ ئىش تەۋرەتكەن ئىدىمغۇ. مېنىڭ ئەزىزلىكىم نەگە كەتتى، مەن ئەزىزلىكىمنى ئۆزۈم يوقىتىپ قويدۇممۇ-قانداق؟ تومۇرداش، قانداش، قەلبداش، تىلداش، دىنداشلى—

ـرىم نىمانچە قىلىدىكىنە؟ توۋا، ماۋۇ قاراتاغلىق ئاتۇشلۇقلار
غالجىرلىقتا تەڭداشسىزغۇ؟ ئۆز قېرىنداشلىرىنى شۇنداقمۇ
رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىشنى قارىمامدىغان. نومۇسسىز
ئەبلەخلەر، تارىختىن قالغان نادان ھېس - تۇيغۇنىڭ قۇللىرى،
ئېرىقنىڭ لاي سۇلىرى. ئۆز قېرىندىشىنى مۇناپىقلارچە ساتقانلار
ئىككىلى ئالەم قارا يۈز بولىدىغانلىقىنى بىلىشەمدۇ بۇ ئەبلەخلەر،
مۇشۇنداق قىلىۋېرىدىكەن، بۇ تۇپراقنىڭ ئاسمىنىدا زۇلمەت
بۇلۇتلىرى قىيامەتكىچە ھۆركىرەيدۇ. زۇلۇم ئوغرىلىرى شەپقەتسىز
قىلىچىنى يالىڭاچلاپ بىگۇناھ جانلار ئۈستىدىكى قۇياشنى
سۇرۇپ، ئەبەدىيلىك قاراڭغۇلۇققا قوغلايدۇ. بۈگۈن دادام
سامساق خوجا چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. توۋا، بىز ئۈچ ئوغۇل
ئىدۇق، چوڭ ئاكام مەتيۈسۈپ، كىچىك ئاكام باۋۇدۇن خوجىلارغا
مەنسۇپ بولمىغان تاجۇتەخت مەندەك كەنجى ئوغۇلغا مەنسۇپ
بولغاندا بىپەرۋالىق، ئۆزىنى بىلمەسلىك خاھىشلىرىنىڭ قۇربانىغا
ئايلىنىپ قالدىم. ماڭا ھۆرمەت قىلغانلارنىڭ ئىززىتىنى بىلمەي،
مانا بۈگۈن «سەئىد جاھانگىر سۇلتان» بولغان كىشى ئىگە -
چاقىسىز، باشپاناھسىز، تىكەندەك يالغۇز قالدىم. ھەي ئىسىت،
تەقدىر - قىسمەت مۇشۇنداقمىتى ئىگەم؟»

جاھانگىر خوجا مومىغا قاتقان كالىدەك، نۇرغۇن ئىرماش -
چىرماش خىيال دۆۋىسىدە چۆرگىلەپ قالدى. «مەندەك ئوغۇلـ
ـنىڭ كەنجىسىگە قەشقەرىيە تارىخىدا زور ئىشنى ۋۇجۇدقا
چىقىرىش بىلەن بىرگە، ۋۇجۇدى رېئاللىقنى قان بىلەن ئاخىر-
لاشتۇرۇش لەۋھۇل مەھپۇز[1]غا پۈتۈلگەن بولغىيمىتتى؟» ئۇ
ئۆتكەن كۈنلىرىدىن سەسكىنىپ كەتتى. «نىمىشقىمۇ ئۇ خەلق
ئۈچۈن مەيدە قېقىپ، قىلىچ ئوينىتىپ، داۋان ئېشىپ يۈرگەنـ

---

① لەۋھۇل مەھپۇز — دۇنيانىڭ بارلىق ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن
ئەرشتىكى ئىلاھىي تاختاي.

ـدىمەن». ئۇ ئاسمانغا قارىدى، ئەمما قۇياشقا قاراشتىن ئۇيالدى، ئەمدى تۇرۇۋەرسەم بولمايدۇ دەپ، تاغدا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، بىرەر ئۆڭكۈرنى ۋاقىتلىق ماكان تۇتۇپ، چاپقۇن ۋەزىيەتتىن ئۆتۈۋېلىپ، ئاندىن قوقەنتكە چىقىپ كېتىشنى ئويلىدى. «مەن ئۆچۈن ھازىر تاغ بىلەن مازارلار ئىشەنچسىز، نەگە مۆكۈۋېلىشىم كېرەك؟ قەشقەرگە كىرىپ كېتەيمۇ-ياق، ئۇتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆيگەن بىلەن ئوخشاش گەپقۇ-بۇ؟ توققۇزتالادا يۈرگەن كۆڭلىرىمدە، قەشقەرلىكلەر مېنى ئىزدەپ، كېچىسى ئۆگزىسىدە ئۇخلىماي يېتىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىغان. ئۇنداقتا، نەگە بارسام بولار. ئاتۇشمۇ خەتەرلىك، قارا تاغلىقلارنىڭ ئەلپازى يامان».

جاھانگىر خوجا قومال تاغقا چىقىپ، بىرەر ئۆڭكۈرنى ماكان ئېتىشنى توغرا تاپتى-دە، ئاشۇ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ مېيى، تېتىر[1]دىن ئۆتۈپ قومال تاغقا كىرىپ كەتتى.

× × ×

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى چاڭلىنىڭ بېشى قاتتى، «خانغا قانداق جاۋاب بېرىمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ، گېلىدىن غىزا تەستە ئۆتىـدىغان بولۇپ قالدى، تۈزۈكرەك ئارامىمۇ ئالالمىدى. «بۇ ئوغرى زادى قەيەرگە غايىب بولدى؟ ئىزدىمىگەن يېرىمىز قالمىدى. ياڭساڭ دېگەن يارىماسمۇ ئۇنى قاچۇرۇپ قويدى. خانغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىش كېرەك؟ لاۋ ياڭ، لاۋ ۋۇلارمۇ ماڭا قاراپ ئىششىپ تۇردى. پۈتكۈل مازار، مەسچىتلەرنىڭ بىرىمۇ قالمىدى، ‹ھەزرەت›[2] تە ئاختۇرمىغان بىرمۇ قەبرە قالمىدى، قاپقارا گۆر ئىچىگىمۇ مازار

---

[1] مېيى، تېتىر — ئاتۇشتىكى يەر-جايناملىرى.

[2] ھەزرەت — «ئاپپاق خوجا» مازىرى.

چاشقىنىدەك كىردۇق. جاھانگىر ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتمىگەندۇ؟ ياق، ئۇ چوقۇم ئاتۇش بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدا، چوقۇم مۇشۇ ئىككى يۇرت ئارىلىقىدا يۈرىدۇ. چوڭدىن - كىچىككىچە توگدىن - پىششىقىچە ھەممە ئادەم ئۇنى ئىزدەپ، 500 سەر ئالتۇن ئېلىش قىزغىنلىقىدا يۈرۈشسە، ئەجەب ئۇ چاشقانغا ئايلىنىۋالغانمىدۇ؟»

چاڭلىن مۇشۇلارنى ئويلاپ ئىچى تىت - تىت بولۇپ، كەچلىرى قاچاندا ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ياڭ يۈچۈن، ۋۇلۇگئا، ياڭ ساڭ قاتارلىق بەگلەرنى چاقىرتىپ قايتا كېڭەش ئۆتكۈزدى.

— ھۆرمەتلىك بەگلىرىم، جاھانگىرنى خان قاتتىق سۈرۈشتە قىلىۋاتىدۇ. بىز ئۇنى تېخىچە تۇتالمىدۇق، قانداق ياخشى تەدبىرىڭلار بار، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئۇنى ئىككى ئاي ئىچىدە تىرىپىرەن قىلىۋېتىپ، شەۋكەتلىك تەختنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتتۇقىيۇ، نەچچە ئاي بولدى ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىغىنىمىز نېمىسى؟— چاڭلىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزلىدى.

ياڭ يۈچۈن، ۋۇلۇگئا ۋە ياڭ ساڭلار يەردىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى.

— ياڭ بېگىم، ھەي، ياڭ بېگىم، ھەممىنى قىلغان سىلى، قولغا چۈشۈپ بولغان ئادەمنى قاچۇرۇۋېتىپ، دومسىيىپ ئولتۇرغانلىرى نېمىسى؟— چاڭلىن ئاچچىقىنى چىقىرىۋاتاتتى. ياڭ ساڭنىڭ يۈرىكى قىسىلىپ لاغ - لاغ تىترەپ كەتتى،— مەن ئۆزلىرىنىڭ جاھانگىرنى يوقىتىش جەڭلىرىدە نۇرغۇن قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەنلىرىنى دېمىسەم، كاللىلىرىنى ئېلىپ خانلىققا ئەۋەتكەن بولاتتىم.

— مەن ئۆلۈمگە لايىق بېگىم، شەپقەتلىرىگە ھەشقاللا. ئۆمۈرۋايەت ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، سىلىنى ھىمايە قىلىمەن،—

دەپ تىزلاندى ياك ساك.

— بولدى، ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا،—دەپ چاگلىن ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

— ھەي لاۋياك، لاۋۋۇ، تېخىچە بىرەر ئىز-دېرىكى يوقمۇ؟

— چاك بېگىم، ئالاي تاغلىرىنى كېزىپ، ھەتتا قوقەنت خانلىقىنىڭ چېگرىسىغىچە ئىزدەپ باردۇق، ئاتۇش، قەشقەر ئاھالىلىرىنىڭ بىرىنى قالدۇرماي ئاختۇرۇپ قېزىۋەتتۇق. خەلق ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالماسلىقى ئۈچۈن، بىرگە ئۈچ ئادەمنى قويدۇق، قىلىدىغان چارە-تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللاندۇق، ئىز-دېرىكىنى ئالالمىدۇق،— ياك يۈچۈن بىلەن ۋۇ لۇڭئا بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— خان يارلىقىدا «قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، جاھاننىڭ نېرىدە بولسا جاھانگىرنى تىرىك تۇتۇپ بېيجىڭغا ئەكېلىڭلار» دېگەن تۇرسا، خانغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمىز؟

— جاھانگىر ھازىر قەشقەر تەرەپتە بولىدىكەن، تۇتۇلماي قالمايدۇ بېگىم، ھەممە ئادەم ئۇنى ئىزدەۋاتىدۇ.

— ئاتۇشتىمۇ بولۇشى ناتايىن، ئۇنىڭغا قارشى قارا تاغلىق خوجاملار چىشىنى بىلەپ تۇرغان تۇرسا، ئاتۇشتىمۇ ھەرگىز تۇرالمايدۇ.

— ئۇنداقتا، ئۇ زادى قەيەردە؟ قىرغىزلارنىڭ يېنىغا بېرىۋالدىمۇيا؟

— ئۇنداق ئەمەس، مۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— بىز ساياق قەبىلىسىنىڭ جاھانگىرغا چاپان ياپقانلىق گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلغان تۇرساق، ئۇلار ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇلار جاھانگىرنى قوغداپ قېلىش نىيىتىدە بولسا، جاھانگىرنىڭ ئاتۇشقا كىرگەندىكى ئىشلىرىدىن ئالدىن خەۋەر بېرەرمىتى؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس،— دېدى چاگلىن.

— ئۇنداق بولسا...— بېشىنى قاشلىدى ياڭ يۈچۈن.
— بىز جاھانگىرنى ئىزدەش ئىشىنى خەلق ئارىسىدا ئومۇمىي خورغا ئايلاندۇرايلى، بۇنى ھەممە ئىشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئىشلەيلى، بىر كۈنمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. لەشكەرلەر كۈندە دېگۈدەك ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇشنى كۈچەيتسۇن. ئۇنى تۇتۇپ بەرمىگۈچە ئاراملىق بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن خەلق ئۇنىڭدىن بىزار بولىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىمۇ سەسكىنىدۇ. بىز ئۇنى ئىزدەشنى كۈندە ئېلىپ بارالىساقلا، ئۇ ئاخىر بىر كۈنى چوقۇم تۇتۇلىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى تەشۋىقاتنىمۇ ئوبدان قىلىش كېرەك، ئۇنىڭغا چاپان ياپقانلارنىڭ يەتتە جەمەتى سۈرۈشتۈرۈلۈپ، كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ھەر يۇرتقا پەرمان چۈشۈرۈلۈپ، كۈندە تەشۋىق قىلىنسۇن،— دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى چاڭلىن.

× × ×

جاھانگىر خوجا قۇمال تاغدا[1] ياۋا توشقان ئوۋلاپ ئىككى ئاينى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى مەيدىسىگە چۈشكەن ئىدى. ئۇ ئادەملەرنى قەۋەتلا سېغىندى، ئادەملەرنىڭ چىرايىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېپقالدى. ياۋا توشقاننى يەۋرسە، ئاغزىغا تېتىمايدىغان بولۇپ قالدى. يالغۇزچىلىق ئۇنىڭ جېنىغا تەگدى، قوقەنتكە چىقىپ كېتىش ئىستىكى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ، تاقىتى تاق بولدى. ئۇ ئاخىر تاغدىن چۈشۈپ، تۈن قاراڭغۇسىدا ماڭغىنىچە «ھەزرەت سۇلتان» مازىرىغا كەلدى.
بۇ، ئەلياتقۇ بولغان چاغ ئىدى. «ھەزرەت سۇلتان»

① قۇمال تاغ — ئاتۇشتىكى تاغنىڭ نامى.

مازىرىدىكى كۆل سۈيى ئاي يورۇقىدا ۋىلىق - ۋىلىق كۆلەتتى. جاھانگىر خوجا كۆلۈۋاتقان كۆل سۈيىدىن ئوچۇملاپ ئىچتى، خۇددى قۇمغا سۇ سىڭگەندەك، ئالىقانلىرىغا سۇ سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ شۇندىلا تولىمۇ قاغجىراپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. جاھانگىر خوجىنىڭ ئۇسسۇزلۇقى تازا قېنىپ، يۈرىكى يايرىدى، تۇمان قاپسىۋالغان قەلبى بىراقلا يورۇپ قالغاندەك بولدى. ئۇ كۆل بويىدىن قوپۇپ، سۇتۇق بوغراخان مەقبەرىسىگە كىردى. ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى گۈمبەز ئىچىدىكى كۆك كەپتەرلەرنىڭ سېزىمىدىن خالىي بولالمىدى، گۈمبەز «غۇق - غۇق»قا توشۇپ كەتتى. ئۇ قەبرىگە ئېسىلىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى، تاۋا قىلدى، مەدەت تىلىدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىچكى دۇنياسى قەبرە ئىچىدىكى ئۇلۇغ زات بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

— بوۋا، جېنىم بوۋا، مېنى كەچۈر، مەن قارا يۈزلۈك قىلدىم بوۋا،— جاھانگىر خوجا قەبرىنى قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ يىغلايتتى. كۆك كەپتەرلەر يىغا ئاۋازىدىن چۆچۈشۈپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىر - بىرىنىڭ تۇمشۇقىغا تۇمشۇقىنى سۇۋۇشۇپ كەتتى،— قەبرەڭدىن چىقىپ، مېنى يېنىڭغا ئېلىپ كەت، بۇ ھاياتلىقتىن تويدۇم. جېنىم بوۋا، مېنى كونا پاختىدەك بۇ تۇپراققا تاشلاپ قويما.

— ئەلمىساقتىن قەبرىدىن چىققان ئادەم يوق، بۇ ئاللانىڭ ھۆكمى. كونا پاختىنىمۇ زەي بىلەن ئاتسا يوتقانغا يارايدۇ، غوجام.

تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن جاھانگىر خوجا چۆچۈپ كەتتى. قولىدا جىنچىراغ تۇتۇۋالغان بىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىدا كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى. جاھانگىر خوجا ئۇ ئادەمنى تونۇپ، ئورنىدىن تۇرغىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېسىلدى.

جاھانگىر خوجا بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاتۇشنىڭ چوڭ

ئۆلما، بايلىرى بارلىق ئاتۇش خەلقىگە مىرئەخمەد شەيخنى
مەنچىلىك ھۆكۈمىتىگە چىقىشتۇرماسلىق توغرىسىدا مەخپىي
خىزمەت ئىشلىگەن ئىدى. چاكلىنىمۇ مىرئەھمەد شەيخنىڭ
نوپۇزىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىگە دۈشمەن كۆپەيتىۋالماسلىق ئۈچۈن،
ھازىرچە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئانچە سۈرۈشتە قىلمىدى.
— مېنى كەچۈرۈڭ، شەيخىم.
— ئۇنداق دېمىسىلە غوجام، ئىنسان دېگەندە سەۋەنلىك
بولىدۇ، گۇناھنى تونۇغانلىقىنىڭ ئۆزى كەچۈرۈم. كىشى ئۆزىنى
كەچۈرۈشنى بىلمىسە، تۈگىشىپ كېتىدۇ،— دېدى مىرئەھمەد-
بەگ قولىدىكى جىنچىراغنى گۈمبەز تەكچىسىگە قويۇپ.
ئۇلار تىنچ - ئامانلىق سورىشىپ، قەبرىنىڭ غەربىي تەرىپى-
-دىكى بورا ئۈستىگە سېلىنغان كىگىز جاينامازدا ئولتۇرۇشتى.
— نەچچە ئاينىڭياقى نەلەردە يۈردىلە، غوجام؟
— توشقانلار ئارىسىدا، تاغلارنىڭ كاۋىكىدا پاناھ تۇتتۇم.
— كۆڭۈللىرىگە كەلسىمۇ ئۇدۇلىغا دەۋېرەي، غوجام.
— دەۋېرسىلە شەيخىم، مېنىڭ كۆڭلۈم توشۇپ كەتتى.
ھەرقانداق گەپنى كۆتۈرۈۋېرىمەن.
— بەك قاراملىق قىلىپتىلا غوجام. مۇشۇ چاغنىڭ ئۆزىدە
مەنچىلىك ھۆكۈمىتى ۋە ساتقۇن قارا تاغلىقلار بىلەن مۇناپىق
بەتبەختلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىزىنى لالما ئىتتەك پۇراپ يۈرۈشىۋاتقان
چاغ. بۇ يەرگە كەلمەسلىكلىرى لازىم ئىدى. مەن ئۆزلىرىنى
قوقەنتكە چىقىپ كەتكەن چېغى دەپ يۈرۈپتىمەن.
— ئادەملەرنى سېغىنىپ كەتتىم، شەيخ.
— بۇ ئادەملەرنىڭ چىرايى ھازىر ئۆزلىرىگە چوڭ ئاپەت
ئېلىپ كېلىدۇ.
— ياۋا توشقانلار بىلەن يۈرۈپ ئۆلگۈچە، ئىنسانىنىڭ
دىدارىنى كۆرەي دېدىم. تەقدىر - قىسمەتتە كەلگىنىنى

كۆرمەسلىككە هەددىم ئەمەس.
— هازىر ئۆزلىرىنىڭ بەدىلى 500 سەر ئالتۇنغا چىقتى.
— بىرەر يوقسۇلغا ئۇچراپ قالسام ئەجەب ئەمەس.
— چاقچاق قىلمىسىلا، مۇشۇنداق چاغدىمۇ چاقچاق قىلالمىدىغان غوجام. هازىر كىشىلەر هارام بىلەن هالالنى ئايرىمايدىغان بولۇۋالدى، قىلىۋاتقان قىلىقلىرىغا قارىسا هەيران قالىدۇ كىشى. بۆشۈكتىكىدىن تارتىپ تۆشۈكتىكىگىچە هەممە خەق سىلىنى ئىزدەۋاتىدۇ. ئۇلارغا قاراپ «نېمە قىلىپ يۈرۈسىلەر؟» دېگەن ئادەمنىڭ بېشىنى چامغۇرنىڭ كۆكىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلاۋاتىدۇ. ئۆزلىرى ئوتنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىلا غوجام. مۇشۇ تاپتا قەبرە ئىچىدىكى مۇردىلارغىمۇ ئىشەنسىلە بولمايدۇ، ئادەملەر شۇنداق بولۇپ كەتتى.
— چۆلدە ئۆلگەندىن بوستاندا ئۆلەي، شەيخ.
— قاراپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ؟ ئۇنداق قىلسىلا، ئۇلار سىلىگە تېخىمۇ ئىشەنمەيدۇ.
— مۇشۇنداق ئىشەنمەسلىكلەرنى مەن كەلتۈرۈپ چىقاردىم.
— ئۇنداق دېمىسىلە، غوجام. كىشىلەردە مەزهەپ كۆپ، ئۇيەرلىك ـ بۇيەرلىك دېگەن گەپمۇ كۆپ.
— نۇرغۇن قان دەريا بولۇپ بىكار ئاقتى، بۇنىڭغا مەن سەۋەبچى.
— بۇ تۇپراقتا هەددى ـ هېسابسىز قان ئاققان، بۇ ئاققان قانلار هاياتلىقنىڭ مەنبەسى. قان ئاقمىسا، ئۆزلۈك يېتىلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. قان ئاقسىلا مۇراد هاسىل بولۇۋەرمەيدۇ...
مىرئەهمەدبەگ بىلەن جاهانگىر خوجا ئۆتكەن ئىشلار، هازىرقى ۋەزىيەت توغرىسىدا پاراڭ قىلىشتى. مىرئەهمەدبەگ بۇ تۇپراقتا ئۇنى پاتقۇزغۇدەك بىرمۇ جاي قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

— ھۆرمەتلىك شەيخ، پەقەت ئامال يوقمۇ؟
— ئامال يوق، جاننى ئاران ساقلاپ تۇردۇق، غوجام.
— ئۇنداقتا، مەن زادى قانداق قىلىمەن؟— دەپ چىركىنى تۇتۇپ قالدى جاھانگىر خوجا.
— بۇ يەردىن چىقىپ كەتسىلە. مەن سىلىگە يول تەييارلىقى قىلىپ بېرەي. دەرھال ئۆزلىرىنى ئېلىپ قاچسىلا، بىر مەزگىل ئاشۇنداق ياشاپ تۇرسىلا، غوجام.
مىرئەھمەدبەگ يانچۇقىدىن 20 سەر يامبۇنى جاھانگىر خوجىغا يول خىراجىتى ئۈچۈن بەردى، يولدا ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن يېمەكلىك تەييارلاپ بەردى ھەمدە ئۇنى ئالدىراتتى.
— غوجام، تاڭ ئېتىشقا ھازىر ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت قالدى. دەرھال ئاتلانسىلا. ماۋۇ مېنىڭ ئېتىمنى مىنىۋالسىلا، ئاتنىڭ تاقىسىنى سۇندۇرۇۋەتتىم. قۇمال تاغ ئارقىلىق مېڭىپ، تاڭ ئاتقاندا ئادەم يوق يەردە ئارام ئالسىلا. ئۆزلىرىگە قايسى يول بىلەن مېڭىشنى دەپ بېرەلمەيمەن. ئەگەر قەشقەرگە كىرىپ ئوپال ئارقىلىق چىقىپ كېتىش نىيەتلىرى بولسا، قەشقەرگە يېقىن قالغاندا ئاتنى ھەيدىۋەتسىلە. سىلى شەھەرگە ئاتلىق كىرسىلە، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالىدىلا.
— ماقۇل ئەمىسە شەيخ، ئامان بولساق چوقۇم كۆرۈشىمىز.
— ياراتقان ئىگەم ئۆزلىرىگە ئامان - ئېسەنلىكنى ئاتا قىلار غوجام،— دېدى مىرئەھمەدبەگ. ئۇلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ مەڭزىنى جۇدالىق ياشلىرى يۇيۇۋەتتى.
جاھانگىر خوجا ئاتقا مىنىپ بىر قامچا شىلتىۋىدى، ئات يورغىلاپ مەشھەدنىڭ غەربىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى. مىرئەھمەدبەگ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، بىرھازا تۇرۇپ كەتتى. پەلەكيات بىلىملىرىدىن خەۋىرى بار مىرئەھمەدبەگنىڭ كۆڭلى ئاغدى، «بۇ، ئەڭ ئاخىرقى ۋىدالى

ـشش بولۇپ قالدىغاندەك تۇرىدۇ،— دەپ پىچىرلىدى ئۇ،— ئاللا، پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ دۇرۇت ئوقۇپ ئەتراپىغا ھۇرۇپ قويدى. سۇتۇق بۇغرا گۇمبىزىدىن كەپتەرلەرنىڭ بۇقۇلدىغان ئاۋازى ئەتراپقا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لالما ئىتلارنىڭ ئانچە ـ مۇنچە قاۋىغان ئاۋازى يىراقلاردىن كېلەتتى...

جاھانگىر خوجا قۇمال تاغدىكى ئىت يولى ئارقىلىق مېڭىپ، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ باردى. مىرئەھمەدبەگنىڭ دېگىنىدەك ئاتنى قويۇۋەتتى. ئۇ ئادەملەردىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ توختىماي مېڭىپ، ئۆگۈنى سەھەردە ئوپالغا يېتىپ بارغاندا كۆڭلى ئارامغا چۈشتى. جاھانگىر خوجا ئۇدۇل ئالاي تېغىغا كىرىپ كېتەي دەپ ئويلاپ تۇرۇپ قالدى. ئەينى چاغدىكى بۇرادىرى مۇھەممەتبەگنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتكۈسى كەلدى. مۇھەممەت ئوپالنىڭ بېگى ئىدى. ئۇ مۇھەممەتبەگنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ، تۇرۇپلا رايى ياندى. «ھامىنى كەپتىمەن، كۆرۈشۈپ ئۆتەيچۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، دەرۋازىنى قاقتى. دەرۋازىنىڭ بىرقانىتى ئېچىلىپ، ئىشىك ئالدىغا بەگنىڭ چاكىرى چىقىپ «كىم بىلەن كۆرۈشىسىز» دېگەندەك، گەپ قىلماي تۇردى.

— مۇھەممەتبەگ بىلەن كۆرۈشىمەن.

— ئۆزلىرى كىم بولىلا، بېگىم؟

— مۇھەممەتبەگكە «قاراقچى» دوستۇڭ يوقلاپ كەپتۇ دەپ ئېيت.

چاكار جاھانگىر خوجىنى قورۇغا كىرگۈزمەي، دەرۋازىنى يېپىپ، ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. جاھانگىر خوجا دەرۋازا تۈۋىدە بىرئاز تۇرۇشىغا دەرۋازىنىڭ بىرقانىتى ئېچىلىپ، ئىشىكتىن ئوتتۇرا بوي، پورداق يۈز، قارىمتۇق كەلگەن، كۆزلىرى ئىتتىك بىر ئادەم چىقىپ، جاھانگىر خوجىنى تونۇماي قاراپ تۇرۇپلا

قالدى. جاھانگىر خوجا ئۇنى بىر كۆرۈپلا تونۇۋالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم مۇھەممەتبەگ،— دەپ سالام بەجا كەلتۈردى جاھانگىر خوجا.

مۇھەممەتبەگ جاھانگىر خوجىنىڭ كۆزىگە قاراپ ھولۇقۇپ كەتتى. دەرھال ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، ئىشىك - تۈڭلۈكلەرنى ھەم ياپتى.

— ۋاي غوجام، ئۆزلىرى ھاياتمۇ؟— پايپېتەك بولۇپ كەتتى مۇھەممەتبەگ. ئۇلار ئىچكەركى دالاندا ئۇزاق سالام - سەھەت قىلىشتى. مۇھەممەتبەگ دەرھال غىزا تەييارلاشقا ئۆيدىكىلەرنى بۇيرۇۋەتتى،— كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم غوجام، بۇ ئۆڭۈممۇ، چۈشۈممۇ؟

— ئۆڭۈڭلار، مۇھەممەتبەگ، مەن ئالاي تېغىغا كىرىپ كېتەي دەپ، يەنە سىلىنى دىلىم تارتىپ كۆرۈشكۈم كەلدى.

— ۋاي رەھمەت، غوجام، ھېلىمۇ يادىلىرىدا باركەنمەن، ياراتقان ئىگىسىگە مىڭ رەھمەت،— دېدى مۇھەممەتبەگ پۈكلىنىپ تەزىم قىلىپ.

ئۇلار خېلى بىر ۋاقىتقىچە پاراڭلاشتى. غىزامۇ تارتىلىپ بولدى. جاھانگىر خوجا ئوخشىغان غىزالارنى تويغۇدەك يەپ، تازا بىر دۇئا قىلىپ، خوشلاشماقچى بولدى.

— مۇھەممەتبەگ، مۇشۇ دەقىقىلەردە مىنى ئوبدان كۈتكىنىڭلىكە نىمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي قالدىم. مەن غىپپىدە كېتەي.

— ئۇنداق قىلمىسىلا غوجام، ئۆزلىرى كۆپ رىيازەت تارتتىلا، ھاردىلا. كۆزلىرىنىڭ ئازراق ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىپ، كۈن كىرگەندە يولغا چىقسىلا.

جاھانگىر خوجىنىڭ كۆزلىرى ئېچىشىپ تىقىلىپ، نەدىندۇر ئۇيقۇ دەھشەت قىستاپ كەلگىلى تۇردى.

— ئالـلانى ئاغزىمغا ئىلىپ قەسەم ئىچىپ بىرەي غوجام، ھەرگىز چاتاق چىقمايدۇ. چاتاق چىقسا، قىيامەت كۈنى ئورنۇمدىن توڭگۇز، ئىشەككە ئايلىنىپ قوپاي غوجام.

جاھانگىر خوجا ئۇنىڭ ئانت ئىچىشىگە قاراپ، ئاخىر ماقۇل كۆردى. ئۇ بىر ياستۇقنى بىشىنى قويدى، تاماقنا سىلىنغان ئۇيقۇ دورىسى كۈچىنى كۆرسەتتى- دە، ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ مىدىر-لىماي قالدى. مۇھەممەتبەگ تۆت چاكىرى بىلەن ئۇنى ئارغامچىدا چەمبەرچاس باغلاپ، چۇشكە يىقىن بولغاندا، مەنچىڭ لەشكەر-لىرىگە تاپشۇرۇپ بەردى. جاھانگىر خوجا كۆشەك ھارۋىدا ئۆزىنى كۆردى. يەرگە قارىۋالغان مۇھەممەتبەگنىڭ پۈتكۈل ئەزايى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن ئىدى.

— ھەي مۇھەممەت، سەن بىلەن قىيامەت كۈنى كۆرۈشـ مەن، سىنىڭ شۇ چاغدا ئورنۇڭدىن توڭگۇزغا ئايلىنىپ قوپقىـ نىڭنى كۆرەرمەن،— دىدى جاھانگىر خوجا كۈلۈپ تۇرۇپ.

مۇھەممەتبەگ چايان چىقىۋالغاندەك بولۇپ كەتتى. مەنـ چىڭ لەشكەرلىرى جاھانگىر خوجىنى يالاپ، كۆشەك ھارۋىنىڭ ئىككى يىنى ۋە كەينىنى چۆرىدەپ مىڭىشتى.

× × ×

جاھانگىر خوجىنىڭ تۇتۇلغانلىق خەۋىرى جاھانغا پۇر كەتتى. 500 سەر ئالتۇن كويىدا مەست - مەستانە بولغانلارنىڭ يۈرىكىگە ئوت كەتتى، قەشقەرنىڭ ئىچى كۇسۇر - كۇسۇرغا تولدى. مۇھەممەتبەگنىڭ ئورنىغا ئۆزى بولۇپ قالمىغان بىچارىلەر يۈزىنى تاملاپ، قىيما - ياما قىلىۋىتىشتى. مۇشۇنىڭ بىلەن قەشقەرىيە تۈزلەڭلىكىدە ھۆكۈم سۈرگەن «جاھانگىر خوجىنى ئىزدەش» سەپىرى ئاياغلاشتى.

خانلىق قىلىچىدىن قورقۇپ تۇرغان چاكىلىننىڭ كۆزى ئەمدى ئۇيقۇغا بېرىپ، كۆڭلى ئارامغا چۈشتى. داۋگۇاڭ خانغا بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە ئۇقتۇرۇلدى. غەربىي رايون ئىشلىرىغا مەسئۇل ۋەزىرلەرنىڭ پاچىقىغا پىت چۈشۈپ، دەرھال چاكىلىنغا مەخپىي يارلىق ئەۋەتتى، بۇ يارلىقتا ئۇنى قىيناپ گەپ قىلالماس قىلىۋېتىش كېرەكلىكى يېزىلغان ئىدى. چاكىلىن ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ يەتتى. چاكىلىن جاھانگىر خوجىنى شەھەرمۇشەھەر سازايى قىلدى، پۈتكۈل خەلققە تىللاتقۇزدى، بىر ئوچۇم كىشىلەرنى تەشكىللەپ قوغۇن - تاۋۇز شاپاقلىرىنى ئاتقۇزدى، ئۇنى قاتتىق قىيىندى، چىشلىرىنىڭ بىرىنى قويماي سۇغۇرۇپ تاشلىدى، ھەتتا تىلىنى سىمغا چىگىپ تارتىپ ئۇزارتىۋەتتى، تىلى دائىم ئىتنىڭكىدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ زۇۋانى مەڭگۈلۈك تۇتۇلۇپ، ئاغزىدىن توختىماي ماغزاپ ئارىلاش شۆلگەي ئېقىپ تۇراتتى. غانجۇ ئىتلارنى قويۇپ بېرىپ تالىتىلغان جاھانگىر خوجىنىڭ كۆزلىرى پۈلتىيىپ قالدى.

1828- يىل 6- ئايدا، جاھانگىر خوجا بېيجىڭغا ئەۋەتىپ بېرىلدى، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرگەن كىشىنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇنى كۆرگەن ۋەزىرلەر چاكىلىندىن رازى بولدى. جاھانگىر ساق ئېلىپ كېلىنسە، ئۇيغۇر ئېلىگە سېلىنغان زۇلۇم - ھاقارەتلەرنى داۋگۇاڭ خانغا دەپ قويسا، ئۇلار كاللىسىنىڭ كېتىشىنى، يامان ئاقىۋەتلەرگە قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. داۋگۇاڭ خان جاھانگىرنىڭ ئاستانىگە ئېلىپ كېلىنگەنلىك خەۋىرىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئورۇنلاشتۇردى. ۋەزىرلەر ئۇنى تۆمۈر قەپەسكە سولاپ كۆرسەتتى، داۋگۇاڭ خان ئۇنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن ۋارقىراپ تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى جاھانگىر يەتتە ئىقلىمدا يوق مەخلۇق ئىدى.

— بۇ زادى نېمە؟

— خان ئالىيلىرى، جاھانگىر خوجا دېگەن مانا مۇشۇ.
— بۇ، ئادەم ئەمەسكەنغۇ؟— دېدى داۋگۇاڭ خان يېگىدىن ياغلىقىنى ئېلىپ، پېشانىسىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.
— شۇنداق خان ئالىيلىرى، بۇ ھايۋاندىن پەرقى يوق مۇناپىق، كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ، بىرمۇنچە بالايىئاپەتلەرنى تېرىدى.
— نېمانداق تەلەتى سەت نېمە بۇ؟
— سەت ئادەمنىڭ قەلبىمۇ سەت بولىدۇ، خان ئالىيلىرى.
— ئۇ گەپ قىلالامدۇ؟— سورىدى خان ئېسىگە كېلىپ.
— «سېنىڭ خانىڭ بىلەن كۆرۈشكۈچە» دەپ تىلىنى تارتىۋاپتۇ خان ئالىيلىرى.
— شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق، خان ئالىيلىرى.
— ئۇنداقتا،— دېدى خاننىڭ غەزىپى ئۆرلەپ،— بۇ مەخلۇقنىڭ ئاشۇ ساڭگىلاپ تۇرغان تىلىنى ئۈز قولۇم بىلەن كېسىپ، ئوردىنىڭ تايغانلىرىغا يەم قىلىمسام.
داۋ گۇاڭ خان يا جىنى - يا زۇۋانى چىقماي، قىيامەت ئازابىنى تارتىۋاتقان جاھانگىر خوجىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. كېيىنكى كۈنلەردە يەنە بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، مەنچىڭ خانى ئۇنى ئوردا تايغانلىرىغا يەم قىلىپ بېرىپتىمىش.
چاڭلىن قەشقەرىيە تۇزلەڭلىكىنى تىنجىتىپ بولغاندىن كېيىن، زۇلۇمنى ئازايتتى. خەلققە ياشاش پۇرسىتى بېرىش ئۈچۈن، جاھانگىر خوجىغا ئەگەشكەنلەر، نىيىتىدىن يېنىپ ھۆ - كۈمەتكە قارشى ھەرىكەتلەردە بولمىغانلارنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىق يوسۇنىدا پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئالتىن ئاتۇشلۇق مىرئەھمەدبەگ، خالقبەگ، شەمشەكباي قاتارلىقلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. جاھانگىر خوجىنى تۇتۇپ بەرگەن ئۇيالنىڭ بېگى مۇھەممەت خوتەنگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەندى. ئەمما،

جاھانگىر خوجا توپىلىڭىغا ياردەم قىلغانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلدى، يەنە بىر قىسمى چەت ـ ياقىلاردا، باشقا ئەللەردە غېرىب بولۇپ، ۋەتەننى سېغىنىپ كۆزلىرىدىن قان ـ ياش تۆكتى.



# توققۇزىنچى باب

ئەمــدى گەپنى كوچادىكى رەيھانەم ۋە ئۇرايىم ھاجىملار-نىــڭ كەچمىشىگــە يۆتكىســەك، ئۇلارنىڭمــۇ كــوچادا كۆرگەن - ئاڭلىغىنى دەپ تۈگەتكۈسىز ئىدى. ئۈينىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرسا، تۈيىقى سىرقىرىمايدىغان ئىش يوقتە. «ۋابا»، «جاھانگىــر خوجــا يېغىلىقــى» ئــۇلارنىڭ بېشــىغا ھــەر خىــل قىسمەتلەرنى تاشلىدى.

«ۋابا تۈگەپتۇ» دېگەن خەۋەر ھايت - ھۇيت دېگۈچە كوچا شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە، رەيھانەم مېگىش يېشىغا توشقان قىزى زىلالەنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىدىن چىقتى. ئۇنىڭ بورىدەك سارغىيىپ كەتكەن چىرايى ئاز - پاز قىزىرىپ قالغان ئىدى. تالا - تۈزدىكى كىشىلەرنىڭمۇ رەڭگىگە قان تېپىپ ئاران ئۇھ دېگەنتى. ئۇلار ئۇدۇل ئۇرايىم ھاجىمنىڭ قورۇسىغا قاراپ يول ئالدى. رەيھا-نەم ئۆزىنى بوگۈن تالاغا تۇنجى قېتىم چىققاندەك ھېس قىلدى. زىلالە خۇددى ھېيت ئويناشقا كېتىپ بارغاندەك خۇشال ئىدى.

ئــۇرايىم ھــاجىم نېمــە بولــدىكىن، قاســىم بايۋەچچىنــىڭ ھېلىقى چۈشىدىن كېيىن خامۇش كېسەللىك تېگىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئــۇ توختىمــاي ھېلىقــى ئىسمى نامەلۇم دەرۋىشنى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. دەرۋىشنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى ئۇنىڭ كاللىسىدا ئۇماچ قايناتقاندەك قايناپتتى، قاسىم بايۋەچچە

قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئىشلار يۈز بەرمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ دەرۋىشكە تېخىمۇ ئىچىكىپ كەتتى، بىكار بولسىلا دەرۋىشنى ئويلايتتى. سودا - سېتىق ئىشلىرىنى باللىرىغا تاشلاپ، ئۆز خىيالى بىلەن بولدى. «ئالەمنىڭ ئىشلىرى قىزىقكەن، تۇيغۇسىز هايات بىپەرۋا ئۆتىدىكەن، بىپەرۋا ئۆتكەن هايات ناهايىتى ئاجىز بولىدىكەن، هېچقانداق تاقابىل تۇرۇش رولى بولمايدىكەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ، هاياتىدىن يەكۈن چىقارغان ئىدى.

ئۇرايىم هاجىم بىر كېچىدىلا قېرىپ، بېلى ئېگىلىپ، قاپقارا قېشىغىمۇ ساقىلىغا ئوخشاش ئاق سانجىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىچى تىتىلدايتتى، ئۇياق - بۇياق چۆرگىلەيتتى، لېكىن باشقىلار بىلەن بۇرۇنقىدەك كۆپ سۆهبەتتە بولمايتتى، پۈتكۈل ئەس - يادى هېلىقى دەرۋىشتە قالغان ئىدى. يىتىمچىلەر، ئاشىقلار، دەرۋىشلەر يىغىلىۋالغان خانىقا، مەسچىتلەرنى ئايلىناتتى، تونۇشلىرى ئۇچرىسىمۇ تونۇماسقا سېلىۋالاتتى. ئۇرايىم هاجىمدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرگەنلەر هەر خىل قىياسلارنى قىلىشىپ پاراڭ سېلىشاتتى.

— بۇ ئادەم ئالتۇن ئۈزۈكتەك ئىدى. بىز مۇشۇنداق ئادىمىمىز بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتۇق. توۋا، بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ؟

— قېرىدى، ئادەم قېرىغاندا مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ.

— مېڭىش - تۇرۇشى باشقىچە، جىن تاسقاپ قويمىغاندۇ؟

— سودىدا زىيان تارتقان گەپ.

— خۇدا ئارغامچىسىنى ئۈزۈن قويۇپ بېرىپ ئاخىر يىغىپتۇدە، كۇچالىقلارغا كۈن بەرمىگەن ئادەم بۇ.

— يوقىلاڭ گەپ قىلماڭلار، كۇچالىقلار بىر ئوبدان كېتىپ بارامدۇ؟ ئۇ كىمنىڭ بىر نېمىنى تارتىۋالغاننى كۆرگەن سىلى.

— بۇ ئادەمنىڭ تېگى ـ تەكتى نەدىن بىلەمسەن؟
— نەدىنكەن؟
— قەشقەر تەرەپلىكمىش.
— خۇدايا شۈكرى، مەن تېخى لاسالىقمىكىن دەپتىمەن. نومۇس قىلىڭلار، ئاتۇشلۇق بولسا نېمە بوپتۇ. تىلى، دىلى، دىنى بىرغۇ.
— ئۇغۇ شۇنداق.
— ئاغزىڭلارغا بېقىپ سۆزلەڭلار قارىي.
— ...
رەيھانەم قىزى زىلالەنى باشلاپ ئۇرايىم ھاجىمنىڭ قورۇسىغا كىردى. پېشايۋاندا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئۇرايىم ھاجىم ئۆلارنىڭ كىرگەنلىكىنى سەزمەي قالدى.
— ئەسسالام ھاجىم ئاتا،— دەپ سالام قىلدى رەيھانەم ئېگىلىپ تۇرۇپ.
ئۇرايىم ھاجىم يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى كۆرۈپ، خىيال چاڭلىرى قونۇپ كەتكەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام قىزىم،— دەپ سالام قايتۇردى ۋە سۇپىدىن پەسكە چۈشۈپ،— كېلە، قىزىم كېلە، بوۋاڭنى سۆيۈپ قوي،— دەپ زىلالەگە قۇچىقىنى ئاچتى. زىلالە ئۇرايىم ھاجىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ بويىنىغا ئېسىلىپ، ئاق سانجىغان ساقىلىغا تامشىپ سۆيۈپ كەتتى. ئۇرايىم ھاجىم زىلالەنى يەردىن كۆتۈرۈپ مەڭزىلىرىگە ساقىلىنى سۈۋاپ ئەركىلەتتى.
— ئاغىپ كەتتى بوۋا، بەك ئاغىپ كەتتى،— دەپ بېشىنى تارتتى، چۈچۈك تىللىرى بىلەن زىلالە.
— ۋاي شەيتان، چوپچوڭلا بولۇپ كەتكىنىنى،— دېدى ئۇرايىم ھاجىم ئۇنىڭ چۈچۈك قىلىقلىرىغا مەسلىكى كېلىپ، ئاندىن زىلالەنى سۇپىغا قويۇپ رەيھانەمگە قارىدى،— قىزىم

بۇگۈن بۆلەكچىلىغۇ،— دېدى.
رەيھانەم قىزىرىپ كەتتى. دەرھال ئۆزىنى ئوڭلىۋېلىپ:
— ئۆزلىرىنى چۈشەپ قاپتىكەنمىز، شۇڭا ئەتىگەندىلا يوقلاپ كەلدۇق،— دېدى.
— ئوبدان بوپتۇ قىزىم، ئوبدان بوپتۇ، كېلىڭلار،— دېدى ئۇرايىم ھاجىم يانچۇقىدىكى بادام مېغىزىدىن 4 — 5 تالنى زىلالەگە تەڭلەپ.
— تەنلىرى سالامەت تۇرغاندۇ، ھاجىم ئاتا.
— خۇداغا شۈكرى ئوبدان قىزىم،— دېدى ئۇرايىم ھاجىم. ئاگىغۇچە ئۇنىڭ كېلىنلىرى چىقىپ رەيھانەم بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.
— كۈندە كەپتۇرسىلا رەيھانەم، مانا دادامۇ ئۆزلىرىنى كۆرۈپ تېتىكلىشىپ قالدى.
ئۇرايىم ھاجىم كېلىنلىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئۇ ھەدەپ زىلالە بىلەن ئويناۋاتاتتى. زىلالە ئۇرايىم ھاجىمنى ئات قىلىپ مىنىۋېلىپ «چو، چو» دەپ كۈلەتتى.
— مانا، مانا،— دەپ ئۇرايىم ھاجىم تۆت پۇتلۇق بولۇپ، پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدىكى تىكمىدە ئېغىناقلاپ ماڭاتتى. زىلالە قىقىقلاپ كۈلۈپ، بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولغان ئىدى.
— زىلالە قىزىم، بولدى قىل بوۋاڭ ھېرىپ كەتتى،— دەپ چاقىردى رەيھانەم. ئانىسىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيۋاتاتتى، رەيھانەم يەنە چاقىردى.
— كىچىك بالا بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن،— دېدى يەردە ئۆملەپ، زىلالەنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈۋالغان ئۇرايىم ھاجىم.
رەيھانەمنىڭ كۆڭلى يورۇپ، يۈرىكى ئېرىپ كەتتى. نەچچە يىلنىڭ ياقى ئاتىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەمگە ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى. تاراملاپ

ئېقىپ تۇرغان ياشلىرى ئىچىدە قاسىم بايۋەچچە كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە بۇزۇلدى. ئۇرايىم ھاجىمنىڭ كېلىنلىرى رەيھانەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ تەسەللى بەردى.

— بولدى قىلىڭ رەيھانەم، يىغلىماڭ. جاھان ئۆڭلاندى، قاسىم بايۋەچچە ئەمدى كېپقالار. يىغلاۋەرسىڭىز ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويىسىز، قېرىپ كېتىسىز.

— نېمە بولدۇڭ قىزىم، يەنە مىشىلداپلا قاپسەنغۇ؟— دېدى ئۇرايىم ھاجىم رەيھانەمگە قاراپ، ئاندىن زىلالەنى ئۈستىدىن يەرگە چۈشۈرۈپ،— بالام، ئاۋۇ ئانىلىرىڭنىڭ يېنىغا بېرىپ ئوينا، بارە قىزىم،— دەپ، زىلالەنى كېلىنلىرىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىۋېتىپ، رەيھانەمنى يېنىغا چاقىردى. رەيھانەم مەڭزىدىكى ياش تامچىلىرى- -نى سۈرتىۋېتىپ، بېشىنى يەرگە تۆۋەن سېلىپ ئۇرايىم ھاجىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كېلە، يېنىمدا ئولتۇر، بىر ئوبدان كېلىپ يامغۇردەك تۆكۈلگۈنىڭ نېمىسى قىزىم؟

— ئۆزلىرىنىڭ ئانا-بالا ئىككىيلەنگە قىلغان ياخشىلىقلى- -رىنى ئۆمۈر بويى قايتۇرالمايمىز ھاجىكا. سىلى بىزنى ئۆز باللىرى- -دىن چارە كۆرۈپ كەلدىلە.

— شۇنىڭغا ياش تۆكۈش كېتەمدۇ. سىلەرنى ماڭا قاسىم بايۋەچچە تاپشۇرغان تۇرسا، كارىم بولمىسا بولامتى بالام.

— بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار ھاجىكا،— دېدى- دە، رەيھانەم يەنە كۆك كەپتەردەك بۇقۇلداپ كەتتى.

— ئۇنداق قىلما قىزىم، يىغلاۋەرسەڭ مېنى خىجىل قىلىپ قويىسەن،— دېدى ئۇرايىم ھاجىم رەيھانەمنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ،— «ۋابا» كېسىلىمۇ تۈگەپتۇ، خۇدا ئامان قىلسا قاسىم بايۋەچچە پات - يېقىندا چوقۇم چىقىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن، كۆڭلۈم تويۇپ تۇرىدۇ.

رەيھانەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ يىغىسىنى توختاتتى. ئۇ بۈگۈن ئۇرايىم ھاجىمنىڭ ئۆيىگە ئېرى توغرۇلۇق بىرەر گەپ ئاڭلاش ئۈچۈن ئاتايىن كەلگەن ئىدى.

— بۇ چاغقا ئۇنتۇپ قالغاندۇ، ھاجىكا،— دېدى رەيھانەم بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي.

— قاسىم بايۋەچچە ئۇنداق ئۈجمە كۆڭۈل ئادەم ئەمەس، قىزىم.

— چوقۇم كېلەرمۇ؟

— خۇدا بۇيرۇسا چوقۇم كېلىدۇ.

— ئىلاھىم دېگەنلىرىڭدەك بولغاي ھاجىكا.

— زىلالەنىڭ مۇشۇ چاغلىرىنى كۆرسە، نېمە دەپ كېتەر ئۇ گاداي،— دېدى ئۇرايىم ھاجىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— تونۇماسمىكىن.

— ئۇنداق دېمە قىزىم، بالا دېگەننى دادىنىڭ باغرى تونۇمايدىغان ئىش يوق.

— بىلمىگەن تۇرسا.

— زىلالەنى بىر كۆرۈپلا بىلىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق بولماي ئەمسە.

ئۇلار قىزغىن سۆھبەتلەشتى. ئۇرايىم ھاجىم بىلەن زىلالە توختىماي پومىداقلىشىپ ئويناشتى. كەچ كىرگەندە رەيھانەم قىزىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى.

× × ×

كۇچانىڭ ئۆرۈك پىششىقى پەسلى قاباھەتلىك، مۇدھىش كۈنلەرگە تولدى. «جاھانگىر خوجا يىغىلىقى» بۇ دىيارغا چاقماق

تېزلىكىدە يېتىپ كەلدى. كۇچالىقلار ئېغىر ساراسىمىگە چۈشتى، پاتىپاراقچىلىقتا ئىشتان ـ كۆڭلەكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ كىيىۋال- ـدىغان ھالەتكە كېپقالغان ئىدى. كىشىلەر ھەممە يەردە توپ ـ توپ بولۇشۇپ، قەشقەر تەرەپتىكى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا پاراڭ قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى كىشىنى بىردەم خۇشال قىلسا، بىردەم تۈگىمەس قايغۇ ـ ئەلەم پەيدا قىلاتتى. ئۇلار خۇددى قىيامەت مەيدانىدا تۇرغاندەك ھېسقا كېپقىلىشقان ئىدى.

بىرنەچچە ئادەم كۇچا دوقمۇشىدا ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى. تاز گەدەن، شوداڭ بوي، سېرىق ساقال كەلگەن بىرى ھە دەپ گەپ بەرمەي سۆزلەيتتى. چۆرىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ، كۆزلىرىنى مىت قىلماي ئاڭلايتتى.

— جاھانگىر خوجا سەئىد ئەۋلادىكەن، ئۇ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، مەنچىڭ لەشكەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپتۇ، نۇرغۇنلىغان ئەركەك مانجۇلار ئايالچە ياسىنىپ قېچىپ يۈرىمىش. ئۇنىڭ قولىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەينى چاغدىكى بايرىقى بارمىش. ئۇ بايراقنى مەنچىڭ لەشكەرلىرىگە قارىتىپ لەپىلدەتسە، قېتىپ قاپتۇمىش. ئۇنىڭ قولىدا ھەزرەت ئەلىنىڭ زۇلپىقارى بارمىش. بۇ قىلىچنىڭ سىرىنى بىلەمسىلەر؟

— بىلمەيمىز.

— ئۇ قىلىچ بارغۇ، بىر شىلتىسا 40 گەز ئۇزىرارمىش، بىراقلا 400 ئادەمنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدىكەن.

— پاھ نېمىدېگەن قۇدرەتلىك.

— ئۇ قىلىچنى جاھانگىر خوجىغا كىم بېرىپتۇ؟

— ھەي، قىلىچ بىلەن بايراق ئەرشتىن چۈشكەنىكەن.

— شۇنداقمۇ، ياپىر.

— جاھانگىر خوجا مانجۇلارنىڭ قولىدىن تۆت شەھەرنى

تــارتىۋېلــىپ، ئــۆزىنى «خــان» دەپ جاكارلاپــتۇ. قەشــقەردىكى پۇتكۇل ئادەم جاھانگىر خوجىنىــڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى يىلتىزىــدىن قۇرۇتۇۋېتىشــكە قەسەم قىلىــپ، بىــز تەرەپكە كېلىشۋاتقۇدەك.

— بېيجىڭغىچە بارامدىكەن؟

— شۇنداق بولماي ئەمسە.

— بۇ يەرگە قاچان كېلىدىغاندۇ.

— ئالــدىرىما، ئــاز قالــدى. مۇشــۇ بىرنەچچــە كــۈن ئىچىــدە يېتىــپ كېلىــدۇ، دەپ ئاڭلىــدىم.

— كىمدىن؟

— كىمدىن ئاڭلىغىنىمنى سوراپ نېمە قىلىسەن. بۇ دېگەن مەخپىــي،— تــاز گــەدەن ئــادەم ئەتىگــەندىن كــۈن قايرىلغىچــە شۇنداق سۆزلىدى.

كىشــلەر ئــۇنىڭ يامــان تەرىپــىدىن تۇتــۇۋالاي دېگــەندە، يوقىلاڭ باھانە كۆرســىتىپ غىپپــىدە غايىــب بولــدى. ھېلىقــى تــاز گــەدەن كۈنــدە ئــورۇن ئالماشــتۇرۇپ پــاراڭ قىلاتتــى، بۇگــۈن سۆزلىگــەن يېرىــدە ئەتىســى كۆرۈنمــەيتتى. ھــەر خىــل گەپلەرگــە گەدىنىگــىچە لىــق تولغــان كــۇچا خــەلقى كــۆڭۈل توختىتالمــاي، ئارىسالدىلىقتا قالدى.

كــۇچا جاھانگــىر خوجا قىزغىنلىقىــدا پــارتلاي دەپ قالغــان ئىدى. نۇرغۇنلىغان يىگىتلەر ئۆزلۈكىدىن يۇرتىنى تاشلاپ قەشقەر تەرەپــكە كېتىشۋاتــاتتى. بــەزى بــايلار بــۇ ئــوت يــۈرەك يىگىــتلەرنىڭ سەپــەر جابــدۇقىنى قىلىــپ بېرىشۋاتــاتتى. قىزغىنلىــق يــۇقىرىغا كــۆتۈرۈلۈپ يەتكەنــدە، ئىلــى جيــاڭجۇنى چــاڭلىن كــۇچا دىيارىغا نۇرغــۇن لەشــكەرلىرىنى باشــلاپ كەلــدى. خــەلق پاتىپــاراقچىلىقتا قالدى، كوچا - كويلاردىكى پاراڭلار توختاپ، ئىشىك - تۈڭلۈكلار ھەم ئېتىلدى. چاڭلىن كۇچادا قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىپ بىر

مەزگىل تۇردى. بۇ مەزگىلدە ئۇ كوچا خەلقىنى زار - زار قاقشاتتى، تۆگمەس سېلىقلارنى سېلىپ پۇل يىغدى. يوقىلاڭ باھانە - سەۋەبلەر بىلەن بايلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. ھەربىر ئائىلىگە بېردىن ئات، ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك سېلىق سالدى. لەشكەرلەرنىڭ بارلىق خىراجىتىنى كوچا خەلقىنىڭ ئۆشنىسىگە يۈكلىدى. ئۇرايىم ھاجىم چاڭلىنىڭ ئەڭ چوڭ نىشانىغا ئايلاندى. چىشىنى بىلەپ پەيت كۈتۈپ تۇرغانلار چاڭلىنغا ئۇنى چاقتى. چاڭلىن ئۇرايىم ھاجىمنى تۇتۇپ، مال-مۈلكىنى مۇسادىر قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

چاڭلىن كەلگەندىن كېيىن، ئۇرايىم ھاجىم سەگەكلىشىپ، بالىۋاقا، نەۋرە - چەۋرىلىرىنى ئىچكىرىگە يولغا سېلىۋېتىپ كەنجى ئوغلى بىلەن يالغۇز قالدى. ھازىرقى پەيتتە، جان ساقلاش ئۈچۈن ئىچكىرى جايلار ئىشەنچلىك بولاتتى. ئۇرايىم ھاجىمنىڭ دەرۋازىسى قاتتىق ئۇرۇلدى. بۇ ئەنسىز ئاۋاز مۇشۇ كۈنلەردە كىشىگە ھېچقانداق ھولۇقۇش پەيدا قىلمايتتى. چۈنكى، بۇنداق بىسەرەمجان ئىشلار بۇ دىياردا كۈندىن - كۈنگە ئاۋۇپ، كىشىلەر كۆنۈپ قالغان ئىدى. ئۇرايىم ھاجىمنىڭ كەنجى ئوغلى دەرۋازا تۈۋىگە جىنچىراغنى تۇتۇپ كەلدى.

— كىم؟— دەپ، دەرۋازا ئۇرغان ئادەمنىڭ نام - ئەملىنى سورىدى.

— كىچىك بەگزادە چاپسان ئىشىكنى ئاچسىلا.

بۇ ناتونۇش ئاۋازدىن ئۇ ئىككىلىنىپ قالدى.

— ئۆزىڭىز كىم؟

— چاپسان ئىشىكنى ئاچسىلا.

ئۇرايىم ھاجىمنىڭ كەنجى ئوغلى ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ھېچقانداق شۇملۇقنىڭ ئالامىتىنى سەزمىدى، كۆڭلىنى توختىتىپ دەرۋازىنى ئاچتى. يوچۇن ئادەم قورۇ ئىچىگە ئالدىراپ كىردى،

ئۇنىڭ پوتكۇل ئەزايى قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئىدى.
— ھاجىم قېنى؟ مېنى ھاجىمنىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىسىلە.
كەنجى ئوغۇل بۇ ئادەمنى دادىسىنىڭ ھوجرىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇلار ناھايىتى قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن، يوچۇن ئادەم ئالدىرىغان ھالدا گەپ باشلىدى.
— گەپنى ئۇدۇلغا دەۋېرەي ھاجىم. ئۆزلىرىنى ئەتە سەھەردە تۇتۇشنى مۇزاكىرە قىلىشتى. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇيقۇم كەلمەي، سىلىگە ئۇقتۇرۇپ قويغىلى كەلدىم. ھازىرنىڭ ئۆزىدە بۇ يەردىن يېتىسىلە.
ئۇرايىم ھاجىم سەل ئۆگكەن بولسىمۇ، ئۆزىنى زورىغا بېسىپ ئېغىر - بېسىق بولۇپ، سورىدى:
— مەن ھۆكۈمەتكە ئالىيىپ قارىمىسام، بۇ نېمە گەپ؟
يوچۇن ئادەم نېمە ئۈچۈندۇر بەك بىئارام ئىدى.
— ئاپىلا، بۇنى سورىماسىلىقلىرى كېرەك ئىدى ھاجىم. ۋاقىتنى ئارقىغا سۈرمەي يولغا چىقسىلا، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۆزلىرىگە خەۋپ يېقىنلىشىدۇ.
— ما بېگىم، بولغۇلۇق بولدى، ماڭا ئېيتىپ بېرىڭە، زادى نېمە ئىش بولدى؟ ئىچىمدە غۇم قالمىسۇن.
— ھۆرمەتلىك ھاجىم، بۇ يەرنىڭ بايلىرى ئۆزلىرىنى جاھانگىر خوجىغا ئىقتىسادىي ياردەم قىلدى، دەپ چاقىلىنغا چېقىشتۇردى. شۇڭا، چاقىلىن ئەتە ئۆزلىرىنى تۇتۇشنى بۇيرۇدى.
— ھۇ نامەرد، خوتۇنتالاقلار، ئاخىر قوينۇڭدىكى زەھەرلىك خەنجىرىڭنى چىقىرىشىپسەن- دە، توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىماقچىمۇ؟ ئىنىڭگە ھۆرگەن ئىت قوتۇر بولىدۇ. سەنلەر مۇشۇنداق كۆرەلمەسلىك كېسىلى بىلەن قىيامەتكىچە قوتۇر كېتىشەرسەن!— ئۇرايىم ھاجىم ئولتۇرغان ئورنىدىن سەكرەپ، يەرنى تەپتى، ئاقارغان چاچ - ساقىلى دىك تۇرۇپ كەتتى.

— ھاجىم، ھازىر ۋەزىيەت مۇرەككەپ. سىلەرنىڭ «چۆلدە يېگەن تاياقنىڭ ئورنى يوق» دېگەن گېپىڭلار بار ئەمەسمۇ، شۇڭا دەرھال بۇ يەردىن كەتسىلە.

— ما بېگىم، سىلىگە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەي قالدىم.

— ئۇنداق دېمىسىلە ھاجىم، ئۆزلىرىنىڭ نان-تۇزلىرىنى كۆپ يېدىم، مېنىڭ سىلىگە قىلغىنىم ماڭا بەرگەن تۇزلىرىنىڭ ھەققى.

— رەھمەت، ما بېگىم.

— تۇرۇت قىلمىسىلا ھاجىم، مەن كېتەي. بۇ يەردە ئۇزاق تۇرسام، باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىمەن.

— ماقۇل ئەمىسە، ما بېگىم،— ئۇرايىم ھاجىم بىلەن ما بېگىم خوشلاشتى. ئۇرايىم ھاجىم ما بېگىمنى ئۇزىتىپ قويغان-دىن كېيىن ئۇزاق ئويلاندى. «بىر غەيرىي مىللەتنىڭ جېنىمغا ئارا تۇرۇپ قويغانلىقى قىزىقتە، ئۆز خەلقىمدىن چىققان مۇناپىق-لارنىڭ قىلىپ يۈرۈشكەن ئىشلىرىنى قارىمامدىغان، مۇشۇنىمۇ خۇداۋەندە كېرىم مۇسۇلمان دەپ قارارمۇ، قىيامەت كۈنى پەيغەم-بىرىمىز شاپائەت قىلارمۇ، تۇۋا، تۇۋا، بۇ خەقنىڭ يارىلىشىدىن مېڭىسىنىڭ بىر نېمىسى كەم».

— دادا، يولغا چىقىلى،— ئۇرايىم ھاجىمنىڭ كەنجى ئوغلى دەرھال سەپەرگە تەييارلىق كۆردى.

— ئوغلۇم، رەيھانەملەر قانداق قىلار؟ ئۇلار بۇ يەردە تىكەندەك يالغۇز قالارمۇ. ئاپلا، نېمىشقا ئۇلارنى ئاكىلىرىڭ بىلەن بىرگە يولغا سېلىۋەتمىگەندىمەن، ئېسىم قۇرۇسۇن،— دېدى ئۇرايىم ھاجىم ئوغلىغا قاراپ.

— ئۇلارغا خېيىمخەتەر يەتمەس، دادا.

— مەن ئۇلارنى قانداق تاشلاپ كېتىمەن بالام.

— هازىرقى ۋەزىيەتتە ئۇلارغا قارىيالمايدىكەنلا، دادا.
ئۇرايىم ھاجىم ئوغلىنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتتى- دە:
— ۋاي بىچارە ئىگە- چاقىسىز شور پېشانىلەر، مانا بۇگۈن سىلەرنى يېتىمنىڭ ئىگىسى قۇدرەتلىك ئاللاغا تاپشۇردۇم،— دەپ يىغلاپ كەتتى.
شۇنداق قىلىپ، ئۇرايىم ھاجىم ئاتا- بالا ئىككىيلەن تۈن كېچىدە كوچادىن غايىب بولدى. ئەتىسى مەنچىلەك لەشكەرلىرى ئۇنىڭ قورۇسىنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلدى. ئۇنىڭ بىرمۇ ئادىمىنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپالماي، ئاخىر كوچادىكى بۇ ئەڭ چوڭ قورۇغا ئوت قويۇپ، كۈلىنى كۆككە سورىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇرايىم ھاجىم كوچا دىيارىغا ئاياغ باسمىدى. كىشىلەر ھەر خىل گەپلەرنى قىلىشىپ يۈردى. بەزىلەر ئۇرايىم ھاجىمنى «چەتكە چىقىپ كېتىپتۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر «ئىچكىرىگە قېچىپ بېرىۋاپتۇ» دېيىشتى. بۇ گەپنىڭ راست- يالغانلىقىنى ئايرىيدىغانغا ئاللا قارىلىقا ئولتۇرغان كۈنگە مۇراجىئەت قىلىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

× × ×

دوقمۇش- دوقمۇشتا پەلپەتىش سۆزلەپ يۈرگەن ھېلىقى تاز گەدەن سىرىق ئادەم مەنچىلەك لەشكەرلىرى كوچاغا توپلاشقان كۈنلەردە يوقاپ كەتتى. ئۇ ھاجىنسا سەتەڭنى ئەرەنچە ياساندۇرۇپ، ئالداپ ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ھاجىنسا سەتەڭ تۇيۇقسىز قىيامەت قايىم بولغاندەك، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ، خۇددى ئۆزىنى تاغار ئىچىگە سولاپ ئاغزىنى بوغۇچلاپ غانجۇ ئىتلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويغاندەك ئەنسىزلىك ھېس قىلدى. ئۇ ھېلى قويغان، ھېلى قىلغان ئىشلىرىنى زادىلا بىلەلمەيتتى.

ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئادەم ناتونۇش، قاپقاراڭغۇ ئىدى. مېھىر-مۇھەببەت، پاناھلىق، ئىللىق چىراي ئېچىشلار دوزاختا قاپسىلىپ قالغاندەك بىلىندى. ئەڭ چوڭ رەھىمسىزلىك شەپقەتسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئالەمنى ھاپىلا قىلىپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك كۆرۈندى.

ھاجىنىسا سەتەڭنىڭ ئەينى چاغلاردىكى گۈزەللىككە تولغان چىرايىغا ئەڭ چوڭ ھېرىس قىلىدىغان ئادەم دەل ھېلىقى تاز گەدەن سېرىق ئادەم ئىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، تاڭدىن كەچكىچە يوتقان ئىچىدە ھاجىنىسا سەتەڭنى خىيالىي قۇچاقلاپ، تامبال ۋە كۆرپىلىرىنى يېلىم سۈرتكەن دوپپا ئەستىرىگە ئايلاندۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆرۈمسىز تۇرۇلۇپ قالغانلىقىدىن ئاغرىنىپ، تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىسىنى تاشلىۋېتىپ، كوچىغا قېچىپ كېلىپ، ئىتتىك ئاغزى، قايماق تىلى ئارقىلىق كوچا خەلقىنىڭ كۆڭلىنى تېزلا ئۇتۇپ، بۇ يەرگە سىڭىشىپ كەتكەن، ئۇنىڭ قانداق جان بېقىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى كۆرۈمسىز بولسىمۇ، كىيىنىش-يۈرۈشى پاكىز، تاز بولغان بىلەن گەدىنى قارىداپ قالمايتتى، دائىم كىيىپ يۈرگەن ئاق كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى ئاپئاق تۇراتتى. بۇ تاز گەدەن سېرىق ئادەم زوڭزىيىپ ئولتۇرسا، ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى تۈرۈۋېتىپ ئولتۇراتتى، مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ نەچچە سائەت پاراڭ سالالايتتى. ئۇ كېچىسى يوتقانغا كىرگەندە بىرىنچى قېتىم دەيدىغىنى: «خەپ توختاپتۇر ھاجىنىسا سەتەڭ، ھاجىنىسا سەتەڭ بولغىنىڭغا تويدۇرۇۋەتمىسەم» دەپ، كالپۇكىنى چىشلەپ قەسەم قىلاتتى.

تاز گەدەن سېرىق ئادەمنى تونۇيدىغانلار ئۇنى «قازىلەك» دەپ ئاتايتتى. بەلكىم ئۇنىڭ ئىسمى قازىل ياكى قازىدۇر ۋەياكى باشقىدۇر. قازىلەك ھەييارلىقتا شەيتاننىمۇ ئوڭدا قويۇپ، ھاۋا

تاپان قىلىپ ياشاپ كەلگەنلىكىنى ئىنس - جىن بىلمەيتتى. ئۇنىڭ هازىرغىچە هايات مۇساپىسىدە، «خەپ توختاپتۇر هاجىنسا سەتەڭ» دېگەن بىرلا ئۇقۇم ئەڭ چوڭ هۆكۇمرانلىق ئورۇنىدا تۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئاي - يىللارنى ئاشۇنداق «خەپ» بىلەن ئۆتكۈزدى. هاجىنسا سەتەڭ ئۇنىڭ ئۆزىگە شۇنچىلىك يېقىنلىق قىلىشىدىن سەسكىنەتتى، چۈشىن قورۇغاندەك قوروپ تۇراتتى. قازىلەك كۈندە بىر قېتىم بولسىمۇ هاجىنسا سەتەڭنى كۆرۈۋېلىپ، ئاندىن باشقا ئىشلىرىنى قىلاتتى.

— ياخشىمۇسىز سەتەڭ؟

— ئوهۇش، ماۋۇ يەنە ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ كەلدى.

— ئۇنداق قىلماڭ گۈزەل قىز، بىزدىمۇ كۆڭۈل بار.

— ۋاي قانداق قىلاي. كۆزىنىڭ كىرىدەك ئۆتەپ تېشىپ، ماۋۇ نېمە دەيدۇ.

— كۆزىڭىزگە كىر بولسام مەيلىتى.

— ئۆتەپ بارە.

— رەهمەت خېنىم، ماڭا گەپ قىلغىنىڭىزغا.

— تازا بىر بۇدۇشقاق تازكەنغۇ بۇ...

— ...

قازىلەك دەشنام يېسىمۇ هەسەل يېگەندەك لەززەتلىنەتتى. «بۇدۇشقاق تاز» دېگەن بۇ گەپنى سەتەڭنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ، تاز بېشىغا خۇددى ئالتۇن لىباس ئارتىلغاندەك تۇيغۇغا كەلدى. «تاز»لىقىدىن خۇرسەن بولدى. ئىككى يېغىلىق، يەنى «ۋابا» بىلەن «جاهانگىر خوجا» يېغىلىقى هەممە ئادەمنى ساراسىمىگە سالغان پەيتتە، قازىلەكنىڭ تازا نامى چىقتى. قەشقەرىيە تۇزلەڭلىكىدە بولۇۋاتقان ئىشلار كۈندە دېگۈدەك ئاشۇنىڭ ئاغزىدىن پۈتكۈل كوچا دىيارىغا تارقىلاتتى.

— ۋاي سەن بۇنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟
— قازىلەكتىن.
— تونۇگۇن ئۇنداق دەۋاتاتتىڭ، بۈگۈن يەنە مۇنداق دەۋاتىسەنغۇ، ئادەمنى قايمۇقتۇرۇپ. شۇنچە يىراقتا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەجەب تېز ئۇقۇۋالىدىكەنسىنا؟
— ماڭا قازىلەك دەپ بەردى.
— ئۇ كىمدىن ئۇقۇپتۇ؟
— ۋايتاڭەي...
قازىلەكنىڭ دېگەنلىرى ئاخىر راست بولۇپ چىقاتتى. ئۇ كوچا دىيارىدا تېز خەۋەر بېرەلەيدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان ئىدى. دەككە ـ دۈككىدە ياشاۋاتقان، يۈرىكى پوك ـ پوك خەلق ھەر كۈنى تاڭ ئاتسىلا قازىلەكنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى. قازىلەك بىردەمدىلا «ئالاھىدە شەخس»كە ئايلانغان ئىدى. بارا ـ بارا كىشىلەر ئۇنى قازىلەك دېمەي «قازىلجان» دەيدىغان بولۇشتى. جاھانگىر خوجا مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن چاغلاردا قازىلەك ئاجايىپ قاباھەتلىك سۆزلەرنى ئاغزىدىن تۆكۈۋەتتى، بىر كۈن ئىچىدە پۈتكۈل كوچا خەلقى قىشتا يالىڭاچ قالغاندەك لاغ ـ لاغ تىترىدى.
— ھەي قازىلاخۇن، بۇ نېمە دېگەنلىرى، تېخى تونۇگۇن ئۇ سەئىد ئەۋلادى دەۋاتتىلە، مانا بۈگۈن ئۇنى قارىلاۋاتىلىغۇ؟
— قارىلىمىدىم ھەم ماختىمىدىم، ئۇ بالايىئاپەتنى تېرىپ قويۇپ، بىز خەقكە ئۆلۈمنى ئىتتىرىپ قېچىپ كېتىپتۇ.
— پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھېلىقى بايرىقى بىلەن ھەزرەت ئەلىنىڭ قىلىچى نەگە كېتىپتۇ؟
— ئەرشكە.
— خۇدا بىزنى يەنە بىر قېتىم تاشلىۋېتىپتۇ ـ دە.
— قىيامەت بولىدىغان بولدى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ.
— ئىشقىلىپ، مەن دەپ قويدۇم. چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.
قازىلەكنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغان خەلق ئاغزىنى ئېچىشىپ خۇداغا سېغىنىشتى، ئۇ ئادەملەر توپىدىن غايىب بولدى. قازىلەك دەل ھاجىنىسا سەتەڭنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن قەستەن ناخشا توۋلاپ ئۆتتى. ھاجىنىسا سەتەڭ ھويلىدىن چىقىپ، قازىلەككە قاراپ، بىرپەس لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى.
— قازىل، ھەي قازىلجان،— دەپ توۋلىدى ھاجىنىسا سەتەڭ، قازىلەك ئېرەن قىلمىغان قىياپەتتە ناخشا توۋلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تاققىدە توختاپ قالدى، يۈرىكى چاۋاك چالدى،— ھەي قازىلجان، بۇياققا كېلىڭ.
قازىل شاققىدە ھاجىنىسا سەتەڭگە قاراپ، تاز گەدىنى قىزىپ ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولسىمۇ، «پۇرسەت قولدىن كەتمىسۇن» دېگەننى چاقماق تېزلىكىدە ئويلاپ يەتتى.
— مېنى چاقىردىلىما سەتەڭ؟
— سىزنى چاقىرماي يەنە كىم بولاتتى.
— ۋاي رەھمەت، قانداق تاپشۇرۇقلىرى بار. مەن بۇ يەردىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. بىر قېتىم بولسىمۇ خىزمەتلىرىدە بولۇۋالاي گۆزىلىم.
قازىلەكنىڭ «گۆزىلىم» دېگەن گېپى ھاجىنىسا سەتەڭنىڭ مەيدىسىگە يۇڭلۇق مۇشتتەك تەگكەن بولسىمۇ تەخىر قىلدى. قازىلەككە كۇچانىڭ ئەڭ سالقىن ھاۋاسى بۇگۇن تېتىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ھاجىنىسا سەتەڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىگە ياراشمىغان قىياپەتتە بېشىنى ئالدىغا ئېگىپ سالام بەجا كەلتۈردى. ھاجىنىسا سەتەڭنىڭ قوۋۇرغىسى ئېگىلىپ، كۆڭلى ئېلىشتى، ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن كۈلكىسى قىستاپ كەتتى.

— قازىلجان، جاھاندا نېمىش بولۇۋاتىدۇ؟

— ئەتە قىيامەت بولىدۇ، خېنىم.

— نېمە دەيدىغانسىز.

— راست، جانلىرىنى ئېلىپ قاچسىلا، ئىش چاتاق.

— مەن بىر ئاجىز ئايال تۇرسام، نەگە قاچىمەن؟

— ھازىر مەنچىڭ ھۆكۈمىتى سان - ساناقسىز قوشۇن بىلەن بېسىپ كېلىپ بولدى، جاھانگىردىن ھېساباتنى ئېلىپ بولۇپ، ئاندىن بىزدىن ھېساب ئالىدۇ. كۇچادىكى نەچچە يۈز باي، سودىگەرنىڭ جېنىنى بىر كېچىدىلا يوق قىلدى. ئۇقمىدىلىمۇ، ھۆكۈمەتمۇ تېگەلمەيدىغان ھېلىقى ئۇرايىم ھاجىممۇ تۈگىشىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاڭۋېقىپ تۇرغان ھاجىنسا سەتەڭ ئۆزىنى تۇتالماي:

— نېمە، ھاجىمكام...— دەپ توختاپ قالدى.

— سىلى تېخى بۇنى ئۇقماپىلىدە. ئۇ ئادەمنى ئۆيۋاقى بىلەن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى،— دېدى قازىلەك ئەلەملىك قىياپەتكە كىرىپ. ئۇ ھاجىنسا سەتەڭنىڭ ئۇرايىم ھاجىمنى ئۆزىگە يانتاياق قىلىپ، كۇچادىكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئالدىدا مىختەك دەسسەپ، تىللايدىغاننى تىللاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، ئاتايىن بۇ ئىشنى قىستۇرۇپ قويغان ئىدى. ھاجىنسا سەتەڭ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، كاللىسى قۇرۇپ قالغاندەك بولدى،— قورقمىسىلا، سىلى مەن دېگەندەك قىلسىلا ئامان قالىدىلا.

— قانداق قىلسام؟

— قىلىش - قىلماسلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىشى. مەن زورلىيالمايمەن،— قازىلەك ھاجىنسا سەتەڭگە كۆيۈنگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى.

— قېنى ئېيتىپ باقمامسىز،— ھاجىنسا سەتەڭ جىددىيلىشىپ قالغان ئىدى.

قازىلەك «خوتۇن خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا بولىدۇ ئەمەسمۇ. ئاھ خۇدا، مۇراد- مەقسىتىم ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى. ئادەم بولۇپ تۆرەلگەنلىكىمگە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىمەن» دەپ ئىچىدە ساما سالدى. «ھەي جاھانگىر، سەن نۇرغۇنلىغان ئادەمنىڭ بەختىنى نابۇت قىلغان بىلەن، مېنىڭ بەختىمنى قولۇمغا تۇتقۇزدۇڭ، مانا مەن ساڭا دۇئا قىلىمەن، سەن مېنىڭ نىجاتكارىم» دەپ تۈۋلىۋەتكۈسى كەلدى.

— قۇدۇقتا چۈشۈپ كەتكەن تەڭگىدەك جىمىپ قالدىڭىز- غۇ قازىلجان.

— ھەي، ياقەي. سىلى ئۇنىمايلا، مەن ئاۋارە بولماي دەۋاتىمەن،— قازىل قەستەن ئۇنىڭ جىددىيچىلىكىنى ئەۋجىگە چىقىرىۋاتاتتى.

— ئاۋال دەپ باقمامسىز، ئادەمنى تېرىكتۈرمەي.

— ئەمىسە دېدىم- ھە.

— قۇلىقىم سىزدە.

قازىلەك بىرمۇنچە يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى ئارىلاشتۇ- رۇپ، ھاجىنىسا سەتەڭنى تازا قورقۇتۇپ ماجالىنى قويمىدى. سەتەڭ ئاياللار ئاسان ئالدىنىدۇ دېسە ئىشىنىش كېرەك. قازىلەكمۇ جىنىنى ئۇسسۇلغا سېلىپ، بىر ئادەمگە قۇيرۇقنى تۇتتۇرماي كەلگەن ئىدى. ئۇ ئاخىر ھاجىنىسا سەتەڭنى گەپكە كۆندۈردى. ھاجىنىسا سەتەڭ بىلەن قازىلەك بىر كېچىدىلا كۇچا تۇپرىقىدىن يىتتى.

قازىلەك ھاجىنىسا سەتەڭنى ئەرەنچە ياساندۇرۇپ، ئالدىن پۈتۈشۈپ قويغان بىر كارۋان توپى بىلەن نەچچە ئاي يول يۈرۈپ بېيجىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ھاجىنىسا سەتەڭ بېيجىڭ شەھىرىنى كۆرۈپ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇلار شەھەر ئەترا- پىدا بىر ئۆينى ئىجارە ئېلىپ ئورۇنلىشىۋالدى. بۇ يەردە قازى-

ـلەكنىڭ تونۇشلىرىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى بىلگەن ھاجىنسا سەتەڭ ئۇنىڭغا ھەقىقىي قايىل بولدى. قازىلەك خەنزۇچىنى راۋان سۆزلەيتتى. ھاجىنسا سەتەڭ ئۇنىڭ بۇ كارامىتىدىن ھەيران ـ ھەس قالدى. دوستلىرى قازىلەكنى «لاۋۋاڭ» دەپ ئاتايتتى، ئۇنىڭ تولۇق ئاتىلىشى «ۋاڭ دېلو» ئىدى. بۇنى ھاجىنسا سەتەڭ بىلمەيتتى...

ھاجىنسا سەتەڭ بېيجىڭ شەھرىگە كېلىپ كۆن ئۆتكۈزۈ-ۋاتقىلى يېرىم يىلدىن ئاشقاندا، قازىلەك ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويدى. ھاجىنسا سەتەڭ ئۇنىڭغا ئۆز تۇرقى بىلەن كۆڭلىنى سېلىشتۇرۇپ، ئاخىر «چىراي دېگەنگە چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولامتى، مېنى ئوبدان كۆتۈپ، باقسىلا بولدى» دېدى-دە، ماقۇل بولدى. ئۇلار توينى يالغۇز ئۆتكۈزدى، قازىلەك ئاخىر مۇرادىغا يەتتى.

قازىلەك ھاجىنسا سەتەڭنى ئەمرىگە ئېلىپ ئىككى كۆن ئۆتكەن بىر كېچىسى غەرق مەست ھالدا ئۆيگە كەلدى، پۈتكۈل ئەزايىدىن سېسىق پۇراپ پۇرۇقشىپ قايناپتتى. ئۇنىڭ ئاغزى بېسىلماي چۈشەنگۈسىز گەپلەرنى قىلاتتى، توختىماي كالدىر-لايتتى. ھاجىنسا سەتەڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەي، ئۇنى يۆلەشتۈرەتتى. قازىلەك ھەدەپ: «گۈن! چۈ، نۈيرىن» دەپ ۋاقىرايتتى. ھاجىنسا سەتەڭ ئاخىر ئۇنى كاڭ ئۈستىگە ئاپىرىپ ياتقۇزدى. قازىلەك بىرھازاغىچە «گۈن، گۈن، گۈن!» دەپ غىڭشىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ كۆندە دېگۈدەك ئىچىپ كىرەتتى. ھاجىنسا سەتەڭ بۇ ھالغا قاراپ، بارا ـ بارا ئۇنىڭدىن يىراقلاشقۇسى كەلدى، يىراقلىشاي دېسە نەگە باراليتتى. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ، تەقدىرگە باش ئەگمەسلىكتىن باشقا ئامال يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. ھاجىنسا سەتەڭ ئۇنىڭ بېشىدا ئىككى تىزىغا ئېگىكىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ، تاڭغا يېقىن ئۇخلىدى.

قازىلەك ماجاڭ ئويناپ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئاخىر بۇ شەھەردە تۇرۇشقا ئامال قىلالمايدىغان ھالەتكە بېرىپ يەتتى. ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغانلارمۇ ئاۋۇپ قالدى. بۇ ئىشلاردىن ھاجىنىسا سەتەڭ خەۋەرسىز ئىدى.

— ھەي لاۋۋاڭ، پۇلنى قاچان تاپشۇرىسەن؟

— ئامالىنى قىلىۋاتىمەنغۇ.

— غوجىكىمىز سۆيلەپ، بىزنىمۇ جىم تۇرغىلى قويماۋاتىدۇ.

— ئۇنداق قىلماڭلار، مەن ئۇ يەردىن ئېلىپ كەلگەن سەتەڭلەرنى ئاۋۋال سىلەرگە تۇتۇپ بېرىپ، ئاندىن ئىشرەتخانىلارغا ساتاتتىم، شۇنىڭمۇ يۈزى يوقمۇ؟

— بىزدە ئامال يوق. لاۋۋاڭ، ئۇ يەرگە يەنە بىر بېرىپ كەلسەڭ بولمامدۇ، سەرخىلىدىن 3 — 4نى ئەكەلسەڭلا نەچچە يىل باياشات تۇرمۇش كەچۈرەتتىڭ.

— ھازىر بارالمايمەن.

— ئۇنداق بولسا بىزدە ئامال يوق، ئەتىدىن قالسا بىزدىن ئاغرىنما.

5 — 6 ئادەم قازىلەك بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى، ئىچكەركى ئۆيدە ئۇلارنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي ئولتۇرغان ھاجىنىسا سەتەڭ ئىچى پۇشۇپ سىرتقا چىققۇسى كەلدى. ئۇ ئۇلار ئولتۇرغان ئۆيگە چىقتى. قازىلەكتىن پۇل سۆيلەپ كەلگەنلەر ھاجىنىسا سەتەڭنى كۆرۈپ، پىستە كۆزلىرى يىرتىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇلار گۈررىدە ئورنىدىن قوپۇشۇپ، ھاجىنىسا سەتەڭنىڭ چۆرىسىگە ئولاشتى. قازىلەك «ئاپلا» دەپ ئورنىدىن لەسسىدە تۇرۇپ، ھاجىنىسا سەتەڭنى ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىشنى بۇيرۇدى. ئۇ ھېچنېمىنى پەرق قىلالماي ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قازىلەك يالۋۇرۇپ، قەرز ئىگىلىرىنى مىڭ تەستە ئۆيدىن چىقاردى. قەرز ئىگىلىرى شۇ كۈندىن تارتىپ قازىلەكنى قاتتىق قىستى

ـدى، ھەتتا ئۇرۇپ - تېپىپ، ئۇنىڭ بىر قوۋۇرغىسىنى سۇندۇ-رۇۋەتتى. قازىلەك ئاخىر ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ كەچتە ھاجىنسا سەتەڭگە تولىمۇ مۇلايىم مۇئامىلە قىلدى.

— خوتۇن، سەن بۇ يەرگە كەلگىلى بىر يىل بولاي دېدى، بۇ شەھەرنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى كۆرۈپ باقمىدىڭ. شۇڭا، بۈگۈن ئايلاندۇرۇپ كېلەي دەيمەن.

ھاجىنسا سەتەڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ، يېڭىدىن ئايغى چىققان بوۋاقلاردەك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياندىن - بۇيانغا تۇرالماي مېڭىپ كەتتى.

شەھەرنىڭ كەچلىك مەنزىرىسى ئاجايىپ قىزىپ كەتكەن ئىدى. يول بويى ئېسىلغان پانۇس چىراغلار شەھەرنىڭ ھۆسنىگە باشقىچە جانلىق تۈس بېرەتتى. ھاجىنسا سەتەڭ شەھەر كوچىـلىرىدىكى لىق ئادەم دولقۇنىغا قاراپ ھەيران - ھەس بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆمرى تۈگۈل، چۈشىدىمۇ مۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. قازىلەك ھەربىر كوچىنى تونۇشتۇرۇپ ماڭدى. ئۇنىڭ بۇ كوچىلارنى بەش قولدەك بىلگەنلىكىدىن ھاجىنسا سەتەڭ يەنە بىر قېتىم قايىل بولدى. قازىلەك ھاجىنسا سەتەڭنى ئۇياق چۆرگىلىتىپ - بۇ ياق چۆرگىلىتىپ، جىنىكى ئۆرۈلۈپ تۇرغان راۋاق شەكىللىك بىر قورۇنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى.

— گۈزىلىم بۇ ئاجايىپ جاي،— دەپ قازىلەك لېۋىنى چىشلىدى.

— كۆرۈپ باقمايمىزمۇ؟

— بولىدۇ، ئەمىسە،— دەپ قازىلەك ئۇنى قورۇ ئىچىگە باشلاپ كىردى.

بۇ قورۇنىڭ ئىچى ئاجايىپ گۈزەل بېزەلگەن ئىدى، ھاجىنسا سەتەڭ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. قورۇ ئىچىگە كىرگەندە، نەچچە قەۋەتلىك راۋاق شەكلىدە سېلىنغان چوڭ بىر ساراي

تۇراتتى. ئۇلار سارايىنىڭ پەلەمپىيىگە قەدەم قويغاندا، خۇددى يۇمشاق بۇلۇت ئۈستىگە دەسسىگەندەك بولدى. ھاجىنسا سەتەڭ تۇيمىغان ھالدا سارايىنىڭ ئايلانما پەلەمپىيى ئارقىلىق ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىۋىدى، خاڭدەن تاۋار كۆڭلىكىنىڭ ئارىسىدىن ئاپئاق، شوداڭ يوتىلىرى چىقىپ تۇرغان ئىككى نەپەر ئايال مۇلازىم ئوڭ قولىدا قىزىل ياغلىق تۇتۇپ: «خۇش كېلىپسىلە، مېھمانلار» دەپ كۈتۈۋالدى. ھاجىنسا سەتەڭ ئۇلارنىڭ گېپىنى چۈشەنمىدى، شۇنداقتىمۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى ئېگىپ قويىدى. ئۇلار ئايرىمخانىغا كىردى.

— ئازراق دېمىمىزنى ئېلىۋاللى خوتۇن،— ھاجىنسا سەتەڭ بىر ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى. بىرھازادىن كېيىن قازىلەك،— زەھرىم قىستاپ كەتتى، مەن چىقىپلا كىرەي، سەن مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ تۇر،— دېگىنىچە ئايرىمخانىدىن چىقىپ كەتتى.

بىرھازادىن كېيىن خام سېمىز، پاينەكۋاش، يۈزى بىلەن بۇرنى تەپمۇتەڭ، توڭكاي چىش بىرسى سول قولىدا ئىككى شارەكنى ئوينىتىپ، ئوڭ قولىدا كىچىك ساپال چەينەكنىڭ جوغىسىنى ئاغزىدا شورىغىنىچە ئايرىمخانىغە كىرىپ كەلدى. ھاجىنسا سەتەڭ ئۇنى كۆرۈپ نېمە ئۈچۈندۇر ئولتۇرغان ئورۇندۇق- تىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ھاجىنسا سەتەڭنى كۆرگەندە، قولىدىكى كىچىك ساپال چەينەك بىلەن شارەك يەرگە چۈشۈپ كەتتى- دە:

— ياھ، مۇنداقمۇ گۈزەل باركەن،— دەپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى.

— قازىل، سىز قەيەردە؟!— دەپ ۋارقىرىدى ھاجىنسا سەتەڭ خۇددى ياۋا توڭگۇزغا يولۇققان جەرەن بالىسىدەك ئۈركۈپ.

ھاجىنسا سەتەڭ قازىلەكىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەندە، پاينەكۋاش سېمىزنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئورۇندى. ئۇ ھەدەپ ھاجىنسا سەتەڭنى قۇچاقلايمەن

دەپ ئېتىلاتتى، تىنىقى بەك سەسكىنىشلىك ئىدى، ۋۇجۇدى-
دىن سېسىق پۇراق تۆكۈلەتتى. ھاجىنسا سەتەڭ مۇنداق
پۇراقنى قازىلەكتىنمۇ پۇرىغانلىقى يادىغا كەلدى.

— ھايۋان، چوشقا!— دەپ ۋارقىرىدى ھاجىنسا سەتەڭ
قولىغا بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگىنىچە
توڭكاي چىشىنىڭ پاينەكۆپشىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى،—
ھەي، مەن دېگەن زېدى پەس بولسامۇ، ئۇيغۇرنىڭ قىزى،
مۇسۇلماننىڭ قىزى. بۇ، مەن ئۆچۈن خورلۇق!— دەپ سىرتقا
يۈگۈرۈپ چىقتى. توڭكاي چىش مېڭىسىدىن قان ئېتىلىپ
چىقىپ ياتقان يېرىدە خارىلداپ قالدى.

سىرتتىكى مۇھاپىزەتچىلەر «جاراڭ - جۇرۇڭ»نى ئاڭلاپ،
ھاپىلا - شاپىلا ئاستىنقى پەشتاقتىن ھاسىراپ - ھۆمىدىگىنىچە
چىقىشىۋاتاتتى. ھاجىنسا سەتەڭ ئۇلارنى كۆرۈپ ئۈستۈنكى
قەۋەتكە يۈگۈردى. مۇھاپىزەتچىلەر ئايرىمخانىنىڭ ئىشىكىدىن
قاراپ غوجىسىنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھاجىنسا
سەتەڭگە غەزەپ بىلەن ئېتىلدى. سارايىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە
چىققان ھاجىنسا سەتەڭ ماڭىدىغان يول تاپالماي دېرىزىنى
ئاچتى- دە، يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇپ
چىققاندەك بولۇپ، تەبىئەتنىڭ ئەركىن ھاۋاسىنى بىر سۈمۈردى-
دە، ئۆزىنى يەرگە ئاتتى.

× × ×

رەيھانەم كۆتتى، كۆتكەندىمۇ قاسىم بايۋەچچە ھېلىلا بۇ
يەردە لوككىدە پەيدا بولىدىغاندەك ھېس - تۇيغۇدا كۆتتى. ئۇ
كۈندە دېگۈدەك ھويلا - ئارامنى پاكىز تازىلايتتى، ھەر ئىككى
كۈندە ئۆي كۆتۈرۈپ، ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ، يوتقان -

كۆرپىلەرنى ئاپتاپقا سالاتتى. كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋەردى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوغلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كۈنلەرنى رەيھانەم زور ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى، كەچلىرى بولسا قۇلىقى ئىشىك تىڭشاپ، قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى، سەھەر ئورنىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، كېچىچە كۆرگەن چۈشلىرىنى تۆت تام ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ ياد قىلىۋالاتتى. نۇرغۇن ئاي - يىللار كۈتۈش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى...

ئۇرايىم ھاجىمنىڭ قورۇسى كۆيدۈرۈلگەندە، رەيھانەم تۇنجۇقۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن سورۇشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلالماي، كۆزلىرىدىن قان - ياش تۆكتى، قىزى زىلالەنى قۇچاقلاپ نەچچە كۈن يىغلىدى. زىلالە دائىم:

— ئانا، ھاجىم دادامنى كۆرگۈم كەلدى، بارايلىچۇ،— دەپ خاپا سالىدىغان بولدى.

رەيھانەم بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى نارەسىدە قىزىغا قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەي، يالغان سۆزلەپ ئالداشقا مەجبۇر بولدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىزى ئاخىر ئۇنداق خەقىش قىلمايدىغان بولدى. لېكىن، رەيھانەم تۇرمۇشتا بارا - بارا قىيىنلىشىپ، ئاخىر قاسىم بايۋەچچە ئېلىپ بەرگەن قورۇ - جاينى باشقىلارغا سېتىۋېتىپ، ئۆزى تۇغۇلۇپ، چوڭ بولغان يېزىغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ يېزىغا چىقىپ باشقىلارنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، نانلىرىنى يېقىپ بېرىپ زىلالەنى باقتى. قىزى 17 ياشقا كىرگەندە، رەيھانەم ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، بىر ئايمۇ ياتماي، شۇۋىرغانلىق قار ياغقان كېچىدە يورۇق دۇنيادىن كۆز يۇمدى. زىلالە ئەتىسى ئانىسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، تولا يىغلاپ ھالىدىن كەتتى. قولۇم - قوشنىلار بۇ مەزلۇمنى يۇيۇپ - تاراپ يەرلىككە قويدى. زىلالە ئانىسىدىن قالغان ئەسلىمىلەر بىلەن يورۇق دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز قالدى.

× × ×

تۈن قۇچىقىدا ئۇخلاۋاتقان خوتەن. قارىقاش ۋە يورۇڭقاش دەريالىرى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئەلەمدە تولغىنىپ، قاراڭغۇلۇقتا شارقىراپ ئاقاتتى. قۇملارنى ئالدىغا سېلىپ ئۇچۇپ تۇرغان شامال تالا - تۈزگە بىر خىل غەمكىنلىك تۈيغۇسى تاشلايتتى. ئايمۇ يۈزىگە بۇلۇتلاردىن تور رومال ئارتىۋالغان، گىرە - گىرە بولۇشۇپ كۆزىنى يۇمۇۋالغان يۇلتۇزلار بۇلۇتنى دالدا قىلىپ زېمىنغا قارىغۇسى كەلمەيتتى. پاكار - پاكار ئۆسكەن دەرەخلەر تەبىئەت ھادىسىلىرىدىنمىكىن، دۈمچەك بولۇپ كەتكەن ئىدى.

يىگىلەپ قالغان سويمىدەك تۇرغان ئانا يۇرتى قاسىم بايۋەچچىنىڭ باغرىنى ئەزدى، كۆزلىرىدىن دىدارلىشىش ئىسسىق ياشلىرى ئىختىيارسىز تۆكۈلدى. ئوڭدا، چۈشىدە جەننەتتەك كۆرۈنىدىغان ئەزىز ماكان ئۈن - تىنسىز سۈت ئۇيقۇدا مانا بۇ ئوغلىنى كۈتۈۋالدى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ يۈرىكى نېمە ئۈچۈندۇر ئېغىپ تۇردى. جاپا - مۇشەققەتكە تويۇنۇپ ۋايىغا يەتكەن قاسىم بايۋەچچە ئۈچۈن، باشقا ۋاقىتلاردا جاندىن ئۆتمىگەن سەپەر ئەمدى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە جېنىدىن ئۆتۈۋاتاتتى، نەپەسلىرى ئىتتىكلەپ قالدى، ئات ئۈستىدە بەك ھارغىنلىق يەتتى. قېچىر، ئېشەكلەرنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان كارۋانچى يىگىتلەرمۇ قاسىم بايۋەچچىدەك ھېسسىياتقا ئورتاق ئىدى.

— بايۋەچچەم، يۇرتىمىزغا كەلگەندە، ئۈنلىرى چۈشۈپ كەتتىغۇ؟

— ياق قارىي، ئۇنداق ئەمەس، يۇرتۇمنى پۇراۋاتىمەن، — دېدى قاسىم بايۋەچچە. ئۇنىڭ ئۈنى خۇددى گۈل بەرگلىرى ئىللىق شامالدا ۋاراقلانغاندەك تىترەپ كەتكەن ئىدى.

— خېلى زامانلار ئۆتۈپ كېتىپتۇ بايۋەچچە، خوتەن كۆزۈمگە بۆلەكچىلا كۆرۈنۈۋاتىدۇ، خۇددى بىر خارابىلىككە كىرىپ قالغان-دەك بىلىنىپ كەتتى.
— ماڭىمۇ شۇنداق تۇيۇلدى، ئىككى دەريانىڭ تۆنىدىكى شارقىراپ ئاققان ئاۋازىنى دېمىسە، راستىلا چۆلدەرەپ كېتىپتۇ. دەرەخلەرمۇ پاكارلىشىپ، دۈمچەكلىشىپتۇ، ئادەملەر قانداق بولۇپ كەتتىكىنە،— دېدى قاسىم بايۋەچچە نېمىگىدۇر خۇدۈكسىنىپ.
— ئانچە-مۇنچە تاپ ژىلداپ يۈرىدىغان ئىتلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ.
— ئېزىپ قالمىغاندۇق-ھە، قارىي؟
— دەريالار شارقىراۋاتسا، قۇم ئارىلاش شاماللار چىقىپ تۇرۇ-ۋاتسا، قانداق ئازغۇلۇق بايۋەچچەم،— دېدى كۈلۈپ قويۇپ قارىي.
— ئۇغۇ شۇنداق، ئەممازە، كۆڭلۈمگە بۆلەكچىلا تۇيۇلۇ-ۋاتىدۇ.
— خوتەندىن ئايرىلغىلى 10 يىلدىن ئاشتى ئەمەسمۇ بايۋەچچەم، كۆڭۈللىرى بىكاردىن خۇدۈك ئالمىسۇن.
— بىز يۈرگەن يەرلەر يىلدىن-يىلغا پاكىزلىنىپ، شەھەرلەر كېڭىيىپ، ئاۋاتلىشىپ كېتىدىكەن. ئەمما، بىزنىڭ بۇ خوتەن يىلدىن-يىلغا نامراتلىشىپ، چۆللىشىپ، مەينەتلىشىپ كېتىۋا-تىدۇ. بۇ ئاجايىپ ئىش. مېنىڭ كىچىك ۋاقتىلىرىمدىكى خوتەن ناھايىتى ئاۋات، گۈزەل شەھەر ئىدى، ئادەمگە كىچىك ۋاقتىدا شۇنداق تۇيۇلامدۇ، بۇنىسىنى بىلمىدىم، ئەمما ماڭا شۇنداق تۇيۇلۇۋاتىدۇ،— دېدى قاسىم بايۋەچچە.
دېمىسىمۇ، خوتەن كوچىلىرىدىكى مەينەتچىلىك، دۆۋە-دۆۋە ئەخلەتلەر يول بويلىرىدا كېچىسىمۇ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار چىرىپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرغۇدەك دەرىجىدە سېسىق سۇ چىقىرىپ ئېقىپ، يوللارنى پاتقاق قىلىۋەتكەن ئىدى. ئات-ئېشەك، قېچىرلارنىڭ پۇتى پاتقاقلاردا «ماچ-

ماچ» ئاۋاز چىقىرىپ كىتىۋاتاتتى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆزى تۈن قوينىدا ئۆز ئۆيىنى تونۇدى.

— كەلدۇق قارىي،— دېدى قاسىم بايۋەچچە. بىر ئىللىق سېزىم ئۇنىڭ يۈرىكىدىن پۈتكۈل ئەزايىغا تاراپ كەتكەنىدەك بولدى.

— كۆزلىرى بۈركۈتنىڭكىدەك ئىتتىك جۇمۇ بايۋەچچەم، ئايرىلغانغا نەچچە يىل بولغان تۇرۇقلۇق، ئۆيلىرىنى تۈن كېچىدىمۇ تونۇۋالدىلا،— دېدى قارىي خۇرسەنلىك ھېس قىلىپ.

— كۈندۈزدە تونۇماسلىقىم مۇمكىن ئىدى. كەچ بولغاچقا تونىدىم. ئۇنتۇپ قالما قارىي، بىز دېگەن نەچچە يىلنى قاراڭغۇلۇقتا، تۈن كېچىدە ئۆتكۈزدۇق.

قارىي قاسىم بايۋەچچىنىڭ گېپىنىڭ تەكتىگە چۈشىنىپ، جىم بولدى. قاسىم بايۋەچچە ئۆز ئۆيىنى كۆرۈپ روھى ئۇقچىدى، بەدىنىنى رۇسلىدى، باغرى يۇمشاپ سىمابقا ئايلاندى. خوتۇن - باللىرى ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك، ئاتتىن چۈشكۈسى كەلدى. «ئۇلار چوڭ بولۇپ كەتكەندۇ، روزىخانمۇ جاپا تارتتى، بىچارە خوتۇن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۆينىڭ ئارىلىقى 40 قەدەمچە قالغاندا، يول كەينىگە مېڭىپ كىتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، يۈرىكىمۇ بىرقىسىملا بولۇپ كەتتى. ئادەمدە مۇنداق ھالەتنىڭ شەكىللىنىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. چۈنكى، ئۇلار 10 نەچچە يىل دىدار كۆرۈشمىدى، سېغىنىش ئوتلىرى ئۇنىڭ تومۇرلىرىنى كۆچەيتىپ، قانلىرىنى قىزىتىۋەتكەن ئىدى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ كاللىسىغا نۇرغۇن خىيال قاپسىلىۋېلىپ، قايسىبىرىگە ئۆلگۈرەلمەي ھېرىپ قالدى، پۇت - قوللىرىدىمۇ جان قالماي بوشىشىپ كەتتى. تۇرۇپلا زەھرى قىستاپ، ئالدىرىتىپ قويدى، ئۆزىدىكى چاقماق تېزلىكىدە يۈز بېرىۋاتقان ئالامەتلەردىن ئۇ ھەيران بولدى. ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ ئاتتىن

چۈشمەي ئازراق تۇرۇۋالدى، كۆڭلىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ روھىي ھالىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇردى.

— بايۋەچچەم، كەلدۇق. ئاتتىن چۈشسىلە.

قارىينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان قاسىم بايۋەچچە ھولۇقۇپ تۇرۇپ:

— مانا، مانا ھازىر،— دەپ دۇدۇقلاپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى نېمە ئۈچۈندۇر دۈپۈلدەپ ئارامغا چۈشمەيتتى.

— نېماندااق قىلىدىلا، بەدەنلىرى قولىشىپ قالدىمۇ بايۋەچچەم؟— دېدى قارىي، ئۇنىڭ ئات ئۈستىدە مىدىر - سىدىر قىلماي ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ.

— ئالدىرىمىساڭچۇ قارىي،— دېدى قاسىم بايۋەچچە تېرىككەندەك قىلىپ،— كۆڭلۈم بىر قىسملا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئاتتىن چۈشسەملا جېنىم تۇمشۇقۇمدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك. نېمە بولدۇم، ئۆزۈممۇ بىلەلمەيۋاتىمەن. يۈرىكىم داپ چېلىپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ.

— كىچىك بالىدەك نازلانماي، ئاتتىن چۈشسىلە بايۋەچچەم.

قاسىم بايۋەچچىنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ، ھەممە ئەزايىغا ھۆررەك - ھۆررەك نەرسىلەر قايناپ چىقىۋاتقاندەك ھەممە يېرى قىچىشىپ كەتتى. ئۇ ئاخىر ئاتتىن چۈشتى، ئاتنىڭ تىزگىنىنى قارىيغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. قولى ئىختىيارسىز دەرۋازا ھالقىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئۇلار بەلكىم سۈت ئۇيقۇدا ياتقاندۇ قارىي، ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزىدىغان بولدۇق- دە،— دېدى قاسىم بايۋەچچە دەرۋازىنىڭ تۆمۈر ھالقىسىنى ھەرىكەتلەندۈرمەي تۇرۇپ.

— قارا بېسىپ ئۇخلاۋاتقان بولسىچۇ، ئۆزلىرى ياقا يۇرتتا سەرگەردان بولۇپ، ئاخىر بۈگۈن ئۇلار بىلەن دىدارلاشقىلى نەچچە مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ كەلدىلە بايۋەچچەم. دەرۋازىنى قاقسىلا، ئۇلار چوقۇم خۇش بولىدۇ، يەنە ئۇلارنى قىينىماقچىمۇ؟

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىدارىغا سىغىنىپ، ھېرىپ كۆزى تىشىلەي دېدى.

قاسىم بايۋەچچە قارىينىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى بۇزۇلدى، بۇرنى يۇمشاپ كەتتى، يەنە گەپ قىلىشقا ماغدۇرى يەتمىدى. دەرۋازا «جاك - جاك» ئۇرۇلدى، قاسىم بايۋەچچىنىڭ قولى يەنە توختاپ قالدى. قورۇ ئىچىدىن ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىدى. قاسىم بايۋەچچە ئاخىر غەيرەتكە كەلدى، تۆمۈر ھالقا ئىشىككە قايتا ئۇرۇلدى. قورۇ ئىچىدىن ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى. قاسىم بايۋەچچە قولىقىنى دەرۋازىغا ياقتى، ئۇزاق تىڭشاپ تۇردى، يىراقتىن چاشقاننىڭكىدەك شىپىرلىغان شەپە ئاڭلانغاندەك بولدى، ئۇ قولىقىنى دەرۋازىدىن تارتتى، شەپە ئاخىر قەدەم تىۋىشىغا ئايلاندى، دەرۋازا ئىچىدىن جىنچىراغنىڭ ۋىل - ۋىل يورۇقى كۆزىگە كۆرۈندى.

— كىم؟— دېگەن ناتونۇش بىر ئەرنىڭ ئاۋازى دەرۋازا تۈۋىدىن ئاڭلاندى.

قاسىم بايۋەچچە تۇرۇپ قالدى. بۇ ناتونۇش ئاۋازدىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئېغىپ، خىيالى تېرىقتەك چېچىلىپ كەتتى.

— بۇ كېچىدە ئادەمنى ئاۋارە قىلغان كىم؟— دېدى ناتونۇش ئەر قايتىلاپ.

قاسىم بايۋەچچىنىڭ گۇمانى ئەدەپ، دېمىنى سىققىلى تۇردى، جۇدۇنى نەدىندۇر غۇچچىدە ئۆرلىدىيۇ، يەنە ئۆزىنى بېسىۋالدى. «ئوغۇللىرىم يوغىناپ كەتكەنمىدۇ؟ بۇ چوپچوڭ ئادەمنىڭ ئاۋازىغۇ؟ ئۇ دېگەن مەن بىلەن بىر جەمەت تۇرسا، پوق يەپ يۈرمەس. ئۆزۈمگە مۇناسىپ بولمايدىغان نەدىكى ئوغرى خىياللارنى قىلىپ يۈرمەن؟» ئۇ ئاشۇلارنى ئويلاپ، ئاخىر زۇۋانىنى ئاچتى.

— مەن!

— مەن دېگەن كىم؟

— مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى،— قاسىم بايۋەچچە سەل تېرىكتى. دەرۋازا ئىچىدىكى ئادەمنىڭ زۇۋانى ئىچىگە چۈشۈپ تۇرۇپ قالدى.

— ئۆزلىرى، ئۆزلىرى...— ئۇنىڭ گەپلىرى قولاشماي قالدى. بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن، ئاۋازى رىتىمسىز يىغىغا ئۆزگىرىپ كەتتى،— ئۆزلىرى قاسىم بايۋەچچىمۇ؟— دېدى يىغلاپ تۇرۇپ.

— ھەئە،— دېدى قاسىم بايۋەچچە سەل تۇرۇۋېلىپ.

دەرۋازا «غارت» ئاۋاز چىقىرىپ ئېچىلدى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ يۈرىكىمۇ ئىشىك بىلەن ئوخشاشلا «قارتتىدە» قىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى ئايالى روزىخاننىڭ ئاكىسى مەنسۇراخۇن بولۇپ، ئۇنىڭ زۇۋانى گەپتىن قالغان، كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپىقى ئىششىپ كەتكەن ئىدى. قاسىم بايۋەچچە ئۆزىنى بېسىۋالدى، كۆڭلى بىرنەرسىنى تۇيغاندەك قىلىپ:

— روزىخان بىلەن بالىلار؟— دەپ توختاپ قالدى.

— ۋاي ئۇكام، ۋاي جېنىم بالىلىرىم!— دەپ ۋارقىراپ ئۇنىنى قويۇۋەتتى مەنسۇر.

قاسىم بايۋەچچىنىڭ قۇلىقىدىن بىر ئاۋاز كىرىپ مېڭىسىگە كېلىپ توختاپ قالدى، دەرۋازىغا يۆلىنىپ پەسكە سىيرىلدى. قارىي دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىپ قاسىم بايۋەچچىنى يۆلىۋالدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەزايىغا قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، تۈن شالاڭلاپ قالاي دېدى. مەنسۇر بىلەن قارىي قاسىم بايۋەچچىنى يۆلەشتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

× × ×

قولۇم - قوشنىلار ئۇيغىنىپ، بىردىن - ئىككىدىن تالاغا

چىقىپ، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈشتى. تۈن قاراڭغۇسىدىكى تىۋىشلار ئاۋۇپ قالدى. كېچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھازىرنىڭ ئۆزى كۈندۈزدىن پەرقى يوق ئىدى، ئادەملەر بىر-بىرىنىڭ ئاۋازىدىن كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشىپ، تارتىنمايلا ئىسىملىرىنى ئاتىشىپ ئەھۋال سورىشاتتى. بۇ كىشىلەر تۈندە مۇقۇلدىشىپ كۆنۈپ كەتكەچكە، ھېچقانداق قىينىلىش ھېس قىلمىدى.

— مەنسۇراخۇنغا نېمە بولغاندۇ؟

— خۇپتەن نامىزىدا ساق تۇرمامتى؟

— نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدىم.

— قاچان؟

— يېرىم ئاش پىشىم ۋاقىت ئالدىدا.

— نېمە ئىشتۇ؟

— يەنە تېخى ئات - ئۇلاغلارنىڭمۇ تىۋىشىنى ئاڭلىدىم.

— يىراقتىن بىرەرسى كەلدىمۇ يا؟

— بۇ قورۇغا ئادەم كەلمىگىلى ئون نەچچە يىل بولدى.

قاسىم بايۋەچچە باركۈنلەردە ھەركۈنى ئادەمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ غايىب بولغاندىن كېيىن، مۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان.

— نېمە بولسا كىرىپ، كۆرۈپ، ئۇقۇپ باقايلى.

— شۇنداق قىلايلى، بىرسى باج ئالمىغاندىكىن.

— ئالمادىس، چاتاق چىقىپ قالمىسۇن.

— نېمە چاتاق، ئەمدىلىكتە.

— بىرنېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ.

— يىغا - زار كۆتۈرۈلۈپ تۇرسا، ئۆيدە قانداق ياتقىلى بولىدۇ؟ قويۇڭلار ئۇنداق پىسپاس گەپنى. قولۇم - قوشنا بولغاندىكىن، كىرىپ باقايلى.

— قاسىم بايۋەچچە كەلدىمۇيا؟

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ ئاداش، ئۇ ئادەمنى ئۆلدى دېگىلى نەۋاق.
— ئۇنداق ئەمەستۇ.
— تاغ ئاتلاپ كېتىپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىغان.
— ...

كىشىلەر ھەر خىل پەرەزلەردە سۆزلەپ. قاسىم بايۋەچچىنىڭ قورۇسى ئالدىغا كەلگەندە، نۇرغۇن ئات ـ ئۇلاغلارنى كۆرۈشتى، بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ، دەرۋازا ئىچىدىن قورۇ ئىچىگە بىردىن ـ ئىككىدىن تەمترەپ كىرىشتى. مەنسۇر ھويلىدا ئۇنىنى قويۇپ بېرىپ يىغلاۋاتاتتى. قاسىم بايۋەچچە ۋە باشقىلار پېشايۋان سۇپىسىدا ئېغىر سۈكۈتكە پېتىپ ئولتۇراتتى.

— مەنسۇراخۇن، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، بۈگۈن نېمە بولدى، سىلىگە؟— دېدى سىرتتىن كىرگەن قوشنىلاردىن بىرى.

— جېنىم سىڭلىم، جېنىم باللىرىم، 10 يىل خۇدۇكسىنىپ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا يىغلاپ ئۆتتۇم، مانا بۈگۈن ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ يىغلىۋالاي،— دەپ ئۆزىنى تۇتالماي كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ يىغلايتتى مەنسۇر. ئۇنىڭ مۇسىبەتلىك روھى تەبىئەت دۇنياسىنى ئېرىتىۋەتتىمكىن، يۇلتۇزلاردۇ تۆكۈلۈۋېلىشقان ئىدى.

پاكقۇش كېسەللىكى تەگكەن ئادەمدەك ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغان قاسىم بايۋەچچىنى قارىي يۆلەكلىك ئىدى. ئۇ لاغ ـ لاغ تىترەيتتى، چىشلىرى سېرىق قوناق يېگەن ئاتتەك غاراچ ـ غۇرۇچ قىلاتتى. ھويلىدىكى قوشنا ـ قولۇملار ئىشنىڭ تەكتىنى بىلىشمەي قالدى. قاسىم بايۋەچچە لوككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىنى قويۇپ بېرىپ يىغلىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاسماننىڭ قورسىقىنى يېرىۋەتكۈدەك چىقتى.

— ۋاي دوستۇم، ۋاي باللىرىم، نېمە ئىش بۇ، ئوكۇممۇ ـ

چۈشۈممۇ، سىلەر قەيەردە بالىلىرىم، قېنى سەن دوستۇم؟ بۇ دۇنيانى هارام قىلدىڭلارغۇ...

قاسىم بايۋەچچىنى تونۇغان جامائەت بىردە ھەيرانلىق ھېس قىلسا، بىردە خوتۇن - بالىلىرىنىڭ پاجىئەسى ئۈچۈن ئورتاق قايغۇردى.

— تووۋا، نېمە كارامەتلىرىڭدۇ بۇ، پەرۋەردىگار.

— بالىلىرىنى ھايات دېگەن بولغىيتتى بىچارە.

— بىرسى بولسىمۇ ھايات قالغان بولسا، مەدەت بولاتتى.

— ئاجايىپ ئىش، ياخشى ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولامدۇغاندۇ؟

— «يامانغا ئۆلۈم، ياخشىغا كۈن يوق» دېگەن مۇشۇ - دە.

— قاسىم بايۋەچچە قانداق بولۇپ كېتەر؟

— يىغلاپ - يىغلاپ توختاپ قالىدۇ، سەۋر قىلىدۇ.

— ھېچنېمە بولمايدۇ. ئۆلگەنگە ئۇۋال.

— ماۋۇ ئاداشنى، تۈزۈكرەك گەپ قىلە، خوتۇن - بالىلىرىڭ ئاشۇنداق ئاقىۋەتتە ئۆلۈپ كەتسە، ھېچنېمە بولمايدىكەنسەن - دە؟

— ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنى كۆرگەنمۇ؟

— ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگەن يوق، ئەمما تۈگىشىپ ساراڭ بولغاننى كۆرگەن.

— ھەممە ئادەم بېشىغا كەلگەندە بىلىدۇ.

پاراڭ سېلىۋاتقانلار جىمىدى، قاسىم بايۋەچچە ئۆزىنى ھەريانغا تاشلاپ يىغلاۋاتاتتى. ئاقساقاللار ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ سەۋر قىلىشنى قايتا - قايتا ئېيتىپ، تەسەللى بېرىپ، مىڭ تەستە يىغىسىنى توختىتىپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

— كۆپچىلىك، قاسىم بايۋەچچە يىراق يەردىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلدى. بۈگۈن ئارام ئېلىۋالسۇن، ئەتە كۆرۈشەيلى،—

دېدى بىرسى.

كۆپچىلىك كۆزى قىيمىغان، كۆڭلى ئۇنىمىغان، ناھايىتى سۇس ھالدا ھويلىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. قاسىم بايۋەچچە، كارۋانچى يىگىتلەر ۋە مەنسۇر ئائىلىسىدىكىلەر قالدى. مەنسۇر قاسىم بايۋەچچىنىڭ خوتۇن - بالىلىرى قانداق ئۆلگەنلىكى توغرۇلۇق سۆزلەشنى خالىمىدى. ئەمما، قاسىم بايۋەچچە قىزىرىپ - ئىششىپ كەتكەن كۆزىنى ياغلىق بىلەن سۈرتۈپ:

— زادى قانداق تۈگەپ كەتتى؟— دەپ سورىدى.

— كېيىنچە ئاڭلاپ قالارسىز، بايۋەچچە.

— ئەزمىگىزنى ئەزمىگە، مەنسۇراخۇن.

— تاڭ ئاتسۇن، بايۋەچچەم.

— ماڭا تاڭنىڭ نېمە كېرىكى، زادى قانداق ئىش؟

ئىلاجسىز قالغان مەنسۇر يىغلاپ تۇرۇپ، بولغان ئىشلارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. مەتئېلىنىڭ مەردلەرچە ئېلىشىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى سۆزلىگەندە، قاسىم بايۋەچچە ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

— قىيامەتلىك دوستۇم، مېنى كەچۈر!

خوتەندە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن قاسىم بايۋەچچىنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كەتتى، ۋىجدانى خورلاندى. ئۆزىنىڭ بىر جېنى ئۈچۈن، تۆت جاننىڭ بېشى كەتكەنلىكىگە ئۆكۈندى. ئەتىسى نەچچە ئون كالا - قوي سويۇپ، يۇرتقا نەزىر بەردى ھەمدە خوتۇن - بالىلىرىنىڭ قەبرىسىنى ئوڭلىدى. ئۇ مەتئېلىنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇردى، قەبرىسىنى خوتۇن - بالىلىرىنىڭكىدىنمۇ يوغان قىلىپ ئوڭلىدى، ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈم - يۈم ياش تۆكتى. ئۇ كەتكەنلەر ئۈچۈن، بۇ دۇنيالىق قائىدە - يوسۇنلىرىنى قىلىپ، كۆڭلى ئازراق ئارامىغا چۈشتى. بۇرادىرى مەتئېلىنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى يوقلاپ، ئۆيۋاقلىرىنى ئوڭلاپ بەردى، تۇرمۇشىدىن

ئوبدان خەۋەر ئالدى.

كەشمىر، كابۇللاردىكى 10 نەچچە يىل سەرگەردانلىق هاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاخىر خوتەنگە قايتىپ كەلگەن قاسىم بايۋەچچە هاياتتىن ئۈمىدسىنى ئۈزۈپ، مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىش خىيالىغا كەلدى، ئەمما قىيامەتتە قارا يۈز قوپماي دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. خوتۇن - بالىلىرى ۋە مەتئىبلىنىڭ قاتىللىرى باشقىلار ئەمەس، بەلكى ئۆز خەلقى بولغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندى، ئادەملەردىن سەسكەندى، قېيىدىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ تالا - تۈزگىمۇ چىقماي، قورۇسىدا ئېغىر خىياللار بىلەن ئىبادىتىنى قىلدى.



# ئونىنچى باب

جاھانگىر خوجا ئاستا- ئاستا كىشىلەرنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلدى. قاسىم باۋەچچىنىڭ كۆڭلىدىن- كۆڭلىگە مۇكچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قارىي ئەنسىرەپ قالدى، ۋاقىت تاپسىلا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى؛ جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان ئىشلارنى، ئېقىپ يۈرگەن گەپ- سۆزلەرنى ئۇجۇر- بۇجۇرىگىچە سۆزلەپ بېرەتتى؛ «ئۆزلىرىنى مۇنداق قىينىمىسىلا باۋەچچەم، مۇشۇنداق قىلىۋەرسىلە، كەتكەنلەرنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ» دەپ تەسەللى بېرەتتى.

— قارىي، نەچچە ياشقا كىردىڭ؟— دەپ سورىدى قاسىم باۋەچچە ئېغىر خىياللاردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سۆزدىن قارىي تەمتىرەپ قالدى.

— 30 بىلەن 40 ياشنىڭ ئارىلىقىغا كىرگەندۇق، باۋەچچەم.

— ئۆي- ئوچاقلىق بولىدىغان چاغدىن ئۆتۈپ كېتىپسەن.

— تېخى ۋاقىت بار.

— «ياش چېغىڭدا ئۆيلەنسەڭ تاشقا مۆھۈر باسسەن، قېرىغاندا ئۆيلەنسەڭ قۇمغا مۆھۈر باسسەن» دېگەن گەپ بار. ھەممە ئىشنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بولغىنى ياخشى ئوكام،— دېدى قاسىم باۋەچچە. ئۇنىڭ گېپىدىن، كەيپىنىڭ سەل كۆتۈرۈلۈپ قېلىۋاتقانلىقى بىلىندى.

— مىنى ئۆيلەپ قويغىلىرى كەلگەن ئوخشىمامدۇ، بايۋەچ-
چەم،— دېدى قارىي ئۇنى جىقراق گەپ قىلىشقا ئۈندەپ.
— شۇنداق. سەن مەن بىلەن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقتا
بىللە بولدۇڭ، نۇرغۇن ئېغىرىمنى تارتتىڭ ئۇكام. شۇڭا، ساڭا
ئازراق جاۋاب قايتۇرايمىكىن دەيمەن.
— ياخشىغۇ، ئۇنداق بولسا، مىنى قاچان ئۆيلەپ قويىـ
دىلا؟— دېدى قارىي كۈلۈپ تۇرۇپ.
— كۆڭلۈڭگە پۈككىنى بولسا ئېيت، ئۆزۈم ئەلچى بولۇپ
باراي.
— مەن نەدە تۇرۇپ كۆڭلۈمگە پۈكۈمەن بايۋەچچەم. ئېخى
خوتەنگە كەلگىلى نەچچە ئاي بولدى، تالا - تۈزگىمۇ چىقمىغان
تۇرساق.
— ئۇنداقتا، سەن دەرھال بىرىنى تاپ، ئۆيلىۋېتەي.
— نەدىن تاپىمەن؟
— ئوغۇل بالا بولغاندىكىن، ئىزدىنىپ باقمامسەن؟
— بۇ خەقنىڭ ھەممىسى ناتونۇش بولۇپ كېتىپتۇ،
بايۋەچچەم.
— ھەي قارىي، تونۇشمامسەن. تـوۋا، ئوغـۇل بـالا تـۇرۇپ
دېگەن گېپىڭنى قارا سېنىڭ.
— قانداق تونۇشىمەن؟ مەن يا 14—15 ياشلىق بالا بولمىسام.
— مەن تاپاي ئەمىسە.
— ئۆيدىن تالاغا چىقماي تاپامدىلا، بايۋەچچەم.
— سەن ئۆيلەنسەڭلا، مەن تالاغا چىقاي، قانداق؟
— بولىدۇ، ئەمىسە،— قارىي ئاخىر قاسىم بايۋەچچىنى تالا -
تۈزگە ئاچىقىشنىڭ ئامالىنى قىلدى.
قاسىم بايۋەچچە تالا - تۈزگە چىقىدىغان بولدى. ئۇنىڭ
كەيپىياتىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى، قولۇم - قوشنىلارنىڭ باللىرىغا

زەن سېلىپ يۈردى، قارىيغا نۇرغۇن قىزلارنى سايە قىلدى. قارىي گەپتانلىق قىلىپ، بىرىنى ئۇنداق دېسە ـ بىرىنى مۇنداق دەپ، ھەرگىز يېقىن يولىمىدى.

— سەن زادى ئۆيلىنەمسەن ـ قانداق؟

— ئۆيلىنىمەن شۇ.

— ئۇنى كۆرسەتسەم مۇنداق دەيسەن، بۇنى كۆرسەتسەم ئۇنداق دەيسەن، قىزبالا دېگەننى سوققىلى بولمايدۇ،— قاسىم بايۋەچچىنىڭ تېرىكىشىدىن قارىي كۈلۈپ كەتتى،— نېمىگە كۈلىسەن، جا قارىي،— دەپ تېخىمۇ تېرىكتى ئۇ.

— بىر شەرتىم بار، شۇنىڭغا كۆنسىلە، مەن ئاندىن ئۆيلىنىمەن.

— پاھ، ماۋۇ گادايغا نېمە بولدى، ئېيتە قانداق شەرت ئۇ؟

— ماقۇل دېسىلە، ئېيتىمەن.

— ئاۋۋال دېمەمسەن.

— سىلى ماقۇل دەملا ـ دېمەملا؟

— قىزىق گەپ بولدىغۇ بۇ. بوپتۇ، ماقۇل دەي، قېنى قانداق شەرت ئۇ؟

— دېدىم ئەمىسە ـ ھە؟

— ساڭا نېمە بولدى، ئېيت دېدىمغۇ؟— قاسىم بايۋەچچە تېرىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قارىي ئۆزىنى باسالماي كۈلۈپ سالدى. ئۇ كۈلگەنسېرى قاسىم بايۋەچچە تازا تېرىكتى،— ئېيتامسەن ـ يوق؟ يەنە تىلىڭنى چاينىساڭ، مەن شەرتىڭگە كۆنمەيمەن، — دېدى.

— ئاۋۋال...— دەپ توختاپ قالدى قارىي. كۆڭلىدە «ئېغىر كېلىشى چوقۇم. شۇنداق بولغاندىمۇ ئېيتىشىم كېرەك» دېگەننى جەزملەشتۈردى.

— نېمە ئاۋۋال، ئېيتامسەن.

— ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالماملا، بايۋەچچەم. كۆزۈمگە مۇنداق كىرىۋالسىلا، قورقۇدىكەنمەن.
— مانا، ساڭا قارىمايلا تۇراي.
— ئۆزلىرىنىڭ بېشىنى ئوڭلىغاندىن كېيىن، مەن ئۆيلىنىمەن.
— نېمە؟— قاسىم بايۋەچچىنىڭ ئەمدىلا ئوڭلىنىشقا يۈز تۇتقان كۆڭۈل يارىسى قاناپ كەتكىلى تاسلا قالدى. قارىينىڭ بۇ گېپىدىن غۇژژىدە ئاچچىقى كېلىپ يەنە ياندى،— نېمە دەيدىغانسەن قارىي، مېنىڭ جىسمىم تىرىك تۇرغىنى بىلەن روھىم ئۆلگەن. ئۇنداق ئېغىر چاقچاقلارنى كۆتۈرەلمەيمەن،— قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى. كۆز ئالدىدىكى ئاران يۈرىدىغان رەھىمسىز دۇنيا قاراڭغۇلىششقا قاراپ يۈزلەندى، رەڭگى ساماندەك سارغىيىپ، قېلىن كالپۇكلىرى تىترەيتتى. ئۇنىڭ گەجگىسىنى بىر نەرسە ئېغىر باسقاندەك بولۇپ كەتتى.
— ئۇنداق دېمىسىلە بايۋەچچەم. تېخى دۇنيانىڭ مۇرادى ئۇزاق، بىر ئۆمۈر تىكەندەك يالغۇز ئۆتكىلى بولمايدۇ. ئادەم دېگەندە ئاغرىق - سىلاق بولىدۇ، شۇنداق چاغدا جورا بولمىسا بولمايدۇ،— دېدى قارىي بېشىنى يەرگە سىلىپ.
— سەن مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنمەپسەن قارىي. مەن ئۆمرۈمدىكى ئىشلارنى دەڭسەپ - جىڭلاپ باقتىم، قانچىلىك ياخشىلىق قىلدىم، قانچىلىك يامانلىق قىلدىم، كىمدىن قەرزىم بار دېگەنلەرنى ئويلىدىم،— دېدى قاسىم بايۋەچچە ئېغىر ئۇھسىنىپ تۇرۇپ،— شۇڭا، سېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىڭ توغرۇلۇق ئويلاندىم، سېنىڭ ئۆتتەك چاغلىرىڭ باشقىلارنىڭ يۇرتىدا مەن بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئاشۇ چاغلىرىڭنى قايتۇرۇپ بېرىشىم لازىملىقىنى بايقىدىم.
— ئۇنداق دېمىسىلە بايۋەچچەم، مەن تېخى ياش. مەن

سىلىگە ئەگەشكەن كۈندىن تارتىپ، ھالال ياشاپ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ كەلگەنلىكلىرىنى كۆردۈم. ئۆزلىرىنىڭ ھېچكىمدىن قەرزلىرى يوق، بىز ئەگىشىپ يۈرگەن كۈنلىرىمىزگە ھەق بەردىلە، ئۇنداق دېسىلە بولمايدۇ،— دېدى قارىي ئېزىلىپ تۇرۇپ.

— سەن نېمە دېسەڭ دە، مەن سەندىن قىران چاغلىرىڭنى تارتىۋالدىم. بۇ بىر، يەنە بىرى...— دەپ ئاۋازى تىترەپ توختاپ قالدى قاسىم بايۋەچچە. ئۇنىڭ يۈزلىرى قانسىراتقان ئۆپكىدەك ئاقىرىپ تىترەپ كەتتى، كۆزى ئىمىر - چىمىر بولۇپ، بوغدىيىكىنى ئۆمەللەپ تۇرۇپ قالدى،— يەنە بىرى قارىي، ئۇ قەرزىم باشقا يەردە. مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئارام تاپسۇن دېسەڭ، سەن ئۆيلەن. مەن سېنى ئۆيلىۋېتىپ، بۇ يەردىن كېتىمەن.

— نەگە كېتىلا، كىمدىن قەرزلىرى بار ئىدى؟

— مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي، بۇ دۇنيالىقتا سەندىن بۆلەك يېقىن ئادىمىم قالمىدى. ھەممە يېقىن كىشىلىرىم ئۆلۈپ تۈگەپ كېتىپتۇ. سەن تۇنجى قېتىم ماڭا كارۋانچى بولغان چاغنى ئەسلىيەلەمسەن؟

— ھەئە، مەن سىلىگە ئەگەشكەن چاغ... ھە، كۇچاغا ماڭغان چاغلىرىدا بىرگە بولغانمەن.

— يادىڭدا باركەن قارىي. دەل شۇ چاغدا كۇچادا رەيھانەم ئىسىملىك بىر قىزغا ئۆيلەنگەن ئىدىم. ئۇ قىزدىن ئايرىلغىلى 17 يىل بولدى، شۇ قايتىپ كەلگەنچە ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلالمىدىم، ئۇنىڭغا قارىيالمىدىم، ئەمدى چۈشەنگەنسەن. مەن سېنىڭ قەرزىڭنى ئادا قىلىۋەتسەم، كۇچاغا كېتىپ، ئاخىرقى ئۆمرۈمنى ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلدىم. خوتەندە تارتىشقۇدەك ئادىمىم قالمىدى، بۇ ئادەملەرنىڭ چىرايىدىن سەسكىنىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەم، ھارام ئۆلۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ، سەن مېنى قىينىماي ماقۇل دە.

— ئۇنداقتا، مەنمۇ سىلى بىلەن كۇچاغا چىقىمەن. ئۆيلەنـ

ـسەم، شۇ يەردە ئۆيلىنەي، بايۋەچچەم.

— ئۇنداقتا...— دەپ، جىمىپ قالدى قاسىم بايۋەچچە.

ئاشۇ سۆھبەتتىن كېيىن، قاسىم بايۋەچچە سەپەر تەييار-لىقىنى قىلدى، ئۆز تۇرالغۇسىنى قېيناكىسى مەنسۇرغا تاپشۇرۇپ قويدى. ئۇلار سەيشەنبە كۈنى سەھەردە كۇچاغا قاراپ ماڭدى.

× × ×

كۇچانىڭ ئەينى يىللاردىكى ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. قاسىم بايۋەچچە دوستى ياقۇپنىڭ سارىيىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ، سارايۋەن ياقۇپنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قايغۇردى، سارايۋەننىڭ باشقا ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدى- دە، سارايدىن رايى ياندى. لېكىن كەچ كىرىپ قالغاچقا، قاسىم بايۋەچچە بۇ سارايغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى.

قاسىم بايۋەچچە كارۋانچى يىگىتلەرنى سارايغا ئورۇنلاشـ ـتۇرۇپ قويۇپ، قارىيىنى باشلاپ ئۆزىنىڭ رەيھانەمگە ئېلىپ بەرگەن قورۇسىغا باردى. ئۇ دەرۋازىنى چەكتى، بىرھازادىن كېيىن دەرۋازا ئىچىدە شەپە ئاڭلاندى. قاسىم بايۋەچچە ئالدىراپ لاغىلداپ كەتتى، قىران چاغلىرىدىكىدەك ھېسسىياتقا كېلىپ، نەپەسلىرى ئىتتىكلەپ قالدى. رەيھانەمنىڭ ئەينى يىللاردىكى نازاكەتلىك چىراي - قامىتى كۆز ئالدىغا كېلىپ، قاسىم بايۋەچچە لەۋلىرىنى چىشلىدى، يۈرىكىنىڭ «پوك - پوك» سوقۇشى قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇردى، كېچە كۈندۈزدەك كۆرۈنۈپ، ئەترا-پىدا يۈز بېرىۋاتقان ھەرقانداق بىر ھەرىكەت ئۆز روشەنلىكىنى، سۈزۈكلۈكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى ناھايىتى رىتىملىق، خىيال قۇشلىرى ئوماق بۇقۇلدايتتى، ياشىرىپ قالغاندەك، جۇشقۇن ۋە تېتىك ئىدى. قاسىم بايۋەچچە

10 نەچچە يىللىق ھاردۇقى بوگۈن چىقىپ كەتكەندەك، قوللىرىنى ئىختىيارسىز بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، بارماقلىرىدىن قاس چىقاردى. رەيھانەم ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئۇۋىسىغا چىقىۋېلىپ، ئاشۇ يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئۇنىڭغا قاراپ كۆز قىسىۋاتقاندەك، تومۇر - تومۇرلىرى يۇمشاپ كەتتى. «ئەمدى مەن ئاسمانغا قارىماي، بىھۇدە تۇيغۇ - خىياللار ئازابىتىن ساقايغان قەلبىمگە نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارنى يۈكلەپ قويمىسۇن».

چىرايلىق خىيال قۇشلىرى ئەمدىلا ئۇۋا سالغان ئۇنىڭ قەلبىدە ئاراملىق، يەنى ئەبەدىي ئاراملىق مەۋج ئۇرۇپ ئاقسا، ئۇ شۇ ئېقىنىدا بىر دەقىق بولسىمۇ ئۆز ئەركىدە چۆمۈلۈپ باقسا، ئوغۇز سۈتى بەرگەندەك كۆرۈنەتتى. پاك - ھالاللىق، مېھىر - مۇھەببەت، چىن ساداقەتنىڭ لاۋۇلداپ كۆيگەن گۈلخانلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇقەددەس قىبلىگاھىغا ئايلانغان بولاتتى. ياراتقۇچى ئاللانىڭ مۇقەددەس پەزىلىتى ئادەملەرگە تاتلىق ھەم چۈچۈمەل لەززەت بېرىپ، سادىقلىق، ئاشىقلىق كۈيلىرى ھەممە قەلبتىن ئورتاق تۆكۈلۈۋاتقانلىقى زاھىر بولاتتى. شۇنداق بولغاندا، ئادەملەر تەبىئەت دۇنياسىدىن گۈزەللىك ئىزدىمەي، ئۆزىدىن، بىر - بىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ، دۇنيا مۇھەببەتكە تولاتتى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، روھلارنىڭ ھارام شاخلىرى دائىم گۈزەل ھاياتقا چاڭ سېلىپ، گۈزەل يارىتىلغان ئادەم ۋە قەلبلەرنى نۇرغۇنلىغان ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ بۆشۈكلىرىگە بۆلەپ، تىنى ئالدۇرماي قىيناپ، ئالەمدىن ئىنسانىنى، تەندىن روھىنى، روھتىن تەننى بەزدۈرۈپ، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتەن - يۇرتلىرىدىن مەڭگۈلۈك بىزار قىلىپ كەلمەكتە.

قاسىم بايۋەچچىنىڭ تاقىتى ئاخىرقى چەككە يەتكەن ئىدى. ئۇ يەنە دەرۋازىنى ئۇردى. ھويلا ئىچىدىن دەرۋازا تەرەپكە كېلىۋاتقان تاۋۇش ئېنىق ئاڭلاندى.

— ئالدىراپ كەتمىسىلە بايۋەچچەم،— دېدى قارىي باياتىنىڭياقى قاسىم بايۋەچچىنىڭ بىر جايىدا قىمىلداپ تۇرالمىغانلىقىنى كۆرۈپ.

ھويلا ئىچىدىكى چىراغ نۇرى دەرۋازىنىڭ ئاراشلىرىدىن سىرتقا تەپتى. قاسىم بايۋەچچە ئاشۇ سۇنغان نۇرلارنىڭ ئەكسىدىن رەيھانەمنىڭ ئىللىق چىرايىنى كۆرگەندەك بولدى.

— كىم؟— دېدى دەرۋازا ئىچىدىن بىر ئايال.

— ئىشىكنى ئاچسىلا، مەن قاسىم بايۋەچچە،— دېدى ئالدىراپ - تېنەپ.

— ئۆيدە ئەركىشى يوق، بۇ كېچىدە نېمە ئىشلىرى بار ئىدى؟

— بۇ رەيھانەمنىڭ ئۆيىدۇ؟— قاسىم بايۋەچچە ئىككىلىنىپ قالدى.

— ...

سوراشلار بىرئاز توختاپ قالدى. ئىشىك ئېچىلدى. چىراغ يورۇقىدا قاسىم بايۋەچچە نامەلۇم بىر ئايالنى كۆردى.

— ئۆزلىرى ئۇ مەزلۇمنىڭ نېمىسى بولىدىلا؟

قاسىم بايۋەچچىنىڭ دىلىڭ تۇرغان روھى سالپىيىۋاتاتتى. چىرايمۇ تۇن قاراڭغۇسى ئىچىدە پۈرلىشىپ كەتتى.

— رەيھانەم نەگە كەتتى، ئۇ ھاياتمۇ؟

— ئۇ ئايال بۇ قورۇنى بىزگە سېتىپ كېتىپ قالغىلى 10 يىلدىن ئاشتى، نەگە كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

قاسىم بايۋەچچە بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. كۆڭلى قاراڭغۇلىشىپ، تۇرغان جايىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا كەلگەن بۇ ئەلەمدىن قارىينىڭ ئىچى سىيرىلىپ، قاسىم بايۋەچچىگە تەسەللى بېرىدىغان گەپ تاپالمىدى.

— ئۆيگە باشلاي دېسەم، بالىلارنىڭ دادىسى يوق ئىدى، — دېدى ناتونۇش ئايال، — ئۆزۈڭلار ئۇ مەزلۇمنىڭ نېمىسى بولىسىلەر؟

قاسىم بايۇەچچىنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمىدى. ئۇلار بىر ئاش پىشىم ۋاقىت دەرۋازا تۈۋىدە شۇنداق ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ، ئاخىر بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، بۇ يەردىن كېتىشتى. ئۇلارنىڭ سولغۇن، ماغدۇرسىز قەدەملىرى تۈن كېچىنى يىلاندەك تولغاش تۇرۇۋەتتى. ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ناتونۇش ئايال ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ:

— ئىسىت، بۇ ئۆينى سېتىۋالمىساق بوپتىكەن. ئۇلارنىڭ كۆڭلى نېمە بولۇپ كەتتى- ھە، بىچارىلەر بۇ تۈن كېچىدە قايسى بوسۇغىنىڭ تۈۋىدە تۇرارسىلەر، — دەپ، ئۇلارنىڭ شەپىسى غايىب بولغۇچە ئىشىك تۈۋىدە مەيۈس ھالدا تۇرۇپ قالدى.

بۇ يەردىكى تۈن مۇشۇنداق قايغۇلۇق، پىغانلىق كۆرۈنۈشلەردىن تويۇنۇپ، تۇم قارا بولۇپ كەتكەن ئىدى. قاسىم بايۇەچچە بىلەن قارىي كوچانىڭ كېچە قوينىدا جۇدالىق ياشلىرىنى ئېقىتىپ، يولنى نەملىتۋەتكەن ئىدى. تۈن شېخىدىكى شەبنەم دانچىلىرى يەرگە چۈشۈشتىن نومۇس قىلىپ، كۆك بىلەن زېمىننىڭ بىر كۈنلۈك رىشتىنى ئۈزۈپ قويدى. كېچە ئەنە شۇنداق ئۆتتى. قاسىم بايۇەچچە سارايدا كىرپىك قاقماي بۇ كېچىنى ئۆتكۈزدى. قارىي سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كىردى. قاسىم بايۇەچچە يوتقانىنىڭ ئىچىدە مىدىر - سىدىر قىلماي، كۆزىنى پاقا تەشكەن سويمىدەك قىلىپ تورۇسقا قاراپ ياتاتتى. قارىي بۇ ھالنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ئېتىلىپ چىققان ياش لاتقىلىرى مەڭزلىرىنى بويىۋەتتى. ئۇ رۇۋان چىقىرالماي، بىر پەسكە - بىر تورۇسقا قاراپ، مەڭزىدىكى

ئىسسىق ياشلارنى قۇرۇتتى.

— بايۋەچچەم، تاڭ ئاتقىلى نەكەم، ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا.

قاسىم بايۋەچچە قارىينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قارىدى.

— قارىي، كۆزۈم يورۇق بىلەن قاراڭغۇنى سەزمەس بولۇپ قالدى. مەن ئۈچۈن كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ پەرقى قالمىدى. غۇچچىدە جېنىم چىقىپ كەتسە نېمە بولىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قارىينىڭ يۈرىكى لەختە بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ، يەنە سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى.

— ئۇنداق دېمىسىلە، بايۋەچچەم. مەن بىر قارا تۈرك ئادەم، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى ياساشنى بىلمەيمەن، ئۆلۈمنى ئويلىمىسىلا. سىلى «بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقى ئەۋزەل» دېگەنتىلە. كۇچا دېگەن چوڭ شەھەر، ئاغىچىلىرىنى ئىزدەپ باقمامدۇق.

قاسىم بايۋەچچە هارغىنلىق هېس قىلدى. «خوتەندىن كەلمىسەم بوپتىكەن، شۇنداق بولغاندا، رەيھانەمنى تېخى هايات، مېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، دەپ ئاغزىمنى تاتلىق قىلىپ، ئاچچىق كۆڭلۈمدە تاتلىق كۈلكە هاسىل قىلىپ يۈرىدىكەنمەن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ قارىينىڭ جىق يالۋۇرۇشلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئىككى رەكئەت چاشكا ناماز ئوقۇپ سارايدىن چىقتى.

كۇچا سودىگەرلىرى قاسىم بايۋەچچىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇ چۈشكەن سارايغا كېلىشىۋاتاتتى، ئۇلار يولدا ئۇچرىشىپ قالدى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ دۇنيا ئىشلىرىدىن رايى قايتقاچقا، ئۇلارغا سالام قايتۇرۇپ، يولدا تۇرمايلا كېتىپ قالدى. كۇچا بايلىرى ئىچىدە غۇدۇراپ قېلىشتى.

— بۇنىڭ هەيۋىسى سۇنماپتىغۇ؟ خىيالىدا هېلىقى ئۇرايىمنى بار دەيدىغان ئوخشىمامدۇ.

— مېلىمنى ئېلىپ قويساڭلار دەپ، ئالدىمىزغا كەلمىگەننى بىر كۆرەي.

— ئۇنىڭ ماللىرىنى ئالمايلى. ھەممىمىز گېپىمىزنى بىر قىلىپ تۇرۇۋالايلى، قېنى قانداق قىلىدىكىن؟

— شۇنداق قىلايلى.

— پۈتۈشتۇق ئەمسە،— دېيىشىپ كوچا بايلىرى ئارقىسىغا يېنىپ كەتتى.

قاسىم بايۋەچچە بىلەن قارىي ئۇرايىم ھاجىمنىڭ قورۇسىغا باردى. بۇ قورۇ ئاللىبۇرۇن ۋەيران بولۇپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ لەشكەر گازارمىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار قورۇ ئالدىغا كېلىپ، دەرۋازا ئالدىدىكى ئىككى نەپەر قاراۋۇلنى كۆرۈپ ئارقىسىغا ياندى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلاردىن ئۇرايىم ھاجىمنى سۈرۈشتە قىلدى، ھېچكىم دەپ بېرەلمىدى. قاسىم بايۋەچچە «بۇ ئادەمگە ئاخىر پېشكەللىك يېتىپتۇ- دە. بۇ يەردە بولغان بولسا، ئاخشاملا سارايغا باراتتى» دەپ ئويلىدى. ئۇ سارايغا قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ناتونۇش بىر ئاۋاز چۆچۈتۈۋەتتى. يەرگە قاراپ تۇرغان قاسىم بايۋەچچە بېشىنى دەرھال ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇردى.

— ئۇرايىم ھاجىم بۇ يۇرتتىن قېيىداپ كېتىپ قالدى.

قاسىم بايۋەچچە ئۇ ئادەمنى تونىدى. ئۇ ھېلىقى ئۆزىگە كۆرگەن چۈشىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بەرگەن دەرۋىش ئىدى. بايۋەچچە ئۇنىڭ قېشىغا ئىتتىك - ئىتتىك قەدەم ئېلىپ باردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بايۋەچچە، دۇنيانىڭ، تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرىگە ۋايىم يېمە. تەقدىر - قىسمەت دېگەن تېپىشماققا ئوخشايدۇ. ئۇ يىغلىتىدۇ، كۈلدۈرىدۇ. يىغلاتقاندا يىغلا،

كۆلدۈرگەندە كۈل. بىر ئۆمۈر يىغلىساڭ، ئاخىرقى تىنىقىڭ قالغۇچە كۆلۈشنى ئىستە. ئاندىن كەچمىشلىرىڭ ھەققىدە توغرا يەكۈن چىقىرالايسەن. يىغلاپ ئۆلۈپ كېتىشنى ئويلىما.

— ھەي دەرۋىش، ماڭا يول كۆرسەتسىلە.

— بايۋەچچە، يول سېنىڭ پۇتۇڭ ئاستىدا، قانداق مېڭىش قىسمىتىڭدە. سەن يىغلاپ ئۆلۈپ كېتەي دېمىسەڭلا، يول تاپالايسەن. ئۆمرۈم ئاسمىنىدىكى بەخت قۇياشى ماڭا قاراپ كۈلمىدى دېمە. ئۇ ھەممە ئادەمگە قاراپ كۈلمەيۋاتقىلى نەۋاق. سەن خەلقىڭگە قارا. ئۇرايىم ھاجىمنىڭ قىسمەتلىرى سەندىن قېلىشمايدۇ. ئۇمۇ كۆلكە ئىزدەپ بۇ يەرنى تاشلاپ، يىراق يەرلەرگە كەتتى. سەنمۇ خوتەندىن ئۆزۈڭگە كۈلكە، بەخت ئىزدەپ بۇ يەرگە چىقتىڭ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، دەرۋىش.

— مەن ئالدىراش، خوش ئەمىسە.

— ئۆزلىرىگە ئازراق كۆڭلۈم بار ئىدى، دەرۋىش.

— مەن بۇگۈن سەدىقە ئالمايمەن، بايۋەچچە.

— نېمە ئۈچۈن، دەرۋىش؟

— كۈن توغرا كەلمەيدۇ.

— بۈگۈن كۈنگە نېمە؟

— كۈن توختاپ قالدى، مەن كۈن سانىماي كەلدىم، بايۋەچچە.

— بۇ، بۇ...— قاسىم بايۋەچچە يانچۇقىدىن بەش تىللانى ئېلىپ، بىردەم دەرۋىشكە، بىردەم قولىغا قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، تىللانى مىجىقلاپ ھاڭ - تاڭ تۇرۇپ قالدى. دەرۋىش بىر كۈلۈپ قويۇپلا كۆزدىن غايىب بولدى. قاسىم بايۋەچچە بىلەن قارىي ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى.

× × ×

باش - ئايىغىنى بىلگىلى بولمايدىغان ياتلىشىش، ھۆركىرىشىش، مۇشتلىشىشلار بارا - بارا ئەدەپ قېلىۋاتاتتى. يىلىكى خوراپ، مېڭىسى قۇرۇپ قالغاندا، مۇنداق ھاماقەتلىكنىڭ يۈز بېرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. تەرسالىق بىلەن چۈشكۈنلۈك تازا بازار تاپتى. بۇ، دەل چېچەك قېقىش شاملى ئاۋۇش مەزگىلى بولغاچقا، ھاۋا ئۇچۇق بولسىمۇ توساتتىن تولغاشما قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ، تۇيۇقسىز بورانغا ئۆزگىرىپ، ئادەمنىڭ كۆڭلى تىت-تىتچىلىقا قاپسىلىپ قېلىۋاتاتتى.

بازارنىڭ شەرق قوۋۇقىدا بوينىنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە سۈك كەلگۈدەك تەمبەل بىر يىگىت ئولتۇرا بوي، دوغىلاق كەلگەن، كاچىتىنىنىڭ گۆشى كۆرۈنەرلىك ساڭگىلاپ تۇرغان، بېشىغا قەشقەرنىڭ چىمەن دوپپىسىنى كىيىۋالغان، كۆزى نۇرسىز، ئەمما كۆز قارىقى ئەتراپىقا توختىماي يورغىلاپ تۇرىدىغان، ئۆسكىلەك قاش، ئۈستۈبېشىغا قىممەت رەختتىن كىيىم كىيىۋالغان تۇرقىدىنلا «مانا مەن دۆلەتمەن، چوڭ باي» دەپ چىقىپ تۇرىدىغان باينىڭ بوينىنى كاپلا قىلىپ ئېلىپ شۇنداق ئېغىر تولغىدى.

— قويىۇۋەت، يالاڭ تۆش، ھېلى بىكار كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن.

— ئەجەب چوڭ سۆزلەيسىنا، — دەپ يۈزىگە بىرنى تۈكۈردى تەمبەل يىگىت مىيىغىدا كۈلۈپ.

— ھەي مۇناپىق، ئادەمنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈۋاتىسىنا.

— قايسى يۈزۈڭ بىلەن «مۇناپىق» دېگەن گەپنى سېسىق تىلىڭغا ئالالايسەن. ھەي دۆيۈز، مۇناپىق دېگەن گەپنى سەنمۇ بىلىدىكەنسەن - ھە.

— بىلمەن، قانداق؟— باينىڭ كۆزى پارقىراپ كەتتى.
— مۇناپىق دېگەن سەن!— كۆچتۆگگۈر يىگىت ئۇنىڭ بوينىنى قاتتىق بوغدى،— ئۆزىنىڭ يۇرتىغا سىيىدىغان نائەھلى مۇناپىق، زامان سەندەكلەرگە قالغاچقا، كۆرۈۋاتقان كۈنىمىز مۇشۇ. سەندە ئازراق مېھىر - مۇھەببەت، ساداقەت بولسىدى، بەتتەر كۈنلەر بولمايتتى. رىزقىڭنى كاپ قىلىپ يۇتۇۋېتىپ بارغان ئاۋۇ بېشىغا قىزىل پەي تاقىۋالغانلارغا ھۆركىرەپ باقە. ئاندىن سېنى ئادەم، ئەركەك دېگىلى بولىدۇ.
باي قاتتىق قىينىلىپ، كۆزى پولتىيىپ ئىتىلىپ كېتەي دەپ قالدى. كۆچتۆگگۈر يىگىتنىڭ غەزەپ - نەپرىتى كۆ بۇرنى-دىن تاشقىنلاپ ئەتراپقا تارايتتى، قوشۇمىسى شۇنداق تۈرۈلۈپ كەتكەنكى، بەھەيۋەت تاغمۇ كۆزىگە پىنىنچىلىك كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپقا ئولىشۇۋالغانلار ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ:
— پالۋان يىگىت، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، قويۇ-ۋەتسىلە. بۇ غوجام ئۆزىنى چاغلىماي قاپتۇ،— دېيىشىپ، باينىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىۋېلىشتى.
— مۇنداق مۇناپىقنى يەنە غوجام دېيىشكە ئەرزىمىدۇ، تۈفىي!— كۆچتۆگگۈر يىگىت باينىڭ يۈزىگە بىرنەچچىنى توختىماي تۈكۈردى. تۈكۈرۈك ئۇنىڭ يۈزىنى بويىۋەتتى. باشقى-لارنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن ئارىدەك قولىنى بوينىدىن تارتتى. باي قېقىلىپ يۆتۈلۈپ، بىرھازادىن كېيىن ئېسىگە كەلدى.
— خەپ توختاپتۇر، يالاڭ تۆش.
— ئاپلا، ھېلى بىكار تۇلۇمچىلاپ سويۇپ...
— قېنى قىلىپ باقە.
— ئاپلا،— كۆچتۆگگۈر يىگىت ئۇنىڭغا ئىتىلىۋىدى، باي غىپپىدە قىلىپ كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدى.
— بولدى قىلسىلا پالۋان يىگىت، پوققا چالما ئاتمىسىلا،—

دېيىشىپ، بىرنەچچە ئادەم يىگىتنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى.

— ھەي خۇمسى، تۇخۇمى سېسىپ كەتكەن مۇناپىق!— دەپ تىللاپ، ھېلىقى يىگىت جۇدۇنغا سال تاشلاشقا مەجبۇر بولدى،— يەنە بىر ئېغىز گەپ قىلىپ باقە، 32 چىشىڭنى تۆكۈۋەتمىگىنىمنى كۆرۈپ تۇر.

— چوڭ سۆزلەيمەن قانداق؟!— باشقىلارنىڭ قولتۇقىدىن بېشىنى چاشقاندەك چىقىرىپ توۋلىدى باي.

— بولدى قىلىسلا باي غوجام، ئىش يوغىناپ كەتمىسۇن،— دەيتتى باشقىلار ئۇنى قوغداپ.

— قويۇۋېتىڭلارچۇ.

— قويۇۋەتسە، قانداق قىلالايتتىڭ. ئەجەب پوردىقى يوغىناپ كېتىپتۇ ماۋۇ دىۋانىنىڭ،— باينىڭ كۆزى ئويناپ كەتتى. مەنچىك چېرىكلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇ كۆرۈپ قالغان ئىدى،— مەن خان لەشكەرلىرىگە نىمەدەپ سۆزلىمەكچىتىم. قويۇۋېتىڭلار مېنى، بۇ ئوغرىنىڭ زۇۋانىنى دارغا تارتمىسام ئادەم بولماي كېتەي.

— ھەي لالما، قېرىنداشلىرىنىڭ خۇنىنى سېتىپ، كۆن ئۆتكۈزىدىغان مۇناپىق دېگەن ئۆز قېرىنداشىنى يەيدۇ. سەن ئېچىرقاپ كەتسە ئاسلىنىنى يەيدىغان مۇشۇك.

جەمئىيەت ئامانلىقىغا مەسئۇل مەنچىك لەشكەرلىرى توپقا يېقىنلاپ كەلگەن ئىدى.

— بولدى قىلىسلا، پالۋان يىگىت، دەرھال جانلىرىنى ياقىغا ئالسىلا، بىكاردىن-بىكار جانلىرىنى سېلىپ بەرمىسىلە. سىلىدەك ئادەمنىڭ خەلقىمىزگە كېرىكى بار،— دەپ باياتىندىن بېرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان قاسىم بايۋەچچە ئۇ يىگىتنى يانغا تارتتى.

— ئەسلىي مەندە بار، باشتىلام كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ بوغۇزلىۋەتمىگەندىكىن،— دەپ غودۇرىدى پالۋان يىگىت.

— چاپسان جانلىرىنى ياقىغا ئالسىلا ئۇكام،— قاسىم بايۋەچچە ھېلىقى دەرۋىشكە بەرمەكچى بولۇپ قولىغا ئالغان بەش تىللانى يىگىتنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ ئادەملەر ئارىسىدىن تارچۇق كوچىغا سۆرەپ ئېلىپ كىردى- دە،— بۇيەردىن كەتسىلە،— دېدى.
پالۋان يىگىتنىڭ جۇدۇنى بېسىلغانىدەك ئەمەس ئىدى. چىشلىرىنى قوناق يېگەن ئاساۋ ئاتتەك غاراچ - غۇرۇچ قىلاتتى. قاسىم بايۋەچچە يىگىتنىڭ كۆڭلىنى ياساپ يولغا سېلىۋېتىپ، ھېلىقى ئادەملەر توپلىشىۋالغان يەرگە يەنە كەلدى. ھېلىقى باي ھەدەپ ۋارقىراپ سۆزلەيتتى:
— ھۇ خوتۇن تالاق، سەن بىلەن تىنىقىم ئۈزۈلگۈچە ئېلىشىمەن. خان لەشكەرلىرىگە تىل تەگكۈزگىنىنى بۇنىڭ. ئۇ ھۆكۈمەتنى تىللىدىغۇ، شۇنداققۇ،— دەيتتى ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي.
چۆرىسىدىكىلەر «شۇنداق دېدى» دېمىگۈچە، گېپىنىڭ راستلىقىغا ھەممىسىگە تەستىق سالدۇرمىغىچە توختايدىغاندەك قىلمايتتى. غىپپىدە بۇ يەردىن غايىب بولغان پالۋان يىگىتنى بۇ باي ھەممىدىن سۈرۈشتە قىلىۋاتاتتى. مەنچىڭ لەشكەرلىرى باينىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ، گۇر ئۇيانغا - گۇر بۇيانغا يۈگۈرۈپ كېتىشتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغانلار «يەنە تۇرۇۋەرسەك، بىزنى چىشلەپ تارتمىسۇن» دەپ ئويلاپ تىزۇپ كېتىشتى، باي يالغۇز قالدى. چېرىكلەر پالۋان يىگىتنىڭ ئىزدىرىكىنى ئالالماي، باينىڭ يېنىدا تۇرغان لەشكەربېشىغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىشتى. باي قويۇن يانچۇقىدىن بىر سىقىم تەڭگە - تىللانى ئېلىپ لەشكەر بېشىغا بەردى. لەشكەر بېشى بايدىن رازى بولۇپ، ئۇنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ «سەن ياخشى ئادەم، بىز سېنى قوغدايمىز. ھەرگىز قورقما، بىز بار» دېگەندەك مەنىدە كۈلۈپ قويدى. كۆندۈرۈلگەن ئىتتەك باي قىن - قىنىغا پاتمىدى. مەنچىڭ

لەشكەرلىرى كېتىۋىدى، باي ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىرھازا قاراپ تۇرۇپ، تۇيۇقسىزلا تېنى شۈركەنگەندەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن پايپاسلاپ ئەگەشتى.

قاسىم بايۋەچچە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قارىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، قارىيمۇ كۈلدى. دەرۋىش خىيالىدىن كەچكەن قاسىم بايۋەچچە دەرۋىشنىڭ ئېيتقان سۆزىدىن روھلىنىپ قالدى. ئۇ سارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كارۋانچى يىگىتلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى.

— بايۋەچچە، خوتەندىن ئەكەلگەن ماللارنى سۇ قىلساق بولاتتى،— دېدى قارى بايۋەچچىنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ ياخشىلىنىپ قالغانلىقىنى پەملەپ.

— ئالدىرىما، بۇ سودىگەرلەر تومۇر تۇتۇپ تۇرىدۇ. بىزنى ئالدىغا بارارمىكىن دەپ ھالىنى چوڭ قىلىپ، تىل بىرىكتۈرۈكلۈك. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارساق، 10 تەڭگىگە ساتىدىغاننى يېرىم يارماقمۇ سورىمايدۇ.

— ئۇنداقتا، قانداق قىلىمىز؟ تۇرۇۋەرسەك، ساراي ھەققى ئاۋۇپ كېتىدۇ.

— مەن مۇشۇ يەردە ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىنى ئۆتكۈزىمەن، سەنمۇ مۇشۇ يەردە ئۆيلىنىمەن دېگەنغۇ. شۇڭا، ئوبدان قورۇ-جايدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ئاندىن ئۆزىمىز دۇكان ئېچىپ، ماللارنى بىر-ئىككىدىن ساتمايمىزمۇ،— دېدى قاسىم بايۋەچچە.

— ئۇنداقتا، ئېتىكرەك بىر قورۇ-جاي سېتىۋالايلى.

— ئالدىرىما، يەنە 3 — 4 كۈن كۈتۈپ باقايلى...

بىركۈنى قاسىم بايۋەچچە بىلەن قارى قورۇ-جاي سۈرۈشتۈرۈپ، ئېپىدە بىرەرسىنى تاپالماي سارايغا قايتتى. ئۇلار كىرىشكە، ساراي سەيناسىدا كۈتۈپ تۇرغان يامەت چىماق ئىسملىك كاتتا باي چىرايىغا سېھرىگەرلەردەك كۈلگە يۈگۈرتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قاسىم بايۋەچچە، تەنلىرى ساقمۇ؟ بۇياققا چىققىلى خېلى بولدى. ھېچبىر دىدارلىرىنى كۆرسەتمىدىلە،— دەپ ئىتتىك ـ ئىتتىك سۆزلەپ كەتتى.
قاسىم بايۋەچچە يېنىدىكى قارىيغا كۆز قىسىپ قويدى. كوچا بايلىرى ئۆز ۋەدىسىگە ئىككى كونىمۇ پايلىيالمىغان ئىدى.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، يامەتباي، ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك تەنلىرى ساق تۇرغاندۇ؟
— ئاللانىڭ شاپائىتىدە مانا مۇشۇنچىلىك تۇرۇپتىمەن، بايۋەچچە.
— ئوبدان تۇرۇپتىلا يامەتباي، قىرىماسلىقنىڭ دورىسىنى ئىچىۋالغاندەك ياشلا تۇرۇپتىلا ئەمەسمۇ.
— نەدىكىنى، قېرىپ كەتتۇق، ياشمۇ بىر يەرگە باردى بايۋەچچە. مانا ئۆزلىرى شۇ پېتى تۇرۇپتىلا، مەگزلىرىدىكى قان چېپىلداۋاتىدۇ ئەمەسمۇ،— دېدى يامەتباي ياخشىچاق بولۇپ.
ئۇلار شۇنداق سۆزلىشىپ، بىر ـ بىرىگە قىلچىلىك كىرتەككۆزمەي، پېشايۋان ئاستىدا ئولتۇرۇشتى. قاسىم بايۋەچچە يامەت چىماقتىن ئۆزىنى ئەپقاچقاندەك، ھېچبىر يېقىن كەلمەيتتى.
— خوش يامەتباي،— سارايىنىڭ ئىگىسى سىلى بولماقلار يەنە؟— دېدى كۇلۈپ تۇرۇپ.
— يوقسۇ، يوقسۇ،— دېدى يامەت چىماق.
— ئۇنداقتا، قەدەملىرى يېتىپ قاپتىغۇ؟
يامەت چىماق قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ چاندۇرمىدى.
— ئۆزلىرىنى بۇياققا كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ سالامغا كەلگەن، بۇ گۇناھ ئەمەستۇ بايۋەچچە؟— دېدى ئۇ يالغاندىن كۈلۈپ.
— ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، يامەتباي.
يامەت «چىماق» دېگەن لەقەمنى بىكارغا ئالمىغان ئىدى. بۇ ئادەم سودىغا يامان، گەپتە سىلىق، چاپلاشقان نەرسىسىنى يۇلۇپ

ئالمىغۇچە بولدى قىلمايدىغانلىقىدىن، باشقىلار ئۇنى «چىماق» دەپ ئاتىشاتتى. قاسىم بايۋەچچە ئۇنىڭ سودىغا چىڭ ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار ئىدى.

— باشقا مەقسەتلىرىمۇ بارغۇ دەيمەن؟— دېدى قاسىم بايۋەچچە يامەت چىماقنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قادىلىپ تۇرۇپ.

— يامان ئادەم جۇمۇ سىلى، قاسىم بايۋەچچە. ئۇ تەرەپتىن قۇرۇق چىقمىغانلا.

— ئازراق ھۆل چىقتىم، يامەتباي.

— ھۆل نەرسىلىرىنى كۆرۈپ باقاي دەپ كەلدىم.

— ئەمدى راست گەپلىرىنى ئېيتتىلا يامەتباي.

— شۇنداقمۇ بايۋەچچە،— دېدى يامەتباي يەنە قىزىرىپ.

— سودىگەر دېگەننىڭ دوستى، تۇغقىنى يوق ئەمەسمۇ.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمىسىلە، بايۋەچچە.

— ياق، ئەمدى دەيمىنا.

ئۇلار مالنى ناھايىتى چىڭ سودىلاشتى. بىر - بىرىگە ھەرگىزمۇ يېنىنى بەرمىدى، ئىككىلىسى قىلنىڭ ئۈستىدە پىلنى تۇرغۇزۇشۇپ سودا قىلدى. قارىي ئۆمرىدە مۇنداق چىڭ سودىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ چىڭلىقىدىن ئۆمرىدە پۇل خەجلىمەيدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. يامەت چىماق ئاخىر قاسىم بايۋەچچىنىڭ ھەممە مېلىغا نەق پۇل ساندى. يامەت چىماق ئالتۇن - كۈمۈش، يامبۇلارنى قاسىم بايۋەچچىگە ساناپ بېرىپ، ماللارنى يۆتكەپ كەتتى. يامەت چىماق مالنى ئېلىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەيلا كۇچانىڭ بىرنەچچە چوڭ سودىگەرلىرى سارايغا كەلدى. ئۇلار قاسىم بايۋەچچە بىلەن ئۇزاق سالام - سۆھبەتتە بولۇپ، ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىغا ئۆتكەندە، قاسىم بايۋەچچە ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى يامەت چىماقنىڭ سېتىۋېلىپ ئېلىپ

كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، قاسىم بايۋەچچە بىلەن يېنىكلا خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. ئۇلار يول بويى بىر - بىرىگە قاپاقلىرىنى تۈرۈشۈپ، قاتتىق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشتى. قارىي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قانغۇدەك كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى.

قاسىم بايۋەچچە كۇچانىڭ شەھەر مەركىزىدىن چوڭ بىر قورۇ - جاي سېتىۋالدى. ئۇ خوتەندىن بىللە چىققان كارۋانچى يىگىتلەرنى ئوبدان رازى قىلىپ يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، قارىي بىلەن بۇ جايغا كۆچۈپ كەلدى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ ئازابلىق كۈنلىرى ئاخىرلاشقاندەك قىلاتتى. قارىينىڭ كۆڭلىمۇ ئارام تېپىپ قالدى. ئۇلار كۆڭلىنى ئازابلايدىغان، قان - ياشقا تولغان، قانلىق ئۆتمۈشنى ئۇنۇتۇشمىدى. تاڭ ئاتسا، شۇنى ئەلا بىلىپ پاكىز كىيىنىپ، ياخشى ئوزۇقلىنىپ، بەش ۋاخ نامازنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئادا قىلىپ، خېلىلا روھلىنىپ قېلىشتى. هايت - هۇيت دېگۈچە بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى.

تېرەك ۋە سۆگەت شېۋىقلىرىغا قار ئۇچقۇنلىرى قۇيۇلۇپ باغلايدىغان كۈنلەرنىڭ كېلىشىگىمۇ ئاز قالدى. سارغىيىپ يەرگە تۆكۈلگەن ياپراقلار قارىداپ، تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئۈششۈك شامالللىرىدا ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە دومىلاپ چۈشۈپ، شىلدىرلاپ ئاققان سۈزۈك سۇ ئاشۇ ئۆستەڭلەردە ئۆزگىچە قىيان ياساپ ئاۋارە ئىدى. بەخت ئىلىلىق جامالىنى تۇيدۇرمايلا يوشۇرىدىغان مەزگىلمۇ يېتىپ كېلەي دەپ قالدى. قارىي قاسىم بايۋەچچىنىڭ مۇشۇ چاغلىرىدا گەپ تېپىپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇلار سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، تاهارەت ئېلىپ، قورۇنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپ، يېرىم چاقىرىم يىراقلىقتىكى چوڭ مەسچىتكە بامدات نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن مېڭىشتى. قارىي دەرۋازىنى تاقاۋاتقان ئارىلىقتا:

— بايۋەچچە ئاكا، دەرۋازىنى ئىچىدىن تاقايدىغان بىرەر ئادەم تاپساق بولاتتى،— دېدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ قارىي؟

قاسىم بايۋەچچىنىڭ بۇ گەپكە ئېرەن قىلماي، چۈشىنەلمىگەنلىكىدىن قارىي گۇمان قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا گەپنى ئوچۇق قىلىشنى توغرا كۆردى.

— كۈمۈش ياز، ئالتۇن كۈزلەر بىز بىلەن خوشلاشتى. كاگغا ۋاقتى - ۋاقتىدا ئوت يېقىپ ئۆينى ئىسسىتىدىغان كۈنلەر يېتىپ كېلەي دەۋاتىدۇ. چاندۇرمىغان بىلەن 60 نىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالدىلا. ئۆزلىرىگە سوغۇق تېگىپ قالارمىكىن دېگەن ئەندىشىدىمەن، بايۋەچچەم. ئۆزلىرىگە جورا تېپىپ، جۈپلەپ قويساق بولارمىكىن.

قاسىم بايۋەچچە سەل - پەل ئىككىلەندى. ئەمما، يارىلانغان كۆڭلىنى قانىتىۋالماي دەپ خىيال قىلدىمۇ، زېمىندىكى تۈننىڭ ئاخىرقى گىرۋىكىدە قالغان ھازىرقى ھالىتىنى بىسەرەمجان قىلمىدى.

— ئىت يوق يېمەستە، ساڭا نېمە بولدى قارىي؟

— مەنمۇ ئۆيلىنەي دېگەن ئىدىم بايۋەچچەم. شۇڭا، ماڭا رەھىم قىلىپ باشلىرىنى ئوڭلىۋالسىلا بولاتتى.

— ھازىر ئىبادەتكە كېتىپ بارىمىز. مۇنداق چاغدا ئەمەس گەپلەرنى قىلساڭ يامان بولىدۇ، تاھارىتىڭمۇ سىڭىپ كېتىدۇ، جۇمۇ.

— ئۆزلىرى ماقۇل دېمىسىلە، ھەرقانداق يامان - پاماندىن پەرۋايىم پەلەك، ياراتقان ئىگىسىگە ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن.

— كۈپۈرلۇق، ئەڭ چوڭ كۈپۈرلۇق.

— ئەمدى ماڭا قورقاق سالالمايلا.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ،— دەپ كۈلۈپ كەتتى قاسىم بايۋەچچە،— ئاۋۋال نامازنى ئوقۇۋېلى، ئاندىن دېيىشسەكمۇ تېخى

ۋاقىت دېگەن كۆپقۇ، نېمانداق ئالدىرايسەن؟
— ئۆزلىرىغۇ بىرنەچچە قېتىم ئۆيلەندىلە،— دېدى قارىي دومسىيىپ،— مەن تېخى قىز، ئايال زاتى دېگەن قانداق بولىدۇ، كۆرگىنىم يوق. مەن ئۆزلىرىنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلمىغۇچە ئۆيلەنمەيمەن دەپ قەسەم قىلغان. شۇڭا، ئاۋۋال سىلىدىن خاتىرجەم بولسام بولاتتى. ئالمادىس ياخشى كۆڭلىنىڭ يامىنى بولۇپ، بالايىقازا ماڭا يېتىپ قالسا، تەكىيىگە نىكاھ قىلىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسىلە بايۋەچچەم. ئۆزلىرىنىمۇ، مېنىمۇ ئويلاپ قويسىلا.
قاسىم بايۋەچچە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى باسالماي قاقاقلاپ كۈلدى. قارىيغا ھەقىقىي يېقىن كۆڭلىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ ئىككىيلەن ئاشۇنداق دېيىشىپ، ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا مەسچىتكە كېلىپ قالدى.
— ئىتتىك بول قارىي، جامائەت نامازغا تۇرۇپتۇ.
— تاھارەتلىرى سىڭىپ كەتكەندۇ، بايۋەچچەم؟ ئاغزىلىرى پەرىشان بولۇپ كەتتى.
— ئۆزۈڭ جاۋاب قىلىدىغان بولغانغۇ؟
— ئۆزۈمگىلا جاۋاب قىلالايمەن جۇمۇ، ئۇقۇۋالسىلا.
— بولدى قارىي، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار.
قاسىم بايۋەچچە گەپ قىلغىنىچە مەسچىتكە كىردى، قارىمۇ ئۇنىڭ كەينىگە ئەگىشىپ ئىچكىرىلىدى...
قارىي ئۇنى - بۇنى دەپ، قاسىم بايۋەچچىنى ئۆيلىنىشكە كۆندۈردى، ئەمدىكى گەپ ئۇنىڭ كىمگە ئۆيلىنىشىدە قالدى. قارىي مۇشۇ مەسىلىگە كەلگەندە، ئىككىلىنىپ:
— بايۋەچچەم، بۇ ئىشقا بۇ يەردە كىمنى ماڭدۇرساق بولار؟— دېدى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن.
— بىلمەيمەن.

— ھېلىقى سودىگەرنى ئىشقا سېلىپ باقاملايا.

— نېمە؟

— ھېلىقى يامەت چىماقنىچۇ.

— گېپىمنى قۇلاق سېلىپ ئوبدان ئاڭلا، قارىي، — دېدى قاسىم بايۋەچچە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — مەن جاھانكەشتىلىكتە نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم. ئەقلىمنى بىلگەندىن بېرى پۇل تاپتىم، باي بولدۇم دېگەن بىلەن، ھەقىقىي تۇرمۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي كەلدىم. لەززەتتىن ئاچچىقنى كۆپ كۆردۈم. يېشىم 60 نىڭ قارىسىنى ئالدى. مەن ئەسلىيدە، بۇ ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەن. ھېلىقى دەرۋىش بىلەن سەن يەنە مۇشۇ ھاياتلىققا مېنى قايتا باشلاپ كىردىڭلار.

قاسىم بايۋەچچە گەپتىن سەل-پەل توختىدى. ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆتۈرگۈسىز ئاپەتلەرنى ئويلاپ، قارىينىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېقىپ كەتكەندەك بولدىيۇ، يەنە ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— پېشانىگە پۈتۈلگەننى كۆرمەي ئامال يوق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى قاسىم بايۋەچچە، — جورا تاپماق مەن ئۈچۈن ئاسان ھەم مۈشكۈل بىر ئىش. مەن ھېلىقى يامەت چىماقنى تاپقان تەقدىردە، بۇ ھويلىغا خوتۇن خەق توشۇپ كېتىشى ئېنىق. ئۇ مېنى «ئۇنداق باي، بۇنداق باي» دەپ بىر داۋراڭ سالسىلا، جورا ئۆزلۈكىدىن كېلىدۇ. مېنى ئەمەس، بايلىقىمنى دەيدىغان ئاشۇ خوتۇنلارغا ئۆيلەنسەم، يامان كۈنلەرگە قېلىشىمنى بىلىمەن، ھەتتا بىر كېچىدىلا بوغۇپ ئۆلتۈرۈلۈشۈم مۇمكىن. ھازىر ئەدەپ-ئەخلاق دېگەن ئوت-خەسنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قېلىۋاتسا، يەڭگىلتەكلىك بىلەن خەققە «مېنى ئۆيلەپ قويۇڭلار» دېسەم، مۇشۇ رەسۋاچىلىق توشۇپ كەتكەن كۈندە، ئۇلار ماڭا قانداق خوتۇنلارنى سايە قىلىدۇ؟ ئادەم ئادەمگە مېڭىش-تۇرۇشى ئوخشىغان بىلەن خۇي-پەيلى ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

پۇل - بايلىق دېگەن يورۇق دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ شەيتان، ئادەمنى ھەركويغا باشلايدۇ، ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئالەم كىچىك-لىك قىلىدۇ. پۇلۇڭ، بايلىقىڭ ئاۋۇغانسېرى، سەن ۋەسۋەسە پاتقىقىغا شۇنچە چوڭقۇر پاتىسەن. مەن مۇشۇ ياشقا كەلگەندە، ئاشۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتتىم. گەپنى قىسقارتسام، مەن ئۆيلەنسەم داۋراڭ سالماي ئۆيلىنىمەن، شەھەردىن ئالىمەن، يېزىدىن ئالىمەن؛ بايدىن ئالىمەن، غېرىبنى ئالىمەن، دېھقانىڭ بالىسىنى ئالىمەن. تىرىشىپ - تىرمىشىپ تاپقان مال- دۇنيارىمنى غېرىب - يوقسۇلنىڭ بالىسىغا قالدۇرغۇم بار.

قارىي بۇ ئادەمنى قايتىدىن كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. «بىر ئۆمۈر ئەگەشسەممۇ ئارمىنىم قالمايدىكەن» دېدى ئىچىدە.

— ئۇنداقتا، يوقسۇلنىڭ قىزىنى نەدىن ئىزدەيمىز بايۋەچچەم؟

— جاھاننىڭ ئىچىكى كەڭرى قارىي، ھەممە يەردە ئۆزىگە تۇشلۇق ھاياتلىق بولىدۇ. سەن بۇ ئىشنى ئۆزۈڭ تەشتىڭ، شۇڭا ئۆزۈڭ ئىزدەيسەن.

— ماقۇل، ئىزدەشنى ھازىرلا باشلاي ئەمىسە،— دېدى، قارىي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ.

— توختا، توختا، ماۋۇ تەنتەكنى قارىمامدىغان. ئەتىدىن باشلاپ ئىزدىسەڭمۇ كېچىكمەيسەن،— دېدى قاسىم بايۋەچچە قارىينى پېشىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ.

— «بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما» دەپتىكەن بايۋەچ-چەم، تېخى كۈن بالدۇر. مەن سىرتقا چىقىپ، بىرەرسىدىن كۇچا يېزىلىرىنىڭ ئىسمىنى بولسىمۇ سوراشتۇرۇۋالاي،— دېدى قارىي.

ئۇنىڭ ئۆزىگە ھەقىقىي سادىق ياردەمچى ئىكەنلىكىنى تەكرار ھېس قىلغان قاسىم بايۋەچچە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— بولىدۇ ئەمىسە، سىرتتا كۆپ ھايالشىما،— دېدى.

× × ×

قاري «قاسىم بايۋەچچە ئاخىرقى ئۆمرىنى سادىق، گۈزەل دېھقان قىزى بىلەن ئۆتكۈزسە، بۇ دۇنيادىكى مۇراد ـ مەقسىتى ھاسىل بولىدۇ» دېگەن قاراشتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلچىمى پەقەت ئىككى، بىرى يوقسۇلنىڭ بالىسى، يەنە بىرى چىرايلىق، مانا مۇشۇ ئىككى ئۆلچەم ئۇنىڭغا ئالمىشىپ ئۇچرىدى. مەخپىي ھالدا قىز ئىزدەش كۈندىن ـ كۈنگە تەسكە توختاۋاتاتتى. قارىي كۇچانىڭ ھەممە يېزىسىغا چىقتى، كىشىلەردىن ئۇنى ـ بۇنى سۈرۈشتۈرگەنلىك بولۇپ، يەرلىك يېزا قىزلىرىنى بىرمۇبىر كۆرۈپ چىقتى. نام ـ ئەمىلى، كىيىپ چىقىشى، تۇرمۇش سەۋىيىسى، جەمئىيەتتىكى ئورنى قاتارلىق تەرەپلىرىگىچە زىغىرلىدى. ئۇ ئاخىر بىر تۇل موماينى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى. 80 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئۇ موماي ئىگە ـ چاقىسىز تىكەندەكلا يالغۇز ياشاپ كېلىۋاتقىلى نەچچە ئون يىل بولغان ئىدى. ئۇ قارىينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، چىشى پۈتۈنلەي چۈشۈپ، قايتىدىن سۈت چىشى چىققان ئاغزىنى موتۇلدىتىپ، قارىيغا ئېزىپ ـ ئېچۇرۇپ ئۇزاق سۆزلەپ كەتتى.

— ۋاي بالام، ۋاي بالام، مەنمۇ دېھقاننىڭ قىزى ئىدىم. ياش چېغىمىزدا، بىزنى كۆرگەن يىگىتلەر ناخشا توقۇلاپ، قاش ئېتىپ، شاپتۇل قېقىپ، نەم يەرگە مەيدىسىنى يېقىپ ئۆتەلمەيتتى. كۈندىن ـ كۈنگە ھالىمىز خارابلىشىپ، كۈنلىرىمىز تاشتىنمۇ قاتتىقلىشىپ، قاپىقىمىز ئېچىلىپ، كۆڭلىمىز يايرىمىغىلى بەك ئۇزاق بولدى. يېزىلاردا گۈزەل باغلار، يېشىل چىمەنلەر قۇرۇپ كەتتى. بۇرۇن ئۆستەڭگە پاتمايدىغان سۇپسۈزۈك ئەركەك سۇلار بۇلغىنىپ، قۇرۇپ تۈگىدى. ئارامىلىق بولمىغان ئەلدە

قانداق ساغلاملىق، گۈزەللىك بولىدۇ دەيسەن. راست ئېيتىسەن، يېزا قىزلىرى ئەڭ گۈزەل ئىدى، ھازىر ئەڭ كۆرۈمسىز ھەم سەت. ئېيتىپ كەلسەم سۆزۈم تۈگىمەيدۇ، بالام. بۇ يەردە مەن بىلەن مۇڭدىشىدىغان ئادەملەر ئۆلۈپ تۈگەپ، ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم مۇڭدىشىۋاتقىلى نەچچە يىل بولدى. بۈگۈن سېنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ۋىللىدە يورۇپ قالدى. ئادەم دېگەن ئادەم بىلەن بىرنېمە. بولمىسا، ئۇنىڭدەك كاسات، ئۇنىڭدەك بىچارە ھېچ يەردە يوق. بۈگۈن سەن بىلەن سۆزلىشىپ، نەچچە يىللىق ئادەم خۇمارىم بېسىقتى. خۇدايىم بۇيرۇسا، يەنە بىرنەچچە يىل ئۆمرۈم ئۇزىرىدىغان بولدى.

قارىي بۇ مومايىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ھەم ھەيرانلىق ھېس قىلدى، ھەم ئېچىنىشلىق تۇيغۇلارغا بۆلەندى. مومايىنىڭ ئەقلى - ھوشى جايىدا ئىدى. ئاغزىنىڭ موتۇلدىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، گەپ - سۆزلىرى يېقىشلىق تۇيۇلاتتى. ئۇ ھەدەپ ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى بىر- بىرىگە چېتىپ سۆزلەيتتى

— قارا ئوغلۇم، — دېدى موماي، — يوقسۇزلۇق، موھتاجلىق ھەرقانداق مۇشەققەت، ئازاب - ئوقۇبەتتىن يۇقىرى تۇرىدۇ. مۇنداق ئۆيدە ئۇرۇش - جېدەل قۇرۇمايدۇ. ئۇرۇش- جېدەل كۆپ بولغان ئۆيدە چوڭ بولغان بالىنىڭ چىرايى بالىلىق يېشىدىن ئاشقاندا تۇيۇقسىز قوپاللىشىپ، سەتلىشىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ بالىلار پاقلاندەك بېجىرىم- ساغلام تۇغۇلىدۇ، تاكى 8—10 ياشقا كىرگۈچە ئەقىللىق، چېچەن، شوخ چوڭ بولىدۇ. ئاشۇ ياشتىن ئۆتكەندىلا ئۇرۇقى ئۆزگىرىپ كەتكەندەك، قوغۇنغا كېسەل تەگكەندەكلا ئەقىللىقلىقى، چېچەنلىكى، شوخلۇقى غايىب بولۇپ، بىخۇدلىشىپ، مەتۇلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇرۇن ئۇنداق ئەمەستى، نەچچە ئون يىلدىن بېرى شۇنداق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ نېمە سەۋەبلىكىنى بىلمەيمەن، يا ئادەم قېرىغاندا شۇنداق

كۆرۈنەمدۇ. ئادەم قېرىغانسېرى كۆپ سۆزلەيدىغان، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا چېپىلغاق بولۇپ قالىدىكەن. گەپلىرىم ئۆزۈمگە تېتىمايدۇ، ئۆز - ئۆزۈمگىمۇ سەت كۆرۈنىمەن، بالام. ساڭىمۇ بۇ گەپلىرىم تېتىماي قالدى ھەقچان.

— ئۇنداق دېمىسىلە ئانا، ھەربىر ئېغىز گەپ - سۆزلىرى ماڭا بەك تېتىپ كەتتى. سۆزلەۋەرسىلە، قۇلىقىم ئۆزلىرىدە، — دېدى قارى ھېرىسمەنلىك بىلەن.

موماي ھېرىپ قالدى بولغاي، غىرىلداپ يۆتىلىپ، سەل - پەل تۇرۇۋېلىپ ئېسىنى ئالدى.

— سەن ئىزدىگەن قىزلار بۇ يېزىمىزدىن تېپىلماسلىقى مۇمكىن، بالام. خارابىلىشىپ كەتكەن ئادەملەر سەتلىشىپ كېتىدۇ. 10 يىل ئىلگىرى شەھەردىن بىر ئايال كەلگەن، بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتتى، ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، زادىلا ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئۇنىڭ چىرايلىق بىر قىزى بولىدىغان، بىر يىل بولدى كۆرمىدىم. بىرەر ئەركەك بىلەن تېپىشىۋالمىغان بولسا، شۇ قىزنى كۆرۈپ باق. ئۇ يېتىم قىز، بىرسى بولسىمۇ ياخشىراق كۈن كۆرۈپ قالسۇن بالام، — دېدى موماي كۆزلىرىنى ئېرتىپ، — مانا كۆزۈممۇ تورلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. خۇداغا يارىمايۋاتامدىم، بىلمىدىم. نى ياش ئادەملەر تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئاشۇلارنى ئويلىسام ئىچىم ئېچىشىدۇ.

— ئۇ قىز نەدە ئولتۇرىدۇ، ئانا؟ — مومايىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قارىينىڭ كۆڭلى يورۇپ كەتتى.

— ئاۋۇ تۆۋەنكى مەھەللىدىغۇ دەيمەن، ھە شۇ تۆۋەنكى مەھەللىدە.

— تۆۋەنكى مەھەللە قايسى تەرەپتە؟

— تۆۋەن تەرەپتە بولامدۇ، بالام.

— بۇ يۇرتنىڭ تۆۋىنى قايسى تەرەپ، ئانا؟

— ئاۋۇ تەرەپ بالام،— دېدى موماي قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

قارىي دەرھال ئورنىدىن تۇردى، يانچۇقىدىن 5—6 كومۇش تەڭگىنى ئېلىپ مومايغا تەڭلىدى.

— بۇنى سەپ قويسىلا ئانا، ئاز بولسىمۇ ئۆزلىرىگە بولغان كۆڭلۈم،— قارىي مومايىنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ،— مەن يەنە ئۆزلىرىنى يوقلاپ، ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن. ئېلىپ قويسىلا، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم،— دېدى.

— بالام بۇ قىلغىنىڭ بولمىدى. قېرىغان جېنىمغا بۇ پۇللارنى نېمىمۇ قىلارمەن. شەھەرگە كىرىپ خەجلەش ئۈچۈن، پۇتۇمدا يا ماغدۇرۇم بولمىسا.

— قوشنىلىرىغا ئەكەلدۈرۈپ يەلا ئانا. ئۇنداق قىلمىسىلا، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالىدۇ.

موماي ئاخىر قارىينىڭ قولىدىكى تەڭگىلەرنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

— قېرىغاندا ئادەم كىچىك بالىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالىدىكەن،— دەپ موماي تەڭگىلەرنى كوڭلىكىنىڭ يېڭىگە تۈگۈۋالدى.

قارىي موماي بىلەن خوشلىشىپ، تۆۋەنكى مەھەللىگە يۈرۈپ كەتتى. موماي قارىينىڭ كەينىدىن نۇرسىز كۆزلىرىنى سىنچىلاپ قاراپ قالدى. كۆن قىيامىدىن سىلجىپ، تاغ تەرەپكە ساڭگىلىغان ئىدى. قارىي تۆۋەنكى مەھەللىگە بېرىپ سورۇشتۇرۇپ، ھېلىقى قىز ئولتۇرغان جاينى تاپتى. ئۇ تاملىرى ئۆرۈلۈپ، توپىلىرى شىلدىرلاپ چۈشۈپ تۇرغان كىچىك بىر قورۇنىڭ دۆلمە ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قارىي سەل تۇرۇۋېلىپ، ئۈستىۋاشلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئىشىكنى ئاستا چەكتى. ھايال ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلىپ، ئاددىي كىيىنگەن، قامچا بوي، ماڭلاي چاچلىرىنىڭ ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرى نۇرغا تولغان، قاڭشارلىق، چىرايى سوزۇك، لېكىن پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن

روھسىزلىق تۆكۆلۈپ تۇرىدىغان بىر قىز چىقتى. قارىي بۇ قىزنى كۆرۈپ «تاپتىم، تاپتىم» دەپ توۋلىۋەتكۈسى كەلدى، ئەمما زۇۋان سۈرەلمىدى. قىز 40 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ئادەمگە قاراپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ئەسسالام قىزچاق،— دېدى قارىي ھولۇقۇپ كەتكەن كەيپىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،— دېدى قىز سولغۇن، ئەمما چىرايلىق.

قارىي قىزنىڭ سالام - ئىكرامىدىن، ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى كۆرگەندەك بولدى. قىز بالىۋاقىغا تۇنجى گەپ قىلغانلىقىدىنمىكىن، قارىي گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي جىددىيلىشىپ كەتتى. تۇرۇپلا گەدىنى قىچىشقاندەك بولدى، نەپەس يوللىرىدىمۇ نورمالسىزلىق كۆرۈلدى، چېكىسىدىن سوغۇق تەر شەبنەم تامچىسىدەك سوغۇق ئاققىلى تۇردى. ئىچىدە «ئەستاغپۇرۇللا،— دېدى ئۇ،— زادى نېمە دېسەم مۇۋاپىق بولىدۇ».

مانا مۇشۇنداق ئارىسالدى پەيتتە، ئويلىمىغان يەردىن قىز ئېغىز ئاچتى.

— ئاكا، مەندە بىرەر ئىشلىرى بارمىتى؟ ئىشلىرى بولسا تارتىنماي دەۋەرسىلە.

— ياق، مېنىڭ ئىشىم ئەمەس، بۇ... نېمە دېسەم بولار،— دېدى قارىي بېشىدىكى گۈللۈك تاۋار دوپپىنى قولىغا شاپىدە ئېلىپ پۇرلاپ. ئۇنىڭ چىرايى قىزارغىلى تۇردى.

— بىرەر ئادەمنى ئىزدەمتىلەيا؟ ئېيتىپ باقسىلا، ياردىمىم تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— ياق، باشقا ئادەمنى ئەمەس، پەقەت ئۆزىڭىزنى ئىزدەيتتىم سىڭلىم،— دېدى قارىي ئالدىراپ - تېنەپ. ئۇنىڭ ئۆز گېپى ئۆزىگە زادى قولاشمايۋاتقاندەك تۇيۇلدى. دېمىسىمۇ،

سۆزلىرى چىچقاق ئۆشكىنىڭ ئاچچىق ئۈچىيىدەك ئۈزۈلۈپ تۇراتتى.

— ئۇنداقتا، ئۆيگە كىرسلە،— دېدى قىز ئىززەت - ئىكرام بىلەن.

قارىي قىزنىڭ قورۇ تاملىق ھويلىسىغا كىردى. ھويلا كىچىك بولسىمۇ پاكىز ئىدى، ئادەمگە ئازادىلىك بېغىشلايتتى. كۆپكۆك تۇرغان يەر شۇنچىلىك يېقىشلىق كۆرۈنەتتى. ھويلىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى پاكار ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىقلىق ئىدى. قارىينىڭ ئۇيان - بۇيانغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىزنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى، لېۋىنى يېنىك چىشلەپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئۆيگە كىرىڭ ئاكا، ئۆزۈم نامرات بولسامۇ كۆڭلۈم كەڭ،— دېدى، قولى بىلەن ماڭلاي چېچىنى تارتىپ ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

— ئۇنداق دېمەڭ سىڭلىم، ئۆيىڭىز ئاددىي بولغىنى بىلەن مېھرى ئىسسىقكەن.

قارىي ئىشىكتىن ئېڭىشىپ ئۆي ئىچىگە كىردى. بىر ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئىچى شۇنچىلىك رەتلىك ئىدىكى، ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالاتتى. ئۆي كىچىك بولغىنى بىلەن ئىچىدىكى سەرەمجانلار رەتلىك، جايى - جايىدا ئىدى. قىز دەرھال قارىينىڭ ئاستىغا كۆرپە سالدى. قارىي كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ «ئامىن» دەپ دۇئا قىلدى. قىز ھويلىغا چىقىپ كەتكەندە، قارىينىڭ كۆڭلى سەل - پەل ئارام تاپقاندەك بولۇپ، پۇت - قوللىرىنى سوزۇۋالدى. قىز كىرىپ پاكىز، ئەمما رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن داستىخانىنى سالدى، قارامتۇل قوناق نېنىنى ئوشتۇپ قويدى. قارىي ئالدىدىكى ناندىن بىر بۇردا ئوشتۇپ ئاغزىغا سېلىپ، قىزنىڭ قۇيغان چېيىنى قولىغا ئېلىپ چاي ئوتلىغاچ گەپ ئارىلىدى.

— سىڭلىم، ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرامسىز؟
— شۇنداق، ئانام توگەپ كەتكىلى بىر يىل بولدى، يالغۇز تۇرۇۋاتىمەن.
— دادىڭىزچۇ؟
بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىز قاتتىق ئوڭايسىزلاندى بولغاي، لېۋىنى چىشلىدى. قارىي قىزدىكى بۇ ھالەتنى بايقاپ، دەرھال گەپنى بۇرۇۋالدى.
— نەچچە ياشقا كىردىڭىز سىڭلىم؟
قىز روھىي ھالىتىنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كۆزىگە بىسىپ كېلىۋاتقان ياش ئۇنچىلىرىنى توستى.
— 18 ياشقا كىردىم.
قارىي «18 ياش»نى ئاڭلاپ بەك ئوڭايسىزلاندى، ئەمما قىزنىڭ يالغۇز، نامرات ياشاۋاتقانلىقىغا، ھېچقانداق يار-يۆلەكنىڭ يوقلۇقىنى ئويلاپ، ھېسداشلىق قىلىشقا ئۆزگەردى. ئۇ «پاكىز، چىرايلىق، ئوڭلۇق بالا ئىكەن، قاسىم بايۇەچچىگە يارايدىغانلىقىدا گەپ يوق، ئەمما بۇ قىز قوشۇلارمۇ؟» دېگەننى ئويلاپ، سەل توختىۋالدى.
— ئىسمىڭىز نېمە، سىڭلىم؟
— زىلالە.
— قاراڭلار ماۋۇ ئىسمنى، نېمىدېگەن چىرايلىق، يېقىملىق ئىسىم بۇ، ئۆزىڭىزگە بەك ماسلىشىپتۇ.
قارىينىڭ ماختاشلىرىدىن قىز ئۇيىلىپ - قىزىرىپ بەك ئوڭايسىزلاندى، ھەتتا سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكۈسى كەلدى.
— مېنىڭ ئىسمىم قارىي، سىڭلىم. سىزدەك قىزنى ئىزدەپ يۈرگىلى ئۇزاق بولدى. بۈگۈن تەقدىر ئۇچراشتۇردى.
قارىينىڭ ئىشەنچى قارارسىز ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىۋاتقىنى ياش پەرقى ئىدى. قارىي بۇلارنى

كۆڭلىدە راسا بىر دەڭسەپ، ئاخىر مەقسەتنى ئېنىق بايان قىلدى ۋە قاسىم بايۋەچچە بىلەن زىلالەنىڭ ياش پەرقى ھەقىقەتەن زور ئىكەنلىكىنى ئېزاھلىدى. زىلالە ئۇزاق ئويلىنىپ ئاخىر گەپ قىلالاي دىدىيۇ، لېكىن كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. بۇ ھالەتتىن قارىيىنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى مىس داشتا قىزىتىلغان ياغقا چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى.

— سىڭلىم كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ئەگەر... ئەگەرچەندە خالىمىسىڭىز، سىزنى زورلىمايمەن.

— مەن قوشۇلدۇم ئاكا،— زىلالە تەقدىر - قىسمىتىنىڭ ئاخىر مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىغا بوي ئەگدى. قىزنىڭ ئاۋازى قارىيىنىڭ يۈرىكىگە كۆرۈنمەس بىر بەلگە سىلىپ ئۆتتى. ئۇ زىلالەگە نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلىپ، ئەتىلا ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خوشلاشتى.

× × ×

قاسىم بايۋەچچە زىلالەنىڭ يېشىنى ئاڭلاپ سەل ئىككىلەندى، ئەمما ئۇ قىز بىلەن توي قىلىشقا ئاخىر ماقۇل بولدى. ئەتىسى قارىي ئۆزى يالغۇز بېرىپ، زىلالەنى يېزىدىن شەھەرگە ئەكەلدى. كەچ كىرگەندە قارىيقۇرئان ئادەمدىن بىرنى تېپىپ نىكاھ ئوقۇلدى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ قۇلىقىغا قارىي بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ كۈلۈۋىدى، قاسىم بايۋەچچە ئۇنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ كۈلۈپ كەتتى. تۈنمۇ بىر يەرگە باردى، قاسىم بايۋەچچىنىڭ ھۇجرىغا كىرىدىغان ۋاقتى توشۇپ قالدى.

ھۇجرىدا جىنچىراغ ياندۇرۇقلۇق، زىلالە كۆرپە ئۈستىدە مۇڭغا پېتىپ ئولتۇراتتى. قاسىم بايۋەچچە ھۇجرىغا كىرگەندە، قىزغا قاراپ ئىككىلىنىپ قالدى، گويا تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن

غايەت زور لاي ـ لاتقىلاردەك ھەيۋە بىلەن چىڭدىلىپ كەلگەن ھېسسىيات ئېقىنى نەگىدۇر غايىب بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆز قۇلىقىغا ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، نۇرغا تولغان ئىتتىك كۆزلىرىمۇ ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك غۇۋالاشتى. ئۇ ئاستا پەگاھتىن ئۆتۈپ سۇپىدا ئولتۇردى، «قىرلىق يەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىيۇ، ئەمما مۇنداق ئىتتىك سوۋۇپ كېتىشنىڭ نېمىدىن ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى.

قاسىم بايۋەچچە سەل ئېسىگە كېلىپ، پۈتكۈل ئەزايى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ دېرىزە تەرەپكە قارىۋىدى، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. نۇرغۇنلىغان كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ سەسكىنىپ كەتتى، ۋۇجۇدى شۈركەندى. قاسىم بايۋەچچە «گەپتىن قالدىممۇيا؟» دەپ ئويلاپ بەك جىددىيلىشىپ كەتتى، گەپ قىلىپ باققۇسى كەلدى، ئاۋازى تېشىغا تەپمەيۋاتاتتى. «تۇۋا، تۇۋا،— دەيتتى ئۇ ئىچىدە،— ئۆمرۈمدە بۇنداق بولۇپ باقمىغان. بۇ زادى نىمە ئۈچۈن؟» دەپ ۋارقىرىۋەتكۈسى كەلدىيۇ، قۇربى يەتمىدى. قاسىم بايۋەچچە مانا مۇشۇنداق ھالەت قانچىلىك يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدى، بەلكىم مۇشۇنداق ھالەت بىر ئاش پىشىم بولغاندۇ.

زىلالە قاتتىق ئەسىنىدى، بۇ ئەسنەشتىن قاسىم بايۋەچچە ئۆزىنى خۇددى بوراندا ئۇچۇپ يەرگە پوككىدە چۈشكەن كونا بوپىدەك ھېس قىلدى. زىلالە ئەسنىمىگەن بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى زادى قىياس قىلمىغان بولاتتى. قاسىم بايۋەچچە ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كەلدى، كۆزلىرى جىنچىراغ يورۇقى ئاستىدىكى مەۋجۇتلۇقنى پەرق ئەتتى، بوشىشىپ كەتكەن چوڭ قوللىرىغىمۇ ماغدۇر كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كاچاتلىرىنى سىيلاپ، سېزىم بارلىقىنى ھېس قىلدى. قاسىم بايۋەچچە

ئاخىر ئاياغنى سىلىپ يۇقىرىغا چىقتى، ئاستا ـ ئاستا زىلالەنىڭ
قېشىغا سۈرۈلدى. زىلالە نېمە ئۈچۈندۇر كىچىك بالىدەك چۆچۈپ،
ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا سۈرۈلدى. قاسىم بايۋەچچە ئۈستۋاشلىرىدى-
-كى بىر قۇر كىيىمنى سېلىپ سەگىدى. زىلالە بولسا بۆرىنى
كۆرگەن كېيىك ئوغلىقىدەك لاغ ـ لاغ تىترىدى. ئۇنىڭغا قاسىم
بايۋەچچە خۇددى تاغ ئۈستىدە ئوتلاۋاتقان ئاپئاق توشقان بالىسىغا
قارىغان بۈركۈتتەك سۈرلۈك كۆرۈنۈپ، چىرقىرىۋەتكۈسى كەلدى-
-يۇ، قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋالدى. قاسىم بايۋەچچە كۆزىنى
باشقا ياققا يۆتكىگەندە، زىلالە ئۆزىنى سەل توختاتتى. ئارىدىكى
جىمجىتلىق ھەقىقەتەن سۈرلۈك ھەم قورقۇنچلۇق ئىدى.
قاسىم بايۋەچچە بىر قاراپلا زىلالەنىڭ بەدىنىنىڭ ئاقلىقىنى
ھېس قىلدى. ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، خوتۇن خەق بىلەن
يالغۇز پاراڭلىشىپ باقمىغانىغا ئۇزاق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە
ئالدى. ئۇ يەنە تاقىلداۋاتقان نەپسىنى توسۇپ، زىلالە بىلەن
سۆھبەتلەشكۈسى كەلدى- دە، دىمىغىنى قېقىپ، ھۆكۈم سۈرۈ-
ۋاتقان جىمجىتلىققا خاتىمە بەردى. قاسىم بايۋەچچە دىمىغىنى
قاققاندا، زىلالە پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا كىيىلىۋالغان سۈرلۈك تون
تارىسلداپ يىرتىلىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.
— قىزچاق،— تاغدىن تۇيۇقسىز دومىلاپ چۈشكەن سەلدەك
بۇ ئاۋازدىن زىلالە ئۈركۈپ ئۆندەرەپ كەتتى،— قىزچاق، مەن
خوتۇن زاتىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىغىلى ئۇزاق بولدى، شۇڭا
ئۆزۈم بەك ئوڭايسىزلىنىپ كېتىۋاتىمەن،— دېدى قاسىم بايۋەچچە
زىلالەگە قارىماي تۇرۇپ،— مۇنداق قاراپ باقسام، سىزمۇ قورۇ-
نۇپ، ئۈركۈپ تۇرۇۋاتىسىز. ماڭا بەك يات تۇيۇلۇۋاتىدۇ، خۇددى
بىر نەرسىنى بۇلاپ كەلگەندەك، چوقۇم بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ
قويغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئاڭلىسام، ئۆزىڭىز تىكەندەك
يالغۇزكەنسىز. قارىي ماڭا سىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن، بۇ

راستمۇ؟

قاسىم بايۋەچچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، زىلالە نېمە ئۈچۈندۇر يېنىكلەپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئېسەنگىرەش، قورقۇش ۋۇجۇدىدىن ئاستا ـ ئاستا تاراشقا باشلىدى.

— شۇنداق، ئانام ئۆلۈپ كېتىپ، يالغۇز ياشاپ كېلىۋاتقىلى بىر يىل بولدى.

— سىزگە ئىچىم ئاغرىدى. يېشىڭىز ماڭا ھەرگىز توغرا كەلمەيتتى. مەن بۇ ئىشتا قاتتىق قىينالدىم. ئىگە ـ چاقىسىز قالغانلىقىڭىز مېنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئاخىر مۇشۇ تويغا قوشۇلدۇم، دادىڭىز بۇرۇن تۈگەپ كەتكەنما؟

— ياق، تۈگەپ كەتمىگەن.

— ئۇنداقتا، بۇ...

— ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، دادام بۇ يەرلىك ئەمەسكەن.

— قەيەرلىككەن؟

— خوتەنلىك.

— نېمە؟!— قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆڭلى ئېغىپ، يەر تەۋرىگەندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا غىل ـ پال بىر خىيال پەيدا بولۇپ، يەنە غايىب بولۇپ كەتتى.

— دادام خوتەنلىك باي سودىگەركەن.

— نېمە دېدىڭىز؟

— خوتەنلىك چوڭ سودىگەركەن، ئۇ سودىگەر كۇچاغا چىقىپ ئانامنى ئەمرىگە ئېلىپ، ھايال ئۆتمەي خوتەنگە كەتكەنچە كەلمەپتۇ. مەن تۇغۇلۇپ بولغۇنىچە دادامنى كۆرۈپ باقمىدىم.

قاسىم بايۋەچچىنىڭ كاللىسىنى ئۇششۇك ھەرە چېقىپ، قۇلىقىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى، پېشانىسىدىن پۇرۇلداپ چىققان تەر خۇددى قاسقاندىن ئۆرلەۋاتقان ھوردەك يۆگىشىپ، كۆتۈرۈلگىلى تۇردى، لاغ ـ لاغ تىترەتتى. ئۇ ئېسىگە كېلىپ،

كوچىلاپ سورىدى:
— ئۇنداقتا، ئانىڭىزنىڭ ئىسمى نىمە ئىدى؟
— رەيھانىخان.
— نىمە؟— قاسىم بايۋەچچە ئۇنىڭ ئايىغىدىكى گەپلەرنى زادى ئاڭلىمىدى، تىنىدىن روھى سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتكەندەك، يا چۆكمەي، يا لەيلىمەي تۇرغان مەۋجۇتلۇقنى ئىسكە ئالالمىدى.
قاسىم بايۋەچچە ئىسىگە كەلگەندە، زىلالە ياستۇققا بىشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغان ئىدى. ئۇ زىلالەگە قاراپ، تولغىمەن كويلىسىغا چۈشكەن كۆچلۈك سۇ ئىقىنىدەك ئون ـ تونىسىز ياش تۆكتى، «جىنىم قىزىم» دەپ باغرىغا باسقۇسى كەلدى، تەقدىرنىڭ ئۆزىگە نىمە ئۈچۈن مۇنداق قاتتىق چاقچاق قىلىشىدىن قاتتىق ئۆكۈندى، مىڭ پۇشايمان قىلدى. قاسىم بايۋەچچە ئاخىر غەيرەتكە كىلىپ، سوت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقان زىلالەگە قاراپ ئىغىر بىر ئۇھسىندى، ئۇنىڭ بىشىغا بىر لىگەن ئالتۇننى قويۇپ، چاندۇرماي ھويلىغا چىقتى. ئۇ ئاستا مىڭىپ قارىي ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتى.
— ھەي قارىي، چاپسان ئورنۇڭدىن تۇر.
قارىي ئويغاندى. ئۇ چىكىلىۋاتقان ئىشىك ئاۋازىدىن سەل ـ پەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىيۇ، قاسىم بايۋەچچىنىڭ بوش ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ھاپىلا ـ شاپىلا ئىشىكنى ئاچتى.
— چاپسان بول.
— نەگە بايۋەچچەم؟
— جىق گەپ قىلماي، تاۋۇش چىقارماي، ئىغىلدىكى ئات بىلەن قىچىرنى توقۇپ چىق. بىز ھازىر خوتەنگە قايتىمىز.
— بۇ زادى نىمە ئىش.
— بوشراق گەپ قىل، مەن دىگەندەك قىلساڭ بولىدى. قالغان گەپنى يولدا ئاڭلايسەن.

قارىي قاسىم بايۋەچچىنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ھېچنېمىنى پەرق قىلالمىسىمۇ، ھەرھالدا ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئۇلار تاڭ ئېتىشقا بىر ئاش پىشىم قالغاندا، زىلالە بىلەن بۇ قورۇنى تاشلاپ، كۇچا شەھىرىدىن خوتەنگە ئالدىراپ يولۇپ كېتىشتى...



# ئون بىرىنچى باب

قاسىم بايۋەچچە بىلەن قارىي كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، ئاخىر خوتەنگە ساق - سالامەت يېتىپ كەلدى. قارىي يول بويى ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى سوراپ - سۈرۈشتۈرۈپ ئۇنىڭدىن گەپ ئالالمىدى. قاسىم بايۋەچچە ئۆيىدە بىرنەچچە ھەپتىنى يالغۇز ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، قارىينى تۇۋلاتتى، ئۇ ھايالشىماي يېتىپ كەلدى.

— قارىي، مەن ئەڭ ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزدۈم. سەن بۈگۈن خوتەن دىيارىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆلىمالارنى چاقىرتىپ كەلسەڭ.

— بۇ نېمە گەپ بايۋەچچەم؟

— سەن سورىما، مەنمۇ دېمەي.

— شۇنچە يىل ئۆزلىرىگە ئەگەشتىم بايۋەچچە، تېخىچە ماڭا ئىشەنمەيۋاتامدىلا؟

— بۇ، ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىك ئەمەس ئۇكام. سەن مېنى خۇش قىلىش، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشۈم ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەت قىلدىڭ، مەن بۇنىڭغا كۆز يۇممايمەن. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئىشنى يەنىلا ساڭا ئېيتالمايمەن.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى بايۋەچچەم، ئالەمچە ئىش بولسىمۇ ماڭا بىر ئېيتىپ باقسىلىچۇ، ئىچىم تىتىلداپ ئۆلەي دېدىم.

— ئەزبىرايى خۇدا، بۇنى قانداق ئېيتالايمەن ئۇكام

قارىي؟— قاسىم بايۋەچچە لاغ - لاغ تىترەپ، ئۈن قويۇپ يىغلى-
ۋەتتى. ئۇنىڭ بۇقۇلدىغان ئاۋازى قارىينىڭ ۋۇجۇدىنى ئەلگەكتە
تاسقىغاندەك قىلىۋەتتى.

ئۆي ئىچى دىل يارىسىغا، جاراھەت ئېغىزىغا تۈگمەس
مەنبە ھاسىل قىلىپ، قاسىم بايۋەچچىنى ئوت ئىچىدە كۆيدۈر-
سە، يۈرەك باغرىنى تىلىپ، مەۋجۇتلۇقىنى ۋىجدان دارىغا
ئېسىپ قويغان ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىنى كەڭ ئالىقانلىرى بىلەن
ئېتىۋېلىپ، ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتقانلىقىغا قاراپ قارىينىڭمۇ
يىغلىغۇسى كەلدىيۇ، ئىككىلىنىپ قالغان مۆل - مۆل كۆزلەر نېمە
قىلىشنى بىلمەي، سۈكۈتتىن ئىبارەت تىنىقلىق ئىچىگە چۆكۈپ
تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. قاسىم بايۋەچچە يىغلىغانسېرى، ئىچ -
ئىچىدىن بىر ئېقىن توختىماي لۆمشۈپ، يۈرىكىنىڭ ئاستىدىن
قۇرىماس بىر بۇلاق شوخشۇۋاتقاندەك، مەڭزىدىن بىر ئېقىن
قەدىمىي يولنى تاپقاندەك، ۋۇجۇدى ئاختارما بولغان ئىدى.

— بايۋەچچەم... بايۋەچچەم،— دېدى ياش تاشقىنلىرى
بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغان قارىي ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ،— كۆڭۈل-
لىرىنى بۇزمىسىلا، سەۋر قىلسىلا، مەن يىغاي، ھازىرنىڭ
ئۆزىدىلا يىغىپ كېلەي.

— ئادەمنىڭ سىرى بولىدۇ. ئەمما، مۇنداق سىر بىلەن
ئەسلا خۇشۇم يوق. تەقدىر ھەقىقەتەن مۇشۇ ئىشتا مېنى قىيناپ
قويدى. سەن مەندىن سورىما جېنىم ئۇكام، مەنمۇ بۇنى ساڭا
ئېيتىپ ئۆزۈمنى قىيناپ ئۆلۈپ كەتمەي. سەن ئەڭ چوڭ ئۆلىما -
موللىدىن ئىككى - ئۈچىنىلا چاقىرتىپ بەرسەڭ بولىدۇ،— دېدى
تولىمۇ بىچارە ھالدا قاسىم بايۋەچچە، ئاندىن يانچۇقىدىن
لۆڭگىنى ئېلىپ يۈز - كۆزىنى سۈرتتى.

قارىي يەنە ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇ-
قىنى بىلىپ، قاسىم بايۋەچچە بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ

كەتتى. قارىي ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، بۇ ئىشنىڭ تېگى -
تەكتىگە زادىلا يېتەلمىدى، ئويلىغانسېرى چېكە تومۇرلىرى
قۇلىقىغا ئاڭلانغۇدەك ئاۋاز چىقىرىپ لوقۇلدايتتى، كۆزلىرى
قىزىرىپ ئېچىشىپ كەتتى. «ئادەم نېمە ئۈچۈن مۇنچە تارتقۇ-
لۇقا مۇپتىلا بولۇپ ئۆتىدىغاندۇ، بىر ئۆمۈر تىنىم تاپماي ھالال
ياشاپ، كىشىگە يامانلىق قىلماي، يۇرتى، خەلقى ئۈچۈن قول-
دىن كەلگىنىچە ياخشىلىق قىلىپ ئۆتكەن بىر ئادەمنىڭ تەقدىر-
قىسمىتى مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق بولسا، قالغان ئادەملەرنىڭ
كۈنى قانداق بولار؟ قاسىم بايۋەچچىدەك ياشىغاندىن نامەرد،
نائەھلى بولۇپ ياشاش كېرەكمۇ ئەمدى؟ توۋا قىلدىم خۇدا، بۇ
بەرگەن - ئەتكەنلىرىڭگە». ئۇ يول بويى ئاشۇنداق ئويلاپ
ماڭدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۆزىگە ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ سۆزلەپ
قوياتتى. بۇ تۇپراق، بۇ يەر ھېچكىم يوقتەك، پەقەت ئۆزىلا يالغۇز
ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. دېمىسىمۇ ئۇ ھەممە نەرسىگە
پەرۋاسىز قارايتتى، كوچادىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئاشۇنداق
بىغەم بولۇۋالدى. «تارتىشىدىغان ئادىمىم يوق، شۇڭا قورقۇ-
دىغان ئادىمىممۇ يوق دېگەن گەپ. مېنىڭ جەمەتىممۇ يوق، تۈز
ماڭامدىم - يانتۇ ماڭامدىم ئۆزۈمنىڭ ئىشى. ھەي بىچارە زىلالە،
ھەي بىچارە زىلالە...» ئۇنىڭ گەپلىرىنى ھېچكىم چۈشىنەل-
مەيتتى، بەلكى ئۆزىمۇ چۈشەنمەسلىكى تۇرغانلا گەپ.

— بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ؟

— يالغۇزچىلىقتا جىن تاسقاپ قويغان ئوخشايدۇ.

— ياق، شۇنداق بولۇۋالغان نېمە ئۇ.

يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ گەپلىرى قارىينىڭ جان-
جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى باسالماي:

— نېمە بولۇۋاپتىمەن! ئۆز - ئۆزۈمگە گەپ قىلسامۇ
بولمامدىكەن؟— دەپ ئۇلارغا قاتتىق تەگدى.

قارىينىڭ يامان ئەلپازىنى كۆرۈپ، يولدىن ئۆتكەنلەر پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەن، شۇنچىلىك يېنىكلەپ، بىر تال پاخالچىلىك ۋەزنى قالمىغان، كۆزلىرىگە قان تولۇپ، ئۇستىخان - ئۇستىخانلىرى كىرىشىپ كەتكەنتى. قارى ئۆمرىدە بۇنداق ياۋۇز تۇيغۇغا كېلىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ «بىر - بىرى بىلەن كارى يوق، ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان جاھان بۇ. يالىڭاچ يۈرەمدىم، كىيىنىپمۇ؟ ئۆزۈمنىڭ ئىشى. ھەرقاندىقىڭسىنىڭ مەن بىلەن كارى بولمىسۇن، كىمدەكىم ئارىلىشىدىكەن، بوغۇزلىۋېتىمەن» دەپ ۋارقىرىغۇسى كەلدى. ئۇ قاسىم بايۋەچچىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە لەيلەپ يۈردى. «نەگە كەپقالغاندىمەن» دەپ ئويلاپ، قاسىم بايۋەچچىنىڭ دېگىنى يادىغا كەلدى. «توۋا، بۈگۈن نىمە بولۇپ قالدىم؟» دەپ ئەجەبلەندى. ئۆزىدىن ئۆزى ئىزا تارتىپ، بوينىغىچە قىزىرىپ كەتتى. «ئادەم دېگەن ئالجاي دېسە، مىنۇتتا ئالجىيدىكەن. توۋا، قىلىپ يۈرگەنلىرىمنى، — ئۇ خۇددى يالىڭاچ تالاغا چىقىپ قالغاندەك، قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى، — بولدىلا، بولغۇلۇق بولدى، ئۆمرۈمدە بىر قېتىم ۋارقىراپ قويغانغا نىمە بوپتۇ، ئىشىمنى قىلايچۇ» دەپ، ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەردى. بوينىدىكى قىزىللىق يانماي، پۇتكۈل ئەزايى ئېچىشاتتى. «ساراڭ بولۇۋالسامۇ تەس ئوخشىمامدۇ - نىمە؟ ئادەم بۇرنىغا يېگەنسېرى ئوسالىلىشىپ، زىلىلىشىپ كېتىدىكەن. ساراڭ بولىدىغانلارنىڭ ھەممىسى خاتىرجەم، ھۆر ئادەملەر ئوخشىمامدۇ، — ئۇنىڭ مېڭىسى قۇرۇپ قالغاندەك ئىشلىمەي، يەنە ئۆز ئوقىغا كېلىپ قالدى، — توۋا، قاسىم بايۋەچچىنىڭ شېشىدەك بىر قىزغا ئۆيلىنىپ قېچىپ كېلىپ، گۇناھ ئۆتكۈزدۈم دەپ يىغلىغىنى نىمىسى، ئۇ نىمە گۇناھ ئۆتكۈزگەندۇ؟» قارى ئاشۇ خىياللار بىلەن كەچ كىرگۈچە كاتتا

ئۆلىمالاردىن ئۈچ كىشىنى باشلاپ كەلدى. قاسىم بايۋەچچە بىر پاقلاننىڭ گۆشىنى قازانغا سېلىپ قويۇپ، شورپىنى ئۆز قولى بىلەن سورۇپ پىشۇرۇۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

بېشىغا يوغان سەللە ئورىۋالغان ئۆلىمالار دەرۋازىدىن كىرىپلا سالام بەجا كەلتۈردى. قاسىم بايۋەچچە چۆمۈچنى قازان بېشىغا قويۇپ، ئالدىراپ ئۆلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،— دەپ جاۋاب قايتۇردى.

— پاھ بايۋەچچە، ئۆزلىرى قازان بېشىغا بىرىۋاپتىلىغۇ؟— دېدى ياشتا چوڭراق، مەڭزىدىن قان تامچىپ تۇرغان پازىل ئۆلىما. قاسىم بايۋەچچە قەلبىگە چوڭقۇر ئۇيۇپ قالغان ھەسرەت داغلىرىنى يوشۇرۇپ:

— ئۆزلىرىدەك يۇرتنىڭ ئاتىلىرى بوسوغىمىزدىن ئاتلاپ كىرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، قازان بېشىغا ئۆزۈم بارمىسام بولامدۇ، تەقسىر،— دېدى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

قارى ئۆلىمالارنىڭ قولىغا بىر - بىرلەپ سۇ بېرىپ، ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، قازان بېشىغا كەتتى. قاسىم بايۋەچچە ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى- دە، تەييارلاپ قويغان مەزەنىڭ ئۈستىدىكى يوپۇقنى ئاچتى. چاي قۇيۇپ، نان ئوشتۇپ، ئۆلىمالارنى مەزەگە تەكلىپ قىلدى. ھايال ئۆتمەي شورپا تارتىلدى. شورپىدىن كېيىن، يوغان لېگەنگە گۆش سۈزۈپ كىرىلدى. ئۆلىمالار ئىشتىھا بىلەن گۆش يەپ قورساقلىرى تويغاندا، قوللىرىنى ئېرتىپ كەينىگە يېنىپ ئولتۇرۇشتى. پازىل ئۆلىما باياتىندىن بېرى قاسىم بايۋەچچىنىڭ چىرايىدىكى چوڭقۇر ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ ئىزنالىرىنى بايقىغان ئىدى. ئۇ داستىخانغا دۇئا قىلىپ بولۇپ، قاسىم بايۋەچچىگە ئىللىق چىراي بىلەن قاراپ، كۆزلىرىدىن شادلىق ياغدۇرۇپ سۆز باشلىدى.

— قاسىم بايۋەچچە جاھان كېزىپ، تاغ ئاتلاپ يۈرۈپ، بىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقلىرىغا ئاپىرىن، جۇمۇ.
— ئۇنتۇپ قالامدىغان تەقسىر. ھەرقايسىلىرى يۇرتىمىزنىڭ مەنۋى تۈۋرۈكى، تۈۋرۈك بولمىغان پېشايۋان قانداق ئۆرە تۇرىدۇ.
— شەھەر كۆرگەن ئادەم باشقىچە بولىدۇ. قارىمامدىغان بايۋەچچىنىڭ گەپلىرىگە. خوش، ئۆزلىرى بۈگۈن نېمە سەۋەبتىن بىزنى چاقىرىپ قالدىلا. بۇ پاقلان گۆشى بىكاردىن قازاندا قاينىمىغاندۇ،— دېدى يېنىدا ئولتۇرغان ئىككى ئۆلىماغا قاراپ قويۇپ. ئۆلارمۇ «شۇنداق» دېگەندەك، پازىل ئۆلىماغا قاراپ باش لىڭشىتتى.
قاسىم بايۋەچچە دەردىنى يوشۇرۇپمۇ ساقلاپ قالالمىدى. ئۇ كۆز ئىشارىتى قىلغۇدى، قارىي چۆشىنىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. يەنە كۆڭۈل توختىتالماي، ئۆزى ھويلىغا چىقىپ كۆڭلى تىنىپ، ئۆيگە كىردى.
— مەن تەقسىرلەرنى مۇنداق بىر قىيىنچىلىقتا ئۇچراپ قىچقارتىپ كېلىشىم،— دەپ قېلىن كالپۇكىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى قاسىم بايۋەچچە. ئۇنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ سامان رەڭگىگە كىردى، كۆزلىرىگە ياش قىستىلىپ قىينىلىپ كەتتى،— بۇ بىر سىر، تەقسىرلەر بۇنى جوقۇم مەخپىي تۇتۇشۇڭلارنى ئۆتۈنىمەن.
پازىل ئۆلىما بىلەن باشقىلار قاسىم بايۋەچچىنىڭ بەك قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:
— قانداق سىرتى ئۇ، بايۋەچچە؟— دەپ سوراشتى.
— جوقۇم مەخپىي تۇتىمىز دەپ ۋەدە بېرىشسىلە، بۇ بىر ئەدەپسىزلىك بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ...
— خاتىرجەم بولسىلا بايۋەچچە. خۇدانى ئاغزىمىزغا ئېلىپ ئېيتالايمىزكى، سىرلىرىنى جوقۇم مەخپىي تۇتىمىز،— دەپ، ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىگە ماقۇل بولۇپ ۋەدە بېرىشتى.

قاسىم بايۋەچچە بۇنى ئاڭلاپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى، لېۋىنى چىشلەپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئاخىر ئۆزى يولۇققان ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بولۇپ، ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى. ئولتۇرغانلار ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ، كۆزلىرى چۆچەكتەك كېرىلىپ كەتتى. پازىل ئۆلىما باشقا ئۆلىمالار بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ، ئاخىر بىر يەرگە كەلدى.

— قاسىم بايۋەچچە، بۇ ناھايىتى چوڭ ئىشكەن،— دېدى پازىل ئۆلىما،— ئەمرلىرىگە ئالغان قىزنىڭ ئۆز پۈشتىلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇققاندا، ياراتقۇچى تەرىپىدىن نىكاھ دەرھال غايىب جۇدا بولۇپتۇ. خۇدا سىلىنى ساقلاپتۇ، قوغداپتۇ. دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ئىنساننى ئۈستۈن قويۇشتا، ئاللاچوقۇم بىر ھەقىقەتنى زېمىنغا تاشلىغان. ياراتقۇچىسىنى جانلىق تونۇش ئىنساننىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ، جانلىق تونۇش ئېتىقادى مۇستەھكەم كىشىلەرگە ھەردائىم مەنسۇپ. ئاللا بۇ نىكاھدىن سىلىنى ئاللىبۇرۇن خالاس قىپتۇ. سىلى ئۆز پۈشتىلىرىنى تونۇپتىلا، ئۇنىڭغا چېقىلماپتىلا. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ئاللانىڭ نىكاھنى غايىبتىن سېھرىي كۈچ بىلەن يوق قىلىشىدۇر. مانا مۇشۇنىڭ شاپائىتى ئۈچۈن، سىلى ئىگە - چاقىسىزلارغا سەدىقە بېرىپ، ئۈچار قۇشلارغا ئۇۋا سالسىلا. بىزنىڭ مۇشۇ خوتەندىكى كېرىيە بىلەن چىرىيەنىڭ ئارىلىقىدا بىر تاشلاندۇق چۆل بار، ئۇ ئەسلىي قۇشلارنىڭ ماكانى ئىدى. توپراق قۇرۇپ، ئورمانلار يوقىلىپ، خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتتى. سىلى ئاشۇ جايغا ئاق ئۈجمە تىكىپ، ئۇنى كۆكلەتسىلە. ئاق ئۈجمە دېگەن ئاللانىڭ ئۇچار - قاناتلارغا قىلغان ئۆز ۋەخپىسى. خۇدا يولىدا مۇشۇ خىزمەتنى قىلسىلا، پۈتكۈل قىلغان - ئەتكەنلىرى يۇيۇلۇپ، بۇ دۇنيادىكى گۇناھلىرى ساقىت بولغاي...

باشقا ئۆلىمالارمۇ بۇ سۆزگە تەستىق سېلىپ، باشلىرىنى رازى

ـمەنلىك بىلەن لىڭشىتتى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆڭلى يورۇپ كەتتى. ئۆلىمالارنى پۇل-پۇچەك بىلەن رازى قىلىپ يولغا سالدى.

× × ×

ئەتىسى قاسىم بايۋەچچە يېتىم-يېسىرلارغا ئاشلىق، كىيىم-كېچەك تارقىتىپ، 50 تىن ئارتۇق ئىشلەمچىنى ئاشۇ چۆللۈككە ئېلىپ باردى. ئۇلار بۇ چۆللۈكنى سالالاشتۇردى، يەرلەرنى تۈزلەپ، بۆلەك-بۆلەككە بۆلدى. سۇ مەسىلىسى قاسىم بايۋەچچىنىڭ بېشىنى قاتۇردە، ئاخىر سۇ توشۇيدىغان تاغار توقۇتقۇزۇپ، سوغا ياسىتىپ، سۇنى تاغار ۋە سوغىغا قاچىلاپ، ئېشەككە ئارتىپ ئۇزاقتىن ئەكەلدى. بىر تاغار ياكى بىر سوغا سۇ بىر تىللاغا توختىدى. ئۇ ئاق ئۆجمە دەرىخىدىن 400 تۈپ قويدى، يەنە قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرىدىغان دەرەخلەرنى تىكتى. قارىي بولۇۋاتقان ئىشلارنى تولا ئويلاپ، كالىلىسى ئىشلىمەس بولۇپ قالدى، لېكىن باش تارتماي ياردەمدە بولدى...

قاسىم بايۋەچچە بىر ئۆمۈر توپلىغان بايلىقلىرىنى مۇشۇ چۆللۈككە ئايىماي ئىشلەتتى. ئۇ تىنماي 10 يىل ئورمان بىنا قىلدى، قاقاسلىق ئاخىر ياپيېشىللىققا ئايلىنىشقا باشلىدى، ئاق ئۆجمە دەرەخلىرى مېۋە بەردى. بۇ يەرگە قۇدۇق كولىنىپ، ئۆستەڭ چېپىلىپ، ئورمانغا سۇ قويۇلىدىغان بولدى. ساق 10 يىلدىن كېيىن، قاسىم بايۋەچچە ئورماندا قۇشلارنىڭ ئاندا-ساندا سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بېشىدىكى دوپپىسىنى تاشلىۋېتىپ، ئەمدىلا ئايىغى چىققان بالىدەك ئۇياندىن-بۇيانغا پايپاسلاپ يۈگۈرىدىغان بولۇۋالدى. بۇ ئىشلار قارىينىڭ كالىلىسىدىن زادىلا ئۆتمەيتتى. ئۇنىڭمۇ 10 يىللىق ئۆمرى گاراڭچىلىقتا ئۆتتى، كۆڭلىدە بىر تۈگۈن يېشىلمەي بىر توپقا ئايلانغان ئىدى.

«چىرايلىق بىر قىز بالىنى تاشلىۋېتىپ، ۋاي ئىست، ۋاي ئىست، بۇ يەردە...» دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى.

ئاق ئۆجمىلەر مېۋە بەرگىلى تۇردى. 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاسىم بايۋەچچىنىڭ قۇلىقى قۇشلارنىڭ چاڭىلدىغان ئاۋازى بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە ئىشەنمەي، قولىغا دوپپىسىنى ئېلىپ، مەيدىسىگە چۈشكەن ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ، ئۆمىدكە تولغان كۆزىگە لىقلا ياش ئالدى. دۇنيادىكى رەڭگارەڭ قۇشلارنىڭ ھەممىسى كەلگەن ئىدى. قارا قۇشقاچلار ئاق ئۆجمىلەرنىڭ شېخىغا قونۇۋېلىپ، توختىماي ئۆجمە چوقۇيتتى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان ياش قوناقلىرى ئۆچتەك ئاقارغان ساقىلىغا ئاشۇ قۇشلاردەك قوندى. ھايات مۇشەققەتتىن كۆكلىدى.

— قارىي، ھەي قارىي، كۆرۈۋاتامسەن، قۇشلار كەلدى. ئۇلار چوقۇم بۇ يەرگە ماكانلىشىدىغاندەك قىلىدۇ. ماۋۇ قارىي نەدىدۇ، ئەستاغپۇرۇللا، ئۇ نەگە كەتكەندۇ. قارىمامدىغان، قۇشلىرىم كەلدىڭلار، ئاخىر كەلدىڭلار. مەن سىلەرگە ماكان ھازىرلىدىم، ئۆي سالدىم.

قاسىم بايۋەچچە تىنىم تاپماي يۈگۈرۈپ، ھەربىر دەرەخنى غولىدىن قۇچاقلاپ ۋارقىرايتتى، قانات چىققاندەك بولۇپ قۇشلارنىڭ ئارىسىغا ئۆچۈپ، ئۇلار بىلەن تونۇشقۇلىرىنى سۆيۈشۈپ سۆيۈشكۈسى كەلدى. ئۇنىڭ روھىدىكى جازا لاگىرى قاراڭغۇلۇق، لەھەت ئىچىگە گۆمبۈرلىنىپ چۈشۈپ، ۋۇجۇدى ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈكنىڭ چەكسىز دالىسىدا ئاشۇ قۇشلارغا ئوخشاش پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ھەممە قۇشلارنى تۈرى، رەڭگى بىلەن ئايرىپ چىقتى، بەزى قۇشلارنى تونۇيالمىدى، «بۇ، نېمانداق كۆپ قۇش- ھە» دەيتتى توختىماي. ئۇنىڭ كۆزى كۆك كەپتەرنىڭ ئانىسىغا چۈشۈپ، نېمە ئۆچۈندۇر ئۇنىڭدىن

كۆزى ئۆزۈلمىدى. ئانا كەپتەر ئۆجمە دەرىخىنىڭ ئۈستىدە قاسىم بايۋەچچىگە تىكىلىپ مۇڭلىنىپ غۇقۇلداپ، كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ يۈرىكى يۇمشاپ، ئانا كەپتەرنىڭ كۆز يېشىدىن ئۆزى سەزمىگەن بىر ئۆتمۈشنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر كەپتەرنى تۇتۇپ يۈزىگە، باغرىغا باسقۇسى كەلدى. ئاسماننىڭ قەرىدىن بىر لاچىن تۆۋەنگە شۇڭغۇدى. قاسىم بايۋەچچە ئالدىراپ قالدى.

— ئاپلا، كۆك كەپتەرنى ئالىدىغان بولدى. قۇ... قۇ... قۇ... ئۇچۇپ كەت، لاچىن سوقىدۇ. ئاپلا، ماۋۇ كەپتەر...— دەپ بېشىدىكى دوپپىسىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. ئانا كەپتەر يەنىلا مىت قىلماي، قونغان يېرىدە تۇرۇۋەردى. لاچىن ئوقتەك شۇڭغۇپ كېلىپ، دەل ئانا كەپتەرنىڭ قونغان شېخىغا ئۇدۇل كەلدى. قاسىم بايۋەچچە كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ بىرھازادىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى. ئانا كەپتەر بىلەن لاچىن قاسىم بايۋەچچىگە قاراپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇراتتى. ئۇ كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى، بۇ ئىككى قۇشتىن ئادەمنىڭ ھىدى كېلىۋاتقاندەك بىلىندى. قاسىم بايۋەچچە ئاخىر مۆجىزىگە قاراپ:

— ياۋۇزلار ھامىنى ياۋۇز بولىدىغان، ئادەملەر بۇنىڭدىن تەسىرلەنمەي قالمايدۇ. لاچىن بىلەن كەپتەرنىڭ بىر شاختا تۇرغانلىقىنى ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم،— دېدى ئۆز-ئۆزىگە،— ھەي قارىي، سەن قەيەردە؟ ماۋۇ ئىشلارنى كۆر!

— مانا مەن، بايۋەچچەم، نېمانداق ۋارقىرايدىلا. خۇددى قىيامەت قايىم بولغاندەك،— دېدى قارىي. ئۇ قاسىم بايۋەچچىنىڭ باياتىندىن بېرى ساراڭدەك قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرىنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرغان ئىدى.

— يېنىمغا كەل. قارا، لاچىن بىلەن كەپتەر بىر شاختا قونۇپ ئولتۇرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، نېمە بوپتۇ بايۋەچچەم؟
— نېمە بوپتۇ دېگىنىڭ نېمىسى؟ سەن ئۆمرۈڭدە لاچىن بىلەن كۆك كەپتەرنىڭ بىر شاخقا قونغانلىقىنى كۆرگەنمۇ؟
— كۆرمىگەن.
— ھە شۇ كۆرمىگەن. مانا بۈگۈن ئۇلار بىر شاخقا قونۇۋاپتۇ، قاراپ باقە ئاينا.
— قونۇۋالسا نېمە بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بىر شاخقا قونغۇسى كەلگەندۇ.
— ياق، ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ. لاچىن دېگەن ياۋۇز نېمە. كەپتەر دېگەن مۇلايىم، ياۋاش. ئۇلار ھەرگىز بىر يەردە تۇرالمايتتى. قارىماسەن، بۈگۈن بىر يەردە تۇرۇشىنى. ئاۋۇ كەپتەر ھەقىقەتەن جەسۇركەن، ئۇنىڭ بىر تال موييمۇ تىترەپ قويمىدى.
— «بولغۇلۇق ھامىنى مۇشۇنداق، مەن بەرىبىر ئۆلىمەن. ئۈركۈپ - قورقۇپ ئۆلگۈچە، مەردانە ئۆلەي» دېگەندۇ ئۇ كەپتەر، بايۋەچچەم.
— ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان جانلىق يوق، قارىي.
— ئۆلۈمدىن قورقۇپ قالدىلىمۇ، بايۋەچچەم؟
— بۇرۇن قورققان.
— ھازىرچۇ؟
— ئەمدى ئارمىنىم يوق، مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىپ بولدۇم.
— 10 يىل جاڭگالدا توپىغا مىلىنىپ، ئادەمگىمۇ ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدۇق. سىلى زادى نېمىدىن رازى؟ بىر چىرايلىق قىز ئىدى. ھەي ئىسىت... ھەي ئىسىت...
— نېمە؟ مېنى خۇش بولسۇن دېسەڭ، ماڭا ئۆتمۈشنى ئەسلەتمە قارىي.
— مەن سىلىنى خۇش بولسۇن دەپ كەلدىم. ئەمدى تاقىتىم تاق بولدى، مەن بۇ يەردىن كېتىمەن.

— ئەمدى كېتىسەن، مەنمۇ سېنى تۇتۇۋالالمايمەن،— قاسىم بايۋەچچە ئانا كەپتەر بىلەن لاچىندىن كۆزى قىيمىغان ھالدا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، بىر دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

قارىيمۇ ئۇنىڭ يېنىغىراق كېلىپ، يانتۇ ئولتۇردى.

— مېنىڭ ساناقلىق كۈنلىرىم قالدى، كۆڭلۈم تويۇپ تۇرىدۇ. يېقىندىن بېرى ئۆتمۈش پات - پات چۈشۈمگە كىرىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. مەتنىيازى، ئۇرايىم ھاجىملار ماڭا «ماڭمامسەن، نېمانداق زېرىكمەيدىغان جاھىل گادايسەن» دەۋاتقان چۈشلەرنى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇلار قولۇمدىن سۆرىگەن پېتى بىر تۆگىگە مىندۇرۇۋاتقۇدەك، مەن «ياق، مەن تېخى قۇشلىرىمنى كۆرمىدىم» دەپ تۇرۇۋاتقۇدەكمەن، ئۇلار ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي سۆرەۋاتقۇدەك. مىرئەھمەدبەگ ئۇلارغا مېنى قويۇۋېتىشنى دەۋاتقۇدەك، ھەتتا قوغلاپ بېرىپ تۆگىدىن تارتىۋالماقچى بولۇپ، پۇتۇمغا ئېسىلىۋالغۇدەك. تۆگە مىرئەھمەدبەگنى چىشلەيمەن دەپ، ئۇنىڭغا ھەدەپ ئېتىلغۇدەك...— قاسىم بايۋەچچە ئۆزىنىڭ بوشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئۇنىڭغا ھاردۇق يەتكەن ئىدى.

قارىي ئۇنىڭ يېنىغا سۈرۈلدى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ دېمى كېسىلىپ جىمىپ قالدى، بىرپەس كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ تومۇر - تومۇرلىرى يۇمشىدى، ئەقىل تارلىرى زىلىلىشىپ، ئالەمنىڭ بۇنچىۋالا گۈزەل بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. ئالەم قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆزىگە روشەن ئەينەكتە زاھىر بولغاندەك ئىللىق ھالدا كىرىپ كەلدى...

× × ×

قاسىم بايۋەچچە يېشىل نۇرغا ئايلىنىپ، نوغۇچتەك تومۇلۇقتىكى بىرنەرسىگە چاپلىشىپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. بىر قارا ئۆڭكۈردىن ئۆتتى، ئۆڭكۈردىن ئۆتكۈچە ئۇ سەل ئىككى-

لەندى، «نېمانداق سەت قاراڭغۇلۇق بۇ» دېيىشكە ئۈلگۈردى. قاسىم بايۋەچچە بۇ ئۆڭكۈردىنمۇ ئۇقتەك ئۇچۇپ، يېشىل نۇرلار قىيام بولغان بىر كەڭلىككە چىقتى، «ئەجەب گۈزەل يايلاقكەن، مۇشۇنداق مول چۆپلۈكى بار يايلاقتا بېقىلغان مال - ۋاران بەك سەمرىيدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ هايت - هۇيت دېگۈچە بۇ يەرنى تاشلاپ، ئاستىدىن ئېپار - ئەنبەرلەر ئېقىپ تۇرىدىغان گۈزەل بىر تۇپراققا ئۇلاشتى. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، نوغۇچتەك نەرسىدىن تۇپراققا چۈشۈپ، ئۇنىڭ يۈرەكلىرى يايراپ كەتتى، قاسىم بايۋەچچە پۈتكۈل ئەزايىنى سىيلاپ باقماقچى بولۇۋىدى، ھەممە ئەزايىنىڭ بىر توچكا كۆك نۇر ئىكەنلىكىنى بىلدى، شۇنداقتىمۇ ئىككىلەنمىدى.

قاسىم بايۋەچچە ئاۋۇ رېشاتكىلىق باغلارنىڭ بۆلەك - بۆلەككە بۆلۈنۈپ ئايرىۋېتىلگەنلىكىنى، باغ ئىچىدە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئەركىن - ئازادە سەيلى - ساياھەت قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى. «ئۆمرۈمدە مۇشۇنچىلىك خۇشال بولۇپ باقماپتىمەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ باغلارنىڭ ئىچىدىكى ئادەملەرگە زەن سالدى، تونۇش چىراي، تونۇش كۆزلەرنى ئىزدىدى، بىرمۇ تونۇش چىراينى چېلىقتۇرالمىدى، يەنە بىر رېشاتكىلىق باغقا باردى، ئۇ يەرمۇ شۇنداق گۈزەل، ئادەملەر شۇنچىلىك ئىناق ئىدى. قاسىم بايۋەچچە ھەدەپ تونۇش چىرايلارنى ئىزدىدى، كۆزى توساتتىن بىر تونۇش چىرايغا تاشلاندى. ئۇ تونىدى، ئاۋۇ چىرايمۇ قارىدى. ئۇنىڭ ۋارقىراپ تۈۋلىغۇسى كېلىپ، نېمە ئۈچۈندۇر ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇۋالدى. «مۇنداق گۈزەل، لېۋەن كەيپىياتنى سەت ۋارقىراپ بۇزۇۋەتمەي» دەپ رېشاتكا بويلاپ ماڭدى، ئاخىر ئاشۇ چىراي بىلەن دىدارلىشىشقا مۇيەسسەر بولدى. ئىككىيلەننىڭ كۆزى بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشتى. قاسىم بايۋەچچە قولىنى پۇلاڭلاتتى،

تونۇش چىرايمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.
— روزىخان بۇ مەن،— دەپ شىۋىرلىدى قاسىم بايۋەچچە.
روزىخان بىر ئىتتىز گۈللۈكنىڭ چۆرىسىدە ئەركىن مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئىككى دولىسىدا ئىككى ئۇغلى چىرايلىق قۇشلاردەك لەيلەپ ئانىسىغا ئەگەشتى. بۇ مەنزىرىدىن قاسىم بايۋەچچىنىڭ يۈرىكى شىرىلداپ كەتتى. ئۇ بولالماي قالدى.
— جېنىم باللىرىم، بۇ مەن، سىلەرنىڭ داداڭلار.
ئىككى بالا ئانىسىنىڭ بېشىدىن ئايلىنىپ دولىسىغا لىككىدە قونۇۋالدى، قاسىم بايۋەچچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. روزىخان باللىرىدىن سۆيۈنۈپ مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ كەتتى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ باغرى يۇمشاپ، كۆز چاناقلىرىدىن ياش تاشقىنى ئېتىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرگەن روزىخان «بۇ كۆز يېشى قىلىدىغان يەر ئەمەس» دېگەندەك ئىما - ئىشارەت قىلدى. ئۇ ئايالىنىڭ ئىشارىتىنى چۈشەندى، كۆزلىرىدىكى ياشنى ئېرتىپ، يەنە سېغىنچى ھېسسىياتتا قارىدى. روزىخان بىلەن باللىرى باغ ئىچىدىكى سەيلىسىنى پەرۋاسىز قىلىۋەردى. قاسىم بايۋەچچىنىڭ تاقىتى توشتى، رىشاتكىلارغا ئېسىلىپ باغ ئىچىگە ئارتىلىپ چۈشمەكچى بولدى. روزىخان ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، ئالدىغا كەلدى.
— ئۇنداق قىلماڭ، ئېغىر گۇناھقا پاتىسىز،— دېدى.
— مەن چىدىيالمىدىم.
— كۆرۈشكۈچە چىداڭ. ئەنە ئاۋۇ باغدا ئۇرايىم ھاجىم، مەتئېلى بار، بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈڭ.
ئايالىنىڭ زۇۋانىغا تەشنا بولغان قاسىم بايۋەچچە مۇراد ھاسىل قىلدى.
— مېنى تونۇمىدىمىكىن دەپ، بەك قورقۇپ كەتتىم.

— تۇنجى قەدىناسنى تونۇمامدۇ، تونۇدۇم. ئەمما، سىز بۇ يەرگە كەلمىگۈچە سىز بىلەن كۆرۈشسەم نامەھرەم بولىدۇ،— روزىخان ئۇنىڭغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئۇنداقتا، مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈۋالسام بولاتتى،— باللىرىنى قولى بىلەن كۆرسەتتى قاسىم بايۋەچچە.

— ئۇلار بۇ يەرنىڭ ھۆرلىرى،— دېدى روزىخان،— سىز بۇ يەرگە كەلمىگۈچە، ئۇلارمۇ سىز بىلەن كۆرۈشمەيدۇ. بولدى، بايۋەچچە بالدۇرراق بېرىپ ئۇرايىم ھاجىم، مەتئېلىلەر بىلەن كۆرۈشۈۋېلىڭ.

قاسىم بايۋەچچە ئايالى روزىخاندىن زادىلا مېھرىنى ئۈزەلمەي قالدى. ئايرىلغۇسى كەلمىسىمۇ، ئۇ ئاخىر:

— ماقۇل ئەمسە، روزىخان مېنى كۈتۈڭ،— دەپ يان تەرەپتىكى باغقا قاراپ كەتتى. قاسىم بايۋەچچە رېشاتكا سىرتىدىن مەتئېلىنى باشتىلا كۆرۈپ، قولىنى پۇلاڭلاتتى. مەتئېلى ئۇنى كۆرۈپ، ئاستا ئالدىغا كەلدى.

— جېنىم دوستۇم، چوقۇم كۆرۈشىدىكەنمىز.

— كۆرۈشىمىز بايۋەچچە.

— بەك سېغىنىدىم.

— مەقسەتلىرى ھاسىل بولىدۇ، ئاخىر.

— مەن كىرەيچۇ.

— «مەنئى قىلىنىدۇ» دېگەن بۇ تاختايىنى كۆرمىدىڭىزمۇ بايۋەچچە،— ئۇ مەتئېلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ رېشاتكىغا ئېسىپ قويغان تاختايغا كۆز يۈگۈرۈتتى،— ماقۇل ئەمسە بايۋەچچە،— دەپ، مەتئېلى شىرىلداپ شەربەت ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ يېنىغا كەتتى.

قاسىم بايۋەچچىنىڭ كۆزى ئاپئاق ساقاللىق ئۇرايىم ھاجىمىغا چۈشتى. ئۇرايىم ھاجىم بىرنەچچە مويسىپىت بىلەن خورما

دەرىخى ئاستىدا ئولتۇراتتى. ئۇرايىم ھاجىمنى كۆرۈپ، ئۇ رىشات-
-كىنىڭ سىرتىدىن سەكرەپ كەتتى، ۋارقىراي دېدى، ئەمما
تەرتىپ بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇرايىم ھاجىم قاراپ تۇرغان
تەرەپكە سۇرۇلدى. ئۇرايىم ھاجىم سۆزلەۋاتاتتى، چۆرىدەپ
ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى باسالماي لەرزان
كۆلىشەتتى. قاسىم بايۋەچچە ئاخىر ئۇرايىم ھاجىمنىڭ كۆزىگە
چېلىققۇدەك يەرگە كەلدى، شەپە بېرىپ كالتە يۆتىلىپ باقتى،
ھەر خىل ھەرىكەت قىلدى. ئۇرايىم ھاجىم بېشىنى رىشاتكا
تەرەپكە ئاغدۇردى- دە، كۆردى، لەسسىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ
ئالدىغا كەلدى.

— قاسىم گادايغۇسەن.

— مەن ھاجىكا،— دەپ، كۆز يېشى قىلدى ئۇ.

ئۇرايىم ھاجىم كۆلۈپ كەتتى.

— كۆز يېشى قىلما. ئوغۇل بالا دېگەن مۇشۇنداق يەردىمۇ
كۆز يېشى قىلامدۇ.

— ئۆزۈمنى باسالمىدىم ھاجىكا، سىلەرنى سېغىندىم.
تارتقۇلۇقنى بەك جىق تارتىپ كەتتىم. ھاياتتىن بىزار بولۇپ
نەچچە قېتىم جېنىمدىن تويغان ئىدىم، ئاخىرەتتىن قورقتۇم.

— قارا، ماۋۇ گادايىنىڭ ئۆزىگە ياراشمايدىغان گەپ قىلىپ
يۈرگىنىنى،— دېدى ئۇرايىم ھاجىم،— ئىنسان بىر دەقىقە
قالغۇچە ھاياتقا مۇھەببەت، ئۈمىد، ئىشەنچ باغلاپ، ئۇنى
قەدىرلىشى، ھەرگىز نائۈمىدتە ياشماسلىقى كېرەك. مانا سەن
كۆرگەن مۇشۇ بېھىشكېرەم ئاشۇنداقلارغا مەنسۇپ بولىدۇ.
ھاياتتىن بەزگەنلەر، بەلنى قويۇۋەتكەنلەر پانىي دۇنيادا قانچىلىك
دەرد تارتسا، بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭدىن نەچچە مىڭ ھەسسە
ئازاب- ئوقۇبەتتە قالىدۇ. سېنىڭ تېخى پانىي دۇنيادا نەچچە
چارەك ۋاقتىڭ بار، قايتىپ كېتىپ ئۇنى قەدىرلە.

— هاجىكا، ئۆزلىرىگە قىيالماي قالدىم.
— پانىي دۇنيادىمۇ قىيالمايدىغان ئىش ۋە ئادەملەر تولا. سىېنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىڭنى دېيىلىشقا قادىر ئىگەم ئازراق ۋاقىت بەرگەن ئوخشايدۇ. ۋاقىتنى قەدىرلىسەڭ، دەرھال قايتىپ كەت.
— بۇ يەردىمۇ كەچ بولامدۇ؟
— ئادەم بولىدىكەن، خىيال قىلساڭ، ئارزۇ قىلساڭ ھەممە نەرسە بولىدۇ، گاداي،— دەپ، كۈلگىنىچە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ كەينىگە ئۆرۈلدى ئۆرايىم ھاجىم.
قاسىم بايۋەچچە شامالدەك ئاۋاز چىقىرىپ دەرھال ئۇچۇپ كەلگەن نوغۇچتەك نەرسىگە مىندى، «ئاپلا» دەپ جىددىيلەشتى، «رەيھانەم قايسى باغدىدۇ» دەپ تووۋلاپ سالدى. نوغۇچتەك مەخلۇق دەرھال زۇۋانغا كىرىپ: «ئۇنىمۇ تاپالايسەن ، خاتىرجەم بول، ئۇمۇ مۇشۇ باغلاردا» دەپ، ئۇنى ئېلىپ يېشىل نۇرلار دۇنياسىدىن بىر قاراڭغۇلۇققا شۇڭغۇپ كىردى. قاسىم بايۋەچچە نوغۇچقا مىنىپ قاراڭغۇلۇقتىن چىقتى، نۇرغۇن دېڭىز - ئوكيان، دەريالاردىن شۇڭغۇپ ئۆتتى، «بۇ قايسى دەريادۇ؟ نېمانداق ھەيۋەت سۇ» دەپ پىچىرلىدى. بۇ ۋاقىتتا نوغۇچتەك مەخلۇق يەنە زۇۋانغا كىرىپ: «بۇ، توپان بالاسىنىڭ سۈيى» دېدى. ئۇ غايەت زور ئوت - يالقۇن ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە، نوغۇچتەك مەخلۇق تونۇشتۇردى:
— بۇ تېخى ئىشلىتىلمىگەن زاپاس ئوت.
— نېمىگە تەييارلىغان؟
— قىيامەت كۈنىگە.
— قاچان قىيامەت بولىدۇ؟
— ئۇنى سورىما...

× × ×

قاسىم بايۋەچچە ئۆز دۇنياسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ كۆزىنى ئاچتى. كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن قارىي ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ ئولتۇراتتى.

— سەن بارمۇ قارىي.

قاسىم بايۋەچچىنىڭ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قارىي چۆچۈپ كەتتى.

— مانا، مەن قاشلىرىدا بايۋەچچەم.

— مەن سەندىن ئىككىلا دۇنيا رازى ئۇكام. سەن... سەن،— قاسىم بايۋەچچىنىڭ نەپەسلىرى توسۇلۇپ قېلىۋاتاتتى. قارىي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھولۇقۇپ قالدى.

— نېمە بولدىلا بايۋەچچەم، مىجەزلىرى يوقمۇ؟

— ۋاقتى - سائىتى يەتكەن ئوخشايدۇ، قارىي.

— نېمىنىڭ؟ مېنى قورقۇتمىسىلىچۇ، بايۋەچچەم.

— قورقما ئۇكام. مېنىڭ ساڭا دەيدىغان بىر ئۆتۈنۈشۈم بار، شۇڭا ئۇ دۇنيادىن يەنە قايتىپ كەلدىم. سەن بۇنى ئىچىڭدە بىل ئۇكام، ھېلىقى سەن ماڭا كۇچادا...— قاسىم بايۋەچچىنىڭ ئاۋازى توختاپ قالدى.

— نېمە؟ كۇچادا، بايۋەچچەم

— ماڭا خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەرگەن قىز زىلالە مېنىڭ...— قاسىم بايۋەچچە بەك قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى.

— زىلالە سىلىنىڭ نېمىلىرى، بايۋەچچەم؟

— مېنىڭ ئۆز قىزىم. شۇڭا...

— نېمە؟!— قارىي چۆچۈپ كەتتى.

قاسىم بايۋەچچە ئىچىدە بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇپ

ئۆزگە ھۆردى، شۇنىڭدىن كېيىن قارىيىنىڭ دولىسىغا بېشىنى قويۇپ، پۇت - قوللىرى بوشىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ جان ئۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ، قارىي بۇقۇلداپ يىغلىدى. قۇشلارمۇ بۇقۇلدىشىپ، شاخلاردىن ئۇچۇپ چۈشۈپ قاسىم بايۋەچچىنىڭ مېيىتى يېنىغا ئولاشتى.

قارىي قاسىم بايۋەچچىنى ئۆزى بىنا قىلغان ئورمان ئىچىگە دەپنە قىلدى. قۇشلار قەبرە ئۈستىدە نەچچە كېچە - كۈندۈز سۈكۈتتە مۇڭلىنىپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈشتى. قاسىم بايۋەچچىدىن قالغان مال - دۇنيانى قارىي بىر قېچىرغا ئارتىپ، مەلۇم بىر كۈنىنىڭ تۈن نىسپىدە كۇچاغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

2003 - يىل 12 - ئاي، ئاتۇش.



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAxODU3MTUuemlw",
  "filename_decoded": "40185715.zip",
  "filesize": 24272316,
  "md5": "8818c16241f4c09307ea8070407e4ac5",
  "header_md5": "6a7658ac78475cd8fce20625a83d22b2",
  "sha1": "9c24a8406b152fd8ee2b010ea15516082a992948",
  "sha256": "8c03c50ed651e20ab13b7cad81aaa7473e99fbdd75166424d5055efa339aaa78",
  "crc32": 3959100597,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 24824418,
  "pdg_dir_name": "\u256b\u03b5\u2551\u2264\u2561\u2500\u255a\u2552\u256b\u2559\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u2559\u2229_40185715",
  "pdg_main_pages_found": 384,
  "pdg_main_pages_max": 384,
  "total_pages": 390,
  "total_pixels": 1488569280,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}